# 现代维吾尔语语法

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى

新疆人民出版社

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# 现代维吾尔语语法

主编　程适良
编者　程适良　阿布都热西提　米尔扎
　　　张定京　张亮　胡毅　塔兰特　靳呜

Tyulemissov Madi　مهدی ابواصل

tmadi1@gmail.com

新疆人民出版社

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى

جېڭ شىلياڭنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلدى

تۈزگۈچىلەر: جېڭ شىلياڭ، ئابدۇرېشىت ياقۇپ، مىرزا كېرىم،
جاڭ دىڭجىڭ، جاڭ لياڭ، خۇيى، تالانت، جىن چۇ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى :          ئايىم نىياز، | باتۇر مامۇت |
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى :    جالالىدىن بەھرام

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى

چىڭ شىلياڭنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى 348 № )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168 × 850 مم 32 / 1 ، باسما تاۋىقى : 24.625
1996 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1996 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 2.000 —— 1
ISBN7—228—02252—1/H • 59
باھاسى : 21.00 يۈەن

# 序　言

程适良教授主编的《现代维吾尔语语法》是我国第一部用汉文正式出版的描写维吾尔语语法结构的著作，也是维吾尔语言研究的重要成果之一。《维吾尔语语法》是新疆大学中国语言系维吾尔语专业的必修基础理论课。程适良教授几十年来讲授该课程，并编写出《维吾尔语语法》教材，经过多年课堂实践，几经修改，日臻完善，为了适应目前教学与科研的需要，在程适良教授的主持下，组织了该专业的教师和突厥语言文学专业硕士学位研究生，在原有教材的基础上，引进了现代语言学科的新理论与新成就，经过反复加工、修订，撰写出这本具有一定科学价值与现代语言理论水平的著作。

该书的出版，对于加强维吾尔族与汉族相互学习语言和文化交流，促进维吾尔语言的教学与科研，具有重要的社会价值和现实意义。

该书的主要特点是。

第一、运用现代语言科学的新理论，研究与解决维吾尔语言的语法问题，反映了语言科学发展的新水平。

第二、对维吾尔语言学具有争议的问题提出了自己的看法与观点，具有独到之处。

第三、打破传统方法的束缚，立足于新的角度，分析了维吾尔语的句子结构问题。这是一种新的探索，具有一定的科学价值。

第四、该著作用汉、维吾尔两种语言文字撰写，选例具有口语化、大众化，实用性强的特点，是学习现代维吾尔语的好教

材，也是进行维、汉对比语法研究的很好的工具书。

《现代维吾尔语语法》是一部比较成功的著作，它浸透着程适良教授以及其它维吾尔族，汉族老师和研究生的心血。该书的问世，是一件可喜的事。我予祝我国维吾尔语言的教学与科研取得新的成就。我相信维吾尔语言教学与研究的一个绚丽多彩、百花齐放的繁荣局面即将展现在我们面前。

司马义·艾买提

一九八七年七月五日于乌鲁木齐

# كىرىش سۆز

پروفېسسور چېڭ شىلياڭنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈل‐
گەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراممانىكىسى» مەملىكى‐
تىمىزدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراممانىكىلىق قۇرۇلمىسىنى
تەسۋىرلەشكە ئائىت خەنزۇ تىلىدا رەسمىي نەشىر قىلىن‐
غان تۇنجى ئەسەر بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ
مۇھىم نەتىجىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. «ئۇيغۇر تىلى
گراممانىكىسى» شىنجاڭ داشۆسى جۇڭگو تىللىرى فاكۇل‐
تېتى ئۇيغۇر تىلى كەسپىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە دەرسى
بولۇپ، پروفېسسور چېڭ شىلياڭ بىرقانچە ئون يىلدىن
بېرى بۇ دەرسنى ئۆتۈپ كەلگەن، «ئۇيغۇر تىلى گرام‐
ماتىكىسى» دەرسلىكىنىمۇ تۈزگەن. بىرقانچە يىللىق ئوقۇ‐
تۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، دەرسلىك قايتا ـ قايتا
تۈزىتىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. بۇ قېتىم ئوقۇتۇش ۋە
تەتقىقاتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۇ كەسپداش ئوقۇت‐
قۇچىلار ۋە تۈركىي تىللار تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە
ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان ئاسپىران‐
تلىرىنى تەشكىللەپ، ئەسلىدىكى دەرسلىك ئاساسىدا،
ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقىنىڭ يېڭى نەزەرىيىسى ۋە
يېڭى نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، قايتا ـ قايتا تۈزىتىش
ۋە پىششىقلاش ئارقىلىق، مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ۋە
ھازىرقى زامان تىل نەزەرىيىسى سەۋىيىسىگە ئىگە بۇ
ئەسەرنى يېزىپ چىقتى. بۇ ئەسەرنىڭ نەشىر قىلىنىشى ئۇيـ‐
غۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىشى ۋە
مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتىش، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇ‐

ئۇشى ۋە تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە مۇھىم ئىجتىمائىي قىممەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ كىتاب تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، كىتابتا، ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىغا ئائىت مەسىلىلەر ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى ئاساسىدا تەتقىق قىلىنىپ ۋە ھەل قىلىنىپ، تىل تەتقىقاتىنىڭ يېڭى سەۋىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ساھەسىدىكى بەزى ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئاپتور ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ كۆز قاراشلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۈچىنچى، ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، يېڭى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى تەھلىل قىلىنغان. بۇ بىر خىل يېڭى ئىزدىنىش بولۇپ، مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

تۆتىنچى، بۇ كىتاب خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا جانلىق ۋە ئاممىباب مىساللار تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. كىتابنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتى خېلى يۇقىرى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشتە ياخشى دەرسلىك بولالايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىنىڭ گىراممانىكىسى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا، قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراممانىكىسى» بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر. كىتابقا، پروفېسسور چېڭ شىلىياڭ ۋە باشقا ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاسپىرانتلارنىڭ يۈرەك قېنى سىڭگەن. بۇ كىتابنىڭ دۇنياغا كېلىشى خۇشاللىنارلىق بىر ئىش. مەن مەملىكە

تىمىزدىكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىنىڭ يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىنى تىلەيمەن. ئىشىنىمەنكى، ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىنىڭ ھەممە گۈللەر بەس-بەستە ئېچىلىپ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ئالتۇن دەۋرى پات ئارىدا يېتىپ كەلگۈسى.

ئىسمايىل ئەھمەت

1987-يىل 7-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۈرۈمچى

# 内容提要

本书是作者在新疆大学中国语言系维吾尔语言专业授课时所编写的教材的基础上，修订、补充、完善而成。这本书是一部学习和研究维吾尔语语法的著作，它应用现代语言学的语法理论，结合维吾尔语的具体实例，对现代维吾尔语的结构做了精辟、详尽的描述。

本书分为五大部分：首先，论述语法学的几个基本概念问题。其次，介绍了维吾尔语的词的形态结构和构词法。第三，详细地描述了维吾尔语的各类词的语法范畴、形态体系、语法功能以及组合、聚合规则。第四、对维吾尔语的词组的结构、句子的结构层次与类型、复合句的基本格式做了全面的描写。最后，扼要介绍了维吾尔语标点符号的用法。书末附录了维吾尔文字与国际音标对照表。

本书用汉、维吾尔两种文字对比论述，选例具有口语化、标准化、实践性强的特点，对汉、维吾尔读者学习和研究维吾尔语提供了方便。

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ شىنجاڭ داشۆسى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتكەندە تۈزگەن دەرسلىكى ئاساسىدا تۈزىتىلىپ، تولۇقلىنىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. كىتاب ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان مەخسۇس ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىنىڭ گرامماتىكا نەزەرىيىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ كونكرېت پاكىتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسى مۇكەممەل ۋە تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن.

كىتاب بەش چوڭ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان: كىتابنىڭ بېشىدا، گرامماتىكا ئىلمىدىكى ئاساسلىق ئۇقۇملار مۇھاكىمە قىلىنغان. ئارقىدىنلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى ۋە سۆز ياساش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلغان. 3 ـ قىسىمدا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى، مورفولوگىيىلىك سىستېمىسى، گرامماتىكىلىق رولى ۋە بىرىكىش، تۈركۈملىنىش قائىدىسى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. 4 ـ قىسىمدا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، جۈملىنىڭ قۇرۇلما قاتلىمى ۋە تۈرلىرى، شۇنىڭدەك قوشما جۈملىنىڭ ئاساسلىق نۇسخىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەسۋىرلەنگەن. ئاخىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى قوشۇمچە قىلىنغان.

كىتابتا مەسىلىلەر خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل تىلدا مۇھاكىمە قىلىنغان، جانلىق تىلغا يېقىن، ئۆلچەملىك، ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك مىساللار تاللانغان، بۇ ئارقىلىق خەنزۇ، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلگەن.

# 目 录

# مۇندەرىجە

引言……………………………………………………（1）
مۇقەددىمە
一、语法研究的对象和任务……………………………（1）
1. گراماتىكا تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى ۋە ۋەزىپىسى
二、语法意义……………………………………………（5）
2. گراماتىكىلىق مەنە
三、语法手段……………………………………………（8）
3. گراماتىكىلىق ۋاستە
1.词尾…………………………………………………（8）
1. تۈرلىگۈچى قوشۇمچە
2.虚词…………………………………………………（10）
2. ياردەمچى سۆز
3.语序…………………………………………………（11）
3. سۆز تەرتىپى
4.语调…………………………………………………（12）
4. ئىنتوناتسىيە
四、语法形式……………………………………………（13）
4. گراماتىكىلىق شەكىل
五、语法范畴……………………………………………（15）

5. گراماتىكىلىق كاتېگورىيە
六、句法联系…………………………………………(17)
6. سىنتاكسىسلىق باغلىنىش

# 第　一　章

## 维吾尔语词的形态结构和构词法………（20）

# بىرىنچى باب

## ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش ئۇسۇللىرى

第一节　词的形态结构…………………………………(22)
1 - پاراگراف سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى
一、词根……………………………………………(22)
1. سۆز يىلتىزى
二、词缀……………………………………………(23)
2. ياسىغۇچى قوشۇمچە
三、词尾……………………………………………(25)
3. تۈرلىگۈچى قوشۇمچە
四、词干……………………………………………(26)
4. ئۆزەك
第二节　形态结构中的语音变化……………………(30)
2 - پاراگراف مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر
一、语音和谐………………………………………(31)
1. سىنگارمونىزم

1.元音的和谐 ………………………………………… (32)
1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سىنگارمونىزمى
2.辅音的和谐 ………………………………………… (34)
2. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ سىنگارمونىزمى
二、语音同化………………………………………… (34)
2. تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسى
1.元音的同化………………………………………… (35)
1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسى
2.辅音的同化 ………………………………………… (38)
2. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسى
三、语音的增减………………………………………… (39)
3. تاۋۇشلارنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى ۋە چۈشۈپ قېلىشى
1.元音的脱落 ………………………………………… (39)
1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى
2.辅音的增减 ………………………………………… (40)
2. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ۋە چۈشۈپ قېلىشى
**第三节 维吾尔语的构词方式**………………………………………… (41)
**3 - پاراگراف ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياساش ئۇسۇللىرى**

一、维吾尔语构词方法………………………………………… (41)
1. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياساش ئۇسۇلى ھەققىدە
1.维吾尔语构词法类型………………………………………… (41)
1. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياساش ئۇسۇلىنىڭ تۈرلىرى
2.形态构词法………………………………………… (43)
2. مورفولوگىيىلىك يول بىلەن سۆز ياساش

二、构词模式……………………………………………… (44)

2. سۆز ياساش نۇسخىلىرى

**第四节　名词的构词法**……………………………………… (47)

4 - پاراگراف ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى

一、派生名词的构成……………………………………… (48)

1. ياسالما ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى

二、复合名词的构成……………………………………… (66)

2. قوشما ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى

1.并列关系的复合名词 ………………………………… (66)

1. تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى قوشما ئىسىملار

2.偏正关系的复合名词 ………………………………… (68)

2. ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قوشما ئىسىملار

三、通过重叠方法构成的名词…………………………… (69)

3. تەكرارلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسالغان ئىسىملار

四、缩写名词的构成……………………………………… (70)

4. قىسقارتىلما ئىسىملارنى ياساش ئۇسۇلى

**第五节　形容词的构词法**…………………………………… (72)

5 - پاراگراف سۈپەتلەرنىڭ ياسىلىشى

一、派生形容词的构成…………………………………… (72)

1. ياسالما سۈپەتلەرنىڭ ياسىلىشى

二、复合形容词的构成…………………………………… (81)

2. قوشما سۈپەتلەرنىڭ ياسىلىشى

**第六节　动词的构词法**……………………………………… (82)

6 - پاراگراف پېئىللارنىڭ ياسىلىشى

一、单纯动词……………………………………………… (84)

1. تاق پېئىل

1.非派生动词……………………………………(84)

1. تۈپ پېئىل

2.派生动词……………………………………(85)

2. ياسالما پېئىل

二、复合动词……………………………………(88)

2. قوشما پېئىل

第七节　副词的构词法……………………………………(90)

7 - پاراگراف رەۋىشلەرنىڭ ياسىلىشى

一、派生副词……………………………………(91)

1. ياسالما رەۋىشلەر

二、复合副词……………………………………(92)

2. قوشما رەۋىشلەر

第　二　章

维吾尔语的词类 ……………(94)

ئىككىنچى باب

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈمى

一、词类概述……………………………………(94)

1. سۆز تۈركۈمى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

二、维吾尔语的词类划分标准……………………………………(95)

2. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىش پرىنسىپى

1.形态学标准……………………………………(96)

1. مورفولوگىيىلىك ئۆلچەم
2.结构学标准…………………………………… (99)
2. سىنتاكسىسلىق ئۆلچەم
3.语义学标准…………………………………… (100)
3. سېمانتىكىلىق ئۆلچەم
三、维吾尔语词类的划分 ………………………… (102)
3. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈركۈملەرگە ئاجرىتىلىشى


# 第 三 章

## 名　　词………………… (108)

# ئۈچىنچى باب

## ئىسىم


**第一节　名词概述** …………………………… (108)
1. پاراگراف ئىسىم ھەققىدە ئومۇمىي بايان
一、名词的概念 ………………………………… (108)
1. ئىسىم ھەققىدە چۈشەنچە
二、名词的语法特征 …………………………… (108)
2. ئىسىمنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى
**第二节　名词的分类** ………………………… (110)
2 - پاراگراف ئىسىمنىڭ تۈرلىرى
**第三节　名词"数"的范畴** …………………… (113)
3 - پاراگراف ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى
一、名词的"数"概念 ……………………………… (113)

1. ئىسىملاردىكى سان ھەققىدە چۈشەنچە
二、名词单数的意义和用法 ………………………… (114)
2. بىرلىك ساندىكى ئىسىملارنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى
三、名词复数的意义和用法 ………………………… (114)
3. كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملارنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى
**第四节 名词的“领属性人称”范畴** ………………… (117)
**4 - پاراگراف ئىسىمنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى**
一、名词“领属性人称”的概念 ………………… (118)
1. ئىسىملاردىكى شەخس ھەققىدە چۈشەنچە
二、名词“领属性人称”词尾的用法 ……………… (119)
2. ئىسىملاردىكى شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى
**第五节 名词的“格”的范畴** ………………………… (126)
**5 - پاراگراف ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى**
一、名词的“格”的概念 ………………………… (126)
1. ئىسىمدىكى كېلىشلەر ھەققىدە چۈشەنچە
二、名词的“格”的分类 ………………………… (126)
2. ئىسىمدىكى كېلىشلەرنىڭ تۈرلىرى
1.主格 ……………………………………………… (127)
1. باش كېلىش
2.属格 ……………………………………………… (127)
2. ئىگىلىك كېلىش
3.宾格 ……………………………………………… (132)
3. چۈشۈم كېلىش

4.向格…………………………………………………… (139)
4. يۆنىلىش كېلىش
5.从格…………………………………………………… (142)
5. چىقىش كېلىش
6.时位格…………………………………………………… (147)
6. ئورۇن - پەيت كېلىش
7.界限格…………………………………………………… (149)
7. چەك كېلىش
8.范围格…………………………………………………… (151)
8. ئورۇن - بەلگە كېلىش
9.相似格…………………………………………………… (152)
9. ئوخشىتىش كېلىش
10.量似格…………………………………………………… (154)
10. تەڭلەشتۈرمە كېلىش
第六节　方位名词…………………………………………… (160)
6 - پاراگراف ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرى
一、方位名词的概念…………………………………………… (160)
1. ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرى ھەققىدە چۈشەنچە
二、方位名词的语法特征……………………………………… (160)
2. ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى
第七节　时间名词…………………………………………… (163)
7 - پاراگراف ۋاقىت ئىسىملىرى
一、时间名词的概念…………………………………………… (163)
1. ۋاقىت ئىسىملىرى ھەققىدە چۈشەنچە

二、时间名词的语法特征 …………………………………… (164)
2. ۋاقىت ئىسىملىرىنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

## 第 四 章

## 形 容 词 ……………… (168)

## تۆتىنچى باب

## سۈپەت

**第一节 形容词概述** ……………………………………… (168)
1 - پاراگراف سۈپەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان
一、形容词的概念 ……………………………………… (168)
1. سۈپەت ھەققىدە چۈشەنچە
二、形容词的语法特征 …………………………………… (169)
2. سۈپەتنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى
三、形容词的分类 ……………………………………… (170)
3. سۈپەتنىڭ تۈرلىرى
**第二节 性质形容词** ……………………………………… (172)
2 - پاراگراف ئەسلى سۈپەتلەر
一、性质形容词的意义和语法特征 …………………… (173)
1. ئەسلى سۈپەتلەرنىڭ مەنىسى ۋە گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى
二、性质形容词的级 …………………………………… (175)
2. ئەسلى سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى
1.原级 ……………………………………………… (176)
1. باش دەرىجە

2.比较级 ………………………………………… (176)
2. سېلىشتۇرما دەرىجە

3.加重级 ………………………………………… (178)
3. ئاشۇرما دەرىجە

4.指小表爱级 ………………………………………… (179)
4. ئەركىلەتمە دەرىجە

第三节 关系形容词 ………………………………………… (181)
3 - پاراگراف نىسپىي سۈپەتلەر

一、关系形容词的意义和语法特征 ………………… (181)
1. نىسپىي سۈپەتلەرنىڭ مەنىسى ۋە گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

二、关系形容词的结构 ………………………… (182)
2. نىسپىي سۈپەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى

第四节 特殊形容词 ………………………………………… (185)
4 - پاراگراف ئالاھىدە سۈپەتلەر

一、特殊形容词及其特点 ………………………… (185)
1. ئالاھىدە سۈپەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

二、特殊形容词的分类 ………………………… (188)
2. ئالاھىدە سۈپەتنىڭ تۈرلىرى

第五节 名物化形容词 ………………………………………… (191)
5 - پاراگراف ئىسىملاشقان سۈپەتلەر

# 第 五 章

代 词 ………………… (194)

بەشىنچى باب
ئالماش

第一节 代词概述 ………………………………………… (194)
1 - پاراگراف ئالماش ھەققىدە ئومۇمىي بايان

第二节　代词的分类 ………………………………………… (196)
2 - پاراگراف ئالماشنىڭ تۈرلىرى

一、人称代词 ………………………………………… (196)
1. كىشىلىك ئالماشلىرى

二、反身代词 ………………………………………… (200)
2. ئۆزلۈك ئالماشلىرى

三、指示代词 ………………………………………… (204)
3. كۆرسىتىش ئالماشلىرى

四、性质代词 ………………………………………… (208)
4. خاراكتېر ئالماشلىرى

五、疑问代词 ………………………………………… (209)
5. سوراق ئالماشلىرى

六、任指代词 ………………………………………… (214)
6. ئېنىقلاش ئالماشلىرى

七、不定代词 ………………………………………… (216)
7. ئېنىقسىز ئالماشلىرى

八、否定代词 ………………………………………… (221)
8. بولۇشسىز ئالماشلىرى

九、集合代词 ………………………………………… (224)
9. ئۆملۈك ئالماشلىرى

第　六　章
数　词 ……………… (225)
ئالتىنچى باب
سان

第一节　数词概述 ………………………………………… (225)
1 - پاراگراف سان ھەققىدە ئومۇمىي بايان

一、数词的语法特征 …………………………………… (225)
1. سانىنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى
二、数词的分类 …………………………………………… (226)
2. سانىنىڭ تۈرلىرى
第二节 基数词 …………………………………………… (227)
2 - پاراگراف ساناق سان
一、基数词的概念 …………………………………… (227)
1. ساناق سان ھەققىدە چۈشەنچە
二、基数词的用法 …………………………………… (229)
2. ساناق ساننىڭ قوللىنىلىشى
三、基数词 "بىر" 的特殊用法 ………………………… (231)
3. ساناق سان «بىر» نىڭ ئالاھىدە قوللىنىلىشى
第三节 序数词 …………………………………………… (235)
3 - پاراگراف تەرتىپ سان
一、序数词的构成 …………………………………… (235)
1. تەرتىپ ساننىڭ ياسىلىشى
二、序数词的用法 …………………………………… (236)
2. تەرتىپ ساننىڭ قوللىنىلىشى
第四节 约数词 …………………………………………… (238)
4 - پاراگراف مۆلچەر سان
第五节 集合数词 ………………………………………… (242)
5 - پاراگراف ئۆملۈك سان
第六节 分数词 …………………………………………… (245)
6 - پاراگراف كەسىر سان
一、分数词 …………………………………………… (246)
1. كەسىر سان

1.分数词的构成 …………………………………… (246)

1. كەسىر سانىنىڭ ياسىلىشى

2.分数词的功能 …………………………………… (247)

2. كەسىر سانىنىڭ رولى

二、小数词 …………………………………… (248)

2. پارچە سان

第七节 几种常用数词概念的表示法 ………………… (249)

7 - پاراگراف كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىرقانچە خىل سان ئۇقۇمىنىڭ ئىپادىلىنىشى

一、倍数和百分数的表示法 ………………… (249)

1. ھەسسە سان ۋە پىرسەنتنىڭ ئىپادىلىنىشى

二、日期的表示法 ………………… (250)

2. ئاي، كۈنلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى

三、钟点的表示法 ………………… (253)

3. سائەتنىڭ ئىپادىلىنىشى

四、数词在算术四则上的用法 ………………… (255)

4. ساننىڭ تۆت ئەمەلدىكى قوللىنىلىشى

第 七 章

量 词 ………………… (257)

يەتتىنچى باب

مىقدار سۆز

第一节 量词概述 ………………… (257)

1 - پاراگراف مىقدار سۆز ھەققىدە ئومۇمىي بايان

一、量词的概念 …………………………………… (257)
1. مىقدار سۆز ھەققىدە چۈشەنچە
二、量词的语法特征 …………………………………… (258)
2. مىقدار سۆزنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى
三、维吾尔语量词的地位 …………………………………… (259)
3. مىقدار سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورنى
第二节 量词的分类 …………………………………… (261)
2 - پاراگراف مىقدار سۆزنىڭ تۈرلىرى

第 八 章

动 词 ……………… (271)

سەككىزىنچى باب

پېئىل

第一节 动词概述 …………………………………… (271)
1 - پاراگراف پېئىل ھەققىدە ئومۇمىي بايان
一、动词的概念 …………………………………… (271)
1. پېئىل ھەققىدە چۈشەنچە
二、动词的语法特征 …………………………………… (272)
2. پېئىلنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى
三、动词的分类 …………………………………… (275)
3. پېئىلنىڭ تۈرلىرى
第二节 动词的“时”的范畴 …………………………………… (285)
2 - پاراگراف پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيىسى
一、动词过去时 …………………………………… (285)
1. پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامانى

1.确定过去时 …………………………………………………… (286)

1. ئېنىق ئۆتكەن زامان

2.存现过去时 …………………………………………………… (291)

2. مەۋجۇت ئۆتكەن زامان

3.连动过去时 …………………………………………………… (301)

3. كىرىشمە ئۆتكەن زامان

4.反复过去时 …………………………………………………… (306)

4. تەكرار ئۆتكەن زامان

5.当时过去时 …………………………………………………… (315)

5. شۇ پەيت ئۆتكەن زامان

二、动词现在时 …………………………………………………… (325)

2. پېئىللارنىڭ هازىرقى زامانى

1.进行现在时 …………………………………………………… (326)

1. جەريان هازىرقى زامان

2.持续现在时 …………………………………………………… (330)

2. داۋام هازىرقى زامان

3.缘起现在时 …………………………………………………… (331)

3. باغلانما هازىرقى زامان

三、动词现在——将来时 …………………………………………… (334)

3. پېئىلنىڭ هازىرقى-كېلەر زامانى

第三节 动词的语态范畴 ………………………………………… (340)

3-پاراگراف پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى

一、基本态 …………………………………………………… (342)

1. باش دەرىجە

二、被动态 …………………………………………………… (343)

2. مەجھۇل دەرىجە

三、反身态 ………………………………………… (343)

3. ئۆزلۈك دەرىجە

1.被动态与反身态的构成 ………………………… (346)

1. مەجھۇل دەرىجە بىلەن ئۆزلۈك دەرىجىنىڭ ياسىلىشى

2.被动态与反身态的区别 ………………………… (344)

2. ئۆزلۈك دەرىجە بىلەن مەجھۇل دەرىجىنىڭ پەرقى

四、使动态 ………………………………………… (348)

4. مەجبۇرىي دەرىجە

五、交互——共同态 ………………………………… (352)

5. ئۆملۈك دەرىجە

第四节　动词的“式”的范畴 ……………………… (356)

4 - پاراگراف پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسى

一、动词的“式”的概念 ……………………………… (356)

1. پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە

二、动词的“式”的语法特征 ………………………… (358)

2. پېئىللارنىڭ كاتېگورىيىسىنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

三、动词的“式”的分类 ……………………………… (358)

3. پېئىل رايلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى

1.陈述式 ……………………………………………… (359)

1. بايان رايى

2.祈使式 ……………………………………………… (379)

2. بۇيرۇق رايى

3.愿望式 ……………………………………………… (386)

3. ئارزۇ رايى

4.条件式…………………………………………………………(390)

.4 شەرت رايى

第五节 静词性动词 ………………………………………………(395)

5 - پاراگراف تۈرغۇن سۆز خاراكتېرلىك پېئىللار

一、名动词 …………………………………………………………(396)

.1 ھەرىكەتنامى

1.名动词的语法特征……………………………………………(397)

.1 ھەرىكەتنامىنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

2.名动词的分类与构成…………………………………………(398)

.2 ھەرىكەتنامىنىڭ تۈرلىرى ۋە ياسىلىشى

二、形动词 …………………………………………………………(403)

.2 سۈپەتداش

1.形动词的语法特征……………………………………………(403)

.1 سۈپەتداشنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

2.形动词的构成 ………………………………………………(405)

.2 سۈپەتداشنىڭ ياسىلىشى

3.形动词的意义和用法…………………………………………(409)

.3 سۈپەتداشنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

第六节 副动词 ……………………………………………………(413)

6 - پاراگراف رەۋىشداش

一、副动词的概念 …………………………………………………(413)

.1 رەۋىشداش ھەققىدە چۈشەنچە

二、副动词的种类 …………………………………………………(415)

.2 رەۋىشداشنىڭ تۈرلىرى

1.状态副动词……………………………………………………(415)

.1 ھالەت رەۋىشدىشى

2.界限副动词 ………………………………………… (417)

2. چەك رەۋىشدىشى

3.兼代副动词 ………………………………………… (420)

3. قوشۇمچە ھەرىكەت رەۋىشدىشى

4.原因副动词 ………………………………………… (422)

4. سەۋەب رەۋىشدىشى

5.目的副动词 ………………………………………… (424)

5. مەقسەت رەۋىشدىشى

6.进层副动词 ………………………………………… (427)

6. ئىلگىرىلىمە رەۋىشداش

7.重叠副动词 ………………………………………… (429)

7. تەكرار رەۋىشداش

第七节　表愿动词与目的动词 ……………………………… (430)

7 - پاراگراف خالاش پېئىللىرى ۋە مەقسەت پېئىللىرى

一、表愿动词 ………………………………………… (431)

1. خالاش پېئىللىرى

1.表愿动词的概念 ……………………………………… (431)

1. خالاش پېئىللىرى ھەققىدە چۈشەنچە

2.表愿动词的构成 ……………………………………… (433)

2. خالاش پېئىللىرىنىڭ ياسىلىشى

3.表愿动词的用法 ……………………………………… (436)

3. خالاش پېئىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى

二、目的动词 ………………………………………… (437)

2. مەقسەت پېئىللىرى

1.目的动词的概念 ……………………………………… (437)

1. مەقسەت پېئىللىرى ھەققىدە چۈشەنچە

2.目的动词的构成 …………………………………………… (439)
2. مەقسەت پېئىللىرىنىڭ ياسىلىشى

第八节　动词的体的范畴 ………………………………………… (443)
8 - پاراگراف پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى

一、动词的“体”的概念 …………………………………… (443)
1. پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە

二、动词的“体”的分类 …………………………………… (444)
2. پېئىل تۈسلىرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

三、动词的“体”的意义和用法 ……………………………… (447)
3. پېئىل تۈسلىرىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

1.持续体的意义和用法 ………………………………………… (447)
1. داۋام تۈسىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

2.重复体的意义和用法 ………………………………………… (450)
2. تەكرار تۈسىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

3.尝试体的意义和用法 ………………………………………… (453)
3. سىناق تۈسىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىشى

4.反身体的意义和用法 ………………………………………… (455)
4. ئۆزلۈك تۈسىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

5.为他体的意义和用法 ………………………………………… (458)
5. ئۆزگە تۈسىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

6.瞬时体的意义和用法 ………………………………………… (459)
6. تاسادىپىيلىق تۈسىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

7.完成体的意义和用法 ………………………………………… (463)
7. پۈتكەن تۈسىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

8.进行体的意义和用法 ………………………………………… (467)
8. جەريان تۈسىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

第九节　系动词 …………………………………………… (470)

9 - پاراگراف. باغلامچى پېئىل

一、系动词的概念 …………………………………………… (470)

1. باغلامچى پېئىللار ھەققىدە چۈشەنچە

二、系动词的分类 …………………………………………… (473)

2. باغلامچى پېئىلنىڭ تۈرلىرى

1.判断系动词 …………………………………………… (473)

1. ھۆكۈم باغلامچى پېئىلى

2.变态系动词 …………………………………………… (488)

2. ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىلى

3.引语系动词 …………………………………………… (487)

3. كۆچۈرمە باغلامچى پېئىلى


# 第　九　章

## 副　　词

副　　词………………………… (489)

# توققۇزىنچى باب

## رەۋىش

一、副词概述 …………………………………………… ([illegible])

1. رەۋىش ھەققىدە ئومۇمىي بايان

二、副词的语法特征 …………………………………………… (490)

2. رەۋىشنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

第一节　副词的种类 …………………………………………… (419)

1 - پاراگراف. رەۋىشنىڭ تۈرلىرى

一、情态副词 …………………………………………… (419)

1. ھالەت رەۋىشلىرى

二、时间副词 …………………………………… (492)
2. ۋاقىت رەۋىشلىرى
三、程度副词 …………………………………… (493)
3. دەرىجە رەۋىشلىرى
四、肯定副词 …………………………………… (495)
4. بولۇشلۇق رەۋىشلىرى
五、语气副词 …………………………………… (496)
5. ئىملىق رەۋىشلىرى
六、方位副词 …………………………………… (497)
6. ئورۇن رەۋىشلىرى
第二节 副词的级 …………………………………… (497)
2 - پاراگراف رەۋىشلەرنىڭ دەرىجىسى
第三节 副词与形容词以及时间副词与时间名词的区别 …………………………………… (498)
3 - پاراگراف رەۋىشلەر بىلەن سۈپەتلەرنىڭ، ۋاقىت رەۋىشلىرى بىلەن ۋاقىت ئىسىملىرىنىڭ پەرقى
一、副词与形容词的区别 …………………………… (499)
1. رەۋىش بىلەن سۈپەتنىڭ پەرقى
二、时间副词和时间名词的区别 …………………… (500)
2. ۋاقىت رەۋىشلىرى بىلەن ۋاقىت ئىسىملىرىنىڭ پەرقى

第 十 章
摹 拟 词………………… (501)
ئونىنچى باب
تەقلىدىي سۆزلەر

第一节 摹拟词概述 …………………………………… (501)
1 - پاراگراف تەقلىدىي سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان

一、摹拟词的概念 …………………………………… (501)
1. تەقلىدىي سۆزلەر ھەققىدە چۈشەنچە
二、摹拟词的语法特征 …………………………………… (503)
2. تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى
第二节 摹拟词的种类 …………………………………… (505)
2 - پاراگراف تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى
一、按语法形式分类 …………………………………… (506)
1. گرامماتىكىلىق شەكلىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى
二、按语义分类 …………………………………… (508)
2. مەنىسىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

## 第 十 一 章

后 置 词 …………………… (515)

## ئون بىرىنچى باب
## تىركەلمە

第一节 后置词概述 …………………………………… (515)
1 - پاراگراف تىركەلمە ھەققىدە ئومۇمىي بايان
一、后置词的概念 …………………………………… (515)
1. تىركەلمە ھەققىدە چۈشەنچە
二、后置词的语法特征 …………………………………… (516)
2. تىركەلمىلەرنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى
第二节 后置词的分类 …………………………………… (519)
2 - پاراگراف تىركەلمىنىڭ تۈرلىرى

第三节 常见后置词的意义及其用法 …………………… (522)
3 - پاراگراف كۆپ قوللىنىلىدىغان تىركەلمىلەرنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

# 第十二章
# 连 词 ………………… (537)
# ئون ئىككىنچى باب
# باغلىغۇچى

第一节 连词概述 ………………………………………… (537)
1 - پاراگراف باغلىغۇچى ھەققىدە ئومۇمىي بايان
一、连词的概念 ………………………………………… (537)
1. باغلىغۇچى ھەققىدە چۈشەنچە
二、连词的语法特征 ………………………………… (538)
2. باغلىغۇچىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى
第二节 连词的分类 ………………………………………… (538)
2 - پاراگراف باغلىغۇچىنىڭ تۈرلىرى
一、联合连词 ………………………………………… (539)
1. بىرىكتۈرمە باغلىغۇچى
1.并列连词 ……………………………………………… (539)
1. تەڭداش باغلىغۇچى
2.选择连词 ……………………………………………… (542)
2. تاللىما باغلىغۇچى
3.顺承连词 ……………………………………………… (543)
3. كىرىشتۈرمە باغلىغۇچى

4.递进连词……………………………………………… (544)

4. كۆچەيتمە باغلىغۇچى

二、偏正连词 ……………………………………………… (545)

2. بېقىندۇرما باغلىغۇچى

1.因果连词……………………………………………… (547)

1. سەۋەب - نەتىجە باغلىغۇچى

2.条件连词……………………………………………… (549)

2. شەرت باغلىغۇچى

3.转折连词……………………………………………… (551)

3. قارىمۇ قارشى باغلىغۇچى

4.解说连词……………………………………………… (552)

4. ئىزاھ باغلىغۇچى

## 第 十 三 章

## 语 气 词………………… (552)

## ئون ئۈچىنچى باب
## ئىملىق سۆز

第一节 语气词概述 ……………………………………… (552)

1 - پاراگراف ئىملىق سۆز ھەققىدە ئومۇمىي بايان

一、语气词的概念 ……………………………………… (552)

1. ئىملىق سۆز ھەققىدە چۈشەنچە

二、语气词的语法特征 ………………………………… (552)

2. ئىملىق سۆزنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

第二节 语气词的分类 ………………………………… (553)

2 - پاراگراف ئىملىق سۆزنىڭ تۈرلىرى

第 十 四 章
感 叹 词……………… (559)
ئون تۆتىنچى باب
ئۈندەش سۆز

第一节 感叹词概述 …………………………………… (559)
1 - پاراگراف ئۈندەش سۆز ھەققىدە ئومۇمىي بايان
一、感叹词的概念 ……………………………… (559)
1. ئۈندەش سۆز ھەققىدە چۈشەنچە
二、感叹词的语法特征 ………………………… (559)
2. ئۈندەش سۆزنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى
第二节 感叹词的分类 ………………………………… (560)
2 - پاراگراف ئۈندەش سۆزنىڭ تۈرلىرى

第 十 五 章
词 组……………… (564)
ئون بەشىنچى باب
سۆز بىرىكمىسى

第一节 词组的概念 …………………………………… (564)
1 - پاراگراف سۆز بىرىكمىسى ھەققىدە چۈشەنچە
第二节 词组的语法特征 ……………………………… (566)
2 - پاراگراف سۆز بىرىكمىسىنىڭ گراماتىكىلىق ئالا-
ھىدىلىكى

第三节　词组的种类 …… (567)
3 - پاراگراف سۆز بىرىكمىسىنىڭ تۈرلىرى
一、词组的构成 …… (567)
1. سۆز بىرىكمىسىنىڭ ياسىلىشى
1.实词词组 …… (568)
1. مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى
2.虚词词组 …… (574)
2. ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى
二、词组的结构形式 …… (576)
2. سۆز بىرىكمىسىنىڭ قۇرۇلما شەكلى
1.简单词组 …… (576)
1. ئاددىي سۆز بىرىكمىسى
2.复杂词组 …… (577)
2. مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى
三、词组的语义差别 …… (578)
3. سۆز بىرىكمىسىنىڭ سېمانتىكا جەھەتتىكى پەرقلىرى
1.单义词组 …… (579)
1. بىر مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى
2.多义词组 …… (580)
2. كۆپ مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى

第 十 六 章
句 子 成 分 …… (582)
ئون ئالتىنچى باب
جۈملە بۆلەكلىرى

第一节　句子成分概述 …… (582)
1 - پاراگراف جۈملە بۆلەكلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

一、句子成分的概念 ………………………………… (582)
1. جۈملە بۆلەكلىرى ھەققىدە چۈشەنچە
二、句子的主要成分 ………………………………… (583)
2. جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى
三、句子的次要成分 ………………………………… (584)
3. جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى
第二节 主语 ………………………………… (586)
2 - پاراگراف ئىگە
第三节 谓语 ………………………………… (591)
3 - پاراگراف خەۋەر
第四节 宾语 ………………………………… (598)
4 - پاراگراف تولدۇرغۇچى
第五节 定语 ………………………………… (601)
5 - پاراگراف ئېنىقلىغۇچى
第六节 状语 ………………………………… (607)
6 - پاراگراف ھالەت
1.情态状语 ………………………………… (611)
1. دەرىجە ھالىتى
2.方式状语 ………………………………… (612)
2. ئۇسۇل ھالىتى
3.时间状语 ………………………………… (614)
3. ۋاقىت ھالىتى
4.地点状语 ………………………………… (615)
4. ئورۇن ھالىتى
5.界限状语 ………………………………… (616)
5. چەك ھالىتى

6.目的状语…………………………………………(617)

6. مەقسەت ھالىتى

7.原因状语…………………………………………(618)

7. سەۋەب ھالىتى

8.趋向状语…………………………………………(619)

8. يۆنىلىش ھالىتى

第七节　复指和插说 ……………………………(620)

7 - پاراگراف ئىزاھلىغۇچى ۋە قىستۇرما سۆز

一、复指 ……………………………………………(620)

1. ئىزاھلىغۇچى

1.说明复指…………………………………………(621)

1. چۈشەندۈرمە ئىزاھلىغۇچى

2.称代复指…………………………………………(622)

2. كۆرسەتمە ئىزاھلىغۇچى

3.总分复指…………………………………………(622)

3. ئومۇملاشتۇرغۇچى ئىزاھلىغۇچى

二、插说……………………………………………(623)

2. قىستۇرما سۆز

第八节　句子成分的线性排列 ……………………(627)

8 - پاراگراف جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ تىز سىزىقلىق تىزمىسى

一、句子主要成分的排列顺序 ……………………(628)

1. جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىنىڭ تىزىلىش تەرتىپى

二、句子次要成分的排列顺序 ……………………(629)

2. جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىنىڭ تىزىلىش تەرتىپى

**第九节 句子的结构层次** …… (634)
9 - پاراگراف جۈملىنىڭ قۇرۇلما قاتلىمى

一、句子的结构层次 …… (634)
1. جۈملىنىڭ قۇرۇلما قاتلىمى

1.主谓关系 …… (638)
1. ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت

2.定中关系 …… (639)
2. ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەت

3.状中关系 …… (640)
3. ھالەتلىك مۇناسىۋەت

4.动宾关系 …… (641)
4. تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەت

5.并列关系 …… (642)
5. تەڭداش مۇناسىۋەت

6.连动关系 …… (643)
6. كىرىشمە مۇناسىۋەت

二、句子结构层次的分析 …… (646)
2. جۈملىنىڭ قۇرۇلما قاتلىمى ئۈستىدە تەھلىل

1.层次分析法 …… (646)
1. قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى

2.层次分析法的划分标准 …… (647)
2. قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ بۆلۈش ئۆلچىمى

3.多项直接成分结构 …… (654)
3. كۆپ بىۋاسىتە تەركىبلىك قۇرۇلما

第十七章
句子的分类与结构类型 …… (657)
ئون يەتتىنچى باب
جۈملە تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلما تىپلىرى

**第一节 句子的分类与结构类型概述** …… (657)
1 - پاراگراف جۈملە تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلما تىپلىرى
ھەققىدە ئومۇمىي بايان

第二节　句子的分类 …………………………………… (660)

2 - پاراگراف جۈملىنىڭ تۈرلىرى

第三节　陈述句、疑问句、祈使句 …………………… (662)

3 - پاراگراف بايان جۈملە، سوراق جۈملە، بۇيرۇق جۈملە

一、陈述句 …………………………………………… (662)

1. بايان جۈملە

二、疑问句 …………………………………………… (663)

2. سوراق جۈملە

三、祈使句 …………………………………………… (666)

3. بۇيرۇق جۈملە

第四节　感叹句和非感叹句 ………………………… (667)

4 - پاراگراف ئۈندەش جۈملە ۋە غەيرىي ئۈندەش جۈملە

第五节　肯定句和否定句 …………………………… (669)

5 - پاراگراف بولۇشلۇق جۈملە ۋە بولۇشسىز جۈملە

第六节　句子的结构类型 …………………………… (672)

6 - پاراگراف جۈملىنىڭ قۇرۇلما تىپلىرى

一、单句和复句 ……………………………………… (672)

1. ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە

二、单句的分类 ……………………………………… (673)

2. ئاددىي جۈملىنىڭ تۈرلىرى

1.双部句 ……………………………………………… (673)

1. ئىككى باش بۆلەكلىك جۈملە

2.单部句 ……………………………………………… (675)

2. بىر باش بۆلەكلىك جۈملە

三、复句的分类 ……………………………………… (677)

3. قوشما جۈملىنىڭ تۈرلىرى

# 第 十 八 章
# 复 句
# ئون سەككىزىنچى باب
# قوشما جۈملە


第一节 复句的概念 …………………………………………………… (678)
1 - پاراگراف قوشما جۈملە ھەققىدە چۈشەنچە

第二节 联合复句 …………………………………………………… (681)
2 - پاراگراف بىرىككەن قوشما جۈملە

一、带连词的联合复句 ………………………………………………… (682)
1. باغلىغۇچىلىق قوشما جۈملە

1.并列关系……………………………………………………………… (682)
1. تەڭداش مۇناسىۋەت

2.选择关系……………………………………………………………… (684)
2. تاللاش مۇناسىۋىتى

3.递进关系……………………………………………………………… (685)
3. كۈچەيتىش مۇناسىۋىتى

4.连贯关系……………………………………………………………… ( 68)
4. ئۇلانما مۇناسىۋەت

二、无连词的联合复句 ………………………………………………… (689)
2. باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملە

1.并列关系……………………………………………………………… (689)
1. تەڭداش مۇناسىۋەت

2.连贯关系……………………………………………………………… (690)
2. ئۇلانما مۇناسىۋەت

3.对立关系…………………………………………………………(690)

3. قارشىلىق مۇناسىۋەت

4.分合关系…………………………………………………………(691)

4. ئايرىما مۇناسىۋەت

第三节　偏正复句 ……………………………………………(692)

3 - پاراگراف بېقىندىلىق قوشما جۈملە

1.补充复句…………………………………………………………(694)

1. ئىزاھ قوشما جۈملە

2.转折复句…………………………………………………………(698)

2. بۇرۇلما قوشما جۈملە

3.条件复句…………………………………………………………(699)

3. شەرت قوشما جۈملە

4.因果复句…………………………………………………………(701)

4. سەۋەب - نەتىجە قوشما جۈملە

5.目的复句…………………………………………………………(703)

5. مەقسەت قوشما جۈملە

6.假设复句…………………………………………………………(705)

6. پەرەز قوشما جۈملە

7.让步复句…………………………………………………………(706)

7. قارشىلىق قوشما جۈملە

8.理由复句…………………………………………………………(708)

8. باھانە قوشما جۈملە

9.连锁复句…………………………………………………………(709)

9. زەنجىرسىمان قوشما جۈملە

10.比喻复句 ………………………………………………………(711)

10. ئوخشاتما قوشما جۈملە

11.时间复句 …………………………………………… (712)

11. ۋاقىت قوشما جۈملە

12.取舍复句 …………………………………………… (712)

12. تاللىما قوشما جۈملە

第四节 多重复句 …………………………………………… (715)

4 - پاراگراف كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملە

1.二重复句 …………………………………………… (716)

1. ئىككى قاتلاملىق قوشما جۈملە

2.三重和三重以上的复句 …………………………………… (717)

2. ئۈچ ۋە ئۈچتىن ئارتۇق كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملە

第 十 九 章

标点符号 ………………………… (719)

ئون توققۇزىنچى باب

تىنىش بەلگىلىرى

一、句号 …………………………………………… (720)

1. چېكىت

二、问号 …………………………………………… (720)

2. سوئال بەلگىسى

三、感叹号 …………………………………………… (721)

3. ئۈندەش بەلگىسى

四、逗号 …………………………………………… (722)

4. پەش

五、分号 …………………………………………… (724)

5. چېكىتلىك پەش

六、冒号 ………………………………………………………………… (726)
6. قوش چېكىت
七、书名号 ……………………………………………………………… (728)
7. قوش تىرناق
八、单书名号 …………………………………………………………… (729)
8. يالاڭ تىرناق
九、括号 ………………………………………………………………… (731)
9. تىرناق
十、破折号 ……………………………………………………………… (732)
10. سىزىق
十一、连续号 …………………………………………………………… (734)
11. سىزىقچە
十二、省略号 …………………………………………………………… (736)
12. كۆپ چېكىت

附录

قوشۇمچە:

…………………………………………………………… (738)
维吾尔语元音音位和国际音标对照表 ……………………… (738)
ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق فونېمىلارنىڭ خەلقئارالىق
ترانسكرىپسىيە بىلەن سېلىشتۇرمىسى
维吾尔语辅音音位和国际音标对照表 …………………………… (739)
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك فونېمىلارنىڭ خەلقئارالىق
ترانسكرىپسىيە بىلەن سېلىشتۇرمىسى
后记 ……………………………………………………………………… (740)
ئاخىرقى سۆز …………… (742)

# 引 言

# مۇقەددىمە

## 一、语法研究的对象和任务

### 1. گراماتىكا تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى ۋە ۋەزىپىسى

语言是人们最重要的交际工具和思维工具。任何语言除了要有许多词外、还要有词的形态结构与变化、词的组合与聚合以及用词造句的规则等，这些规则就是语法。

语法在语言中起着非常重要的作用，因为一个个的词只是构成语言的材料，当它接受了语法支配的时候，才能成为具有交际功能的语言。

语法是在语言本身的发展过程中自然形成的，当它形成以后、就具有一种社会约束力，使用这种语言的人们就需遵守这些规则。如：بىز گراماتىكىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.（我们要学好语法）这句话是由«بىز»，«گراماتىكا»，«ياخشى»，«ئۆگىنىش»，«كېرەك»等五个词按照维吾尔语的用词造句规则组成的。并且只有这种组成的方法才被人们所理解、被社会所承认，才是正确的。

语法是研究词形变化和句子结构的科学。研究构词和词的形态变化的部分称为词法，如名词的数、人称、格，动词的式、时、语态、体等都属于词法范围；研究句子结构的部分称为句

法，如，句子的成分、语序以及单复句的类别等都属于句法范围。这两部分虽然各有不同的内容，它们之间的关系却非常紧密。在讲词法时不可避免要涉及句法，在句法部分有些内容又与词法休戚相关。因此在学习语法的过程中，要同时注意这两部分之间的差异和密切关系。

随着社会的发展、科学的进步，人们对语法的研究也日益发展与深入。从公元前四世纪的印度人巴尼尼的《梵语语法》到本世纪五十年代的转换生成语法，说明了语法的发展经历了传统语法、结构主义语法和转换生成语法三大阶段。现代科学中的“语言”的概念，也比过去大大深化了。按照现代语言学的观点，所谓语言就是人类社会特有的一种信息系统，是人们用来进行交际和思维活动的有效工具。有声语言（口语）及其文字记录（书面语），不过是广义语言中的特殊形态，即“自然语言”的形式。根据现代科学和计算机技术发展的需要，各式各样的“人工语言”被设计出来了。这些“人工语言”也同样具有词汇形式、语法规则、语句结构和语义内容等等。因此，作为描写维吾尔语的词的变化规则和用词造句规则的维吾尔语法，理应吸收这些崭新的科学成果，以使语言的研究更深入一步。语法一般都包括词法和句法两部分，它把语法意义、语法手段、语法形式、语法范畴以及句法联系等纳入自己的主要研究范围。

تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە ۋە تەپەككۇر قورالى. ھەرقانداق تىلدا ئۇرغۇنلىغان سۆزلەر بولغاندىن سىرت، يەنە سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى ۋە تۈرلىنىش، بىرىكىش، تۈركۈملىنىش قائىدىسى، شۇنىڭدەك سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىسى قاتارلىقلار بولىدۇ. مانا بۇ قائىدىلەر گرامماتىكا دېيىلىدۇ.

گرامماتىكا تىلدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

چۈنكى تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تەشكىل قىلىدىغان يەككە - يەككە سۆزلەر گراماتىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئالاقىلىشىش رولىغا ئىگە بولغان تىلغا ئايلىنىدۇ.

گراماتىكا مەلۇم بىر تىلنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا تەبىئىي شەكىللەنگەن. ئەمما ئۇ شەكىللەنگەندىن كېيىن بىر خىل ئىجتىمائىي چەكلىگۈچى كۈچكە ئايلىنىدۇ. شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلق ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى شەرت. ئالايلى: «بىز گراماتىكىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز كېرەك» دېگەن بۇ جۈملىدە «بىز»، «گراماتىكا»، «ياخشى»، «ئۆگىنىش»، «كېرەك» دېگەن بەش سۆز ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملە تۈزۈلۈش قائىدىسى بويىچە تەشكىللەنگەن. يەنە كېلىپ ئۇ پەقەت شۇنداق تەشكىللەنگەندىلا، كىشىلەر ئۇنى چۈشىنەلەيدۇ، ئۇ جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ ۋە توغرا ھېسابلىنىدۇ.

گراماتىكا سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە جۈملە قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى پەن، ئۇنىڭ سۆزنىڭ ياسىلىشى، تۈرلىنىشىنى تەتقىق قىلىدىغان قىسمى مورفولوگىيە دېيىلىدۇ. ئىسىملارنىڭ سان، شەخس، كېلىش كاتېگورىيىلىرى، پېئىللارنىڭ راي، زامان، دەرىجە، تۈس كاتېگورىيىلىرى مورفولوگىيە دائىرىسىگە كىرىدۇ؛ جۈملە قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىدىغان قىسمى سىنتاكسىس دېيىلىدۇ. جۈملە بۆلەكلىرى، سۆز تەرتىپى، شۇنىڭدەك ئاددىي، قوشما جۈم-

لىلەرنىڭ تۈرلىرى قاتارلىقلار سىنتاكسىس دائىرىسىگە كىرىدۇ. گراماتىكىنىڭ بۇ ئىككى قىسمىنىڭ مەزمۇنى گەرچە ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. مورفولوگىيە ھەققىدە سۆز ئاچقاندا سىنتاكسىستىن چەتنىگىلى بولمايدۇ. ئەمدى سىنتاكسىستىكى بەزى مەزمۇنلار بولسا مورفولوگىيە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا گراماتىكىنى ئۆگىنىش جەريانىدا بۇ ئىككى قىسىم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە زىچ مۇناسىۋەتكە تەڭ دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، پەننىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ گراماتىكا ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمۇ بارغانسېرى ئېتىبارغا ئېلىنماقتا ۋە چوڭقۇرلاپ بارماقتا. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردە ئۆتكەن ھىندىستانلىق پانىنىنىڭ «سانسكرىت تىلى گراماتىكىسى» دېگەن كىتابىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن ئايلاندۇرما - تۇغدۇرما گراماتىكىغىچە بولغان ئارىلىقتا، گراماتىكا تەرەققىياتى ئەنئەنىۋى گراماتىكا، قۇرۇلمىچىلىق گراماتىكىسى ۋە ئايلاندۇرما - تۇغدۇرما گراماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ كەچۈردى. ھازىرقى پەن سىستېمىسىدىكى «تىل» ئۇقۇمىمۇ ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە كېڭەيدى. ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقىنىڭ قارىشىچە، تىل - ئىنسانلار جەمئىيىتىگىلا خاس ئۇچۇر سىستېمىسى، كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىشىش ۋە تەپەككۇر

قىلىشىدىكى لۆز-ۆملۆك قورالنى ئاۋازلىق تىل (ئېغىز تىلى) ۋە ئۇنىڭ يازما خاتىرىسى (يېزىق تىل) پەقەت كەڭ مەنىدىكى تىلنىڭ ئالاھىدە شەكىللىرى، يەنى «تەبىئىي تىل» نىڭ شەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە ھازىرقى زامان پەنلىرى ۋە ھېسابلاش ماشىنىسى تېخنىكىسى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ھەرخىل شەكىلدىكى «سۈنئىي تىل» لار لايىھىلەنمەكتە. بۇ «سۈنئىي تىل» لارمۇ ئوخشاشلا لېكسىكىلىق شەكىل، گراماتىكىلىق قائىدە، جۈملە قۇرۇلمىسى ۋە سېمانتىكىلىق مەزمۇن قاتارلىقلارغا ئىگە. شۇڭا گراماتىكا تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىسىنى ۋە جۈملە تۈزۈش قائىدىسىنى تەسۋىرلەشنى ۋەزىپە قىلغان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى، پەن-تېخنىكىنىڭ بۇ يېڭى نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. گراماتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىستىن ئىبارەت ئىككى قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گراماتىكىلىق مەنە، گراماتىكىلىق ۋاستە، گراماتىكىلىق شەكىل، گراماتىكىلىق كاتېگورىيە، سىنتاكسىسلىق باغلىنىش قاتارلىقلار گراماتىكىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ.

## 二、语法意义

## 2. گراماتىكىلىق مەنە

千千万万的词，各有其词汇意义。 如 تاغ 表示“山”，

«كىتاب»表示“书”，«ئەر»表示“男人”等等。词除了词汇意义之外，还有语法意义。语法意义与词汇意义不同，它是许许多多的词所共有的。例如«تاغ، كىتاب، ئەر»等词都具有单数、主格等语法意义。

语法意义与概括地表示现实世界各种现象和事物的词汇意义不同。它是用来表示语言内部或客观世界的各种关系的。其主要表示：

1.词与词之间的组合关系与聚合关系。

2.客观事物的种种关系。

试举例说明，在«ئوقۇغۇچىلار يېڭى كىتابلارنى كۆردى.»（学生们看了新书）。这句话中，«ئوقۇغۇچىلار»是复数，表示许多学生，说明了事物与数量的关系。它又是主格，表明该词是句子的主语，是发出«كۆردى»（看）这一动作的逻辑主体。«كۆردى»在此具有“过去时”意义，表示动作是在说话前进行的，反映了动作与时间的关系。«كۆردى»还具有第三人称意义，表示该动作是除说话者、听话者之外的第三方，«ئوقۇغۇچىلار»所进行的，在语法上与«ئوقۇغۇچىلار»一致。«كىتابلارنى»是宾格，表示该行为动作的客体，它反映了动作与逻辑客体之间的支配关系。

سان ـ ساناقسىز سۆزلەر ئۆزىگە خاس لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە. ئالايلى، «تاغ» سۆزى بىر خىل گېئولوگىيىلىك ھادىسىنى، «كىتاب» سۆزى بىر خىل ئۆگىنىش قوراللىنى، «ئەر» سۆزى بولسا، بىر خىل جىنس تۈرىنى بىلدۈرىدۇ. سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنىدىن باشقا گرامماتىكىلىق مەنىگىمۇ ئىگە بولىدۇ. گرامماتىكىلىق مەنە

لېكسىكىلىق مەنىسىگە ئوخشىمايدۇ. گىراماتىكىلىق مەنە ئۇرغۇنلىغان سۆزلەرگە ئورتاق بولىدۇ. مەسىلەن، «تاغ، كىتاب، ئەر» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بىرلىك سان ۋە باش كېلىشتىن ئىبارەت گىراماتىكىلىق مەنىلەرگە ئىگە.

گىراماتىكىلىق مەنە ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى تۈرلۈك ھادىسە ۋە شەيئىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىدىغان لېكسىكىلىق مەنىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ تىلنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ياكى ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. گىراماتىكىلىق مەنە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1. سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى بىرىكىش ۋە تۈركۈملىنىش مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ.

2. ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «ئوقۇغۇچىلار يېڭى كىتابلارنى كۆردى» دېگەن جۈملىدىكى «ئوقۇغۇچىلار» كۆپلۈك ساندا كېلىپ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇرغۇنلىقىنى بىلدۈرۈپ، شەيئى بىلەن سان ـ مىقدار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگەن. ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە باش كېلىشتە كېلىپ، بۇ سۆزنىڭ جۈملىنىڭ ئىگىسى، يەنى «كۆردى» دېگەن ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچى لوگىكىلىق سۇبيېكتىنى بىلدۈرگەن. «كۆردى» بۇ يەردە ئۆتكەن زاماندا كېلىپ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۆزلەشتىن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان-

لىقىنى بىلدۈرۈپ ھەرىكەت بىلەن ۋاقىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن. «كۆردى» يەنە Ⅲ شەخس مەنىسىگىمۇ ئىگە بولۇپ، ھەرىكەتنىڭ سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىدىن سىرت 3 - بىر شەخس — «ئوقۇغۇچىلار» تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، گراماتىكا جەھەتتە «ئوقۇغۇچىلار» بىلەن ماسلىشىپ كەلگەن. «كىتابلارنى» چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىم بولۇپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىنى بىلدۈرۈپ، ھەرىكەت بىلەن لوگىكىلىق ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگەن.

## 三、语法手段

## 3. گراماتىكىلىق ۋاستە

语法意义必须由一定的语言材料表示，而表示语法意义的语言材料就叫做语法手段。

维语中表示语法意义的语法手段主要有下列几种：

گراماتىكىلىق مەنە ھامان مەلۇم تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئىپادىلىنىدۇ. گراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلىگۈچى ئاشۇ تىل ماتېرىياللىرى گراماتىكىلىق ۋاستە دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى گراماتىكىلىق ۋاستىلەر تۆۋەندىكىچە:

### 1.词尾

### 1. تۈرلەنگۈچى قوشۇمچە

词尾是维语中用得最广泛的表示语法意义的手段。例如，名词的数和格就是通过词尾表示的。试比较表示“复数”意义的

和表示不同的“格”的意义的 مەكتەپلەر، پالىلار، بازارنىڭ
لار/لەر 中的 «كىتابلار» بازارچىلىك، بازاردەك،
بازاردىكى، بازارغىچە، بازاردا، بازاردىن، بازارغا، بازارنى،
«-نىڭ» 中的 等词尾。 «-چىلىك»، «-دەك»، «-دى
كى»، «-غىچە»، «-دا»، «-دىن»، «-غا»، «-نى» 等词尾

在此需要指出的是，有时候一个词并不缀接任何词尾，但在整个形态体系中，其本身也表示一定的语法意义。和缀接词尾的形式相比而言，无词尾本身也是一种形式，这种形式按照语法学的术语称为“零形式”。如上面例子中的 «بازار» 缀接词尾 «لار» 表示复数，反之，不缀接词尾则表示单数。而 «كىتاب» 缀接 «نى، نىڭ» 等表示名词的属格与宾格等意义，而不缀接词尾则表示主格的意义。

تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كۆپ قوللى-
نىلىدىغان گراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان ۋاستە
ھېسابلىنىدۇ. ئالايلى، ئىسىملارنىڭ سان ۋە كېلىش
كاتېگورىيىلىرى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ئىپا-
دىلىنىدۇ. «مەكتەپلەر، بالىلار، كىتابلار، گۈللەر» دېگەن-
دەك كۆپلۈك مەنىدىكى ئىسىملار ئىچىدىكى «لار/لەر»
بىلەن ئوخشاش بولمىغان، «كېلىش» مەنىسىنى بىلدۈ-
رىدىغان «بازارنىڭ، بازارنى، بازارغا، بازاردىن، با-
زاردا، بازارغىچە، بازاردىكى، بازاردەك، بازارچىلىك»
قاتارلىقلاردىكى «-نىڭ، -نى، -غا، -دىن، -دا، -غىچە، -
دىكى، -دەك، -چىلىك» لەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا «بازار» غا
ئوخشىمىغان كېلىش مەنىلىرىنى قوشىدۇ. شۇنى كۆرسە-

تىپ ئۆتتۇش كېرەككى، بەزىدە سۆزگە ھېچقانداق تۈرلەنگۈچى قوشۇمچە قوشۇلمىسىمۇ، بىر پۈتۈن شەكىللەر سىستېمىسىدا تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار سىزىمۇ مەلۇم گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ. تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلىق شەكىللەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ بولماسلىقىنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل شەكىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل گىراماتىكا ئىلمىدا نۆل بەلگىلىك شەكىل دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىقى مىسالدىكى «كىتاب» قا «لار» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كۆپلۈك مەنىسى ئىپادىلەنگەن. ئەكسىچە، شۇ قوشۇمچىنىڭ قوشۇلماسلىقى بىلەن بىرلىك مەنىسى ئىپادىلىگەن. «بازار» غا «نىڭ»، «نى» لارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىگىلىك كېلىش، چۈشۈم كېلىش مەنىلىرى ئىپادىلىنىدۇ، شۇ قوشۇمچىلار قوشۇلمىسا باش كېلىش مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ.

## 2. ياردەمچى سۆز

## 2.虚词

虚词表示词与词之间的各种联系或词的语法意义，不能单独作句子成分。例如：

ياردەمچى سۆزلەر سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك باغلىنىشلارنى شۇنىڭدەك سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مۇستەقىل ھالدا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدۇ. مەسىلەن:

بىز غۇلجىدىن ئاپتوبۇس <u>بىلەن</u> كەلدۇق.

ئۇ ئوقۇش مەسىلىسى <u>ھەققىدە</u> سۆزلىدى.

上例中的 «بىلەن، ھەققىدە» (后置词) 表示名词和动词的各种关系。

بۇ مىسالدىكى «بىلەن، ھەققىدە» (تىركەلمە) ئىسىم بىلەن پېئىل ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى بىلدۈرگەن.

ئالما ۋە ئامۇت.

ھەم پاكىز ھەم يورۇق.

上例中的 «ۋە، ھەم» 表示名词或形容词之间的并列关系。

بۇ مىسالدىكى «ۋە، ھەم» ئىسىم ياكى سۈپەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭداش مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگەن.

## 3.语序

## 3. سۆز تەرتىپى

语序通常具有修辞的功能，但是有时也用来表示不同的语法意义。如：چىرايلىق گۈل （漂亮的花）和 گۈل چىرايلىق （花很漂亮）的组成成分完全相同，都是由 گۈل، چىرايلىق 组合而成。但由于排列顺序不同，语法意义及语法结构就大不相同了。前者表示限定关系，是词组；后者表示陈述关系，是句子。

سۆز تەرتىپى ئىستىلىستىكىلىق رولغا ئىگە. ئەمما بەزىدە ئوخشىمىغان گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، «چىرايلىق گۈل» بىلەن «گۈل چىرايلىق» دېگەن بىرىكمىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەر ئوخشاش بولۇپ، ئىككىسىلا «گۈل» «چىرايلىق» لارنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، ئەمما بىرىكىش تەرتىپىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئوخشىمىغان گىراماتىكىلىق مەنە ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلما ئىپادىلەنگەن،

ئالدىنقىسى ئىنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى سۆز بىرىكمىسى، كېيىنكىسى بايان مۇناسىۋەتتىكى جۈملە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 4.语调

### 4. ئىنتونانسىيە

语调是用来表示句子的语法意义或与词之间的关系的。如：

ئىنتونانسىيە جۈملىنىڭ گرامماتىكىلىق مەنىسى ياكى سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۆيدە ئادەم بار. （屋里有人）

这里的降调表示这个句子是陈述句。

بۇ يەردىكى تۆۋەن ئىنتونانسىيە جۈملىنىڭ بايان جۈملە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئۆيدە ئادەم بار؟

这里的升调表示这个句子是疑问句。

بۇ يەردىكى يۇقىرى ئىنتونانسىيە جۈملىنىڭ سوراق جۈملە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

语法学一般把缀接词尾等语法手段称为综合手段。虚词、语序、语调称为分析手段。综合手段指包含在词本身的表示语法意义的语法手段；分析手段则是词以外的表示语法意义的语法手段。

گرامماتىكىدا، ئادەتتە تۇرلىگۈچى قوشۇمچە قاتارلىق گرامماتىكىلىق ۋاستىلەر سىنتېتىك ۋاستە، ياردەمچى سۆز، سۆز تەرتىپى، ئىنتونانسىيە قاتارلىقلار ئانالىتىك ۋاستە دەپ ئاتىلىدۇ. سىنتېتىك ۋاستە دېگىنىمىز سۆزنىڭ ئۆزىدىكى گرامماتىكىلىق مەنە ئىپادە-

لىگۈچى گراماتىكىلىق ۋاسىتىلەرنى كۆرسىتىدۇ؟ ئانالىتىك ۋاسىتە دېگىنىمىز سۆزدىن ھالقىغان ھالدا گراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان گراماتىكىلىق ۋاسىتىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## 四、语法形式

## 4. گراماتىكىلىق شەكىل

通过语法手段来体现语法意义的现象称为语法形式。语法形式有一定的体系，有高度的概括性，常适用于一系列的词、词组或句子。如，名词“向格”这一语法意义由下列语法形式表示：

گراماتىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق گراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ھادىسە گراماتىكىلىق شەكىل دېيىلىدۇ. گراماتىكىلىق شەكىللەر مەلۇم سىستېمىغا ئىگە بولۇپ، يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىققا ئىگە، ئۇلار ئادەتتە بىر يۈرۈش سۆز، سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىلەرگە باب كېلىدۇ. مەسىلەن، ئىسىملاردىكى يۆنىلىش كېلىشىنى ئىبارەت گراماتىكىلىق مەنە تۆۋەندىكىدەك گراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

ئىسىم + { -غا -قا
-گە -كە }

又如，动词过去时的语法意义由下列语法形式表示：

يەنە مەسىلەن، پېئىللاردىكى ئۆتكەن زاماندىن ئىبا-

رەت گراماتىكىلىق مەنە تووەندىكى گراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| -دی | -تی | } | + | { | -م | -ق |
| -دۇ | -تۇ | | | | -ڭ | -ڭلار |
| -دۇ | -تۇ | | | | -م | - |

语法形式这一术语还常常用来表示同一个词的不同语法变体，凡词汇意义相同而语法意义不同的语法变体通常称为该词的不同语法形式。例如：

گراماتىكىلىق شەكىل يەنە ئەينى سۆزنىڭ ئوخشىمىغان گراماتىكىلىق ۋارىيانتلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ، يەنى لېكسىكىلىق مەنىسى ئوخشاش، ئەمما گراماتىكىلىق مەنىسى ئوخشىمايدىغان گراماتىكىلىق ۋارىيانتلار ئادەتتە ئەينى سۆزنىڭ ئوخشىمىغان گراماتىكىلىق شەكلى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ-سا، ئوقۇ-غان، ئوقۇ-دى، ئوقۇي-دۇ، ئوقۇ-. ئوقۇ-ما، ئوقۇ-غاچ، ئوقۇ-غىلى، ئوقۇ-پ، ئوقۇ-سۇن.

以上是同一个动词的不同语法形式。某个具体的语法形式，又可能是几种不同形式体系的成员，因而它能同时体现几个语法意义。如：ئوقۇدۇم 就是同时体现了过去时，单数、第一人称等语法意义。

بۇ شەكىللەر ئەينى پېئىلنىڭ ئوخشىمىغان گراماتىكىلىق شەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەينى بىر كونكرېت گراماتىكىلىق شەكىل ئوخشىمىغان بىرقانچە خىل شەكىللەر سىستېمىنىڭ ئەزاسى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ

بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە خىل گرامماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. «ئوقۇدۇم» نى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭدا بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكەن زامان، بىرلىك، I شەخس قاتارلىق گرامماتىكىلىق مەنىلەر ئىپادىلەنگەن.

## 五、语法范畴

## 5. گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە

通过语法形式表达出来的语法意义的类别称做语法范畴。换句话说，语法范畴是同类的语法意义的进一步概括。例如：

گرامماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گرامماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ تۈرلىرى گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە دېيىلىدۇ. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە ئەينى تۈردىكى گرامماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەكۈنلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

بالىلار — بالا.　　كىتابلار — كىتاب

مېۋىلەر — مېۋە　　چېلەكلەر — چېلەك

上述每组词都有单、复数语法意义的对立，把单数和复数概括起来，便成为名词“数”的范畴。

يۇقىرىدىكى ھەر بىر گۇرۇپپا سۆز بىرلىك سان ۋە كۆپلۈك سان جەھەتتىن قارىمۇ قارشى. بىرلىك، كۆپلۈكتىن ئىبارەت بۇ گرامماتىكىلىق مەنىنى يىغىنچاقلىغاندا ئىسىملارنىڭ «سان» كاتېگورىيىسى ھاسىل بولىدۇ.

| | |
|---|---|
| بازار ـ غىچە بار ـ | ئۆرۈك ـ نىڭ تەمى |
| مەكتەپ ـ تىكى بالىلار | ئورۇندۇق ـ نى يۆتكە ـ |
| ئانار ـ دەك يۈزى | قەشقەر ـ گە بار ـ |
| سىزچىلىك بوي | ئۆي ـ دىن چىق ـ |
| | ئۇستەل ـ دە تۇر ـ |

这些例子中的两个词都是通过前一个词，缀接不同形式的词尾联系起来，而这些词尾则表达了名词的“格”的语法意义，将这些“格”的语法意义再进行高度概括就构成名词的“格”的语法范畴。又如：

بۇ مىساللاردىكى ئىككى سۆز ئالدىنقى سۆزدىكى تۈرلەنگۈچى قوشۇمچە ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن. ئەمدى بۇ تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار ئىسىملاردىكى كېلىشتىن ئىبارەت گىرامماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلىگەن. بۇ كېلىش مەنىلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىغاندا، ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى ھاسىل بولىدۇ. يەنە ئالايلى:

| | |
|---|---|
| كىتاب ـ ىمىز | كىتاب ـ ىم |
| كىتاب ـ ىڭلار | كىتاب ـ ىڭ |
| كىتاب ـ ى | كىتاب ـ ى |

通过在 كىتاب 之后缀接不同的词尾，表达了三种不同的人称意义，将这种语法意义概括起来，就构成名词的“人称”语法范畴。

بۇ مىساللاردا «كىتاب» نىڭ ئارقىسىغا ئوخشىمىغان، تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق پەرقلىق ئۈچ

خىل شەخس مەنىسى ئىپادىلەنگەن. بۇ گراماتىكىلىق مە-
نىلەرنى يىغىنچاقلىغاندا ئىسىملارنىڭ شەخس كاتې-
گورىيىسى ھاسىل بولىدۇ.

维语里常见的语法范畴有名词的人称、数、格；动词的人称、数、时、式、态、体、形容词的级等。

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ شەخس، سان، كې-
لىش كاتېگورىيىلىرى؛ پېئىللارنىڭ شەخس، سان، زا-
مان، راي، دەرىجە، تۈس كاتېگورىيىلىرى؛ شۇنىڭدەك
سۈپەتلەرنىڭ دەرىجىسى قاتارلىقلار كۆپ كۆرۈلىدىغان
گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

## 六、句法联系

## 6. سىنتاكسىسلىق باغلىنىش

句法学的研究对象是词组和句子。词组一般来说由两个或两个以上的实词构成。句子一般也都由实词构成。构成词组和句子的实词必须按照一定的语法规则组织起来，才能成为一个句法整体。在词组和句子中，凡是实词和实词之间在语法上具有一定规律的联系就叫做句法联系。例如"

سىنتاكسىس سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىنى ئۆزىنىڭ
تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. سۆز بىرىكمىسى ئادەتتە
ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزدىن تۈزۈلى-
دۇ. جۈملىمۇ ئادەتتە مۇستەقىل سۆزلەردىن تەركىب تاپى-
دۇ. سۆز بىرىكمىسىنى ۋە جۈملىنى تەشكىل قىلغۇچى
مۇستەقىل سۆزلەر مەلۇم گراماتىكىلىق قائىدىلەر بويىچە
تەشكىللەنگەندىلا، ئاندىن سىنتاكسىسلىق بىر پۈتۈنلۈككە
ئايلىنالايدۇ. سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىلەر ئىچىدە كەلگەن

مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن مۇستەقىل سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىيەتلىك باغلىنىش سىنتاكسىسلىق باغلىنىش دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئاپامنى كۆردۈم. (我见到了母亲。)

上例中的 «مەن» 和 «كۆردۈم» 之间，«كۆردۈم» 和 «ئاپام» 之间，都有句法联系。

بۇ مىسالدىكى «مەن» بىلەن «كۆردۈم»، «كۆردۈم» بىلەن «ئاپام» ئوتتۇرىسىدا سىنتاكسىسلىق باغلىنىش مەۋجۇت.

实词和实词之间的句法联系通过一定的语法手段表达。维语中表达句法联系的基本手段是实词的语法形式、虚词、语序和语调。其中最主要的是实词的语法形式，其次是虚词。在许多场合，句法联系同时用两种或两种以上的手段表达。

مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن مۇستەقىل سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق باغلىنىش مەلۇم گراماتىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى، ياردەمچى سۆز، سۆز تەرتىپى ۋە ئىنتوناتسىيە قاتارلىقلار سىنتاكسىسلىق باغلىنىشنى ئىپادىلىگۈچى ئاساسلىق ۋاسىتىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى ۋە ياردەمچى سۆز ھېسابلىنىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ۋاسىتە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

实词和实词之间的句法联系是多种多样的，根据其性质和表达手段的不同可以区分为并列联系、偏正联系、支配联系等等。并列联系是指句子中地位平等，句法作用相同的实词之间的句法关系；偏正联系是指句子中实词之间的修饰、被修饰，限定、被限定关系；支配联系是指句子中实词之间的支配与被支配关系。

مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن مۇستەقىل سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت ھەرخىل بولىدۇ. سىنتاكسىسلىق باغلىنىشنى خاراكتېرى ۋە ئۇنى ئىپادىلىگۈچى ۋاستىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تەڭداش مۇناسىۋەت، بېقىندىلىق مۇناسىۋەت، باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تەڭداش مۇناسىۋەت-جۈملىدىكى ئورنى باراۋەر، سىنتاكسىسلىق رولى ئوخشاش بولغان مۇستەقىل سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ؛ بېقىندىلىق مۇناسىۋەت دېگىنىمىز - جۈملىدىكى مۇستەقىل سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېنىقلاش - ئېنىقلىنىش، چەكلەش - چەكلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى بولسا جۈملىدىكى مۇستەقىل سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى باشقۇرۇش ۋە باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ.

# 第 一 章

# 维吾尔语词的形态结构和构词法

# بىرىنچى باب

# ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش ئۇسۇللىرى

词的形态结构包括一个词由哪些语素组成，各语素之间又是怎样的组合关系等内容。

سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى سۆزلەرنىڭ قايسى مورفېمىلاردىن تۈزۈلگەنلىكى، بۇ مورفېمىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرىكىش مۇناسىۋىتىنىڭ قانداقلىقى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

构词法则是研究语言的词产生的方式、规律、构词模式的学问。

تىلدىكى سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇللىرى، سۆز ياساش قائىدىلىرى ۋە سۆزلەرنىڭ ياسىلىش قېلىپلىرى ھەققىدىكى بىلىم سۆز ياساش ئۇسۇلى دېيىلىدۇ.

了解与掌握维语的构词法，对于扩大自己的词汇量，有效地运用与掌握维语起着重要作用。维语有数以万计的语词。随着科学技术、经济生产等领域中新事物的不断涌现，新词术语也应运

而生。对于数量如此浩繁的词，人们是怎样理解、记忆、使用它们的呢？构词法知识就给人们提供了这个方便。例如 زامانىۋىلاش- （现代化）是一个新词，它是由维语原来的词 زامانىۋى （时代的）缀接后缀 «-لاش» 构成的。如果了解后缀 «-لاش» 是“……化”的意思，就不难理解 -زامانىۋىلاش- 一词的意思了。同时，借助构词后缀的提示还可以举一反三，通晓并熟记一系列的词。例如： ماشىنىلاش-، （机械化）， （电气化）； ئېلېكترلەش- （工业化） سانائەتلەش-، 等等。一旦掌握了维语构词的规律，一般来说就可以根据特定的格式来辩认各类的词。例如：后缀 لىق/لىك 缀接在表示地方名称的专有名词后则表示籍贯，由此类推就可知道 بېيجىڭلىق 是北京人， شاڭخەيلىك 是上海人， ئۈرۈمچىلىك 是乌鲁木齐人等。

ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش ئۇسۇللىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇيغۇر تىلىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئىگىلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ سانى ساناقسىز، پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىدە يېڭى شەيئىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىشى نەتىجىسىدە يېڭى سۆز-ئىبارىلەرمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ بارماقتا. كىشىلەر بۇ قەدەر كۆپ سۆزنى قانداق چۈشىنىپ، قانداق ئېسىدە تۇتىدۇ؟ ئۇلاردىن قانداق پايدىلىنىدۇ؟ سۆز ياساش ئۇسۇلى ھەققىدىكى بىلىملەر بىزگە بۇ جەھەتتە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «زامانىۋىلاش-» دېگەن بۇ يېڭى سۆزنى

ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسلىدە بار بولغان «زامانىۋى» سۆزىگە «ـ لاش» قوشۇمچىسىنى قوشۇشتىن ياسالغان. ئەگەر بىز «ـ لاش» نىڭ «مەلۇم خاراكتېرگە ئىگە قىلىش» مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلسەك، «زامانىۋىلاش» نىڭ مەنىسىنىمۇ ئاسانلا چۈشىنىۋالالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇشۇ ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ ياردىمىدە «ماشىنىلاش»، «ئېلېكترلەش»، «سانائەتلەش» دېگەندەك نۇرغۇن سۆزلەرنى بىراقلا بىلىۋالالايمىز. ئومۇمەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىلىرى ئىگىلىۋېلىنسىلا، مۇئەييەن شەكىللەر ئارقىلىق سۆزلەرنىڭ قايسى تۈرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: «لىق» «لىك» نىڭ يەر نامىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، يۇرتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ياسايدىغانلىقىنى بىلسەك، «بېيجىڭلىق»، «شاڭخەيلىك»، «ئۈرۈمچىلىك» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ مەنىسىنىمۇ ئوڭايلا بىلىۋالالايمىز.

## 第一节　词的形态结构

## 1 - پاراگراف سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى

### 一、词根

### 1. سۆز يىلتىزى

表达词的基本意义的、能独立运用的、再不能分解的语言单位叫作词根。例如：

سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى بىلدۈرۈپ، مۇستەقىل قوللىنىلىدىغان، قايتا پارچىلاشقا بولمايدىغان تىل بىرلىكى سۆز يىلتىزى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

باش، (头) خەلق (人民) تارىخ (历史) كۈچ (力量)
ئىش (事情) ،چاپسان (快) ماڭ (走) ئون (十)

词根可以不缀接词缀，而单独构成词，这种词根叫根词，又称非派生词。根词可以缀接不同后缀，构成表示不同意义的新词。例如：

سۆز يىلتىزلىرىدىن ياسىغۇچى قوشۇمچىلار سىزمۇ سۆز ياساشقا بولىدۇ. بۇ خىل سۆزلەر تۈپ سۆزلەر دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك تۈپ سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىقمۇ يېڭى سۆزلەرنى ياساشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

باش + لىق — باشلىق (首长)

باش + چى — باشچى (带领) باش + لا — باشلا (头领)

باش + لا + م + چى — باشلامچى (带头人)

具有相同词根的词叫同根词。

ئەينى بىر سۆز يىلتىزىدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر تومۇرداش سۆزلەر دېيىلىدۇ.

## 二、词缀

### 2. ياسىغۇچى قوشۇمچە

词缀是缀接在词根或词干上，用来派生新词的语素。维语中的词缀可分为后缀和前缀。后缀是缀接在词根后面的词缀。维语

中的词缀绝大部分是后缀。例如：

سۆز يىلتىزلىرى ۋە سۆز ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، يېڭى سۆزلەرنى ياسايدىغان مورفېمىلار ياسىغۇچى قوشۇمچە دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرى ۋە سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. سۆز يىلتىزلىرىنىڭ ئارقىسىدا كېلىدىغان قوشۇمچىلار سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ كۆپ سانلىقى سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چارۋا (牲畜) + چىلىق — چارۋىچىلىق (畜牧业)

ئىش (事情) + چى — ئىشچى (工人)

前缀是缀接在词根前的词缀。维语中的前缀极少，只在个别外来词中出现。例如：

سۆز يىلتىزلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان قوشۇمچىلار سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرى دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرىنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولۇپ، چەت ئەل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاز بىر قىسىم سۆزلەردىلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

بى + چارە (办法) — بىچارە (可怜的)

بەد + نىيەت (心) — بەدنىيەت (黑心肠的)

نا + مەلۇم (知道) — نامەلۇم (不知道的)

上述各例中的«-چىلىق»، «-چى»، «بى-»، «بەت-»، «نا-» 都是词缀，它们不能单独使用，必须缀接在词根或词干上，是派生新词的语素。

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «-چىلىق»، «-چى»، «بى-»، «بەت» «نا-» قاتارلىقلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بولۇپ، ئۇلارنى مۇستەقىل ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئۇلار پەقەت سۆز يىلتىزلىرى ۋە سۆز ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ.

## 三、词尾

### 3. تۈرلىگۈچى قوشۇمچە

词尾是缀接在词的最后，表示词的形态变化的语素。维语表达的词形变化比较丰富，通过缀接不同的词尾，表示词与词之间各种不同的语法关系。例如：

سۆز ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، سۆزنىڭ تۈرلىنىشىنى ئىپادىلەيدىغان مورفېمىلار تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى بىرقەدەر مول بولۇپ، ئوخشىمىغان تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق، سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى ھەرخىل گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەر بىلدۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

شەھەر (城市) + گە — شەھەرگە (向城市)

قول (手) + ۇم — قولۇم (我的手)

ئوقۇغۇچى (学生) + لار — ئوقۇغۇچىلار (学生们)

كەل- (来) + دى — كەلدى (他、他们来了)

كۆر- (看) + ۈل — كۆرۈل- (被看到)

上述各例中的«-گە»، «-ۇم»، «-لار»، «-دى»، «-ۈل» 等都是词尾，它们不能单独使用，必须缀接在词的最后，表示词

的形态变化。

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «-كە» «-ۋم» «-لار»، «-دى»«-ۋل» قاتارلىقلار تۈرلىنگۈچى قوشۇمچە بولۇپ، ئۇلارنى مۇستەقىل ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئۇلار پەقەت سۆز ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 四、词干

## 4. ئۆزەك

一个词去掉后边所有的构形词尾，所剩部分就是词干。如：在«ئىشچىلىرىمىزغا»（向我们的工人们）中，依次去掉«غا»«ىمىز»和«لار»三个词尾所剩的«ئىشچى»（工人）就是词干。

سۆز تەركىبىدىكى تۈرلىنگۈچى قوشۇمچىلارنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى بۆلەك ئۆزەك دېيىلىدۇ. مەسىلەن: «ئىشچىلىرىمىزغا» ئىچىدە، «-غا» «-ىمىز» «-لار» قاتارلىق ئۈچ تۈرلىنگۈچى قوشۇمچىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى «ئىشچى» ئۆزەك ھېسابلىنىدۇ.

词干通常由词根或由词根缀接后缀或前缀构成。单独由词根构成的词干称为“零缀词干”。如：将«ئىشقا»中的构形词尾«قا»去掉，所剩部分«ئىش»就是零缀词干。

词干不仅可以缀接词尾发生形态变化，还可以缀接词缀构成新词。如：«ئىشداش»（同事）缀接词缀«لىق»构成新词«ئىشداشلىق»（同事的），«يولداش»（同志）缀接词缀

«لىق» 构成新词 «يولداشلىق» （同志式的）。

ئۆزەك ئادەتتە سۆز يىلتىزلىرىدىن ياكى سۆز يىلتىزلىرىغا سۆز ئالدى ياكى سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشتىن تۈزۈلىدۇ. سۆز يىلتىزلىرىدىنلا تەشكىل تاپقان ئۆزەك نۆل بەلگىلىك ئۆزەك دېيىلىدۇ. «ئىشقا» نى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭدا تۈرلەنگۈچى قوشۇمچە «قا» نى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن قالغان «ئىش» نۆل بەلگىلىك ئۆزەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سۆز ئۆزەكلىرىگە تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش بىلەن سۆز تۈرلەنگىلى بولۇپلا قالماستىن، ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمىدە ئۇنىڭدىن يېڭى سۆزلەرنى ياساشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: «ئىشداش» نىڭ ئارقىسىغا «لىق» نى قوشۇپ «ئىشداشلىق»، «يولداش» نىڭ ئارقىسىغا «لىق» نى قوشۇپ «يولداشلىق» دېگەن سۆزلەرنى ياساشقا بولىدۇ.

由此看出，词干可以缀接构词词缀构成新的词干。即是说，词干可以依次扩展，但扩展后的词干是有层级性的。如，باغۋەنچىلىك （园艺业）是由零缀词干，即词根 باغ （果园）缀接词缀 «ۋەن» 构成新词干 «باغۋەن» （园丁），再由新词干 «باغۋەن» 缀接词缀 «چىلىك» 构成又一新词干 «باغۋەنچىلىك» （园艺业）。我们把零缀词干 «باغ» 称之为一级词干 «باغۋەن» 称之为二级词干，«باغۋەنچىلىك» 称之为三级词干。

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۆز ئۆزەكلىرىگە ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭى ئۆزەك

پاساشقا بولىدۇ، يەنى ئۆزەكنى دەرىجىمۇ- دەرىجە كېڭەيتىش مۇمكىن، ئەمما كېڭەيتىلگەندىن كېيىنكى ئۆزەك قاتلام- لىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: «باغۋەنچىلىك» نى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭدا نۆل بەلگىلىك ئۆزەك، يەنى سۆز يىلتىزى «باغ» قا ياسىغۇچى قوشۇمچە «ۋەن» نى قوشۇش بىلەن «باغۋەن» دېگەن يېڭى بىر ئۆزەك ياسالغان. ئان- دىن يېڭى ئۆزەك «باغۋەن»گە ياسىغۇچى قوشۇمچە «چىلىك» نى قوشۇش ئارقىلىق يەنە يېڭى بىر ئۆزەك «باغ- ۋەنچىلىك» بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. ئادەتتە بۇ يەردىكى نۆل بەلگىلىك ئۆزەك «باغ» 1- دەرىجىلىك ئۆزەك، «باغۋەن» 2- دەرىجىلىك ئۆزەك، «باغۋەنچىلىك» بولسا 3- دەرىجىلىك ئۆزەك دەپ ئاتىلىدۇ.

从类型学来看，属于粘着语的维语有一种特殊的词干，即带尾词干。它是指缀接了构形词尾的词干　当一个词，缀接了两个或两个以上的构形词尾，如果去掉最末一个词尾，所剩部分就称之为带尾词干　如：«باغۋەنلىرىمىز» 如果去掉最末的词尾 «ىمىز» 所剩的 «باغۋەنلەر» 即是带尾词干。这种带尾词干的存在是由粘着语的特点所决定的。因为在黏着语中，词干后缀接的词尾可以不止一个　而这些词尾分别表示不同的语法意义。如：«باغۋەن-لەر-ىمىز-نىڭ» （我们的各种园艺业的）根据词干上缀接的构形词尾的数目不同，又分为一尾词干、二尾词干。如果去掉باغۋەنلىرىمىزنىڭ 最末的词尾 «نىڭ» ，就是一个“二级二尾词干

قۇرۇلما تىپى جەھەتتىن يېپىشقاق تىللارغا تەۋە بولغان ئۇيغۇر تىلىدا تۈرلىگۈچىلىك ئۆزەك دېيىلگەن

ئالاھىدە بىر خىل ئۆزەك ئۈچرايدۇ. ئۇ ئادەتتە تۆرلىگۈچى قوشۇمچە بىلەن تۆرلەنگەن ئۆزەكنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىر سۆزدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۆرلىگۈچى قوشۇمچە بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن ئەڭ ئاخىرقى بىر تۆرلىگۈچى قوشۇمچىسىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى بۆلەك تۆرلىگۈچىلىك ئۆزەك ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «باغۋەنلىرىمىز» دە «-ىمىز» نى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى قىسىم «باغۋەنلەر» تۆرلىگۈچىلىك ئۆزەك قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ خىل ئۆزەكنىڭ بولۇشى يېپىشقاق تىللارنىڭ ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. چۈنكى يېپىشقاق تىللاردا، ئۆزەك ئارقىسىغا بىرقانچە تۆرلىگۈچى قوشۇمچە قوشۇشقا بولىدۇ، بۇ قوشۇمچىلار ئادەتتە ئوخشىمىغان گراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادە قىلىدۇ. مەسىلەن: «باغۋەن-لەر-ىمىز-نىڭ» دا ئۆزەككە قوشۇلغان تۆرلىگۈچى قوشۇمچىلار سانىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، بۇ خىل ئۆزەكنى بىر تۆرلىگۈچىلىك ئۆزەك، ئىككى تۆرلىگۈچىلىك ئۆزەك دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. ئەگەر «باغۋەنلىرىمىزنىڭ»دىكى ئەڭ ئاخىرقى تۆرلىگۈچى قوشۇمچە «نىڭ» نى چىقىرىۋەتسەك، قالغان قىسىم ئىككى تۆرلىگۈچىلىك 2-دەرىجىلىك ئۆزەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

一般来说，带尾词干与不带尾词干的区别在于：带尾词干只能构形`不带尾的词干即可构形也可构词。例如：

تۆرلىگۈچىلىك ئۆزەك بىلەن تۆرلىگۈچىسىز ئۆزەكنىڭ پەرقى ئادەتتە تۆرلىگۈچىلىك ئۆزەكنىڭ پەقەت

سۆز تۈرلىيەلەيدىغانلىقى، تۈرلەنگۈچىسىز ئۆزەكنىڭ ھەم سۆز تۈرلىيەلەيدىغانلىقى ھەم يېڭى سۆز ياسىيالايدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

باغ < ۋەن < چىلىك / لەر
باغ < لار — ىمىز

## 第二节　形态结构中的语音变化

## 2 - پاراگراف مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر

形态亦是音义结合物，是词的语法成分的物质外壳。即是说，形态是在词根之外缀接的语音结构。

مورفولوگىيىلىك شەكىللەر تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق تەركىبىنىڭ ماددىي پوستى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ سۆز يىلتىزىنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلغان فونېتىكىلىق قۇرۇلمىنى كۆرسىتىدۇ.

维语是粘着语，其形态结构是很丰富的。作为形态的语音结构总是和词的语音结构形影相随，不可分离的。词和形态的语音结构之间相互影响就产生了语音和谐、语音交替、语音增减等等语音变化。

ئۇيغۇر تىلى يېپىشقاق تىللارغا تەۋە، ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى ناھايىتى مول. مورفولوگىيىلىك شەكىللەرنىڭ فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسى سۆزنىڭ فونېتىك-

لىق قۇرۇلمىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. سۆز بىلەن مورفولوگىيىلىك شەكىللەرنىڭ فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى سىنگارمونىزم، تاۋۇش ئالمىشىش، تاۋۇش قوشۇلۇپ قېلىش ۋە تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش قاتارلىق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

## 一、语音和谐

### 1. سىنگارمونىزم

维语中的元音或辅音或在元辅音之间在发音部位和发音方法上是相互协调一致的，这种语音上的协调一致关系就叫做语音和谐。

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ياكى ئۈزۈك تاۋۇشلار ياكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلار تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ. بۇ خىل ماسلىشىش مۇناسىۋىتى سىنگارمونىزم دەپ ئاتىلىدۇ.

语音的和谐不仅体现在词根上，而且在根词后，缀接构词词缀和构形词尾时亦是如此。维语里表达同一个语法意义的构词词缀和构形词尾可以有几种不同的变体。例如：

سىنگارمونىزم سۆز يىلتىزلىرىدىلا ئەمەس، سۆز يىلتىزلىرىغا ياسىغۇچى، تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلارنى قوشقاندىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بىر خىل گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان ياسىغۇچى ۋە تۈرلەنگۈچى قوشۇمچە ئادەتتە بىرقانچە خىل ۋارىيانتقا ئىگە بولىدۇ. ئالايلى:

名词构词词缀غۇچى有四种变体。例如：

ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «غۇچى» تۆت خىل ۋارىيانتقا ئىگە. مەسىلەن:

قۇر + غۇچى — قۇر ـ غۇچى، ئۇچ + قۇچى — ئۇچ ـ قۇچى

تەكشۈر + گۈچى — تەكشۈر ـ گۈچى، كۆت + كۈچى — كۆت ـ كۈچى

名词构形词尾“从格”有两种。例如：

ئىسىم تۈرلەنگۈچى قوشۇمچە «چىقىش كېلىش» ئىككى خىل ۋارىيانتقا ئىگە. مەسىلەن:

بىنا ـ دىن　　　شەھەر ـ دىن

تۆپ ـ تىن　　　مەكتەپ ـ تىن

名词构形词尾“向格”有四种。例如：

ئىسىم تۈرلەنگۈچى قوشۇمچە «يۆنىلىش كېلىش» تۆت خىل ۋارىيانتقا ئىگە مەسىلەن:

بازار ـ غا　　　ۋەتەن ـ گە

ئاشلىق ـ قا　　　ئەمگەك ـ كە

**1.元音的和谐**

1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سىنگارمونىزمى

维语中有些元音在发音部位和方法上是互相协调一致的，即前元音和前元音组合，后元音和后元音组合，圆唇元音和圆唇元音组合，非圆唇元音和非圆唇元音组合，这种元音的语音协调一致关系叫做元音的和谐。例如：

ئۇيغۇر تىلىدا بەزى سوزۇق تاۋۇشلار تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ، يەنى ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار

بىلەن، ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ. بۇ خىل فونېتىكىلىق ماسلىشىش مۇناسىۋىتى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سىنگارمونىزمى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەمگەك — ئەمگەك-كە　　ۋەتەن — ۋەتەن-دە

ساۋاقداش — ساۋاقداش-لار　　باھار — باھار-دا

باتۇر — باتۇر-لۇق　　ئورۇن — ئورۇن-لۇق

ئۆزۈم — ئۆزۈم-لۈك　　كۆر — كۆر-دۈم

维语的圆唇元音的和谐规律是：词的第一个音节的元音是 ئو 或是 ئۇ ，其后边音节的元音一般是 ئۇ ；第一个音节的元音是 ئۆ 或是 ئۈ ，其后边音节的元音一般是 ئۈ 。例如：

ئۇيغۇر تىلىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار ئادەتتە مۇنداق قانۇنىيەت بويىچە ماسلىشىپ كېلىدۇ: سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا «ئو، ئۇ» بولسا، كېيىنكى بوغۇملىرى «ئۇ» دىن تۈزۈلىدۇ؛ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا «ئۆ، ئۈ» بولسا، كېيىنكى بوغۇملىرى «ئۈ» دىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئو — ئۇ　　ئوغۇل، ئولتۇرۇش، ئوقۇش

ئۇ — ئۇ　　تۇرمۇش، ئۇقتۇرۇش، قۇرۇش

ئۆ — ئۈ　　كۆرۈش، بۆلۈم، كۆڭۈل

ئۈ — ئۈ　　تۈزۈم، كۈتۈش، سۈرۈشتۈرۈش

### 2. 辅音的和谐

### 2. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ سىنگارمونىزمى

维语的辅音在发音部位和方法上也是协调一致的。一般情况是浊辅音结尾的词之后要缀接浊辅音起首的附加成分；清辅音结尾的词之后要缀接清辅音起首的附加成分，这种辅音的语音协调一致关系叫做辅音的和谐。例如：

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارمۇ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ. ئومۇمەن، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلاردىكى بۇ خىل ماسلىشىش مۇناسىۋىتى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ سىنگارمونىزمى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| بار — بار-غان | كۆر — كۆر-دۈم |
| كەل — كەل-دى | تۇت — تۇت-تى |
| ياتاق — ياتاق-تا | مەكتەپ — مەكتەپ-كە |

## 二、语音同化

### 2. تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسى

维语的词在缀接构词词缀或构形词尾时，其中的某个音因受其前后邻音的影响往往出现语音同化现象。而这种语音同化又是遵循一定规律而产生的。例如：

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرگە ياسىغۇچى ۋە تۈرلـ

كۆچى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، سۆزدىكى مەلۇم تاۋۇشتا ئالدى-ئارقىسىدىكى قوشنا تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىدىن ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. تاۋۇشلاردىكى بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيە قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن:

بېغىشلا (献) + ما — بېغىشلىما (献词)

چەكلە (限制) + مە — چەكلىمە (制约性)

مەكتەپ (学校) + ى — مەكتىپى (他们的学校)

بالا (孩子) + لار — بالىلار (孩子们)

**1.元音的同化**

1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسى

在维语的单音节或多音节词后，缀接构形词尾时，词中的元音因受被缀接的附加成分中的元音影响而发生同化。元音的同化主要有以下几种：

ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا، سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇش قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ تەسىرى ياكى ئۇرغۇنىڭ كۆچۈشى تۈپەيلىدىن ئاسسىمىلياتسىيىلىشىدۇ. بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسى دېيىلىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل شەكىلدە كۆرۈلىدۇ:

1.以辅音结尾的带 ئا 或 ئە 的单音节词后，缀接带元音 ئى 的附加成分时，元音 ئا 或 ئە 因受元音 ئى 的影响，同化成 ئې 。例如：

1. ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان، تەركىبىدە «ئا، ئە» لەر بولغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە تەركىبىدە «ئى» سوزۇق تاۋۇش بولغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئى» نىڭ تەسىرىدىن «ئې» غا ئاسسىمىلياتسىيىلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئات + ىم — ئېتىم        ئەت + ى — ئېتى

ئال + ىپ — ئېلىپ        ئەت + ىپ — ئېتىپ

2.以元音 ئا 或 ئە 结尾的多音节词，缀接附加成分时，ئا 或 ئە 因受附加成分中元音的影响同化成 ئى 。例如：

2. «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، «ئا ئە»، تاۋۇشلىرى قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ تەسىرىدىن «ئى»غا ئاسسىمىلياتسىيىلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئانا + سى — ئانىسى        ئائىلە + دە — ئائىلىدە

ياسا + غان — ياسىغان        سۆزلە + گەن — سۆزلىگەن

ئاياغ + ى — ئايىغى        تىلەك + ى — تىلىكى

**注**：1.有些外来借词虽然音节中出现元音 ئا 或 ئە，但由于词的重音固定，在缀接构形词尾时，ئا 、ئە 不同化。例如：

**ئەسكەرتىش:**

1. تەركىبىدە «ئا، ئە» بولغان، چەت ئەل تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بەزى ئۇرغۇنىڭ تۇراقلىقى تۈپەيلىدىن قوشۇمچە قوشۇلغاندا ئاسسىمىلياتسىيىلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

تەم + ى — تەمى        سان + ى — سانى

كەش + ى ــ كېشى　　　　زال + ى ــ زالى

لەۋھە + سى ــ لەۋھەسى　　　　ئىملا + سى ــ ئىملاسى

جەمەت + ى ــ جەمەتى　　　　مىسال + ى ــ مىسالى

ماكان + ى ــ ماكانى　　　　ئەھۋال + ى ــ ئەھۋالى

2.以辅音结尾的，由 ئە 构成的单音节动词，缀接时态词尾时，ئە 同化为ئې，由 ئە، ئا 构成的单音节动词，缀接时态词尾时，“现在时”同化为 ئې ，“将来时”不变。例如：

2. ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان، «ئە» دىن تۈزۈلگەن تاق بوغۇملۇق پېئىللارغا زامان قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا. «ئە» تاۋۇشى «ئې» غا ئاسسىمىلياتسىيىلىشىدۇ، بوغۇمى «ئا» «ئە» دىن تۈزۈلگەن تاق بوغۇملۇق پېئىللارغا ھازىرقى زامان قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا. «ئا» «ئە» تاۋۇشى «ئې» غا ئاسسىمىلياتسىيىلىشىدۇ، كەلگۈسى زاماندا «ئا» تاۋۇشى ئاسسىمىلياتسىيىلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

كەل + ىمەن ــ كېلىمەن　　　　بەر + ىۋاتىمىز ــ بېرىۋاتىمىز

بار + ىمەن ــ بارىمەن　　　　بار + ىۋاتىمىز ــ بېرىۋاتىمىز

ماڭ + ىدۇ ــ ماڭىدۇ　　　　ماڭ + ىۋاتىدۇ ــ مېڭىۋاتىدۇ

3.以辅音结尾的，由 ئە، ئا 构成的多音节动词，缀接时态词尾时，ئە، ئا 同化为 ئى 。例如：

3. بوغۇملىرى «ئا، ئە» دىن تۈزۈلگەن، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا كەلگۈسى زامان ۋە ھازىرقى زامان قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا. «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئى» غا ئاسسىمىلياتسىيىلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلەت + ىمىز ــ ئىشلىتىمىز

ئىشلەت + ۋاتىمىز — ئىشلىتىۋاتىمىز

ئاڭلات + ىدۇ — ئاڭلىتىدۇ

ئاڭلات + ىۋاتىدۇ — ئاڭلىتىۋاتىدۇ

4. 以辅音结尾的单音节词（一般是动词和名词）缀接构形词尾时，词干里的元音 ئا 或 ئە 都不发生变化。例如：

4. قوش ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان تاق بوغۇملۇق سۆز (ئادەتتە پېئىل بىلەن ئىسىم) لەرگە تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ئۆزەكتىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى ئۆزگەرمەيدۇ، مەسىلەن:

تارت- + تىم — تارتتىم　　　تارت- + ىمەن — تارتىمەن

ئارت- + تى — ئارتتى　　　ئارت- + ىۋاتىدۇ — ئارتىۋاتىدۇ

بەخت + ىمىز — بەختىمىز　　　دەرد + ىم — دەردىم

## 2. 辅音的同化

2. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسى

以辅音结尾的词在缀接附加成分时，由于受邻近元音的影响而产生变化，构成语音的协调一致关系，这种协调一致关系就叫做辅音的同化。

ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، قوشنا سوزۇق تاۋۇشنىڭ تەسىرىدىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، فونېتىكىلىق ماسلىشىش كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ماسلىشىش ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسى دېيىلىدۇ.

维语中以 پ 结尾的副动词与 ئىدى 结合时，词末的 پ 同化成 ۋ。例如：

ئۇيغۇر تىلىدا «پ» بىلەن ئاخىرلاشقان رەۋىشداشلارغا «ئىدى» قوشۇلغاندا، رەۋىشداش تەركىبىدىكى «پ» تاۋۇشى «ۋ» غا ئاسسىمىلياتسىيىلىشىدۇ. مەسىلەن:

يېزىپ + ىدى — يېزىۋىدى    كۆرۈپ + ىدى — كۆرۈۋىدى

بېرىپ + ىدى — بېرىۋىدى    ئوقۇپ + ىدى — ئوقۇۋىدى

## 三、语音的增减

## 3. تاۋۇشلارنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى ۋە چۈشۈپ قېلىشى

在语流音变中，出现的增音或减音现象叫做语音的增减。

نۇتۇق ئېقىمىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىدا كۆرۈلىدىغان تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ياكى چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ۋە چۈشۈپ قېلىشى دېيىلىدۇ.

### 1.元音的脱落

### 1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

在语流音变中，有些元音由于失去重音而脱落，叫做元音脱落。维语中有些双音节词的第二音节是由“«ئە.ئۇ.ئۈ.ئى»”构成，在缀接人称词尾时，后一音节的元音要脱落。例如：

نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشى جەريانىدا بەزى سوزۇق تاۋۇشلار ئۇرغۇسىنىڭ كۆچۈشى تۈپەيلىدىن چۈشۈپ قالىدۇ، مانا بۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئىككىنچى بوغۇمى «ئى، ئۇ، ئۈ، ئە» لەردىن تۈزۈلگەن قوش بوغۇملۇق سۆزلەركە

شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا كېيىنكى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

ئوغۇل + ئۇم — ئوغلۇم　　ئۆمۈر + ى — ئۆمرى

سىڭىل + ىم — سىڭلىم　　بۇرۇن + ئۇك — بۇرنۇڭ

كۆڭۈل + ئۇم — كۆڭلۇم　　ئورۇن + ئۇڭلار — ئورنۇڭلار

شەھەر + ىمىز — شەھرىمىز　　ۋاقىت + ى — ۋاقتى

2.辅音的增减

2. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ۋە چۈشۈپ قېلىشى

1.人称代词 مەن، سەن，在缀接名词属格或宾格词尾时，词尾的 ن 要脱落。例如：

1. كىشىلىك ئالماشلىرىدىن «مەن، سەن» لەرگە ئىگىلىك كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، قوشۇمچىدىكى «ن» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

مەن + نىڭ — مېنىڭ　　مەن + نى — مېنى

سەن + نىڭ — سېنىڭ　　سەن + نى — سېنى

2.以元音结尾的固定重音的名词，在缀接领属人称词尾时，要在领属人称词尾前增加一个半元音 ي 。例如：

2. سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان، ئۇرغۇسى مۇقىم بولغان ئىسىملارغا تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىسى تەركىبىدە يېرىم سوزۇق تاۋۇش «ي» كۆپىيىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

ئىملا + ي + ىم — ئىملايىم

سۇ + ي + ى — سۇيى

دەريا + ي + ىمىز — دەريايىمىز

3.个别以元音结尾的单音节动词，在缀接名动词构词词缀和被动态、自复态构形词尾时，要在构词词缀或构形词尾前增加一个半元音 ي 。例如：

3. سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر قىسىم تاق بوغۇملۇق پېئىللارغا ھەرىكەتنام ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە مەجھۇل دەرىجە، ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، قوشۇمچىنىڭ بېشىغا يېرىم سوزۇق تاۋۇش «ي» قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

دە + ي + ىش — دېيىش   يە + ي + ىل + دى — يېيىلدى

يە + ي + ىش — يېيىش   يۇ + ي + ۇل + دى — يۇيۇلدى

يۇ + ي + ۇش — يۇيۇش   يۇ + ي + ۇن + دى — يۇيۇندى

## 第三节　维吾尔语的构词方式

## 3 - پاراگراف ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياساش ئۇسۇللىرى

### 一、维吾尔语构词方法

### 1. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياساش ئۇسۇلى ھەققىدە

**1.维吾尔语构词法类型**

1. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياساش ئۇسۇلىنىڭ تۈرلىرى:

1）形态构词法，亦称附加法：即通过形态手段来构成新词的方法。例如：

.1 مورفولوگىيىلىك سۆز ياساش، يەنى قوشۇمچە قو-شۇش ئۇسۇلى؛ بۇ مورفولوگىيىلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق يېڭى سۆزلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئىش (事情) + چان — ئىشچان (勤劳)

ئىش (事情) + چى — ئىشچى (工人)

ئىش (事情) + ۋاز — ئىشۋاز (事务主义者)

2.溶合法，亦称复合法：它是由词根与词根组合构成新词的方法。例如：

.2 يۇغۇرۇش، يەنى بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى. بۇ سۆز يىلتىزلىرىغا سۆز يىلتىزلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

باش (头) — ماقالا (文章) — باشماقالا (社论)

ئاش (饭) + قازان (锅) — ئاشقازان (胃)

كۆز (眼) + ئەينەك (玻璃) — كۆزئەينەك (眼镜)

3）摹拟法：即采用摹拟情态和声音的方式而构成新词的方法。例如：

.3 تەقلىد قىلىش ئۇسۇلى. بۇ ھالەت ۋە ئاۋازلارنى تەقلىد قىلىش ئارقىلىق يېڭى سۆزلەرنى ياساشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

زىلق - زىلق (针扎似地疼) شار - شار (哗哗地流水声)

ۋاراڭ - چۇرۇڭ (喧哗声) پال - پۇل (闪烁状)

4）缩略法，即把一个词或者词组的首音提取出来构成新词的方法。例如：

4. قىسقارتىش ئۇسۇلى. بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى تاۋۇشى ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ بىرىنچى تاۋۇشىنى ئېلىپ يېڭى سۆز ياساشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئىسىم — ئى (名词)　　كىلوگىرام — كگ (公斤)

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى — ب د ت (联合国)

维语构词法主要是研究形态构词法，这是维语最重要的构词手段。

سۆز ياساش ئۇسۇلىدا مورفولوگىيىلىك يول بىلەن سۆز ياساش نۇقتىلىق تەتقىق قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاساسلىق سۆز ياساش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**2.形态构词法**

2. مورفولوگىيىلىك يول بىلەن سۆز ياساش

形态构词法分为前缀构词法和后缀构词法两种形式。

مورفولوگىيىلىك يول بىلەن سۆز ياساش ئالدى قوشۇمچىلار ئارقىلىق سۆز ياساش ۋە ئارقا قوشۇمچىلار ئارقىلىق سۆز ياساش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1）前缀构词法：指借助前缀构成新词的方法。在维语中主要用来构成形容词。例如：

1. سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئالدى قوشۇمچىلار ئارقىلىق سۆز ياساش دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئۇسۇل بىلەن ئاساسلىقى سۈپەتلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بى + گۇناھ (罪恶)　　— بىگۇناھ (无罪的)

نا + ئىلاج (办法) — نائىلاج (无办法的)

بە + قۇۋۋەت (力量) — بەقۇۋۋەت (很有力的)

بەت + قىلىق (行为) — بەتقىلىق (行径丑恶的)

2）后缀构词法：指借助后缀构成新词的方法。它是维语中最普遍使用的一种构词方法。例如：

2. ئارقا قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئارقا قوشۇمچىلار ئارقىلىق سۆز ياساش دېيىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان سۆز ياساش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

سۈرەت (相片) + چى — سۈرەتچى (摄影师)

تىنچلىق (和平) + پەرۋەر — تىنچلىقپەرۋەر (爱好和平)

باش (头) + لا — باشلا (开始)

دوست (朋友) + ئانە — دوستانە (友好地)

## 二、构词模式

## 2. سۆز ياساش نۇسخىلىرى

构词模式是指按一定的格式构成新词的方式。维语有相当一部分新词都是由语言中原有的构词材料按一定的构词模式构成的。试举例说明如下：

سۆز ياساش نۇسخىسى دېگىنىمىز مەلۇم شەكىللەر ئارقىلىق يېڭى سۆزلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرمۇنچە يېڭى سۆزلەر ئەسلىدە بار بولغان سۆز ياساش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا مەلۇم سۆز ياساش نۇسخىلىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈل-

گەن. بۇنى تۆۋەندە مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:

1. ئىسىملارنىڭ ياسىلىش نۇسخىسى 1.名词构词模式

| 表示盛某物品的器皿或其它事情<br>مەلۇم نەرسىنى قويىدىغان قورال ياكى باشقا شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم | ← | دان | + | 名词词干<br>ئىسىم ئۆزىكى |
|---|---|---|---|---|

چاي (茶) + دان — چايدان (暖水瓶)

قەلەم (笔) + دان — قەلەمدان (笔筒)

بىلىم (知识) + دان — بىلىمدان (博学多才者)

2. سۈپەتلەرنىڭ ياسىلىش نۇسخىسى 2.形容词构词模式

| 表示具有什么样品质的<br>خاراكتېرىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت | ← | چان | + | 名词词干<br>ئىسىم ئۆزىكى |
|---|---|---|---|---|

ئىجاد (创造) + چان — ئىجادچان (富于创造的)

ئىتائەت (服从) + چان — ئىتائەتچان (顺从的)

ئىقتىساد (经济) + چان — ئىقتىسادچان (勤俭的)

3. پېئىللارنىڭ ياسىلىش نۇسخىسى 3.动词构词模式

| 构成动词<br>پېئىل ياسىلىدۇ | ← | لا 或 لە | + | 名、形、量、副或摹拟词词干<br>ئىسىم، سۈپەت، مىقدار سۆز، رەۋىش، تەقلىدىي سۆز قاتارلىقلارنىڭ ئۆزەكلىرى |
|---|---|---|---|---|

تەر (汗) + لە — تەرلە- (出汗)

ياخشى (好) + لا — ياخشىلا- (改善)

رەت (排、行) + لە — رەتلە- (整理)

ئىلگىرى (从前) + لە — ئىلگىرىلە- (向前)

پىچىر (嘀咕声) + لا — پىچىرلا- (嘀咕)

4. رەۋىشنىڭ ياسىلىش نۇسخىسى 4.副词构词模式

| 构成相应的副词<br>مۇناسىپ رەۋىشلەر ياسىلىدۇ | ← | ئانە | + | 名词或形容词词干<br>ئىسىم ياكى سۈپەت ئۆزەكلىرى |
|---|---|---|---|---|

نۇر (光) + ئانا — نۇرانە (光辉地)

جاھىل (顽固) + ئانە — جاھىلانە (顽固地)

قەيسەر (坚强的) + ئانا — قەيسەرانە (坚强地)

每一种构词模式都概括了大量的词。如上述第三种模式就几乎构成了半数以上的动词。我们把这种构词模式叫做能产模式。

ھەر بىر خىل سۆز ياساش نۇسخىسى زور تۈركۈمدىكى سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، پېئىللارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۈچ خىل نۇسخا ئارقىلىق ياسالغان. بۇنداق سۆز ياساش نۇسخىسى ئۈنۈملۈك سۆز ياساش نۇسخىسى دېيىلىدۇ.

有的构词模式虽能用来构成新词，但构词能力差、使用频率较低，我们把这种构词模式叫做次能产模式。例如：

بەزى سۆز ياساش نۇسخىلىرى ئارقىلىق يېڭى سۆزلەرنى ياساشقا بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارى ئاجىز، ئىشلىتىلىش چاستوتىسى نىسبەتەن تۆۋەن بولىدۇ. بۇ خىل سۆز ياساش نۇسخىلىرى ئۈنۈمى تۆۋەن سۆز ياساش نۇسخىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

| سەلبىي مەنىدىكى سۈپەت<br>表示贬义的形容词 | ← | ئىسىم ئۆزىكى<br>名词词干 | + | بەت |
| --- | --- | --- | --- | --- |

بەت + بەخت （幸福） — بەتبەخت （很坏的）

بەد + نام （名声） — بەدنام （坏名声的）

还有些构词模式所能构成的新词数目很有限，我们把这种构词模式叫做非能产模式。例如：

يەنە بەزى سۆز ياساش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ناھايىتى ئاز بىر قىسىم سۆزلەرنىلا ياساشقا بولىدۇ. بۇ خىل سۆز ياساش ئۇسۇللىرى ئۈنۈمسىز سۆز ياساش ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

| 表示从事项事务的人<br>مەلۇم بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەمنى بىلدۈرىدۇ | ← | خان | + | ئىسىم ئۆزىكى<br>名词词干 |
| --- | --- | --- | --- | --- |

كىتاب （书） + خان — كىتابخان （读者）

غەزەل （歌） + خان — غەزەلخان （歌手）

قىرائەت （诵读） + خان — قىرائەتخان （书呆子）

## 第四节　名词的构词法

## 4 - پاراگراف ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى

维语里，构成名词的方法主要有两种，一种是形态构词法，即通过实词词干缀接各种构词后缀而派生新词的方法，此种方法构成的名词称派生名词。第二种是句法构词法，即由两个词根结合在一起构成新词的方法，亦称复合法，用这种方法构成的名词称复合名词。除此之外，重叠式构词法、缩写式构词法在名词构

词法中也是一种较能产的构词方法。

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار ئاساسلىقى ئىككى خىل ئۇ-
سۇل بىلەن ياسىلىدۇ. بىرى، مورفولوگىيىلىك سۆز ياساش
ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدا ھەر خىل سۆز ياسىغۇچى قوشۇم-
چىلارنى مۇستەقىل سۆز ئۆزەكلىرىگە ئۇلاش ئارقىلىق يېڭى
سۆزلەر بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىلەن ياسالغان
ئىسىملار ياسالما ئىسىملار دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى، سىن-
تاكسىسلىق سۆز ياساش ئۇسۇلى، يەنى ئىككى سۆز يى-
لتىزىنى بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن سۆز ياساش ئۇسۇلى
بولۇپ، بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىلەن
ياسالغان ئىسىملار بىرىككەن ئىسىملار دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن
باشقا، تەكرارلاش، قىسقارتىش ئۇسۇللىرىمۇ خېلى ئۇنۇملۇك
بولغان ئىسىم ياساش ئۇسۇللىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

## 一、派生名词的构成

### 1. ياسالما ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى

1.由名词词干缀接各种后缀构成。

1. ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ھەر خىل ياسىغۇچى قو-
شۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالما ئىسىملار ياسىلىدۇ:

1）«-چى» 缀接在名词词干后构成的名词，表示与原词所指事物有关的人。能够缀接此后缀的名词在维语名词中占很大的比例，可算是最能产的构词后缀。例如：

1) «-چى»: بۇ قوشۇمچىنى ئىسىم ئۆزەكلىرىگە قو-
شۇش ئارقىلىق ياسالغان ئەسلى سۆز ئىپادىلىگەن

شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەمنى بىلدۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ قوشۇمچىنى قوشۇشقا بولىدىغان ئىسىملار ناھايىتى كۆپ، شۇڭا ئۇ ئەڭ ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلاردىن ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

سەنئەت (艺术) + چى — سەنئەتچى (演员、艺术家)

تۆمۈر (铁) + چى — تۆمۈرچى (铁匠)

بېلىق (鱼) + چى — بېلىقچى (渔夫，渔民)

2）«-ۋەن» 缀接在名词词干后构成的名词，表示“看守、管理的人”。能够缀接这种后缀的名词为数不多。例如：

2) «ۋەن» بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە قوشۇلۇپ، ئەسلى تەركىبتە ئىپادىلەنگەن شەيئىگە «قارىغۇچى ئادەم» مەنىسىدىكى ئىسىملارنى ياسايدۇ. بۇ قوشۇمچە ئاز سانىدىكى ئىسىملارغىلا ئۇلىنالايدۇ. مەسىلەن:

باغ (果园) + ۋەن — باغۋەن (园丁)

دەرۋازا (大门) + ۋەن — دەرۋازىۋەن (守门人)

ساراي (客栈) + ۋەن — سارايۋەن (店家)

3）«-كەش» 缀接在名词词干后构成的名词，多指从事某种体力劳动的人。例如：

3) «كەش» بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە قوشۇلۇپ، مەلۇم جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم مەنىسىدىكى ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ھارۋا (马车) + كەش — ھارۋىكەش (赶车人)

جاپا (辛苦) + كەش — جاپاكەش (苦力)

(脚夫) كىراكەش — كەش + (搬运) كىرا

有时缀接在某些名词后，表示迷恋某种事物的人。含贬义。

بەزى ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىپ، مەلۇم شەيئىگە خۇشتار بولۇپ قالغان ئادەم دېگەن مەنىدىكى ئىسىملارنى ياسايدۇ. سەلبىي مەنىگە ئىگە. مەسىلەن:

(投机倒把者) هايانكەش — كەش + (利润) هايان

(大烟鬼) ئەپيۇنكەش — كەش + (鸦片) ئەپيۇن

有时缀接在某些名词后，不表示人而表示物。例如：

بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ئادەمنى ئەمەس، بەلكى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

(沼泽地) زەيكەش — كەش + (沼泽，盐碱) زەي

4）«ـداش» 缀接在名词词干后构成的名词，表示共操一事或关系密切的人。例如：

4) ـداش: بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، مەلۇم ئىشنى قىلىشتا بىرگە بولغۇچى ياكى يېقىن كىشى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

(战友) سەپداش — داش + (阵线) سەپ

(同事) خىزمەتداش — داش + (工作) خىزمەت

(同胞) قېرىنداش — داش + (肚子) قېرىن

5）«ـدار» 缀接在名词词干后构成的名词，表示与原词所指事物有关的人。例如：

5) ـدار: بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، ئەسلى سۆز ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك

ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئەمەل (职位) + دار — ئەمەلدار (官吏)

دىل (心) + دار — دىلدار (知心人)

پۇل (钱) + دار — پۇلدار (有钱人)

6) «-كار/-گەر/-كەر» 缀接在名词词干后构成的名词，表示从事某种职业或承担某种任务的人。例如：

6) -كەر/-گەر/-كار: بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ مەلۇم كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ياكى مەلۇم ۋەزىپىنى ئۈستۈگە ئالغۇچى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

پىدا (献身) + كار — پىداكار (勇于献身者)

ھەۋەس (爱好) + كار — ھەۋەسكار (爱好者)

سودا (商业) + گەر — سودىگەر (商人)

مىس (铜) + كەر — مىسكەر (铜匠)

7) «شۇناس» 缀接在专有名词后，指对某国，某民族的问题有专门研究的人；缀接在普通名词后，指对某学科有专门研究的人。例如：

7) شۇناس: بۇ قوشۇمچە خاس ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، مەلۇم دۆلەت، مەلۇم مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تەتقىق قىلغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. بۇ قوشۇمچە ئەگەر تۇردەش ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلانسا، مەلۇم پەن ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئەرەب (阿拉伯) + شۇناس — ئەرەبشۇناس (阿拉伯通)

تىل (语言) + شۇناس — تىلشۇناس (语言学家)

ھاشارات (昆虫) + شۇناس — ھاشاراتشۇناس (昆虫学家)

8) «خان -» 缀接这种后缀的名词很少，表示与原词义有关的人。例如：

8) خان: بۇ قوشۇمچە ئازقىلىق ئاز بىر قىسىم ئىسىملارلا ياسىلىدۇ. ئۇلار ئەسلى سۆزنىڭ مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كىتاب (书) + خان — كىتابخان (读者)

قىرائەت (诵读) + خان — قىرائەتخان (书呆子)

غەزەل (歌儿) + خان — غەزەلخان (歌手)

9) «پۇرۇچ -» 缀接这种后缀的名词也很少，表示与原词义有关的人。例如：

9) - پۇرۇچ: بۇ قوشۇمچىمۇ ئاز بىر قىسىم ئىسىم ئۆزەكلىرىگىلا ئۇلىنالايدۇ ھەمدە ئەسلى سۆزنىڭ مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كىتاب (书) + پۇرۇچ — كىتابپۇرۇچ (卖书者)

مەي (酒) + پۇرۇچ — مەيپۇرۇچ (卖酒者)

10) «-مەن» 缀接在名词词干后构成的名词，表示与原词义有关的人。例如：

10) - مەن: ئەسلى بۇ قوشۇمچىنى ئىسىم ئۆزەكلىرىگە قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان ئىسىملار، ئەسلى سۆزنىڭ مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھاجەت (需要) + مەن — ھاجەتمەن (需要者)

سۆز (话) + مەن — سۆزمەن (健谈者)

دۆلەت (财富) + مەن — دۆلەتمەن (富翁)

11) —ست/—ىست— 缀接在名词词干后构成的名词，表示属于某种流派或从事某种业务者。例如：

11) —ست/—ىست: بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، مەلۇم مەزھەپكە تەۋە كىشى ياكى مەلۇم كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

سوتسىيال (社会) + ىست — سوتسىيالىست (社会主义者)

كاپىتال (资本) + ىست — كاپىتالىست (资本家)

ماشىنا (机器) + ىست — ماشىنىست (打字员)

12) «—خور» 一般缀接在含贬义的名词后，构成与此有关的人。例如：

12) —خور: بۇ قوشۇمچە سەلبىي مەنىدىكى ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، شۇ ئىسىملار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

گۇمان (怀疑) + خور — گۇمانخور (多疑者)

ھەسەت (妒忌) + خور — ھەسەتخور (好妒忌者)

پارا (贿物) + خور — پارىخور (受贿者)

13) «خۇمار» 缀接在名词词干后构成的名词，指迷恋于某一事物的人，一般有贬义色彩。

13) خۇمار: بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ مەلۇم شەيئىگە خۇشتار بولۇپ قالغان ئادەمنى بىلدۈ-

رىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. بۇ ئىسىملار ئادەتتە سەلبىي مەنىدىرەك كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھاراق (酒) + خۇمار — ھاراقخۇمار (酒鬼)

ئويۇن (玩耍) + خۇمار — ئويۇنخۇمار (好玩者)

توپ (球) + خۇمار — توپخۇمار (球迷)

14) «-پەرەس» 缀接在名词词干后构成的名词，表示“追求者”的意思。一般有轻蔑之意味。例如：

14) -پەرەس: بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، «مەلۇم نەرسىنى قوغلاشقۇچى» مەنىسىدىكى ئىسىملارنى ياسايدۇ. بۇ خىل ئىسىملار ئادەتتە كەمسىتىش مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئابروي (威望) + پەرەس — ئابرويپەرەس (沽名钓誉者)

راھەت (享受) + پەرەس — راھەتپەرەس (享乐主义者)

خىيال (想法) + پەرەس — خىيالپەرەس (空想家)

ئاپتاپ (阳光) + پەرەس — ئاپتاپپەرەس (向日葵)

15) «-باز/-ۋاز» 缀接在名词词干后构成的名词，表示具有低级庸俗嗜好的人。具有贬义色彩。例如：

15) -ۋاز/-باز: بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، چاكىنا ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. بۇ خىل ئىسىملار ئادەتتە سەلبىي مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

كىتاب (书) + باز — كىتابباز (本本主义者)

بۇيرۇق (命令) + ۋاز — بۇيرۇقۋاز (命令主义者)

شەكىل (形式) + ۋاز — شەكىلۋاز (形式主义者)

16) «–پەز» 缀接在名词词干后构成的名词，表示从事某种职业的人，一般多指从事饮食业者。例如：

16) –پەز: بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، مەلۇم كەسىپ (كۆپىنچە يېمەك ئىچمەك ـ كەسىپلىرى) بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

سامسا (烤包子) + پەز — سامسپەز (卖烤包子的人)

مانتا (包子) + پەز — مانتپەز (卖包子的人)

ئاش (饭) + پەز — ئاشپەز (炊事员)

17) «–خانا» 缀接在名词词干后构成的名词，表示与原词所指事物有关的处所。例如：

17) –خانا: بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، ئەسلى سۆز ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ـ جاينى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئىش (事情) + خانا — ئىشخانا (办公室)

ئاش (饭) + خانا — ئاشخانا (饭厅)

كىتاب (书) + خانا — كىتابخانا (书店)

18) «–زار» 缀接在表植物名称的名词后，指某种植物丛生的园地。例如：

18) –زار: بۇ قوشۇمچە ئۆسۈملۈك نامىلىرى ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ئۆسۈملۈك كۆپ ئۆسىدىغان جاينى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

گۈل (花) + زار — گۈلزار (花圃、花坛)

چىمەن (花草) + زار — چىمەنزار (草坪)

ئۈزۈم (葡萄) + زار — ئۈزۈمزار (葡萄园)

19) «-گاھ» 缀接在名词词干后构成的名词，多指从事某种活动的场所。此类词为数很少。例如：

19) -گاھ: بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، مەلۇم پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇننى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. بۇ قوشۇمچە بىلەن پەقەت ئاز بىر قىسىم ئىسىملار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

جەڭ (战斗) + گاھ — جەڭگاھ (战场)

سەيلە (游玩) + گاھ — سەيلىگاھ (游览区)

ئارام (小憩) + گاھ — ئارامگاھ (休息室)

20) «-ستان/-ستان» 缀接在专有名词后指所属领域，缀接在普通名词后指处所等。例如：

2) -ستان/-ستان: بۇ قوشۇمچە خاس ئىسىملارنىڭ ئارقىسىدا كېلىپ تېررىتورىيىنى، تۈردەش ئىسىملارنىڭ ئارقىسىدا كېلىپ ئورۇننى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قازاق (哈萨克) + ستان — قازاقىستان (哈萨克斯坦)

ئۆزبېك (乌兹别克) + ستان — ئۆزبېكىستان (乌兹别克斯坦)

قەبرە (坟墓) + ستان — قەبرىستان (陵园)

گۈل (花) + ستان — گۈلىستان (花园)

21) -لىق/-لىك/-لۇق/-لۈك 缀接在普通名词后，表示具有该词所指事物的处所；缀接在专有名词后，表示人的籍贯。例如：

21) -لىق/ -لىك/ -لۇق/ -لۈك: بۇ قوشۇمچە تۈردەش ئىسىملارغا ئۇلانسا، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە ئىگە ئورۇننى خاس ئىسىملارغا ئۇلانسا، يۇرتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

تاش (石头) + لىق — تاشلىق (石滩)

قومۇچ (苇子) + لۇق — قومۇچلۇق (苇塘)

قەشقەر (喀什) + لىك — قەشقەرلىك (喀什人)

بۈگۈر (轮台) + لۈك — بۈگۈرلۈك (轮台人)

22) «-دان» 缀接在指具体事物的名词后，多指盛物的器皿或器具。例如：

22) -دان: بۇ قوشۇمچە كونكرېت شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى قاچىلايدىغان نەرسە مەنىسىدىكى ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

چاي (茶) دان — چايدان (暖水瓶)

كۈل (灰) + دان — كۈلدان (烟灰盒)

شام (蜡烛) + دان — شامدان (烛台)

有时它不指器皿而用来指人。例如：

بەزىدە نەرسىنى ئەمەس، ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىمۇ ياسايدۇ. مەسىلەن:

بىلىم (知识) + دان — بىلىمدان (博学者)

گەپ (话) + دان — گەپدان (能说会道者)

23) «-ئىزم» 缀接后在名词词干后构成的名词，表示“主义”。例如：

23) -زم: بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، مەسلەكنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

دېموكرات (民主主义者) + زم — دېموكراتىزم (民主主义)

رېئال (现实) + زم — رېئالىزم (现实主义)

24) «- نامە» 缀接在名词词干后构成的名词，表示与原词所指事物有关的成文的东西。例如：

24) - نامە: بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، ئەسلى سۆز ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەت - ئالاقىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

شەرت (条件) + نامە — شەرتنامە (条约)

مۇكاپات (资历) + نامە — مۇكاپاتنامە (奖状)

خىتاب (宣言) + نامە — خىتابنامە (宣言书)

25) «-چىلىك/ - چىلىق» 缀接在名词词干后构成的名词，多指某种行业，有时表示“主义，制度”等意义。例如：

25) - چىلىك/ - چىلىق: بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، مەلۇم كەسىپ، مەسلەك تۈزۈم مەنىسىدىكى ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

دېھقان (农民) + چىلىق — دېھقانچىلىق (农业)

بۇيرۇق (命令) + چىلىق — بۇيرۇقچىلىق (命令主义)

مۈلۈك (财产) + چىلىك — مۈلۈكچىلىك (所有制)

26) «- چۇق / - چۈك» 缀接在名词词干后构成的名词，表示与原词有关的事物。有指小意味。例如：

26) - چۇق/ - چۈك: بۇ قوشۇمچە ئىسىم ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، ئەسلى سۆز ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناس-

ۋەتلىك شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. بۇ خىل ئىسىملار ئادەتتە كىچىكلىتىش مەنىسىگە ئىگە. مەسىلەن:

ئويۇن (游戏) + چۇق — ئويۇنچۇق (玩具)

قاپ (口袋) + چۇق — قاپچۇق (小袋子)

2.由动词词干缀接各种后缀构成。

پېئىل ئۆزەكلىرىگە ھەر خىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق بىر قىسىم ياسالما ئىسىملار ياسىلىدۇ.

1）«-كۈچى / -گۈچى / -قۇچى / -غۇچى» 缀接在动词词干后构成的名词，表示从事某种职业的人。例如：

1) -غۇچى / -قۇچى / -گۈچى / -كۈچى: بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، مەلۇم كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ياز - (写) + غۇچى — يازغۇچى (作家)

ئېزىل - (被压迫) + گۈچى — ئېزىلگۈچى (被压迫者)

ئوقۇ - (读) + غۇچى — ئوقۇغۇچى (学生)

سات - (卖) + قۇچى — ساتقۇچى (卖主)

كۆزەت - (观察) + كۈچى — كۆزەتكۈچى (观察员)

2）«-كۈچ / -گۈچ / -قۇچ / -غۇچ» 缀接在动词词干后构成的名词，表示进行某种动作所需要的器具。

2) -غۇچ / -قۇچ / -گۈچ / -كۈچ: بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، مەلۇم ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابنى بىلدۈرىدىغان ئىـ

سىـــــملارنى ياسايدۇ. مەسلەن:

(尺子) سىز - (画) + غۇچ — سىزغۇچ

(洗碗布) يۇ - (洗) غۇچ — يۇغۇچ

(钥匙) ئاچ - (开) + قۇچ — ئاچقۇچ

(扇子) يەلپۈ - (飘) + گۈچ — يەلپۈگۈچ

(指标) كۆرسەت - (指出) + كۈچ — كۆرسەتكۈچ

(过滤器) سۈز - (过滤) + گۈچ — سۈزگۈچ

(抹布) سۈرت - (擦) كۈچ - سۈرتكۈچ

3）«-كۈن/-گۈن/-قۇن/-غۇن/-قىن/-غىن» 缀接在动词词干后构成的名词，表示与原动词有关的人或事物。例如：

3) -غىن/-قىن/-غۇن/-قۇن/-گۈن/-كۈن:
بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، ئەسلى پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەم ياكى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسلەن:

(火焰) يان - (燃烧) + غىن — يانغىن

(洪水) تاش - (溢) + قىن — تاشقىن

(贩卖者) سات - (卖) + قىن — ساتقىن

(星火) ئۇچ - (飞) + قۇن — ئۇچقۇن

(流放者) سۈر - (赶走) + گۈن — سۈرگۈن

(洪水) كەل - (来) + كۈن — كەلكۈن

4）«-غۇ/-قۇ/-گۈ، -كۈ» 缀接在动词词干后构成的名词，表示用具或抽象概念。例如：

4) -غۇ/-قۇ/-گۈ/-كۈ: بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزەك-

لىرىگە ئۇلىنىپ، ئەسۋابنى ياكى ئابستراكت ئۇقۇم-
نى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

چال - (弹拨) + غۇ — چالغۇ (乐器)

تۇي - (发觉) + غۇ — تۇيغۇ (感觉)

سەز - (觉查) - گۈ — سەزگۈ (知觉)

چاپ - (砍) + قۇ — چاپقۇ (扇镰)

تەپ - (踢) + كۈ - تەپكۈ (踏板)

6） «ما، /مە» 缀接在动词词干后构成的名词，表示处所或行为动作的结果所产生的事物。例如：

5) ما/ - مە: بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئۇلى-
نىپ، ئورۇن جاي ياكى مەلۇم ھەرىكەت نەتىجىسىدە بارلىققا
كەلگەن شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ.
مەسىلەن:

باشقۇر - (管理) + ما — باشقارما (管理处)

باس - (压) + ما - باسما (印刷)

چەكلە - (限制) + مە — چەكلىمە (制约性)

كۆرگۈز - (让看) + مە — كۆرگەزمە (展览)

6） «- ماق / - مەك» 缀接在动词词干后构成的名词，表示与动作有关的事物名称。例如：

6) - ماق/ - مەك: بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزەكلىرى-
گە ئۇلىنىپ، ئىش - ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەيئىنى
بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئىل - (钩) + مەك - ئىلمەك (钩子)

يە - (吃) + مەك - يېمەك (小吃儿)

(夹子)　　　　قىس － (夹) + ماق － قىسماق

7）«ـ ۇك/ ـ ۇق، ـ اق/ ـ ەك، ـ ك/ ـ ق، ـ ك/ ـ ق» 缀接在动词词干后构成的名词，表示事物的名称。例如：

7) ـ قا/ ـ ك، ـ ق/ ـ ك، ـ ئاق/ ـ ئەك، ـ ئۇق/ ـ ئۇك: بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، مەلۇم شەيئىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ.

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| (染料) | بويا － (染) + ق － بوياق |
| (补丁) | ياما － (补) + ق － ياماق |
| (宿舍) | يات － (躺) + ئاق － ياتاق |
| (部分) | بۆل － (分) + ئەك － بۆلەك |
| (负担) | سال － (装) + ق － سېلىق |
| (尸体) | ئۆل － (死) + ئۈك － ئۆلۈك |

8）«ـ ۇم/ ـ ۈم/ ـ م/ ـ م» 缀接在动词词干后构成的名词，表示与原动词有关的事物。例如：

8) ـ م/ ـ م ـ ۇم/ ـ ۈم: بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، ئەسلى پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ.

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| (旋窝) | قاينا － (沸腾) + م — قاينام |
| (收入) | كىر － (入，进) + م — كىرىم |
| (部门) | بۆل － (分) + ۈم — بۆلۈم |
| (概念) | ئۇق － (了解) + ۇم — ئۇقۇم |

9）«ـ غاق/ ـ قاق/ ـ گەك، ـ كەك/ ـ» 缀接在动词词干后构

成的名词，表示与原动词有关的事物。例如：

9) -غاق/ -قاق، -گەك/ -كەك: بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، ئەسلى پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئور- (收割) + غاق — ئورغاق (镰刀)
پات- (陷) + قاق — پاتقاق (烂泥)
ئىل- (挂、钩) + گەك — ئىلگەك (挂钩)

10) «-غا/ -قا، -گە/ -كە» 缀接在动词词干后构成的名词，表示与原动词有关的事物。例如：

10) -غا/ -قا، -گە — كە: بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، ئەسلى پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

سۈپۈر- (扫) + گە — سۈپۈرگە (扫帚)
تۈرت- (推动) + كە — تۈرتكە (动力)
بوسۇر- (压) + غا — بوسۇرغا (门槛)
تۇت- (抓) + قا — تۇتقا (门把儿)

11) «-ندى/ -ۇندى» 缀接在动词词干后构成的名词，多指某些从整体中提选或分割出来的事物。例如：

11) -ندى/ -ۇندى: بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزەكلىرى ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، بىر پۈتۈن نەرسە ئىچىدىن ئايرىۋېلىنغان ياكى چىقىرىۋېتىلگەن شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئۈز - (摘) + ۈندى — ئۈزۈندى (摘录)

قىر - (刨、刮) + ىندى — قىرىندى (刨花儿)

有时不指事物而指人。例如：

3.由形容词词干缀接后缀构成。

3. سۈپەت ئۆزەكلىرىگە ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىقمۇ بىر قىسىم ياسالما ئىسىملار ياسىلىدۇ.

1）«-لىق/ -لىك، -لۇق/ -لۈك» 缀接在形容词词干后，构成表示程度性质的名词。例如：

1) -لىق/ -لىك، -لۇق/ -لۈك: بۇ قوشۇمچە سۈپەت ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، دەرىجىنىڭ خاراكتېرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ياخشى (好) + لىق — ياخشىلىق (好处)

ئۇزۇن (长) + لۇق — ئۇزۇنلۇق (长度)

ئېگىز (高) + لىك — ئېگىزلىك (高度)

2）«-چىلىق/ -چىلىك» 缀接在形容词词干后，构成表示抽象意义的名词。例如：

2) -چىلىق/ -چىلىك: بۇ قوشۇمچە سۈپەت ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، ئابستراكت مەنىدىكى ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئارتۇق (多余的) + چىلىق — ئارتۇقچىلىق (优点)

ھۆل (潮湿) + چىلىك — ھۆلچىلىك (涝)

4.由数词缀接后缀构成名词。

4) سانلارنىڭ ئارقىسىغا ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىقمۇ ئىسىملار ياسىلىدۇ.

1）«-لىق / -لىك، -لۇق / -لۈك»缀接在基数词后，构成抽象概念的名词。例如：

1) -لىق/-لىك، -لۇق/-لۈك: بۇ قوشۇمچە ساناق سانلارغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ئابستراكت ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

مىڭ （千） + لىق — مىڭلىق （千位）

بىر （一） + لىك — بىرلىك （统一）

يۈز （百） + لۈك — يۈزلۈك （百位）

ئون （十） + لۇق — ئونلۇق （十位）

«-لىك»还可缀接在序数词后，构成与序数有关的名词。例如：

«-لىك» يەنە تەرتىپ سانلارغا ئۇلىنىپ كېلىپ، تەرتىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچى （第一） + لىك — بىرىنچىلىك （第一名）

ئىككىنچى （第二） + لىك — ئىككىنچىلىك （第二名）

2）«-لەمچى» 缀接在数词后，构成与哲学有关的术语。例如：

2) -لەمچى: سانلارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، پەلسەپىگە ئائىت ئاتالغۇلارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

بىر （一） + لەمچى — بىرلەمچى （第一性）

ئىككى （二） لەمچى — ئىككىلەمچى （第二性

5.由名词词干缀接含有主观评价色彩的后缀构成。这种后缀一般缀接在人名之后，具有亲昵、指小、尊敬、丑化及歧视等不同意味。例如：

5. ئىسىم ئۆزەكلىرىگە سۇبيېكتىپ باھالىق ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىقمۇ بىر قىسىم ئىسىملار ياسىلىدۇ. بۇ خىل قوشۇمچىلار ئادەم ئىسىملىرى ئاقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، يېقىنچىلىق، ئەركىلىتىش، ھۆرمەتلەش، شۇنداقلا مازاق قىلىش، سەتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ساۋۇت (沙吾提) + ۇم — ساۋۇتۇم

ئامىنە (阿米娜) + م — ئامىنەم

توختى (托乎提) + ئەك — توختەك

رەشىدە (热西黛) + ك — رەشىدەك

كېرىم (克里木) + جان — كېرىمجان

روزى (肉孜) + ئاخۇن — روزىئاخۇن

ئايىم (阿衣木) + خان — ئايىمخان

ھەجەر (海吉尔) + گۈل — ھەجەرگۈل

## 二、复合名词的构成

## 2. قوشما ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى

### 1.并列关系的复合名词

### 1. تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى قوشما ئىسىملار

1.由两个意义相同的名词构成，例如：

1. مەنىداش ئىككى ئىسىمدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۈچ - قۇۋۋەت (力量)　　بەخت - سائادەت (幸福)

شان - شەرەپ (光荣)　　چەك - چېگرا (界限)

غەم - قايغۇ (悲痛)　　پىتنە - ئىغۋا (谣言)

جەبىر ـ جاپا (艰难)　　جاپا ـ مۇشەققەت (艰苦)

ئوت ـ چۆپ (草)　　چىنە ـ قاچا (碗)

ئىلىم ـ پەن (科学)　　مال مۈلۈك (财产)

2.由两个意义相近的名词构成。例如：

2. مەنىلىرى يېقىن ئىككى ئىسىمدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

مېھىر ـ شەپقەت (恩情)　　مېھىر ـ مۇھەببەت (情感)

پەن ـ تېخنىكا (科技)　　ئارزۇ ـ ھەۋەس (愿望)

ئەپت ـ بەشرە (嘴脸)　　بوران ـ چاپقۇن (风暴)

قۇرت ـ قوڭغۇز (虫)　　سودا ـ سانائەت (工商业)

ئەدەبىيات ـ سەنئەت (文艺)　　ئورۇن ـ كۆرپە (铺盖)

3.由两个反义词构成。例如：

3. مەنىلىرى ئۆزئارا زىت ئىككى ئىسىمدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ھايات ـ مامات (生死)　　كىرىم ـ چىقىم (收支)

ھەق ـ ناھەق (是非)　　كېچە ـ كۈندۈز (日夜)

پايدا ـ زىيان (利害)　　ئاسمان ـ زېمىن (天地)

4.由两个亲属名称并列构成。例如：

4. تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىككى ئىسىمنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بوۋاي ـ موماي (祖父祖母)　　ئوغۇل ـ قىز (儿女)

ئاتا ـ ئانا (父母)　　ئەر ـ خوتۇن (夫妻)

ئاكا ـ ئۇكا (兄弟)

5.由两个名动词并列构成。例如：

5. ئىككى ھەرىكەتنامىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسالدۇ. مەسىلەن:

تونۇش - بىلىش (相识者) تالاش - تارتىش (争吵)

بېرىش - كېلىش (来往、交往) كىرىش - چىقىش (出入)

يۈرۈش - تۇرۇش (举止、风度) يېتىش - قوپۇش (起居)

ئېلىش - سېتىش (买卖)

6.由两个动词变位形式并列构成。例如:

6. ئىككى پېئىلنىڭ تۈرلەنگەن شەكلىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالدى - بەردى (借还) ئالدى - ساتتى (买卖)

باردى - كەلدى (来往) قاقتى - سوقتى (敲榨勒索)

2.偏正关系的复合名词

2. ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قوشما ئىسىملار

1.由两个名词组合构成。例如:

1. ئىككى ئىسىمنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

تەنھەرىكەت (运动) يولباشچى (领导者)

كۆزەينەك (眼镜) تام گېزىت (墙报)

قول ياغلىق (手绢) سىم كارىۋات (钢丝床)

تاش چاي (砖茶) تۆمۈريول (铁路)

قول يازما (手稿) تامـمەش (火墙)

2.由形容词、动词、数词与名词组合构成。例如:

2. سۈپەت، پېئىل، سان قاتارلىقلارنى ئىسىملار بىلەن بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

(荞麦) قارا بۇغداي (茯茶) قارا چاي
(伤寒) قارا كېزىك (黑穗) قارا كۈيە
(飞禽) ئۇچار قانات (火山) يانار تاغ
(流星) ئاقار يۇلتۇز (前言) كىرىش سۆز
(乌什) ئۇچ تۇرپان (九眼泉) توققۇز بۇلاق
(蚰蜒) سەكسەنپۇت

## 三、通过重叠方法构成的名词

## 3. تەكرارلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسالغان ئىسىملار

由名词和另一个按语音和谐构成的音组重叠构成。重叠后仍为名词，表示泛指某一类事物。具体有以下两种：

ئىسىم بىلەن تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىلىق تۈزۈلگەن تاۋۇش بىرىكمىسىنى تەكرارلاش ئارقىلىق بىر قىسىم ئىسىملار ياسىلىدۇ. بۇ خىل ئىسىملار بىر تۈردىكى شەيئىنىڭ ھەممىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت:

1.由名词和一个音响词重叠构成。例如：

1. ئىسىمغا پەقەت تاۋۇشقىلا ۋەكىللىك قىلىدىغان سۆزلەرنى قوشۇپ تەكرارلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

(拼命) جان - جەھلى (衣服) كىيىم - كېچەك
(危险) خىيىم - خەتەر

2.如原词第一个音素是辅音，就把该辅音改为 پ 音素，然

后将此音组与原词重叠构成复合名词。例如：

2. ئەگەر ئەسلى سۆزنىڭ بىرىنچى تاۋۇشى ئۈزۈك تاۋۇش بولسا، ئالدى بىلەن شۇ ئۈزۈك تاۋۇشنى «پ»غا ئۆزگەرتىپ، ئاندىن بۇ تاۋۇش بىرىكمىسىنى ئەسلى سۆز بىلەن بىللە تەكرارلاش ئارقىلىق بىر قىسىم قوشما ئىسىملار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

نان (馕) — نان - پان (馕一类的食品)

گۆش (肉) — گۆش - پۆش (肉一类的食品)

سامسا (烤包子) — سامسا - پامسا (烤包子一类的食品)

مانتا (包子) — مانتا - پانتا (包子一类的食物)

3.如原词第一个音素是元音，则在该元音前增加一个“پ”音素，然后将此音组与原词重叠构成复合名词。例如：

3. ئەگەر ئەسلى سۆزنىڭ بىرىنچى تاۋۇشى سوزۇق تاۋۇش بولسا، شۇ سوزۇق تاۋۇش ئالدىغا «پ» تاۋۇشىنى قوشۇپ، ئاندىن بۇ تاۋۇش بىرىكمىسىنى ئەسلى سۆز بىلەن قوشۇپ تەكرارلاش ئارقىلىق بىر قىسىم قوشما ئىسىملار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاش (饭) — ئاش - پاش (饭一类食品)

ئۇن (面粉) — ئۇن - پۇن (面粉一类的食物)

ئۈستەل (桌子) — ئۈستەل - پۈستەل (桌子板凳)

## 四、缩写名词的构成

## 4. قىسقارتىلما ئىسىملارنى ياساش ئۇسۇلى

把固定词组中的每个词的第一个字母或某一个音节抽出，重

新组成一个词的方法，叫做缩写法。在维语中这也是一种较能产的构词方法。随着现代科学的发展，这一方法将运用得越来越广泛。

تۈراقلىق سۆز بىرىكمىسى ئىچىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىنچى ھەرپىنى ياكى مەلۇم بىر بوغۇمىنى قايتا بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى سۆزلەر ياسىلىدۇ. بۇ قىسقارتىش ئۇسۇلى دېيىلىدۇ. بۇمۇ ئۇيغۇر تىلىدا خېلى ئۈنۈملۈك سۆز ياساش ئۇسۇللىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بۇ ئۇسۇل بارغانسېرى كەڭ قوللىنىلماقتا.

缩写词按其结构，可分为以下两类：

قىسقارتىلما سۆزلەر قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. 由每个词的第一个字母组合构成。例如：

1. ھەربىر سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپىنى ئېلىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ب د ت (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى) (联合国)

ش ئۇ ئا ر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى)

(新疆维吾尔自治区)

2. 由每个词的某一个音节组合构成。例如：

2. ھەر بىر سۆزنىڭ مەلۇم بىر بوغۇمىنى ئېلىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوبكوم (ئوبلاسلىق پارتكوم)، (州党委)

پارتكوم (پارتىيە كومىتېتى) (党委)

# 第五节 形容词的构词法

## 5. پاراگراف سۈپەتلەرنىڭ ياسىلىشى

维语里的形容词主要通过两种方式构成。第一种方法是由名词，动词、形容词结合构词词缀构成派生形容词；第二种方法是由两个词（或两个音组）组合在一起构成复合形容词。

ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەتلەر ئاساسلىقى ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ياسىلىدۇ. بىرىنچى خىلدا ئىسىم، پېئىل، سۈپەتلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالما سۈپەتلەر ياسالسا، ئىككىنچى خىلدا ئىككى سۆزنى (ياكى ئىككى تاۋۇش گۇرۇپپىسىنى) بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق قوشما سۈپەتلەر ياسىلىدۇ.

### 一、派生形容词的构成

### 1. ياسالما سۈپەتلەرنىڭ ياسىلىشى

1.由名词缀接构词词缀构成

ئىسىملارغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ.

1）«－لىق، －لىك، －لۇق، －لۈك»缀接在名词后，构成表示与原词所指事物有关的形容词。例如：

1) «－لىق، －لىك، －لۇق، －لۈك» بۇ قوشۇمچە ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، ئەسلى سۆزدە كۆرسىتىلگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدىلىكنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئەقىل （智慧） + لىق — ئەقىللىق （聪明的）

پىلان （计划） + لىق — پىلانلىق （有划计的）

يەر （地方） + لىك — يەرلىك （本地的）

شەرەپ （光荣） + لىك — شەرەپلىك （光荣的）

باتۇر （勇士） + لۇق — باتۇرلۇق （勇气）

يول （路） + لۇق — يوللۇق （有理的）

ئۈنۈم （效率） + لۈك — ئۈنۈملۈك （有效的）

چۈش （中午） + لۈك — چۈشلۈك （中午的）

2）«-چان» 缀接在名词后，构成表示具有某种爱好或善长或品质等语义的形容词。

2) «-چان» بۇ قوشۇمچە ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، مەلۇم قىزىقىشنى، ماھىرلىقنى ياكى پەزىلەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

كۈرەش （斗争） + چان — كۈرەشچان （英勇的）

ئەمگەك （劳动） + چان — ئەمگەكچان （勤劳的）

ئىجاد （创造） + چان — ئىجادچان （富有创造性的）

ئىش （事情） + چان — ئىشچان （爱干活的）

3）«-سىز» 缀接在名词后，构成表示否定意义的形容词。例如：

3) «-سىز» بۇ قوشۇمچە ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ئىنكارنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

چەك （界限） + سىز — چەكسىز （无限的）

مەيدان （立场） + سىز — مەيدانسىز （无立场的）

ئىنتىزام （纪律） + سىز — ئىنتىزامسىز （无纪律的）

مەدەنىيەت (文化) + سىز — مەدەنىيەتسىز (无文化的)

بىلىم (知识) + سىز — بىلىمسىز (无知识的)

ساۋات (常识) + سىز — ساۋاتسىز (文盲)

پىلان (计划) + سىز — پىلانسىز (无计划的)

4）«-چىل» 缀接在名词后，构成表示行为方式的形容词。例如：

4) «-چىل» بۇ قوشۇمچە ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ئۇسۇل - چارىسىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئەپ (窍门) + چىل — ئەپچىل (巧妙的)

ئىقتىساد (经济) + چىل — ئىقتىسادچىل (勤俭的.俭省的)

ئوڭ (右) + چىل — ئوڭچىل (右倾)

سول (左) + چىل — سولچىل (左倾)

خەلق (人民) + چىل — خەلقچىل (民主的)

5）«-ىي/-ي، -ىۋى/-ۋى» 缀接在名词后，构成表示抽象概念的形容词。例如：

5) «-ىي/-ي، -ىۋى/-ۋى» بۇ قوشۇمچە ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ئابستراكت ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئىلىم (科学) + ىي — ئىلمىي (科学的)

روھ (精神) + ىي — روھىي (精神的)

پەلسەپە (哲学) + ۋى — پەلسەپىۋى (哲学性的)

ماددا (物质) + ي — ماددىي (物质的)

زامان (时代) + ىۋى — زامانىۋى (现代的)

ئىدىيە （思想） + ۋى — ئىدىيىۋى （思想性的）

6）«-مك» 缀接在名词后，构成表示抽象概念的形容词。例如：

6) «-مك» بۇ قوشۇمچە ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ئابستراكت ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

دىپلومات （外交家） مك — دىپلوماتىك （外交的）

دېموكرات （民主派） + مك — دېموكراتىك （民主的）

ئىدېئالىست （唯心主义者） + مك — ئىدېئالىستىك （唯心主义的）

رېئالىست （现实主义者） + مك — رېئالىستىك （现实主义的）

7）«-پەرۋەر» 缀接在名词后，构成表示具有热爱某种事物的意义的形容词。例如：

7) «-پەرۋەر» بۇ قوشۇمچە ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىپ، مەلۇم شەيئىگە بولغان ھېرسىلىقنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ۋەتەن （祖国） + پەرۋەر — ۋەتەنپەرۋەر （爱国的）

تىنچلىق（和平） + پەرۋەر — تىنچلىقپەرۋەر（爱好和平的）

ئادالەت （正义） + پەرۋەر — ئادالەتپەرۋەر（主持正义的）

ئىنسان （人类） + پەرۋەر — ئىنسانپەرۋەر （人道主义的）

8）«-سىمان» 缀接在名词后，表示"类似……的" "……式的"意思。用这种词缀构成的形容词数量很少。例如：

8) «-سىمان» بۇ قوشۇمچە ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىپ

لىسپ، «×××غا ئوخشاش» «×××دەك» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇقوشۇمچىنى ئۇلاش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدىغان سۆپەتلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز. مەسىلەن:

ئادەم (人) + سىمان — ئادەمسىمان (象人的)

مايمۇن 猴子 + سىمان — مايمۇنسىمان (象猴子似的)

دولقۇن (波浪) + سىمان — دولقۇنسىمان (波浪式的)

گاز (气体) + سىمان — گازسىمان (气体状的)

شار 气球 + سىمان — شارسىمان 球状的

9）«بى ـ، نا ـ، بەت،» 缀接在名词和部分形容词前，构成表示否定意义的形容词，例如：

9) «بى ـ، نا ـ، بەت،» بۇ قوشۇمچىلار ئىسىملارنىڭ ۋە بىر قىسىم سۆپەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ئىنكار مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

بى + تەرەپ (方面) — بىتەرەپ (中立的)

بى + ئەپ (窍门) — بىئەپ (不方便)

بى + ئەدەب (礼貌) — بىئەدەپ (无礼貌的)

بى + غەم (忧虑) — بىغەم (无忧无虑的)

بى + خەتەر (危险) — بىخەتەر (安全的)

نا + ئۈمىد (希望) — نائۈمىد 失望的、悲观的)

نا + رازى (满意) — نارازى (不满的)

نا + مۇۋاپىق (合理的) — نامۇۋاپىق (不合理的)

بەد + نىيەت (意图) — بەدنىيەت (坏心肠的、没良心的)

بەد + نام (名声) — بەدنام (坏名声)

10）«－ھەم» 缀接在名词前，构成表示共同从事某项活动的意义的形容词。例如：

10) «ھەم-» بۇ قوشۇمچە ئىسىملارنىڭ ئالدىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، مەلۇم پائالىيەتنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىشنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ھەم + دەرد （苦） — ھەمدەرد （同甘共苦的）

ھەم + دەم （一会儿） + — ھەمدەم （息息相关的）

11）«－غى، －گى، －قى، －كى» 缀接在时间和方位名词后，构成与时间和方位有关的形容词。例如：

11) «-غى، -گى، -قى، -كى» بۇ قوشۇمچە ۋاقىت ئىسىملىرى ۋە ئورۇن-جاي ئىسىملىرى ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ۋاقىت ۋە ئورۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۈپەتلەرنى ياسايدۇ:

ياز （夏天） + غى — يازغى （夏天的）

كۈز （秋天） + گى — كۈزگى （秋天的）

ئاخشام （晚上） + قى — ئاخشامقى （晚上的）

ئەتىگەن （早晨） + كى — ئەتىگەنكى （早晨的）

بۇلتۇر （去年） + قى — بۇلتۇرقى （去年的）

بۇرۇن （以前） + قى — بۇرۇنقى （以前的）

ئىچ （里、内） + كى — ئىچكى （里面的、内部的）

تاش （外） + قى — تاشقى （外在的）

تۆۋەن （下、下面） + كى — تۆۋەنكى （下面的、以下的）

يۇقىرى （上面） + قى — يۇقىرىقى （以上的、上面的）

2．由动词词干缀接构词后缀构成。

2. پېئىل ئۈزەكلىرىگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

1）«ـ غاق، ـ گەك، ـ قاق، ـ كەك» 缀接在动词词干后，构成表示某种行为、状况的进行已成为习惯等意义的形容词。例如：

1）«ـ غاق، ـ گەك، ـ قاق، ـ كەك» بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۈزەكلىرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، ئادەتلەنگەن ھەرىكەت، ھادىسىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

تېيىل（滑）+ غاق — تېيىلغاق（滑的）

كۈل（笑）+ گەك — كۈلگەك（爱笑的）

ئۇرۇش（打）+ قاق — ئۇرۇشقاق（爱打架的）

ئۇنۇت（忘记）+ قاق — ئۇنۇتقاق（健忘的）

تېرىك（生气）+ كەك — تېرىككەك（爱生气的）

تەپ（踢）+ كەك — تەپكەك（好尥蹶子的）

2）«ـ ق، ـ ك، ـ ىق، ـ ىك، ـ ۇق، ـ ۈك» 缀接在动词词干后，构成表示事物与行为的特点有关意义的形容词。例如：

2）«ـ ق، ـ ك، ـ ىق، ـ ىك، ـ ۇق، ـ ۈك» بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۈزەكلىرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، شەيئى ۋە ھەرىكەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

تارقا（散）+ ق — تارقاق（分散的）

قىزى（发烧）+ ق — قىزىق（热、热闹）

چىرى（腐烂）+ ك — چىرىك（腐化的）

（捆好的） چىگىك — چىگ + ك （捆） چىگ

（关闭的） ئېتىك — ئەت + ك （堵、关） ئەت

（裂开的） يېرىق — يار + ىق （劈） يار

（撕破的） يىرتىق — يىرت + ىق （撕） يىرت

（断的、碎的） سۇنۇق — سۇن + ۇق （折断） سۇن

（长的、拉长的） سوزۇق — سوز + ۇق （拉、延长） سوز

（折断的） ئۈزۈك — ئۈز + ۈك （折） ئۈز

3）«-ئەڭگۈ، -ئاڭغۇ، -ڭغۇ، -ڭگۈ» 缀接在动词后，构成表示行为或状况显得格外突出等意义的形容词。例如：

3) «-ىڭغۇ، -ڭگۈ، -ئاڭغۇ، -ئەڭگۈ» بۇ قوشۇمچىلار ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ھەرىكەت ياكى ھادىسىنىڭ ناھايىتى كەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

（爱哭的） يىغلاڭغۇ — يىغلا + ڭغۇ （哭） يىغلا

（急躁的、性急的） ئالدىراڭغۇ — ئالدىرا + ڭغۇ （忙） ئالدىرا

（散漫的） چېچىلاڭغۇ — چېچىل + ئاڭغۇ （撒） چېچىل

（面色苍白的） تاتىراڭغۇ — تاتار + ئاڭغۇ （变色） تاتار

（饱满的） كۆتۈرەڭگۈ — كۆتۈر + ئەڭگۈ （提、举） كۆتۈر

4）«-چاق، -چەك، -چۇق، -ئۇنچاق، -گۈنچەك» 缀接在动词后，构成表示人的某种习惯、特征等意义的形容词。例如：

4) «-چاق، -چەك، -چۇق، -ئۇنچاق، -گۈنچەك» بۇ قوشۇمچىلار پېئىللارغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ئادەمنىڭ بەزى ئادەت ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ.

مەسىلەن:

ماختان (自我吹嘘) + چاق — ماختانچاق (爱吹嘘的)

تارتىن (害羞、客气) + چاق — تارتىنچاق (爱害羞的)

ئېرىن (懒惰) + چەك — ئېرىنچەك (爱偷懒的)

قىزغان (忌妒) + چۇق — قىزغانچۇق (爱忌妒的)

ياسان (打扮) + چۇق — ياسانچۇق (爱打扮的)

قورق (怕) + ئۇنچاق — قورقۇنچاق (胆小的)

كۈل (笑) + گۈنچەك — كۈلگۈنچەك (爱笑的)

5)«-لىق/-لىك، -لۇق/-لۈك»缀接在某些名动词后，构成多种不同意义的形容词。例如：

5) «-لىق/-لىك، -لۇق/-لۈك» بۇقوشۇمچىلار بەزى ھەرىكەت ناملىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، تۈرلۈك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قاراش (看) + لىق — قاراشلىق (从属的)

چۈشىنىش (理解) + لىك — چۈشىنىشلىك (易懂的)

يىرگىنىش (厌恶) + لىق — يىرگىنىشلىك (可憎的)

تۇرۇش (站) + لۇق — تۇرۇشلۇق (驻扎的)

6)«-غۇر/-قۇر، -گۈر/-كۈر» 缀接在某些动词后构成表示程度的形容词，但此种形容词数量很少。例如：

6) «-غۇر/-قۇر، -گۈر/-كۈر» بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارغا ئۇلىنىپ كېلىپ، دەرىجىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. لېكىن بۇ خىل سۈپەتلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز. مەسىلەن:

سەز (感觉) + گۈر — سەزگۈر (感觉敏锐的)

(该死的)　ئۆلگۈر — ئۆل + گۈر (死)　ئۆل

(锋利的、尖锐的)　ئۆتكۈر — ئۆت + كۈر (过)　ئۆت

(跑得快的)　چاپقۇر — چاپ + قۇر (跑)　چاپ

## 二、复合形容词的构成

## 2. قوشما سۈپەتلەرنىڭ ياسىلىشى

复合形容词按其各组成部分之间的关系可以分为并列关系复合形容词和偏正关系复合形容词。

تەركىبىي قىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، قوشما سۈپەتلەرنى تەڭداش قوشما سۈپەت ۋە بېقىندىلىق قوشما سۈپەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1.并列关系的复合形容词由以下几种方式构成。

1. تەڭداش قوشما سۈپەت تۆۋەندىكى بىرقانچە شەكىل بىلەن ياسىلىدۇ.

1）由两个形容词重迭构成。例如：

1) ئىككى سۈپەتنى تەكرارلاش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

(长长的)　ئۇزۇن - ئۇزۇن　(大大的)　چوڭ - چوڭ

(高高的)　ئېگىز - ئېگىز　(小小的)　كىچىك - كىچىك

(矮矮的)　پاكار - پاكار　(短短的)　قىسقا - قىسقا

(新新的)　يېڭى - يېڭى　(园园的)　يۇمىلاق - يۇمىلاق

2）由两个意义相近的形容词构成。例如：

2) مەنىسى يېقىن بولغان ئىككى سۈپەتتىن ياسىلـ

دۇ. مەسىلەن:

ئالا - بېشىل (花花绿绿的) ئاچ - يالىڭاچ (饥寒交迫的)

ئاددىي - ساددا (朴素的) سان - ساناقسىز (无数的)

ئېغىر - بېسىق (沉着的)

3）由两个意义对立的形容词构成。例如：

3) مەنىسى قارىمۇ- قارشى بولغان ئىككى سۆپەت- تىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

چوڭ - كىچىك (大小) ياخشى - يامان (好歹)

ئۇزۇن - قىسقا (长短) ئاق - قارا (黑白)

كونا - يېڭى (新旧) ئېگىز - پەس (高低)

4）在某些复合名词后缀接 -لىق/-لىك 构成。例如：

4) بەزى قوشما ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا «-لىق/- لىك» قوشۇمچىسىنى ئۇلاش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بەخت - سائادەتلىك (幸福的) شان - شەرەپلىك (光荣的)

كۈچ - قۇۋۋەتلىك (强有力的) ئەقىل - پاراسەتلىك (有智慧的)

جاپا - مۇشەققەتلىك (艰苦的) قائىدە - يوسۇنلۇق (有规矩的)

5）由一个形容词和另一个不表示意义的音组部分组成。例如：

5) بىر سۆپەت بىلەن يەنە بىر مەنىسىز تاۋۇش گۇرۇپپىسىنىڭ بىرىكمىسىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

پارچە - پۇرات (琐碎的) ئەسكى - تۈسكى (破烂的)

ئالا - بۇلا (花的) جىم - جىت (安静的)

ئۇششاق - چۈششەك (鸡毛蒜皮的)

قىڭغىر - سىڭغىر (歪歪曲曲的) ئەگرى - بۈگرى (弯弯曲曲的)

6）由没有意义的两个音组组成。例如：

6) مەنىسىز ئىككى تاۋۇش گۇرۇپپىسىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوڭغۇل - دوڭغۇل (坑坑洼洼的)

ئوڭتەي - توڭتەي (乱七八糟的、不整齐的)

2.偏正关系的复合形容词由以下方式构成。

2. بېقىندىلىق قوشما سۈپەت تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ.

1）由限定关系词组组成。例如：

1) بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كىچىك پېئىل (谦虚的)　ئوچۇق كۆڭۈل (开朗的)

بەش يىللىق (五年的)　تۆرت چاسا (正方形的)

ئۈچ بۇرجەك (有三角的)

2）由两个名词结合构成。例如：

2) ئىككى ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

مايسىرەڭ (草绿色的)　هاۋا رەڭ (天兰色的)

كۈل رەڭ (灰色的)　توپا رەڭ (土黄色的)

زەپىرەڭ (金黄色的)　ئەترەڭ (肉皮色的)

گۆش رەڭ (肉色的)　ماش رەڭ (深草绿色的)

زىغىرەڭ (咖啡色的)

## 第六节　动词的构词法

## 6 - پاراگراف پېئىللارنىڭ ياسىلىشى

动词根据其构成形式可以分为单纯动词和复合动词两种。

پېئىللار ياسىلىشىش شەكلىگە ئاساسەن تاق پېئىل
ۋە قوشما پېئىل دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

## 一、单纯动词

### 1. تاق پېئىل

由一个词根或者由词根缀接构词后缀构成的动词叫做单纯动词。例如：

بىرلا سۆز يىلتىزىدىن ياكى سۆز يىلتىزىغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان پېئىللار تاق پېئىللار دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

بار ـ، ماڭ ـ، كەت ـ، تۇر ـ، ياز ـ، ئولتۇر ـ، ئىشلە ـ، ئويلا، ئاڭلا ـ، بىرلەش، قىزىللاش ـ

单纯动词又分为派生动词和非派生动词两种。

تاق پېئىللار يەنە تۈپ پېئىل ۋە ياسالما پېئىل دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

#### 1.非派生动词　　　　1. تۈپ پېئىل

表示原义的，不是借助构词词缀构成的动词叫做非派生动词。例如：

قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمىسىزلا شۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار تۈپ پېئىل دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

كەل ـ (来)، ماڭ ـ (走)

بەر ـ (给)، ئاچ ـ (开)

دە ـ (说)، ئوقۇ ـ (念)

## 2.派生动词　　2. ياسالما پېئىل

在名词、形容词、副词、数词、摹拟词后，缀接构词词缀构成的动词叫做派生动词。其构成方式分述如下：

ئىسىم، سۈپەت، رەۋىش، سان، تەقلىدىي سۆز قاتارلىق سۆزلەرگە تۈرلۈك ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان پېئىللار ياسالما پېئىل دېيىلىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكىدەك يوللار بىلەن ياسىلىدۇ.

1.在名词、形容词、副词之后，缀接«-لا/-لە»构成。例如：

1. ئىسىم، سۈپەت، رەۋىش قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا «-لا/-لە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

باش (头) + لا — باشلا - (开始)

ئورۇن (位置) + لا — ئورۇنلا - (完成)

ئاق (白) + لا — ئاقلا - (辨护)

ئىز (足迹) + لە — ئىزلە - (找)

كۆك (兰) + لە — كۆكلە - (生长)

تېز (快) + لە — تېزلە - (加快)

سۆز (话) لە — سۆزلە - (说)

2.在名词、形容词和数词后缀接«-لاش/-لەش»构成。例如：

2. ئىسىم، سۈپەت، سانلارنىڭ ئارقىسىغا «-لاش/-لەش» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ماشىنا (机器) + لاش — ماشىنىلاش - (机械化)

سانائەت (工业) + لەش — سانائەتلەش - (工业化)

ئېلېكتر (电) + لەش — ئېلېكترلەش - (电气化)

ئومۇم (公共) + لاش — ئومۇملاش - (普及)

ئۆم (和睦) + لەش — ئۆملەش - (团圆)

ئىزچىل (一贯) + لاش — ئىزچىللاش - (贯彻)

قەتئىي (坚决) + لەش — قەتئىيلەش - (坚定)

بىر (一个) + لەش — بىرلەش - (联合)

3．在名词后缀接«-لان/-لەن» 构成。例如：

3. ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا «-لان/-لەن» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

گۈل (花) + لەن — گۈللەن - (繁荣)

كۈچ (力量) + لەن — كۈچلەن - (增强)

پايدا (利益) + لان — پايدىلان - (利用)

نۇر (光) + لان — نۇرلان - (放光)

جان (命) + لان — جانلان (活跃)

پەرق (区别) + لەن — پەرقلەن - (差别)

4．在少数形容词后，缀接«-ئار/-ئەر/-ر» 构成。例如：

4. ئاز ساندىكى سۈپەتلەرنىڭ ئارقىسىغا «-ئار/-ئەر/-ر» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياش (年轻) + ئار — ياشار - (变年轻)

كۆك (兰) + ئەر — كۆكەر - (发绿)

قىسقا (短) + ئار — قىسقار- (缩短)

ئاق (白) + ئار — ئاقار- (变白)

بوز (灰白) + ئار — بوزار- (变成苍白)

5. 在少数形容词后缀接 «-ي/-ئاي/-ئەي» 构成。例如：

5. ئاز ساندىكى سۈپەتلەرگە «-ي/-ئاي/-ئەي» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

قارا (黑) + ي — قاراي- (变黑)

ئاز (少) + ئاي — ئازاي- (减少)

تار (窄) + ئاي — تاراي- (变窄)

كۆپ (多) + ئەي — كۆپەي- (增多)

كەڭ (宽) + ئەي — كېڭەي- (加宽)

كەم (缺少) + ئەي — كېمەي- (减少)

6. 在个别名词和形容词后缀接 «ئە/-ئا» 构成。例如：

6. بىر قىسىم ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنىڭ ئارقىسىغا «-ئا/ئە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

قان (血) + ئا — قانا- (出血)

تۈز (直) + ئە — تۈزە- (平整)

سان (数目) + ئا — سانا- (点数)

كۈچ (力量) + ئە — كۈچە- (使劲儿)

بوش (空的) + ئا — بوشا- (松弛)

تۈن (夜) + ئە — تۈنە- (熬夜)

قىيىن (难) + ئا — قىينا- (为难)

7. 在摹拟词后缀接«-را/-رە» 或«-لا/-لە» 或«-شى»构成。例如：

7. تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا «-را/-رە»، «-لا/-لە» ياكى «-شى» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ مەسىلەن:

(呻吟) -ئىڭرا — را+ (呻吟声) ئىڭ

(牛叫) -مۆرە — رە+ (牛叫声) مۆ

(嚎啕大哭) -ھۆكرە — رە+ (嚎啕声) ھۆك

(驴叫) -ھاڭرا — را+ (驴叫声) ھاڭ

(噹啷响) -تاراڭلا — لا+ (噹啷声) تاراڭ

(娇柔作态) -غىلجىڭلا — لا+ (娇柔造作状) غىلجىڭ

(轰隆响) -گۈلدۈرلە — لە+ (轰隆声) گۈلدۈر

(变软) -لۆمشى — شى+ (软绵绵) لۆم - لۆم

(哼哼唧唧) -غىڭشى — شى+ (哼唧声) غىڭ

## 二、复合动词

## 2. قوشما پېئىل

由两个或两个以上的实词组合而成的动词叫做复合动词。按照组合方式与搭配关系的不同，复合动词的构成可分为三类。

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان پېئىللار قوشما پېئىل دېيىلىدۇ. بىرىكىش ئۇسۇلى ۋە بىرىكىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، قوشما پېئىلنى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1. 由名词与动词组合，构成复合动词。例如：

1. ئىسىم بىلەن پېئىلنىڭ بىرىكىشىدىن قوشما پېئىل ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بوي (个头) + سۇن- (伸) — بويسۇن- (服从)

باش (头) + تارت- (拉) — باش تارت- (拒绝)

باش (头) + قوش- (增加) — باش قوش- (碰头)

دېرەك (音信) + بەر- (给) — دېرەك بەر- (予示)

تاياق (棍子) + يە- (吃) — تاياق يە- (挨揍)

كەتمەن (砍土曼) + چاپ- (砍) — كەتمەن چاپ- (效劳)

تىل (舌、语言) + بىرىكتۈر- (使合成) — تىل بىرىكتۈر- (勾结、串通)

قەد (身躯) + كۆتۈر- (抬起) — قەد كۆتۈر- (翻身)

چارە (办法) + كۆر- (看) — چارە كۆر- (处理)

2. 有些名词或形容词与«قىل-، بەر-، بول-، سال-، قوي-، ئال-»等动词组合构成复合动词。例如：

2. بەزى ئىسىم ۋە سۈپەتلەر بىلەن «قىل-، بەر-، بول-، سال-، قوي-، ئال-» قاتارلىق پېئىللارنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما پېئىللار. مەسىلەن:

ئۈمىد (希望) + قىل- (做) — ئۈمىد قىل- (希望)

ئارزۇ (愿望) + قىل- (做) — ئارزۇ قىل- (盼望)

يەل (气) + بەر- (给) — يەل بەر- (打气)

قەسەم (誓言) + بەر- (给) — قەسەم بەر- (发誓)

يوق (无) + بول- (成为) — يوق بول- (消失)

كۆز-قۇلاق (耳目) + بول (成为) — كۆز-قۇلاق بول- (看管)

قۇلاق (耳) + سال- (放) — قۇلاق سال- (倾听)

نەزەر (眼界) + سال- (放) — نەزەر سال- (注视)

ئېغىر (重) + ئال- (拿) — ئېغىر ئال- (生气)

ئۈستۈن (上) + كەل- (来) — ئۈستۈن كەل- (占优势)

ئېغىر (重) + كەل- (来) — ئېغىر كەل- (难受)

باش (头) + تارت- (拉) — باش تارت- (逃避)

جاپا (苦) + تارت- (拉) — جاپا تارت- (吃苦)

يول (路) + قوي (放) — يول قوي- (让步)

قول (手) + قوي- (放) — قول قوي- (签名、佩服)

3．带格的名词与动词组合构成。例如：

3. كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بەزى ئىسىملار بىلەن پېئىللارنىڭ بىرىكىشىدىن قوشما پېئىل ياسىلىدۇ، مەسىلەن:

يولغا (路) + قوي- (放) — يولغا قوي- (实行)

ئەمەلگە (职务) + ئاشۇر- (增加) — ئەمەلگە ئاشۇر- (实现)

يەردە (地) + قوي- (放) — يەردە قوي- (辜负)

ھۆددىسىدىن (责任) + چىق- (出) — ھۆددىسىدىن چىق- (胜任)

يولغا (路) + سال- (放) — يولغا سال- (送走)

## 第七节　副词的构词法

## 7- پاراگراف رەۋىشلەرنىڭ ياسىلىشى

副词的构词法大体上有两种，一种是由各类词缀接构词后缀

构成派生副词；另一种是由两个不同类的词按一定的顺序组合成复合副词。

رەۋىشلەر ئومۇمەن ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ياسىلىدۇ. بىرىنچى خىلىدا ھەر خىل سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەرگە ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش يولى بىلەن ياسالما رەۋىشلەر ياسالسا، ئىككىنچى خىلىدا باشقا-باشقا سۆز تۈركۈمىدىكى ئىككى سۆزنى مەلۇم تەرتىپ بويىچە بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق قوشما رەۋىشلەر بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ.

## 一、派生副词

## 1 . ياسالما رەۋىشلەر

1. 由名词缀接 «-ئەن» 构成。例如：

1 . ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا «-ئەن» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن،

ئاساس (基础) + ئەن — ئاساسەن (基本上)

قەست (阴谋) + ئەن — قەستەن (故意地)

ئومۇم (公共) + ئەن — ئومۇمەن (一般地)

قىسىم (部分) + ئەن — قىسمەن (部分地、局部地)

2. 由名词形容词缀接 «-لەرچە، -لارچە» 构成。例如：

2 . ئىسىم، سۈپەتلەرگە «لارچە-لەرچە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

قەھرىمان (英雄) + لارچە — قەھرىمانلارچە (英勇地)

باتۇر (勇士) + لارچە — باتۇرلارچە (勇敢地)

دوست (朋友) + لارچە — دوستلارچە (友好地)

قارىغۇ (盲人) + لارچە — قارىغۇلارچە (盲目地)

تەلۋە (狂人) + لەرچە — تەلۋىلەرچە (狂妄地)

3. 由名词、形容词缀接«–ئانە»构成。例如：

3. ئىسىم، سۈپەتلەرگە «ئانە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

دوست (朋友) + ئانە — دوستانە (友好地)

ئاقىل (哲人) + ئانە — ئاقىلانە (明智地)

مەرد (义士) + ئانە — مەردانە (豪迈地)

باتۇر (勇士) + ئانە — باتۇرانە (英勇地)

كەمتەر (虚心) + ئانە — كەمتەرانە (谦虚地)

4. 由形容词、数词等缀接«–دىن»构成。例如：

4. سۈپەت ۋە سانلارنىڭ ئارقىسىغا «–دىن» قوشۇمچىسىنى قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يېڭى (新的) + دىن — يېڭىدىن (新近)

بىر (一个) + دىن — بىردىن (一下子)

باشقا (其它) + دىن — باشقىدىن (重新)

## 二、复合副词

## 2. قوشما رەۋىشلەر

1. 由名词或形容词进行重叠，并在二者之间结合 "مۇ" 构成。例如：

1. تەكرارلانغان ئىسىملارنىڭ ياكى سۈپەتلەرنىڭ ئارىسىغا «مۇ» نى قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

دەل (正好) + مۇ + دەل — دەلمۇ دەل (针锋相对)

قەدەم (步伐) + مۇ + قەدەم — قەدەممۇ قەدەم (逐步地)

يىل (年) + مۇ + يىل — يىلمۇ يىل (逐年地)

يۈز (脸) + مۇ + يۈز — يۈزمۇ يۈز (面对面地)

قاتلام (层) + مۇ + قاتلام — قاتلاممۇ قاتلام (层层)

قول (手) + مۇ + قول — قولمۇ قول (七手八脚)

2. 由名词、形容词或数词进行重叠后缀接 «تىن» «دىن» 构成。例如：

2. تەكرارلانغان ئىسىم، سۈپەت، سانلارغا «- دىن/- تىن» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاز - ئاز + دىن — ئاز - ئازدىن (一点一点地)

بىر - بىر + دىن — بىر - بىردىن (一个一个地)

ئارقا - ئارقا + دىن — ئارقا - ئارقىدىن (陆续地)

كەينى - كەينى + دىن — كەينى - كەينىدىن (纷纷地、不断地)

تەرەپ - تەرەپ + تىن — تەرەپ - تەرەپتىن (四面八方)

3. 由相同或不相同的两个词用连续号连接构成。例如：

3. ئوخشاش ياكى ئوخشىمايدىغان سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ ئۇلارنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىتتىك - ئىتتىك (快快地) ئاستا - ئاستا (慢慢地)

ئالمان - تالمان (急急忙忙地) ئۇپۇل - تۇپۇل (急忙地)

ئۇزۇل - كېسىل (彻底地) تەل - تۆكۈس (彻底地)

4. 由名词进行重叠后，缀接 «لەپ - لاپ» 构成。例如：

4. تەكرارلانغان ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا «-لاپ / -لەپ» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

قەۋەت-قەۋەت + لەپ — قەۋەت-قەۋەتلەپ (层层地)

ئۇستى-ئۇستى + لەپ — ئۇستى-ئۇستىلەپ (连续不断地)

كېچە-كېچە + لەپ — كېچە-كېچىلەپ (连夜地)

تۆپە-تۆپە + لەپ — تۆپە-تۆپىلەپ (连续不断地)

تونننا-تونننا + لاپ — تونننا-توننىلاپ (成吨地)

تۈركۈم-تۈركۈم + لەپ — تۈركۈم-تۈركۈملەپ (成批地)

# 第二章　维吾尔语的词类
# ئىككىنچى باب
# ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈمى

## 一、词类概述

### 1. سۆز تۈركۈمى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

词按其意义和语法特征聚合成若干类别，这些类别称为词类。

每一类词都有自己的概括意义。如，名词指事物的意义；形容词具有性质特征的意义；动词具有行为动作的意义等。

词类的概括意义不同于词的词汇意义。词类的概括意义是从大量具体单词的词汇意义中抽象、概括出来的共同意义。

每一类词都有自己的形态特征和句法特点。词类的形态特征，指词类的语法范畴、形态体系和构词特点。词类的句法特点

指词类在句子中的句法功能和组合关系。

سۆزلەر مەنىسى ۋە گراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن تۈركۈملەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ تۈركۈملەر سۆز تۈركۈمى دېيىلىدۇ.

ھەر بىر سۆز تۈركۈمى ئۆزىگە خاس ئابستراكت مەنىگە ئىگە. مەسىلەن، ئىسىملار شەيئى مەنىسىگە، سۈپەتلەر خاراكتېر ۋە ئالاھىدىلىك مەنىسىگە، پېئىللار ئىش-ھەرىكەت مەنىسىگە ئىگە.

سۆز تۈركۈمىنىڭ ئابستراكت مەنىسى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىگە ئوخشىمايدۇ. سۆز تۈركۈمىنىڭ ئابستراكت مەنىسى كۆپ ساندىكى كونكرېت سۆز-ئىبارىلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئابستراكتلاشتۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ئورتاق مەنىدۇر.

ھەر بىر سۆز تۈركۈمى ئۆزىگە خاس مورفولوگىيىلىك ۋە سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. سۆز تۈركۈمىنىڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى دېگىنىمىز سۆز تۈركۈمىنىڭ گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى، مورفولوگىيىلىك سىستېمىسى ۋە سۆز ياساش ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. سۆز تۈركۈمىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكى دېگىنىمىز سۆز تۈركۈمىنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق رولى ۋە بىرىكىش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ.

## 二、维吾尔语的词类划分标准

## 2. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىش پرىنسىپى

划分词类的标准不是人为杜撰的。而是语言中词类特点的反映。

确定划分词类的标准，实质上是找出各类词在类别上的语法特点。每一种词类都有区别于其它词类的特点。在维吾中词类的特点表现在词的形态学，结构学和语义学三个方面。它们统一在每一个词，每一类词中。

سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىش ئۆلچەملىرى سۈنئىي
بېكىتىلگەن بولماستىن، بەلكى تىلدىكى سۆز تۈركۈملى-
رى ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۆز-
لەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىشنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىش ما-
ھىيەتتە ھەر خىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ تۈر جەھەتتىكى
گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبا-
رەت. ھەر بىر سۆز تۈركۈمى باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە
ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇيغۇر تىلىدىكى
سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى سۆزلەرنىڭ مورفولوگى-
يىلىك تۈزۈلمىسى، سىنتاكسىلىق قۇرۇلمىسى ۋە سې-
مانتىكىلىق مەنىسىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنى-
دۇ. ئۇلار ھەربىر سۆز ۋە ھەربىر سۆز تۈركۈمىدە گە-
رەلتىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

### 1.形态学标准　　1. مورفولوگىيىلىك ئۆلچەم

维吾尔语是粘着语，根据其语法特点，应该把形态学特征作为划分维语词类的重要标准之一。如。维吾尔语的名词有人称、数、格的范畴；动词有人称、数、时、式、语态、体等范畴形容词有级的范畴。根据每一类词所表达的语法意义的不同，维语的各类词有不同的形态变化。例如：

ئۇيغۇر تىلى يېپىشقاق تىل بولغاچقا، ئۇنىڭ گرام-
ماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، سۆزلەرنىڭ مورفولو-

گىيلىك ئالاھىدىلىكىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئاجرىتىشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىپ بېكىتىش كېرەك. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار شەخس، سان، كېلىش قاتارلىق كاتېگورىيىلەرگە ئىگە. پېئىللار شەخس، سان، زامان، راي، دەرىجە، تۈس قاتارلىق كاتېگورىيىلەرگە ئىگە. سۈپەتلەر بولسا دەرىجە كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ. ھەربىر سۆز تۈركۈملىرى ئىپادىلىگەن گىراماتىكىلىق مەنىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، پەرقلىق مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشتە بولىدۇ. مەسىلەن:

名词表达单数—复数语法意义的语法形式：

ئىسىملارنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈكتىن ئىبارەت گىراماتىكىلىق مەنىسى تۆۋەندىكىدەك گىراماتىكىلىق شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

بالا — بالا-لار، كىتاب — كىتاب-لار مەكتەپ — مەكتەپ-لەر

名词表达格的语法意义的语法形式：

ئىسىملارنىڭ كېلىشتىن ئىبارەت گىراماتىكىلىق مەنىسى تۆۋەندىكىدەك گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

ئادەم، ئادەم-نىڭ، ئادەم-گە، ئادەم-نى، ئادەم-دە، ئادەم-دىن، ئادەم-دىكى، ئادەم-دەك، ئادەم-گىچە، ئادەم-چىلىك

动词表达人称语法意义的语法形式：

پېئىللارنىڭ شەخستىن ئىبارەت گىراماتىكىلىق مەنى-

ـسى تۆۋەندىكىدەك گراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپا-
دىلىنىدۇ:

ئوقۇ-دۇم، ئوقۇ-دۇڭ، ئوقۇ-دى

ئوقۇ-دۇق، ئوقۇ-دۇڭلار، ئوقۇ-دى

动词表达语态意义的语法形式：

پېئىللارنىڭ دەرىجە مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان گرام-
ماتىكىلىق شەكىللەر تۆۋەندىكىچە:

سۆزلە-، سۆزلەن-، سۆزلەت-، سۆزلەش-

形容词表达级的语法意义的语法形式：

سۈپەتلەرنىڭ دەرىجىدىن ئىبارەت گراماتىكىلىق
مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان گراماتىكىلىق شە-
كىللەر تۆۋەندىكىچە:

سۆزۈك سۆزۈكرەك سۈپ-سۆزۈك سۆزۈككىنە

形态学特征的另一个重要标志是维语的派生新词的能力。根据构词词缀的不同，很容易将维语词的类别划分清楚。如。在原词 词根后缀接词 缀 چى 构成的词是名词。例如、

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ يېڭى سۆزلەرنى يا-
ساش ئىقتىدارى سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى-
نىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۆز
ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپلا ئۇيغۇر
تىلىدىكى سۆزلەرنى ئاسانلا تۈركۈملەرگە ئاجرىتىشقا
بولىدۇ. ئالايلى، سۆز يىلتىزىغا «چى» قوشۇمچىسىنى قو-
شۇش بىلەن ئىسىملار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىش + چى — ئىشچى، سۈرەت + چى — سۈرەتچى

ياغاچ + چى — ياغاچچى، مال + چى — مالچى

而在康词词根后缀接 «لە»-«لا» 构成的词是动词。例如、

سۆز يىلتىزلىرىغا «-لا/ -لە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش بىلەن پېئىللار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياخشى + لا — ياخشىلا-، سۆز + لە — سۆزلە-

باش + لا — باشلا-، ئىش + لە — ئىشلە-

2. 结构学标准　　　　　　2. سىنتاكسىسلىق ئۆلچەم

每一类词都有自己与其它词类的组合范围，这种组合不是任意的，而是有一定规则的。这反映了词的词类特点。如，维语的名词在句子中可以和动词组合构成主谓结构和动宾结构。例如，

ھەر بىر سۆز تۈركۈمىنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن بىرىكىش دائىرىسى بولىدۇ. بۇ خىل بىرىكىش ئىختىيارى بولماستىن، بەلكى مەلۇم قائىدە بويىچە بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ سۆز تۈركۈمى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى مۇشۇ يەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار جۈملىلەردە پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، ئىگە-خەۋەرلىك قۇرۇلما ۋە پېئىل تولدۇرغۇچىلىق قۇرۇلما ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

كۈندە شامال چىقىدۇ. (ئىگە-خەۋەرلىك قۇرۇلما)

ئوقۇغۇچىلار كىنو كۆرىدۇ. (پېئىل-تولدۇرغۇچىلىق قۇرۇلما)

形容词在句子中和名词组合，构成限定结构和主谓结构。例如：

سۈپەتلەر جۈملىدە ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ ئېنىق-

لىغۇچىلىق قوۋرۇلما ۋە ئىگە-خەۋەرلىك قوۋرۇلما ھاسىل
قىلىدۇ. مەسىلەن:

يېڭى كىتاب كەلدى. (ئېنىقلىغۇچىلىق قوۋرۇلما)

كىتاب يېڭى ئىكەن (ئىگە-خەۋەرلىك قوۋرۇلما)

副词与动词或形容词组合，构成状中结构。例如：

رەۋىشلەر پېئىل ياكى سۈپەتلەر بىلەن بىرىكىپ ھالەتلىك قوۋرۇلما ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش. (ھالەتلىك قوۋرۇلما)

سەمەت ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. (ھالەتلىك قوۋرۇلما)

通过词的组合能力，就能找出各个词类的特点，并为划分词类提供依据。

سۆزلەرنىڭ بىرىكىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن، ھەر قايسى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تېپىپ چىققىلى، شۇنىڭدەك سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىشنى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ.

### 3.语义学标准　　3. سېمانتىكىلىق ئۆلچەم

词类的语义特点是词类的语法特点的基础。词的语法特点在一定范围来说，是由词的词义所决定的。如，维语中的动词有数、时、人称、态、式等语法范畴，是因为动词是表示行为、动作、状态等意义的词。只有行为、动作、状态才能与这些语法范畴所表示的内容发生联系。维语中的形容词有级的语法范畴，是因为形容词是表示性质、形状等意义的词，也只有性质和形状才有程度的差别。

词类在句子中的典型句法作用是词类的语义特点所决定的。如，名词在句中的典型句法作用是充当主语和宾语。一般来说，

因为只有人和物等才能是行为动作的发出者或接受者。形容词在句中的典型作用是作定语和谓语，因为形容词是用来修饰名词或用来判断事物性质特征的。

سۆز تۈركۈملىرىنىڭ سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنىڭ ئاساسى. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئالايلى، ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار سان، زامان، شەخس، دەرىجە، راي دېگەندەك گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ. چۈنكى پېئىللار ئىش، ھەرىكەت ۋە ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردۇر، پەقەت ئىش-ھەرىكەت ۋە ھالەتلەرلا مۇشۇ گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر ئىپادىلىگەن مەزمۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشەلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەر دەرىجە كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ. چۈنكى سۈپەتلەر خاراكتېر، شەكىل قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردۇر، پەقەت خاراكتېر ۋە شەكىلدىلا دەرىجە پەرقى بولىدۇ.

سۆز تۈركۈمىنىڭ جۈملىدىكى تىپىك سىنتاكسىسلىق رولى سۆز تۈركۈمىنىڭ سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئالايلى، ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى تىپىك سىنتاكسىسلىق رولى ئۇلارنىڭ ئىگە ۋە تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە، ئادەم ۋە شەيئىلەرلا ئىش-ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىش ۋە قوبۇل قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە. سۈپەتلەرنىڭ جۈملى-

دىكى تىپىك سىنتاكسىسلىق رولى ئۇلارنىڭ ئىنىقلىغۇچى خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدىغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى سۈپەتلەر ئىسىملارنى ئىنىقلاپ كېلىدۇ ياكى شەيئىلەرگە بولغان ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ.

综上所述，在划分维语词类时，必须兼顾形态学、结构学、语义学三项标准，而且要注意这三标准的内在联系与统一性。如果忽视各项分类标准间的相互关系，就不可能将维语的词正确地划分出不同的语法类别。

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئاجراتقاندا، مورفولوگىيىلىك ئۆلچەم، سىنتاكسىسلىق ئۆلچەم ۋە سېمانتىكىلىق ئۆلچەم قاتارلىق ئۈچ ئۆلچەمگە تەڭ ئېتىبار بېرىش، شۇنىڭدەك بۇ ئۆلچەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش ۋە بىردەكلىككە دىققەت قىلىش لازىم. بۇ ئۆلچەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە سەل قارىلىدىكەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى گىراماتىكىلىق تۈرلەرگە توغرا ئاجرىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ.

## 三、维吾尔语词类的划分

## 3. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈركۈملەرگە ئاجرىتىلىشى

根据词类划分的标准，维语的词可分为名词、形容词、代词、数词、量词、动词、副词、摹拟词、后置词、连词、语气词

和感叹词等十二类。在形态变化方面，名词、代词、数词有人称、数和格的变化；形容词有级的范畴；动词有时、语态、人称、数、式、体、肯定、否定等变化；量词不能单独使用，一定要和数词结合，构成数量词组后才能修饰名词或动词并赋予一定的形态变化；副词一般虽没有形态变化、但是有独立的词汇意义、能作句子成分，摹拟词有词汇意义，在一定语境中，它可以象名词或动词一样有形态变化，在句子中充当各种句子成分；而其它类词都没有形态变化，一般也不能独立作句子成分。

سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئاجرىتىش پرىنسىپلىرى-غا ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى ئىسىم، سۈپەت، ئالماش، سان، مىقدار سۆز، پېئىل، رەۋىش، تەقلىدىي سۆز، تىركەلمە، باغلىغۇچى، ئىملىق سۆز ۋە ئۈندەش سۆز دېگەندەك 12 تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مورفولوگىيە-لىك تۈرلىنىش جەھەتتە، ئىسىم، ئالماش، سان قاتارلى-قلار شەخس، سان، كېلىش كاتېگورىيىلىرى بىلەن؛ سۈ-پەتلەر دەرىجە كاتېگورىيىسى بىلەن؛ پېئىللار دەرىجە، شەخس، سان، راي، تۈس كاتېگورىيىلىرى ۋە بولۇشلۇق، بولۇشسىزلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مىقدار سۆزلەر مۇستەقىل قوللىنىلمايدۇ. پەقەت سانلار بىلەن بىرى-كىپ كېلىپ، سان-مىقدار بىرىكمىسى ھاسىل قىلغاندىلا، ئاندىن ئىسىم ياكى پېئىلنى ئېنىقلاپ كېلىپ، مەلۇم مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشكە ئىگە بولىدۇ. رەۋىشلەر مور-فولوگىيىلىك ئۆزگىرىشكە ئىگە بولمىسىمۇ، مۇستەقىل لېك-سىكىلىق مەنە ئىپادىلەپ، جۈملە بۆلىكى بولالايدۇ. تەق-لىدىي سۆزلەرمۇ لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە. ئۇلار مەلۇم تىل

شارائىتىدا، ئىسىم ياكى پېئىللار بىلەن ئوخشاش مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشتە بولۇپ، جۈملىنىڭ ھەرقانداق بۆلىكى بولۇپ كېلىۋېرىدۇ. باشقا سۆز تۈركۈملىرى مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشكە ئىگە ئەمەس، ئادەتتە جۈملە بۆلىكى بولۇپمۇ كېلەلمەيدۇ.

词类是一个层级性的体系，每类词都是有组织、有层次、有意义的系统。因此，不能把各类词内部看成同一平面体，而应该“立体地”看这个系统各层次面的各种组合关系与聚合关系。从这个意义上讲，维语的词首先可分为实词和虚词二大类。实词是反映客观现实的事物和现象的一些词，它们一般都有构词能力或形态变化在一定语境中可以回答问题或提出问题；虚词是表示现实中各种现象之间的关系和各种语气的一些词，它们一般都没有形态变化，都不能单独回答问题或提出问题。感叹词是一种特殊词类，它们即不进入实词体系，也不属于虚词范围，是不作句子成分的一种不变化的词类。这是词类划分的第一层次。实词可进一步分为名词、动词、形容词、代词、数词、量词、副词和摹拟词、而虚词可分为后置词、连词和语气词。这是词类划分的第二层次。动词还可分为一般动词、静词性动词、副动词和系动词，这是词类划分的第三层次。这种“立体式”的词类划分方法可列表如下：

سۆز تۈركۈمى قاتلاملىق سىستېما بولۇپ، ھەربىر سۆز تۈركۈمى تەشكىللىك، قاتلاملىق، مەنىلىك سىستېما ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەربىر سۆز تۈركۈمىنىڭ ئىچكى قىسمىنى بىر تەكشىلىكتىكى نەرسە دەپ قارىماستىن، بەلكى سىستېمىدىكى ھەرقايسى قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك بىرىكىش، تۈركۈملىنىش مۇناسىۋىتىگە «ستېرېئولۇق»

ھالدا قاراشقا تونغرا كېلىدىغان مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى ئالدى بىلەن مۇستەقىل سۆزلەر، ياردەمچى سۆزلەر دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مۇستەقىل سۆزلەر ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردۇر، ئادەتتە ئۇلاردىن سۆز ياساشقا بولىدۇ. ئۇلار مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشكىمۇ ئىگە بولۇپ، مەلۇم تىل شارائىتىدا، ئۇلار ئارقىلىق سوئال قويغىلى ۋە سوئاللارغا جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. ياردەمچى سۆزلەر رېئاللىقتىكى ھەر خىل ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ۋە تۈرلۈك ئىنتوناتسىيىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردۇر. ئۇلار ئادەتتە مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشتە بولمايدۇ. ئۇلار بىلەن سوئال قويغىلىمۇ، سوئاللارغا جاۋاب بەرگىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇندەش سۆزلەر ئالاھىدە بىر خىل سۆز تۈركۈمى بولۇپ، مۇستەقىل سۆزلەرگە كىرگۈزۈشكىمۇ، ياردەمچى سۆزلەرگە كىرگۈزۈشكىمۇ بولمايدىغان، جۈملە بۆلىكى بولۇپمۇ كەلمەيدىغان مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشسىز سۆز تۈركۈمىدۇر. بۇلار بىرىنچى قاتلامدىكى سۆز تۈركۈملىرى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مۇستەقىل سۆزلەرنى يەنە ئىسىم، پېئىل، سۈپەت، ئالماش، سان، مىقدار رەۋىش، تەقلىدىي سۆز دېگەندەك تۈرلەرگە، ياردەمچى سۆزلەرنى تىركەلمە، باغلىغۇچى، ئىملىق سۆز دېگەنلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇلار ئىككىنچى قاتلامدىكى سۆز تۈركۈملىرى ھېسابلىنىدۇ.

پېئىلنى يەنە ئادەتتىكى پېئىل، تۇرغۇن سۆز خاراكتېر-
لىك پېئىل، ھەۋەسداش ۋە ياغلامچى پېئىل دېگەندەك
تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇلار ئۈچىنچى قاتلامدىكى سۆز
تۈركۈملىرى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، سۆز تۈركۈملىرىنى
ستروئولۇق ھالدا تۈركۈملەرگە بۆلۈش ئۇسۇلىنى تۆۋەن-
دىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ:



词 类
实 词
虚 词
名词
动词
形容词
代 词
数词
量词
摹拟词
后置词
连 词
语气词
叹 词
一般动词
静词性动词
副 动 词
系动词

# 第三章 名　词

# ئۈچىنچى باب

# ئىسىم

## 第一节 名词概述

## 1- پاراگراف ئىسىم ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 一、名词的概念

### 1. ئىسىم ھەققىدە چۈشەنچە

表示人或事物的词称为名词。例如：

ئادەم ۋە شەيئىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئىسىم دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| (农民) دېھقان | (教师) ئوقۇتقۇچى | (医生) دوختۇر |
| (床) كارىۋات | (石头) تاش | (房子) ئۆي |
| (星期六) شەنبە | (傍晚) ئاخشام | (昨天) تۈنۈگۈن |
| (和田) خوتەن | (库车) كۇچا | (伊犁) غۇلجا |
| (上面) يۇقىرى | (下面) ئاست | (前面) ئالد |

### 二、名词的语法特征

### 2. ئىسىمنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1.有数、领属性人称和格的变化。例如：

1. سان، تەۋەلىك شەخس ۋە كېلىش بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئادەملەر (许多人) ئۆيلەر (许多房子) ئىشلار (许多事)

پىلانىمىز (我们的计划) پىلانىڭىز (你的计划) پىلانى (他的计划)

مەكتەپ (学校) مەكتەپنىڭ (学校的) مەكتەپنى (把学校)

مەكتەپتە (在学校) مەكتەپكە (向学校) مەكتەپتىن (从学校)

مەكتەپتىكى (学校里的) مەكتەپتەك (象学校的)

مەكتەپكىچە (到学校为止) مەكتەپچە (学校那样的)

2.接受形容词、数量词和名词的修饰，不接受副词的修饰，例如：

2. سۈپەت، سان-مىقدار ۋە ئىسىملار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ، رەۋىشلەر تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ. مەسىلەن:

چوڭ مەيدان (大广场) گۈزەل جاي (美丽的地方)

ئېگىز تاغ (高山) ئەرزان مال (便宜货)

بىر قوي (一只羊) ئىككى نەپەر ئىشچى (两位工人)

بىرىنچى قىسىم (第一部分) ئون نەچچە بالا (十几个小孩)

توپا يول (土路) دەريا بويى (河边)

بۇغداي ئۇنى (白面) پولات زاۋۇتى (钢铁厂)

3.有较强的构词能力，能构成名词，形容词、动词和副词。例如：

3. سۆز ياساش ئىقتىدارى نىسبەتەن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىسىم، سۈپەت، پېئىل، رەۋىش قاتارلىقلارنى ياساشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىش (事) — ئىشچى (工人) ئىش (事) — ئىشلە (做、干)

يول（路）— يولداش（同志）ئوي（想法）— ئويلا（想）

چاي（茶）— چايدان（暖水瓶）ئىز（足迹）— ئىزلە（寻找）

ئاساس（基础）— ئاساسەن（按照）دوست（朋友）دوستانە

（友好的）

ئەدەب（礼貌）— بىئەدەب（无礼貌的）

ئەخلاق（道德）— ئەخلاقىي（有道德的）

**4.在句中主要充当主语、谓语和宾语，也可充当定语和状语。例如：**

4. جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى شۇنىڭدەك ئېنىقلىغۇچى، ھالەت قاتارلىق جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قان ئوزۇقلۇق ماددىسىنى بەدەننىڭ ھەرقايسى

（主）（宾）（定）（定）

قىسىملىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

（状）（谓语）

血液把养料输送到身体的各个部分。

بايا كەلگەن ئادەم بىزنىڭ مۇئەللىم.

（主）（谓）

刚才来的人是我们老师。

## 第二节　名词的分类

## 2- پاراگراف ئىسىمنىڭ تۈرلىرى

1.名词按其指称的对象不同可分为五类：

كۆرسەتكەن ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن،

ئىسىملار تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1）指人的：

1) ئادەمنى بىلدۈرىدىغانلىرى:

ئىشچى（工人） ئوقۇغۇچى（学生） كادىر（干部）

ئادەم（人） ئايال（妇女） تۇرسۇن（图尔逊）

2) نەرسىنى بىلدۈرىدىغانلىرى:

2）指物的：

ئات（马） كالا（牛） تاغ（山）

يەر（土地） دەريا（河） بۇغداي（小麦）

3）指时间的：

3) ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغانلىرى:

بۈگۈن（今天） ئەتە（明天） يەكشەنبە（星期天）

چۈش（中午） ھازىر（现在）

4）指处所的：

4) ئورۇننى بىلدۈرىدىغانلىرى:

ئۈرۈمچى（乌鲁木齐） قەشقەر（喀什） گېرمانىيە（德国）

ئامېرىكا（美国） ئاسىيا（亚洲） ياۋروپا（欧洲）

5）指方位的：

5) ئورۇن-تەرەپنى بىلدۈرىدىغانلىرى:

ئالد（前面） كەين（后面） يۇقىرى（上面）

ئاست（下面） ئىچكىرى（里面） تاشقىرى（外面）

2.名词按其指称的客观事物的实体性与抽象性的不同，又可分为两类：

2. ئىسىملار ئۆزلىرى كۆرسەتكەن ئوبيېكتىپ شەيئى-

نىڭ كونكرېتلىقىغا ياكى ئابستراكتلىقىغا ئاساسەن، ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1）抽象名词：

1) ئابستراكت ئىسىملار:

ئىدىيە （思想） ئەخلاق （道德） ئىستىل （作风）

تەسىرات （印象） ھېسسىيات （感觉） مۇھەببەت （感情）

2）具体名词：

2) كونكرېت ئىسىملار:

دەرەخ （树） تاش （石头） سائەت （表）

چاپان （衣服） كىتاب （书） نان （馕）

3.名词按其指称与概括的类别性质不同，也分为两类：

3. ئىسىملار ئۆزلىرى كۆرسەتكەن شەيئىنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن يەنە ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1）专有名词：

1) خاس ئىسىملار:

表示人、地方、机构、书籍、民族类别等专有名称的名词称为专有名词。例如：

ئادەم، ئورۇن-جاي، ئىدارە، كىتاب، مىللەت قاتارلىقلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار خاس ئىسىملار دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۈرۈمچى （乌鲁木齐） بېيجىڭ （北京）

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى （联合国）

«شىنجاڭ گېزىتى» （新疆日报） ئۆزبېك （乌孜别克）

ئۇيغۇر (维吾尔) ئەخمەتجان (阿合买提江)
شىنجاڭ داشۆسى (新疆大学)

2）普通名词：

2) تۈردەش ئىسىملار:

表示同类事物总称的名词称为普通名词。例如：

بىر تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار تۈردەش ئىسىملار دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

تاغ (山) دېڭىز (海) گۈل (花)

ئوت (草) كىتاب (书) شەھەر (城市)

دۆلەت (国家) كىيىم (衣服) كىنو (电影)

بۇغداي (小麦) دەرەخ (树木) هايۋان (动物)

## 第三节 名词"数"的概念

## 3-پاراگراف ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى

### 一、名词的"数"概念

### 1. ئىسىملاردىكى سان ھەققىدە چۈشەنچە

名词的数是指名词所表示事物的数量的语法范畴。现代维语的名词有单数和复数的区别，名词的原形就是名词的单数形式。其复数形式是在名词词干上缀接 لار/لەر 构形词尾构成。例如：

ئىسىمدا ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ سانىنى بىلدۈرىدىغان گراماتىكىلىق كاتېگورىيە ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى دېيىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار بىرلىك ۋە كۆپلۈكتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلگە ئىگە.

ئىسىملارنىڭ بىرلىكى ئەسلى شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، ئىسىم ئۆزەكلىرىگە «ـلار/ـلەر» نى قوشۇش بىلەن كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملار ھاسىل قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىشچى (工人) ئىشچىلار (工人们)

ئىدارە (机关) ئىدارىلەر (许多机关)

## 二、名词单数的意义和用法

## 2. بىرلىك ساندىكى ئىسىملارنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

1.表示一个事物。例如：

1. بىرلا شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ مەكتەپ ئانچە چوڭ ئەمەس.

我们学校不太大。

مۇشۇ ئەسكەر بىرنەچچە قېتىم يارىلانغان.

这位士兵受过几次伤。

2.表示事物的全体。例如：

2. شەيئىنىڭ ئومۇمىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بېلىق سۇدا ياشايدۇ.

鱼生活在水里。

تىل ـ ئالاقىلىشىش قورالى.

语言是交际的工具

## 三、名词复数的意义和用法

## 3. كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملارنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

1.表示两个或两个以上的同类事物。例如

1. بىر تۈردىكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ ئۆيدىكى بالىلار تەنھەرىكەتكە ئامراق.

我们家的小孩都爱好运动。

مۇشۇ قاتناش ۋەقەسىدە ئۆلگەن ئادەملەر كۆپمۇ؟

这次交通事故中死的人多吗?

2.有些普通名词一般不缀接复数词尾，既使缀接了复数词尾，也不表示复数，只表示同类事物。这类词都是不可数名词。例如：

2. بەزى تۈردەش ئىسىملارغا ئادەتتە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. قوشۇلغان ھالەتتىمۇ كۆپلۈكنى ئەمەس، پەقەت بىر تۈردىكى شەيئىنىلا بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل ئىسىملار كۆپىنچە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىملاردۇر. مەسىلەن:

ماي – مايلار 各种油　سۈت – سۈتلەر 各种奶　ئۈن – ئۈنلار 各种面粉

سۇ – سۇلار 各种水　گۆش – گۆشلەر 各种肉　نۇر – نۇرلار 各种光

3.有些表示单一事物或成对事物的名词，缀接复数词尾亦不表示复数意义，而具有强调、烘托、渲染等语义色彩。例如：

3. بەزى تاق ياكى جۈپ شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلسا، كۆپلۈكنى ئەمەس، بەلكى تەكىتلەش، گەۋدىلەندۈرۈش، ئاشۇرۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كۆزلىرىم تىلىپ كەتتى.

我的眼睛花了。

يۈرەكلىرىم دۈپۈلدەپ كەتتى.

我的心砰砰直跳

4.专有名词缀接复数词尾时，表示与它有关的同一类人或物，或者，表示它具有某种代表性。例如，

4. خاس ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى قوشۇلسا، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەم ياكى شەيئىلەر توپىنى ياكى ئۇنىڭ مەلۇم ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز بېيجىڭلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

我们参观了北京等地。

ئابلىزلار دائىم ئۇچار تەخسە توغرىسىدىكى ماقالىلەرنى كۆرىدۇ.

阿布力孜他们经常看有关飞碟的文章

5.有些复合名词本身就代表复数，这类名词缀接不缀接复数词尾都一样。这类名词常见的有：

5. بەزى قوشما ئىسىملار كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلسىمۇ، قوشۇلمىسىمۇ كۆپلۈكنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئىسىملار تۆۋەندىكىچە:

بالا-چاقا （家眷） چىنە-قاچا （碗筷）

ئورۇن-كۆرپە （铺盖） تاغ-دەريا （山河）

سۆز-چۆچەك （议论） پەن-تېخنىكا （科技）

6.由 «-لىغان/-لىگەن، لاپ/-لەپ» 等构成的约数词修饰名词时，该名词缀接不缀接复数词尾均可。例如：

6. «-لىغان/-لىگەن، -لاپ/-لەپ» قوشۇمچىلىرى-

دىن ياسالغان مۆلچەر سانلار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ كەلگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشىسىمۇ، قوشمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. مەسىلەن:

مىڭلىغان كىشى — مىڭلىغان كىشىلەر (上千人)

ئونلاپ ئىشچى — ئونلاپ ئىشچىلار (几十个工人)

7.当«ئارتۇق، ئاز، كۆپ، نۇرغۇن، يېقىن»等形容词或由这些词组成的词组修饰名词时，缀接不缀接复数词尾均可。例如：

7. «ئارتۇق، ئاز، كۆپ، نۇرغۇن، يېقىن» قاتار-لىق سۈپەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سۆز بىرىكمىلىرى تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ كەلگەن ئىسىم-لارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشىسىمۇ، قوشمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بىر ئاتاقلىق يازغۇچى، كۆپ كىتاب (كىتابلارنى) يازغان.

他是位名作家，写过很多书。

بۈگۈن يىغىنغا نۇرغۇن ئادەم (ئادەملەر) قاتناشتى.

今天参许多加了会议。

سىزدە ئارتۇق بىلەت (بىلەتلەر) بولسا، ماڭا بەرسى-ڭىز بولۇپتىكەن.

你有多余的票请给我吧。

## 第四节 名词的“领属性人称范畴”

## 4 - پاراگراف ئىسىمنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى

## 一、名词“领属性人称”的概念

## 1. ئىسىملاردىكى شەخس ھەققىدە چۈشەنچە

名词的领属性人称是表示名词所指事物是属于谁或者什么所有的语法范畴，在现代维语里，名词具有第一人称、第二人称、第三人称的变化。第一人称和第二人称有单、复数的区别，第三人称则否。第二人称还有尊称。

ئىسىمدا ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ كىمگە ياكى نېمىگە تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە ئىسىملارنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى دېيىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار I شەخس II شەخس III شەخستىن ئىبارەت ئۈچ شەختە كېلىدۇ. I، II شەخسلەر بىرلىك، كۆپلۈك دەپ ئايرىلىدۇ. III شەخس بىرلىك، كۆپلۈك دەپ ئايرىلمايدۇ. II شەخس يەنە ھۆرمەت تۈرىگە ئىگە.

一般地说，当名词受名词、代词和名动词限定时，该名词就处于被领属地位，此时，它必须缀接与其限定语相一致的领属性人称词尾。例如：

ئادەتتە ئىسىملار ئىسىم، ئالماش، ھەرىكەت نامى تەرىپىدىن ئېنىقلانغاندا، ئېنىقلەنگۈچى ئورنىدا تۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئېنىقلاپ كەلگەن بۆلەك بىلەن مۇناسىپ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەكتەپنىڭ زالى （学校的礼堂）

بىزنىڭ مەقسىتىمىز （我们的目的）

تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى （调查的重要性）

(上学的好处) ئوقۇشنىڭ پايدىسى

在有些词组中，名词受名词或名动词修饰时也缀接领属性人称词尾。这时领属性人称词尾并不表示领属意义，只是这类词组的外部标志（有别于形容词，数词修饰名词的词组）。这类词组中的中心词所指的事物都具有其修饰语所指事物的功能、性质和特点等。例如：

بەزى سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى ئىسىملار ئىسىم ياكى ھەرىكەت ناملىرى تەرىپىدىن ئېنىقلانغاندىمۇ ئۇلارغا شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. بۇ چاغدا شەخس قوشۇمچىلىرى تەۋەلىكنى ئەمەس، بەلكى بۇ سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تاشقى بەلگىسىنىلا بىلدۈرىدۇ (سۈپەت، سانلار ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان سۆز بىرىكمىلىرىدىن پەرقلىنىدۇ). بۇخىل سۆز بىرىكمىلىرىدىكى ئېنىقلانغۇچى تەركىبتە ئىپادىلەنگەن شەيئى ئېنىقلىغۇچى تەركىب ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ رولىنى، خاراكتېرىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدۇ. م:

| | |
|---|---|
| (宿舍楼) ياتاق بىناسى | (泻药) سۈرگە دورىسى |
| (广播电台) رادىئو ئىستانسىسى | (歌剧团) ئوپېرا ئۆمىكى |
| (玉米面) قوناق ئۇنى | (客运站) قاتناش بېكىتى |
| (教学楼) ئوقۇتۇش بىناسى | (出路) چىقىش يولى |
| (检查室) تەكشۈرۈش ئۆيى | (进口) كىرىش ئىشىكى |

## 二、名词"领属性人称"词尾的用法

## 2. ئىسىملاردىكى شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى

1. 以元音结尾的非圆唇音节名词后，第一人称单数缀接

«م-» 复数缀接«مىز-»；第二人称单数缀接 «ڭ-»，«ڭىز-» 复数缀接 «ڭلار-»．尊称只有单数，缀接 «لىرى-»，第三人称单数和复数均缀接 «سى-» 词尾。例如：

1. سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن ئىسىملارغا I شەخستە بىرلىك ئۈچۈن «م»، كۆپلۈك ئۈچۈن «مىز-»؛ II شەخستە بىرلىك ئۈچۈن «ڭ-»،«ڭىز-» كۆپلۈك ئۈچۈن «ڭلار-» قوشۇلىدۇ، ھۆرمەت تۈرىنىڭ بىرلىك شەكلىلا بولۇپ، «لىرى-» قوشۇلىدۇ؛ III شەخستە بىرلىك، كۆپلۈك ئۈچۈن بىردەك «سى-» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| 第一人称 | I شەخس | |
| （我的母亲） | م — ئانام | ئانا + |
| （我们的母亲） | مىز — ئانىمىز | |
| 第二人称 | II شەخس | |
| （你的母亲） | ڭ — ئاناڭ | |
| （您的母亲） | ڭىز — ئانىڭىز | ئانا + |
| （你们的母亲） | ڭلار — ئاناڭلار | |
| （您的母亲） | لىرى — ئانىلىرى | |
| 第三人称 | III شەخس | |
| （他的母亲） | سى — (ئۇنىڭ) ئانىسى | ئانا + |
| （他们的母亲） | سى — (ئۇلارنىڭ) ئانىسى | |

2. 以辅音结尾的由非圆唇元音构成的单音节或多音节名词后，第一人称单数缀接«ىم-»，复数缀接«ىمىز-»；第二人称单数缀接«ىڭ-»«ىڭىز-»，复数缀接«ىڭلار-»尊称只有单数，缀接«لىرى-»，第三人称单数和复数均缀接«ى-»词尾。例如：

2. ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان، لەۋلەشمە-
گەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ياكى
كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملارغا I شەخستە بىرلىك ئۈچۈن
«-ىم» كۆپلۈك ئۈچۈن «-ىمىز»؛ II شەخستە بىرلىك ئۈچ-
ۈن «-ىڭ» «-ىڭىز» كۆپلۈك ئۈچۈن «-ىڭلار»، قوشۇلىدۇ.
ھۆرمەت تۈرىنىڭ بىرلىك شەكلىلا بولۇپ، «-لىر-
ى» قوشۇلىدۇ؛ III شەخستە بىرلىك، كۆپلۈك ئۈچۈن بىردەك
«ى» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

第一人称 I شەخس

ئات + ىم — ئېتىم (我的马)
ئات + ىمىز — ئېتىمىز (我们的马)

دەپتەر + ىم — دەپتىرىم (我的本子)
دەپتەر + ىمىز — دەپتىرىمىز (我们的本子)

第二人称 II شەخس

قەلەم + ىڭ — قەلىمىڭ (你的钢笔)
قەلەم + ىڭىز — قەلىمىڭىز (您的钢笔)
قەلەم + ىڭلار — قەلىمىڭلار (你们的钢笔)
قەلەم + لىرى — قەلەملىرى (您的钢笔)

第三人称 III شەخس

ئات + ى — (ئۇنىڭ) ئېتى (他的马)
ئات + ى — (ئۇلارنىڭ) ئېتى (他们的马)

قەلەم + ى — (ئۇنىڭ) قەلىمى (他的钢笔)
قەلەم + ى — (ئۇلارنىڭ) قەلىمى (他们的钢笔)

3. 以辅音结尾的，由圆唇元音构成的单音节或多音节名词后，第一人称单数缀接 «-ۇم/-ۈم»，复数缀接 «-ىمىز»，

第二人称单数缀接 «-ئۇڭ/-ئۈڭ» «-ىڭىز»，复数缀接 «-ئۇڭلار/-ئۈڭلار»，尊称只有单数。缀接 «-لىرى» 第三人称单数复和数均缀接 «ى» 词尾。例如：

3. ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ياكى كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملارغا I شەخستە بىرلىك ئۈچۈن «-ئۇم/-ئۈم» «ىمىز» كۆپلۈك ئۈچۈن I شەخستە بىرلىك ئۈچۈن «-ئۇڭ/-ئۈڭ» «ىڭىز» كۆپلۈك ئۈچۈن «-ئۇڭلار/-ئۈڭلار» قوشۇلىدۇ؛ ھۆرمەت تۈرىنىڭ بىرلىك شەكلىلا بولۇپ، «-لىرى» قوشۇلىدۇ، III شەخستە بىرلىك، كۆپلۈك ئۈچۈن بىردەك «ى» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

第一人称 I شەخس

| | | |
|---|---|---|
| قول + | ئۇم — قولۇم | （我的手） |
| | ىمىز — قولىمىز | （我们的手） |
| سۆز + | ئۈم — سۆزۈم | （我的话） |
| | ىمىز — سۆزىمىز | （我们的话） |
| سوپۇن + | ئۇم — سوپۇنۇم | （我的肥皂） |
| | ىمىز — سوپۇنىمىز | （我们的肥皂） |

第二人称 II شەخس

| | | |
|---|---|---|
| قول + | ئۇڭ — قولۇڭ | （你的手） |
| | ئۇڭلار — قولۇڭلار | （你们的手） |
| سۆز + | ئۈڭ — سۆزۈڭ | （你的话） |
| | ئۈڭلار — سۆزۈڭلار | （你们的话） |
| ئۇتۇق + | ئۇڭ — ئۇتۇقۇڭ | （你的优点） |
| | ئۇڭلار — ئۇتۇقۇڭلار | （你们的优点） |

第三人称　　　　　　III شەخس

(他的手)　(ئۇنىڭ) قولى — ى } + قول
(他们的手)　(ئۇلارنىڭ) قولى — ى

(他的话)　(ئۇنىڭ) سۆزى — ى } + سۆز
(他们的话)　(ئۇلارنىڭ) سۆزى — ى

注：

混合音节构成的名词后缀接领属性人称词层时，要按其最后一个音节是圆唇元音还是非圆唇元音构成的音节来决定。例如：

ئەسكەرتىش: ئارىلاش سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن ئىسىملارغا ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن ياكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ قوشۇمچە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

(我的问题)　سوئالىم — ىم } + سوئال
(我们的问题)　سوئالىمىز — ىمىز

(你的武器)　قورالىڭ — ىڭ } + قورال
(你们的武器)　قورالىڭلار — ىڭلار

(他的耳朵)　(ئۇنىڭ) قۇلىقى — ى } + قۇلاق
(他们的耳朵)　(ئۇلارنىڭ) قۇلىقى — ى

4. 当名词词组受属格限定语限定时，该词组的中心词的领属性人称应同该限定语的人称相一致。例如：

4. ئىگىلىك كېلىشىدىكى ئېنىقلىغۇچى تەركىب ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىنى ئېنىقلاپ كەلسە، سۆز بىرىكمىسىدىكى باش بۆلەك شەخس جەھەتتە ئېنىقلىغۇچى تەركىب بىلەن ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ + ئوقۇتۇش بىناسى — بىزنىڭ ئوقۇتۇش بىنايىمىز.

（我们的教学楼）

مېنىڭ + چىقىش يولى — مېنىڭ چىقىش يولۇم

（我的出路）

5.当名词受属格词组限定时，该名词一般缀接第三人称领属性词尾。例如：

5. ئىگىلىك كېلىشلىك سۆز بىرىكمىسى تەرىپىدىن ئېنىقلانغان ئىسىملار ئادەتتە III شەخس قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ ئاكامنىڭ + ئاغىنە — مېنىڭ ئاكامنىڭ ئاغىنىسى

（我哥哥的朋友）

سىلەرنىڭ مەكتەپنىڭ + ئوقۇغۇچىلار — سىلەرنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى

（你们学校的学生）

6.当名词受属格第一人称或第二人称复数代词的限定时，该名词的领属性第一人称或第二人称复数词尾可以省略。例如：

6. ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن I، II شەخس كىشىلىك ئالماشلىرىنىڭ كۆپلۈك شەكلى تەرىپىدىن ئېنىقلانغان ئىسىملارغا I، II شەخس كۆپلۈك شەخس قوشۇمچىسىنى قوشمىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ ۋەتەن （我们的祖国）

بىزنىڭ سىنىپ （我们班）

بىزنىڭ مەكتەپ （我们学校）

سىلەرنىڭ ئۆي （你们家）

سىلەرنىڭ ياتاق （你们宿舍）

سىلەرنىڭ يۇرت （你们家乡）

## 名词领属性人称词尾变化表

ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش جەدۋىلى

| 人称 شەخس / 缀接法 قوشۇلۇشى / 音节 بوغۇم | 单数 بىرلىك 第一人称 I شەخس | 单数 第二人称 II شەخس 普称 ئاددىي تۈر | 单数 第二人称 II شەخس 尊称 ھۆرمەت تۈرى | 单数 第三人称 III شەخس | 复数 كۆپلۈك 第一人称 I شەخس | 复数 第二人称 II شەخس 普称 ئاددىي تۈر | 复数 第三人称 III شەخس |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 元音 سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقاندا | م | ڭ / ڭىز | ڭلىرى | سى | مىز | ڭلار | سى |
| 辅音 ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقاندا — 非圆唇音节 لەۋلەشمىگەن سوزۇقلۇق بوغۇمدا | ىم | ىڭ / ىڭىز | | ى | ىمىز | ىڭلار | ى |
| 辅音 — 圆唇音节 لەۋلەشكەن سوزۇقلۇق بوغۇمدا — 后元音 كاپقا سوزۇق تاۋۇش بولسا | ۇم | ۇڭ / ۇڭىز | | | | ۇڭلار | |
| 辅音 — 圆唇音节 — 前元音 ئىنچىكە سوزۇق تاۋۇش بولسا | ۈم | ۈڭ / ۈڭىز | | | | ۈڭلار | |

# 第五节　名词的格的范畴

# 5 - پاراگراف. ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى

## 一 名词的“格”的概念

## 1 - ئىسىمدىكى كېلىشلەر ھەققىدە چۈشەنچە

格是说明句法结构中名词与名词，名词与动词或名词与其他词之间种种关系的语法范畴。名词一旦进入句法结构，就具有一定的格的形式。这时，格就表明了该名词的句法功能，决定了该名词在不同结构中的作用。由于名词缀接不同格而引起的名词语法形式的变化，称为名词的变格。

سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدا ئىسىم بىلەن ئىسىم، ئىسىم بىلەن پېئىل ۋە باشقا سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىدىغان گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە كېلىش دېيىلىدۇ. ئىسىملار سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىغا كىرىش بىلەنلا مەلۇم كېلىش شەكلىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ چاغدا كېلىش ئىسىمنىڭ سىنتاكسىسلىق رولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئىسىمنىڭ قۇرۇلمىدىكى تۈرلۈك رولىنى بەلگىلەيدۇ. ئىسىملارغا تۈرلۈك كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشتىن شەكىللەنگەن مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ئىسىمنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى دېيىلىدۇ.

### 名词的格的分类

### ئىسىمدىكى كېلىشلەرنىڭ تۈرلىرى

现代维语中有主格、属格、宾格、向格、从格、时位格、界

限格、范围格、相似格和量似格十种。分述如下：

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ باش كې-
لىش، ئىگىلىك كېلىش، چۈشۈم كېلىش، يۆنىلىش كېلىش،
چىقىش كېلىش، ئورۇن پەيت كېلىش، چەك كېلىش،
ئورۇن - بەلگە كېلىش، ئوخشىتىش كېلىش، تەڭلەشتۈرمە
كېلىش قاتارلىق ئون خىل كېلىش شەكلى بار.

### 1. 主格　　1. باش كېلىش

名词的主格即词干本身，它没有专门的构形词尾，而是以零形式出现。

主格名词一般表示行为，动作的主体，在句中回答？نېمە ？كىم 等问语。主格名词主要充当句子中的主语和谓语。例如

ئىسىملارنىڭ باش كېلىش شەكلىنىڭ مەخسۇس قو-
شۇمچىسى يوق، ئادەتتە ئىسىم ئۆزىكى يەنى نۆل بەلگە
ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. باش كېلىشتىكى ئىسىملار ئىش-
ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە «كىم؟، نې-
مە؟» قاتارلىق سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىدە
ئادەتتە ئىگە، خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(谓语)(主语)لۇشۈن — جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى.

鲁迅是中国的伟大作家。

(主语)كەڭ دېھقانلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئاتلاندى.

广大农民已投入了春耕。

### 2. 属格　　2. ئىگىلىك كېلىش

用来表示人或事物的领属关系的格称为属格。名词的属格形式是名词词干缀接 -نىڭ 词尾构成，在句中回答 ？قەيەرنىڭ

كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟ 等问语。属格名词通常充当句子中定语，有时也充当主语和谓语。例如：

ئادەم ۋە شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش ئىگىلىك كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئىسىم ئۆزەكلىرىگە «نىڭ» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ، ئۇ جۈملىدە «كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟ قەيەرنىڭ؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە ئادەتتە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، بەزىدە ئىگە ۋە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەكتىپىمىزنىڭ قىياپىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. (定语)

我们学校的面貌发生了巨大变化。

قۇرۇق ئۈزۈم شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى.

葡萄干是新疆的地方特产之一。

سېنىڭ ياخشى، مېنىڭ ياخشى ئەمەس. (主语)

你的好，我的不好。

مەن كارىدوردىن تېپىۋالغان سائەت دىلشاتنىڭ. (谓语)

我在走廊里捡到的表是地里夏提的。

属格的用法 ئىگىلىك كېلىشنىڭ قوللىنىلىشى

1. 代词、数词和名物化形容词作领属性限定语时，必须缀接属格词尾。例如

1. ئالماش، سان ۋە ئىسىملاشقان سۈپەتلەر ئېنىق-

لىسغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئارقىسىغا ئىگىلىك كېلىش
قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ بالام (我的孩子)

ئۇلارنىڭ كىتابلىرى (他们的书)

تۆتىنىڭ بىرى (四个里的一个)

ياخشىنىڭ شاراپىتى تېگەر (接近好人受惠)

2.名词性词组作限定语时必须缀接属格词尾。例如：

2. ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ئېنىقلى-
غۇچى بولغاندا، ئارقىسىغا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى
قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى (这个学校的教师们)

يېڭى مالنىڭ باھاسى (新货物的价格)

ئۈرۈمچى شەھەرنىڭ ئاھالىسى (乌鲁木齐市的人口)

3.名词性词组充当被限定语时，其限定语必须缀接属格词尾。例如：

3. ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى ئېنىقلان-
غۇچى بولۇپ كەلسە، ئېنىقلىغۇچىغا ئىگىلىك كېلىش قو-
شۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆينىڭ ھەممە ئىشلىرى (所有的家务事)

كارىزنىڭ سۈزۈك سۈيى (坎尔井的清水)

مەكتەپنىڭ يېڭى زالى (学校的新礼堂)

4.带领属性人称词尾或复数词尾的名词充当限定语时，必须缀接属格词尾。例如

4. شەخس قوشۇمچىلىرى ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلسە، ئارقىسىغا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ياتىقىمىزنىڭ ئىشىكى (我们宿舍的门)

سۆزلەرنىڭ مەنىسى (词汇的意义)

ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى (学生的人数)

5.人名充当限定语时，必须缀接属格词尾。例如

5. ئادەم ئىسىملىرى ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلسە، ئارقىسىغا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئابىدەنىڭ يولدىشى (阿比代的爱人)

دىلمۇراتنىڭ كەمچىلىكى (地木拉提的缺点)

قادىرنىڭ دادىسى (卡德尔的父亲)

6.限定语和被限定语都是名词时，领属关系往往不借助属格而直接用词序表示。但，被限定语一般要缀接领属词尾。例如

6. ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلىغۇچىنىڭ ھەر ئىككىسى ئىسىم بولسا، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئىگىلىك كېلىش بىلەن ئەمەس، بىۋاسىتە ھالدا سۆز تەرتىپى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئېنىقلىغۇچى سۆز ئادەتتە شەخس بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

دەريا سۈيى (河边)

دەرەخ يوپۇرمىقى (树叶)

(工作方法) خىزمەت ئۇسۇلى

7.在专有名词和固定词组中，领属关系往往不借助属格而直接用词序来表示。例如：

7. خاس ئىسىملار ۋە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىدە تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئىگىلىك كېلىش بىلەن ئەمەس، سۆز تەرتىپى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

(中华人民共和国) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى

(新疆日报) شىنجاڭ گېزىتى

(天安门广场) تيەنئەنمېن مەيدانى

8.几个并列领属成分限定同一个被领属成分时，如果无须特别强调，前几个领属成分不缀接属格词尾，但最后一个领属成分必须缀接属格词尾。例如：

8. تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى بىرقانچە ئىنىقلىغۇچى تەركىب بىر ئىنىقلىغۇچى تەركىپنى ئىنىقلاپ كەلسە، ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئالدىنقى بىرقانچە ئىنىقلىغۇچى تەركىپكە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. ئەمما ئاخىرقى ئىنىقلىغۇچى تەركىبكە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى.

(农业、牧业、林业的发展)

ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى

(大学、中学和小学的学生)

جۇڭگو، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭ ھۆكۈمەت ۋەكىل-
لەر ئۆمەكلىرى

（中国、美国和日本的政府代表团）

9.属格名词缀接构词词缀 كى 后，便具有名词特征，句法功能也增多，在句中可充当各种句子成分。例如：

9. ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىملارغا «-كى» قوشۇمچى-
سى قوشۇلسا، ئىسىم خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ ۋە سىنتاك-
سىسلىق رولى كۆپىيىپ، جۈملىلەردە ئىنىقلىغۇچىدىن باشقا
ھەرقانداق بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

主语 بۇ مېنىڭ چاپىنىم، ئىنىمنىڭكى ئىشكاپتا.

这是我的衣服，我弟弟的在衣柜里 。

谓语 بۇ گالستۇك ئابلىكىمنىڭكى.

这条领带是阿布里克木的。

状语 مۇئەللىمنىڭكىگە بارامدۇق؟

我们到老师家去一趟吗？

宾语 بۇ سېنىڭ سومكاڭمىكەن؛ مېنىڭكىنى كىم ئەكەتتى؟

这是你的提包吗？我的让谁拿走了？

3.宾格 3. چۈشۈم كېلىش

用来表示行为动作与客体的关系的格称为宾格。名词的宾格形式是名词词干缀接 نى 构形词尾构成，在句中回答«كىمنى؟»«نېمىنى؟» 等问语，宾格名词只能与及物动词连用，通常充当句子中的宾语。例如：

ئىش- ھەرىكەت بىلەن ئۇنىڭ ئوبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان كېلىش چۈشۈم كېلىش

دەپ ئاتىلىدۇ. چۈشۈم كېلىش ئىسىم ئۆزىگە «ـ نى» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە «كىمنى؟ نېمىنى؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىملار ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

پۇلۇمنى يانچۇقچىغا ئالدۇرۇپ قويدۇم.

我的钱让小偷偷走了。

باخنىڭ مۇزىكىسىنى دائىم ئاڭلايمەن.

我常听巴赫的音乐。

ھەرقانداق قىيىنچىلىق جۇڭگو خەلقىنى قورقۇتالمايدۇ.

任何困难都吓不倒中国人民

一般地说，宾语所表示的意义如果是特指的，宾语必须缀接宾格词尾；如果是泛指的，宾格可以省略。在这种情况下，宾格以零形式出现。

ئادەتتە، تولدۇرغۇچى ئېنىق بىرەر شەيئىنى كۆرسىتىپ كەلسە، ئۇ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدۇ؛ ئەگەر ئۇرغۇنلىغان نامەلۇم شەيئىلەرنى كۆرسىتىپ كەلسە، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنى قوشمىسىمۇ بولىدۇ. بۇ چاغدا تولدۇرغۇچى نۆل بەلگىلىك چۈشۈم كېلىش شەكلىدە كېلىدۇ.

### 宾格的用法　　چۈشۈم كېلىشنىڭ قوللىنىلىشى

1) 不带限定语的名词充当宾语而宾语和谓语之间又无其他成分时，该宾语不缀接宾格词尾。例如：

1. ئىسىملار ئېنىقلىغۇچىسىز كېلىپ تولدۇرغۇچى بولغان، تولدۇرغۇچى بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىدا باشقا تەركىب بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، تولدۇرغۇچىغا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار كىنو كۆرۈپ كېلىمىز دەپ كەتكەنىدى.

他们看电影去了。

ئۇ خۇشال ۋاقتىدا بىزگە ئىسكىرىپكا چېلىپ بېرىدۇ.

他高兴时会给我们拉小提琴的

مەن كۈندە ئىككى سائەت ئىنگلىزچە ئۆگىنىمەن.

我每天学两小时英语。

2) 受形容词或数词修饰的名词充当宾语，而宾语和谓语之间又无其他成分时，该宾语不缀接宾格词尾。例如：

2. سۈپەت ياكى سانلار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ كەلگەن ئىسىملار تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەندە، تولدۇرغۇچى بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىدا باشقا تەركىب بولمىسا، تولدۇرغۇچىغا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

يېنىمدا ئولتۇرغان قىز بۈگۈن قىزىل يوپكا كىيىۋاپتۇ.

坐在我旁边的女孩今天穿了条红裙子。

بۇ كېسەلنىڭ ئىشتىھاسى بەك ياخشى ئىكەن، ئۇ بىر نان يېگەندىن سىرت، يەنە بەش مانتا يەۋېتىپتۇ.

这个病人的食欲好得惊人，他吃了一个馕后，又吃了五个包子。

مەن خوتەندىن بىر گىلەم ئەكەلدىم.

我从和田买来了一条地毯。

3）专有名词充当宾语时必须缀接宾格词尾。例如：

3. خاس ئىسىملار تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەندە، چوقۇم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

هاشىمنى چاقىرىپ قويۇڭ.

请你叫一下哈西木。

بىز كىرگەندە ئۇ «قۇرئان»نى ئوقۇۋاتاتتى.

我们进来时，他正在看《古兰经》

بۇلتۇر بىز بېيجىڭدا بولغاندا خەلق سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

去年，我们在北京时参观了人民大会堂。

4）宾语带名词复数词尾 «-لەر / -لار» 时，必须缀接宾格词尾，例如：

4. كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ئىسىملار تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلسە، چوقۇم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولدۇق.

我们把作业做完了。

بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆردۇق.

为了写这本书我们参阅了很多资料

قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. چىراغلارنى ياندۇرۇپ قويايلى.

天黑了，我们把灯打开吧。

5) 宾语若带领属性人称词尾，必须缀接宾格词尾。例如：

5. شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەن ئىسىملار تولدۇرغۇچى بولغاندا، چوقۇم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

مەن پىكرىڭىزنى سەمىمىي قوبۇل قىلىمەن.

我诚恳地接受你的意见。

چېچىڭىزنى ئالدۇرۇۋېتىڭ، ئۆسۈپ كەتمىسۇن.

把你的头发理了吧，别留得太长了。

نېمە دەۋاتىسەن؟ گېپىڭنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەنغۇ.

你说的是什么？我怎么听不懂你的话。

6) 宾语受代词限定时，必须缀接宾格词尾。例如：

6. ئالماشلار تەرىپىدىن ئېنىقلانغان تولدۇرغۇچىغا چوقۇم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

بۇنداق كېسەلنى ئوپېراتسىيە بىلەن داۋالىمىسا بولمايدۇ.

这种病非动手术不可。

ئاڭلىشىمچە، بىر مۇزىكانت ئۆزىنىڭ دوستى ئۈچۈن بۇ ناخشىنى يازغان.

我听说这首歌是一个音乐家为他的朋友而作的。

مەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايمەن.

我解决不了这个问题。

7) 宾语和谓语之间若出现其他成分，或者宾语提前时，宾语必须缀接宾格词尾。例如：

7. تولدۇرغۇچى بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىدا باش-

قا ئەركىب بولسا، ياكى تولدۇرغۇچىنىڭ ئورنى ئالدىغا سۈرۈلسە، تولدۇرغۇچىغا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ۋەتەننى قىزغىن سۆيىمىز.

我们热爱祖国。

دىلنۇر نوتا بىلمىگەن بىلەن ناخشىنى يېقىملىق ئېيتىدىكەن.

迪丽努尔不识乐谱，但歌却唱得很好听

ئاچقۇچنى مەن ئالمىدىم، ئەركىن ئەكەتتى.

钥匙我没拿，艾尔肯拿走了。

دېڭىزنى مەن كۆرۈپ باقمىغان، سىزچۇ؟

我没有见过海，你见过吗?

8) 除名词外，其他词类充当宾语时，必须缀接宾格词尾。例如：

8. ئىسىمدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرى تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلسە، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مە-سىلەن:

ئۆزۈڭنى ياخشىراق تەكشۈرتۈپ باق. (代词)

你好好检查一下自己。

تاھىر ئىككىنى ئالدى. مەن بەشنى ئالدىم. (数词)

塔依尔拿了两个，我拿了五个。

ئۆتكەندە ئارىيەت ئالغاننى قايتۇرۇڭ. (形动词)

请把你上次借的还来。

ئىنسانلار ئالغا بېسىشنى خالايدۇ. (动名词)

人类是要进步的。

（形容词）　　　　ياخشىنى سىزگە بېرەي.

把好的给你。

9）凡需要强调宾语，加重语气时，宾语必须缀接宾格词尾。例如：

9. تولدۇرغۇچى تەكىتلىنىپ، ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتىشكە توغرا كەلگەندە چوقۇم كىلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

مەن خەتنى ئەمەس، ماقالىنى يازدىم.

我没写信，写的是稿子。

ئۇ بىر ھېسسىياتسىز ئادەم، يا ئەدەبىياتتىن خەۋىرى يوق، يا قىزىقچىلىقنى بىلمەيدۇ.

他是个很乏味的人，既不懂文学，又缺乏幽默感。

ئۇ پەقەت رۇسچىنى بىلىدۇ، باشقا چەت ئەل تىلىنى بىلمەيدۇ.

他只懂俄语，不懂其他外语。

10）多项并列词组充当宾语时，如果无须强调，则前几项不缀接宾格词尾，但最后一项必须缀接。例如：

10. كۆپ بۆلەكلىك تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرى تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلسە، تەكىتلەش زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئالدىنقى بىرقانچىسىگە چوقۇم كىلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ، ئەڭ ئاخىرقىسىغا قوشۇلىدۇ، مەسىلەن:

بىزنىڭ مۇئەللىمىم مەشھۇر تىلشۇناس، ئۇ ئۇيغۇرچە،

ئۆزبېكچە، قازاقچە، ئىنگلىزچە ۋە رۇسچىنى بىلىدۇ.

我们的老师是个有名的语言学家，精通维语、乌孜别克语，哈萨克语，英语和俄语。

مەن باغچىغا ئالما، شاپتۇل ۋە نەشپۈتلەرنى تىكتىم.

我在园子里栽了苹果树，桃树和梨树。

ئۇ مۇز تېيىلىش، سۇ ئۈزۈش، توپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ.

他喜欢滑冰，游泳和打球。

### 4. يۆنىلىش كېلىش

### 4.向格

用来表示行为动作趋向的格称为向格。名词的向格形式是在名词词干上缀接 «ـ كە / ـ گە، ـ قا / ـ غا» 词尾构成，在句中回答 «نەگە؟ نېمىگە؟ كىمگە؟» 等问语向格名词一般充当句子中的状语。例如

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش يۆنىلىش كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ. يۆنىلىش كېلىش ئىسىم ئۆزەكلىرىگە «ـ غا / ـ قا / ـ گە / ـ كە» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىملار «كىمگە؟ نېمىگە؟ نەگە؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىدە ئادەتتە ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ دوكلاتنىڭ مەزمۇنىنى خاتىرىڭىزگە يېزىۋېلىڭ.

你把报告的内容记在笔记本上。

بىز يېزىغا بېرىپ ئۈچ ئاي ئەمگەك قىلدۇق.

我们去农村劳动了三个月。

بازارغا بارسىڭىز ماڭا بىر دەپتەر ئالغاچ كېلىڭ.

你要是上街，须便给我买一个本子来。

كەل، سېنى داداڭنىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن.

来，我带你去找你爸爸。

向格还表示下列各种意义：

يۆنىلىش كېلىش يەنە تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

1)表示事物本身固有的某种特征或该事物进入某种状态。例如：

1. شەيئىنىڭ ئەسلىدىن بار ئالاھىدىلىكىنى ياكى شەيئىنىڭ مەلۇم ھالەتكە كىرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئىشەنچ ۋە غەيرەتكە تولدۇق.

我们充满了信心和勇气。

دەل - دەرەخلەر بىخ چىقىرىشقا باشلىدى.

树木开始发芽了。

ئۇ بۇ يىل ئون بەشكە كىردى.

他今年十五了。

2)表示接近某种状态之意义。例如：

2. مەلۇم ھالەتكە يېقىنلىشىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئادەم ئۇنىڭ ئاكىسىغا بىرئاز ئوخشايدىكەن.

这人有点儿象他哥哥。

ھازىر سائەت ئون ئىككىگە بەش مىنۇت قالدى.

现在是十二点差五分。

سىز ماڭا يۆلىنىپ ئولتۇرۇڭ.

请你靠着我坐。

3）表示行为动作的目的，原因以及行为动作针对什么而进行例如：

3. ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى، سەۋەبى ۋە نېمىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

چوڭ ئادەملەر ئىشقا كەتتى، بالىلار ئۆيدە قالدى.

大人们干活去了，孩子们呆在家里。

مەن خەت سېلىشقا باردىم.

我发信去了。

تويىمىزغا شەخسەن ئۆزىڭىز قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزغا چىن دىلىمدىن خۇشالمەن.

您亲自来参加我俩的婚礼，我感到由衷的高兴。

سىلەرنىڭ ئىلتىپاتىڭلارغا كۆپ رەھمەت.

多谢你们的好意。

تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن.

祝你生日愉快。

4）表示行为动作的时间界限。例如：

4. ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاقىت چېكىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

ئۇنىڭ ئوغلى بۇ ئاياغنى بىر ئايغا بارمايلا يىرتىۋەتتى.

他儿子不到一个月就把这双鞋穿破了。

بۇ مەسىلە ھەل قىلىنماي بىر يىلغا سوزۇلدى.

这个问题拖延了一年一直没得到解决。

بۇ ئىش بىر سائەتكە قالمايلا تۈگىدى.

这活不到一个小时就干完了。

5) 表示事物的价值或交换之意。例如：

5. شەيئىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئالماشتۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىر يېرىم جىڭ ئاق ئۇنغا بىر جىڭ گۈرۈچ تېگىشتىم.

我用一斤半白面换了一斤大米。

بۈگۈنكى بىر كۈنىمىز ئۆتمۈشتىكى بىر يىلغا تەڭ.

如今的一天等于过去的一年。

مەن بۇ كىتابنى بىر سومغا ئالدىم.

这本书我是一块钱买的。

注（1）个别名词缀接的向格形式是 قە/غە 例如

ئەسكەرتىش ئايرىم ئىسىملارنىڭ يۆنىلىش كېلىش شەكلى «غە، قە» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

بىز خەلققە ئىشىنىشىمىز كېرەك.

我们要相信人民。

خەلققە، خەلقنىڭ؛ شەرققە - شەرقنىڭ، دەرەخقە - دەرەخنىڭ

2 人称代词 "مەن سەن" 缀接向格时不是 " سەنگە، مەنگە" 而是 "ماڭا، ساڭا"。例如

كىشىلىك ئالماش «مەن، سەن» گە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا «مەنگە، سەنگە» ئەمەس، بەلكى ساڭا، ماڭا بولىدۇ. مەسىلەن: بۇ گەپنى ساڭا دېمەي، ماڭا دەيدۇ.

这话他不给你讲，要给我讲。

## 5. 从格

## 5. چىقىش كېلىش

用来表示行为动作的起点或来源的格称为从格。名词的从格形式是名词词干缀接 «ـ دىن/ ـ تىن» 词尾构成，在句中回答 «نەدىن؟ كىمدىن؟» 等问语，从格名词一般充当句子中的状语。例如：

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ياكى مەنبە-
سىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش چىقىش كېلىش دەپ ئاتى-
لىدۇ. چىقىش كېلىش ئىسىم ئۆزەكلىرىگە «ـ دىن/ ـ
تىن» قوشۇمچىسى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. چى-
قىش كېلىشتىكى ئىسىملار «كىمدىن؟ نەدىن؟» دېگەن-
دەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىپ، جۈملىدە ھالەت
بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز بايىلا <u>سىنىپتىن</u> كەلدۇق.

我们刚刚从教室来。

ئۇ <u>ماشىنىدىن</u> چۈشۈپلا ئارقىسىغا قاراپ قاچتى.

他一下车就转身跑了。

<u>سىزدىن</u> بىر نەرسە سورىماقچىمەن.

我想向你借个东西。

从格除了表示上述意义外，还表示下列各种意义：

چىقىش كېلىش يۇقىرىقى مەنىلەرنى بىلدۈرگەن-
دىن سىرت، يەنە تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1)表示行为动作开始的时间，在这种情况下从格经常与时间名词连用。例如：

1. ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى بىلدۈ-
رىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ دائىم ۋاقىت ئىسىملىرى بىلەن بىللە

ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈندىن باشلاپ سىز مۇشۇ ئىشخانىدا ئىشلەيسىز.

从今天起，你就在这个办公室上班。

ئۇ ماڭا بۇرۇندىن تونۇش ئىدى.

我以前就认识他。

ئۇنىڭ ھەدىسى بۇلتۇردىن تارتىپ ئوقۇتقۇچى بولدى.

他姐姐从去年起就当了教师。

2）表示行为动作的原因。例如：

2. ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

他高兴得嘴都合不上了。

ئۇ غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى.

他气得肺都快炸了。

قادىرنىڭ دادىسى كېسەل ئازابىدىن ئۆلۈپ كەتتى.

卡德尔的父亲病故了。

3）表示事物由什么原料组成。例如：

3. شەيئىنىڭ خام ماتېرىيالىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شېكەر قىزىلچىدىن ياكى شېكەرقومۇشتىن ياسىلىدۇ.

沙糖由甜菜或甘蔗制成。

ھازىر ماگىزىنلاردا خىمىيىۋى تالادىن توقۇلغان رەختلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

现在各门市部里化学纤维面料很多。

مەن تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان بىر پوپايكا سېتىۋالدىم.

我买了一件驼绒毛衣

4)表示行为动作的实现方式。例如

4. ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىش شەكلىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ماشىنىلار چوڭ يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ شەرققە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

一辆辆汽车穿过大路，向东边急驶过去。

كېلىۋاتقان ھېلىقى كىشىگە دېرىزىدىن قاراپ تۇردۇم.

我从窗户看着走过来的那个人。

ئەگەر بىز ھوشيار بولمىساق، ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدۇ.

如果我们不警惕，他们就会乘机捣乱。

5)表示事物的价格或比较。例如：

5. شەيئىلەرنىڭ باھاسىنى ياكى سېلىشتۇرۇشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ سارجىنىڭ مېترىنى 28 يۈەندىن ئالدىم.

这块毛料我是每米二十八元买的。

ئۇنىڭ ئۆگىنىشى مېنىڭكىدىن ياخشى.

他的学习比我的好。

شاڭخەي شەھىرى بېيجىڭ شەھىرىدىن چوڭ ئىكەن.

上海市比北京大。

6) 表示整体的一部分。例如：

6. بىر پۈتۈن نەرسىنىڭ مەلۇم بۆلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن ساۋاقداشلاردىن ئىككىسى كەلمىدى.

今天有两个同学没有来。

مەن ئىرىس كەنپۇتتىن بىر كىلو سىتىۋالدىم.

我买了一公斤奶油糖。

بۈگۈنكى چوڭ يىغىندا ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلىدىن ئۈچى سۆزگە چىقتى.

在今天的大会上，三名学生代表发了言。

7) 表示某些心理状态或表示行为动作的某种状态。

7. بەزى روھىي ھالەتلەرنى ياكى بەزى ھەرىكەت ھالەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ يالغاندىن ئۇخلىۋاپتۇ.

他在装睡。

مەن قورقىنىمدىن يىغلاپ تاشلىدىم.

我吓哭了。

8) 表示事物的出处或范围。例如：

8. شەيئىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ياكى دائىرىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس

维吾尔语基础。

مەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلىدىن دەرس بېرىمەن

我给民族学生教汉语。

ئۇلار ئەتە تارىختىن ئىمتىھان بېرىدۇ.

他们明天考历史。

9.表示事物的平均量。例如：

٩. ھەيئىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھەر بىرىمىزگە ئىككىدىن تەگدى.

我们每人分到两个。

مۇشۇ دورىنى كۈندە بىردىن ئۈچ ۋاخ ئىچىڭ.

这药一天三次，一次喝一片。

ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بىر بىردىن كىرىڭلار.

站好队，一个一个地进。

## 6.时位格　　٦. ئورۇن-پەيت كېلىش

用来表示行为动作或事物发生，存在的时间或空间的格称为时格位。名词的时位格形式是名词词干缀接«-تە/-دە/-تا/-دا»词尾构成在句中，回答«قايەردە؟ نىمىدىن؟ كىمدە؟»等问语，时位格名词主要充当句子中的状语，也可充当谓语。例如：

ئىش-ھەرىكەت ياكى شەيئىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە مەۋجۇت بولۇش ۋاقتىنى ياكى ئورنىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش ئورۇن-پەيت كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئورۇن-پەيت كېلىش ئىسىم ئۆزەكلىرىگە «-دا/-تا/-دە/-تە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللىنىدۇ. ئورۇن-پەيت كېلىشتىكى ئىسىملار «كىمدە؟ نېمىدە؟ قەيەردە؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

بەزىدە خەۋەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

ھەر يىلى 5 ـ ئايدا مەكتىپىمىزدە يىنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

每年五月，我们学校都举行田径比赛。

ئۇلار سائەت بەشلەردە يولغا چىققان ئوخشايدۇ.

他们好象是五点左右出发的。

تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق.

趁热打铁。

مەندە بىر پۇڭمۇ يوق.

我连一分钱都没有。

ئەتە ئۈرۈمچىدە ھاۋا ئوچۇق، بەزىدە بۇلۇتلۇق بولىدۇ.

明天乌鲁木齐晴，有时多云。

بىزنىڭ ئۆي باغچىنىڭ نېرىسىدا.

我们家在公园那边。

سىز ئالىمەن دېگەن ھېلىقى كىتاب ئۇنىڭدا.

你要的那本书在他那儿。

时位格还表示下列意义：

ئورۇن ـ پەيت كېلىش يەنە تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

1）表示实现行为动作的工具和方法。例如：

1. ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى ۋاستە ۋە ئۇسۇلنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بېيجىڭدىن پويىزدا كەپتۇ.

他从北京坐火车来的。

بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش.

一箭双雕。

مەن قېرىنداشتا خەت يازدىم.

我用铅笔写了信。

2)表示行为动作的状态。例如：

2. ئىش - ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبىتى دوستانە كەيپىياتتا ئۆتتى.

中美两国代表的会谈是在友好的气氛中进行的。

ئۇ ئاچچىقىدا ئۆلۈۋالدى.

他一气之下死了。

7.界限格　　　　7. چەك كېلىش

用来表示动作或行为状态所持续的空间界限和时间界限的格叫做界限格。其形式是，名词词干缀接«- كىچە/ - قىچە/ - غىچە» 词尾构成。在句中回答«قايسى ۋاقىتقىچە؟ قەيەرگە؟ نەگىچە؟» 等问语界限格名词一般充当句子中的状语。例如：

ئىش - ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭ ھالىتىنىڭ داۋاملىشىشىدىكى ئورۇن چېكى ياكى ۋاقىت چېكىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش چەك كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ. چەك كېلىش ئىسىم ئۆزەكلىرىگە «- غىچە/ - گىچە / - قىچە/ - كىچە» قوشۇمچىسىنى قوشۇشتىن شەكىللىنىدۇ. چەك كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە «نەگىچە؟ قايەرگىچە؟ قاچانغىچە؟ قايسى ۋاقىتقىچە؟دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىدە

ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز دەريا بويىغىچە ئات چاپتۇرۇپ باردۇق.

我们骑马一直跑到了河边。

بۇ قېتىمقى تەبرىكلەش پائالىيىتى مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

这次庆祝活动将进行到本月底。

قازى كۆپچىلىك ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ.

喀孜当众丢丑，脸一直红到耳朵根。

ساھىبخان مېھمانلارنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

主人一直把客人送到门口。

بۇ ماشىنىنى ئەتە ئەتىگەنگىچە ياساپ بولمىسىمىز بولمايدۇ.

这汽车明天早晨以前还修不好可不行。

界限格除上述基本意义外，有时还用以表示行为动作的方向例如：

چەك كېلىش يۇقىرىدىكى ئاساسىي مەنىدىن باشقا، گاھىدا ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئاكاملارنىڭ ئۆيىگىچە بېرىپ كېلەيمىكىن.

我是不是到哥哥家去一趟呢？

دادام مەكتەپكىچە بېرىپ كېلەي دەپ چىقىپ كەتكەنىدى.

父亲说到学校去看看就走了。

### 8.范围格　　　　　　　　8. ئورۇن ـ بەلگە كېلىش

用来表示人或事物所在的范围或领域的格叫做范围格。其形式是名词词干缀接«‐تىكى/ ‐دىكى»词尾构成在句中回答«قەيەردىكى؟ نەدىكى؟»等问语，一般用来充当句子中的定语。例如：

ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش دائىرىسى ياكى ساھەسىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش ئورۇن ـ بەلگە كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئورۇن ـ بەلگە كېلىش ئىسىم ئۆزەكلىرىگە «‐دىكى/ ‐تىكى» قوشۇمچىسىنى قوشۇشتىن شەكىللىنىدۇ. ئورۇن ـ بەلگە كېلىشتىكى سۆزلەر جۈملىدە «نەدىكى؟ قايەردىكى؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىپ، ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

شەھەردىكى بالىلار يېزىدىكى بالىلاردىن بىلىملىكرەك.

城里的孩子比农村小孩知识面广。

مۇشۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قارىشىم باشقىچىرەك.

对于这方面的问题，我的看法略有不同。

بۇ يەردىكى كىشىلەر قارا چاينى ئىچمەيدۇ.

这儿的人不喝茯茶。

在中心语省略的情况下，作定语的范围格名词可以代表中心语所表示的事物，并且有格数的变化。例如：

ئېنىقلانغۇچى چۈشۈپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، ئو‐

رۇن بەلگە كېلىشتىكى ئىسىملار ئىنىقلانغۇچى ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭمۇ ۋەكىللىك قىلىپ كېلىپ، كېلىش، سان بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن كافېدىرادىكىلەرنى يىغىپ مەسلىھەتلىـ شىپ باقايلى.

今天召集教研室的人一起商量一下吧！

بۇ ئىشنى ياتاقتىكىلەردىن ۋاقتىنچە يوشۇرۇن تۇ- تۇپ تۇرۇڭ.

这件事对宿舍里的其他人暂时保密。

ئۆيدىكىلەرگە ئازراق بىر نەرسە ئالماقچىدىم، ۋاقتىـ ڭىز بولسا، بىللە چىقىپ ئېلىشىپ بەرسىڭىز.

想给家里人买点东西，你若有时间请跟我一起上街参谋参谋。

## 9. ئوخشىتىش كېلىش　9.相似格

用来表示某些事物同另一事物相比在性质，形状、特征等方面具有某些共性的格，叫做相似格。其形式是名词词干缀接«-دەك/-تەك»词尾构成，在句中回答«قەيەردەك؟ نېمىدەك؟ كىمدەك؟»等问语，一般用来充当句子中的定语或状语，也可以充当谓语。例如：

بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئى بىلەن بولغان خاـ راكتېر، شەكىل، ئالامەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىنى ياكى مەلۇم ئورتاقلىقى بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش ئوخشىـ تىش كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئوخشىتىش كېلىش ئىسىـ ئۆزەكلىرىگە «-دەك/-تەك» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىـ

لىق شەكىللىنىدۇ. جۈملىدە «كىمدەك؟ نېمىدەك؟ قايەردەك؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىپ، ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولىدۇ. بەزىدە خەۋەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

سىزدەك ئادەم دۇنيادا ئاز تېپىلىدۇ.

象你这样的人世界上少有。

بۇ قىزنىڭ مەڭزى ئالمىدەك قىپقىزىل.

这女孩的面颊红得象苹果似的。

تاغلىق رايوننىڭ ھاۋاسى باشقا يەرنىڭ ھاۋاسىدەك ئەمەس.

山区的气候不同于别处。

相似格名词用于动词之前作状语时，可与«گويا، خۇددى»等连用，这时其修饰色彩更浓。例如：

ئوخشىتىش كېلىشتىكى ئىسىملار پېئىل ئالدىدا كېلىپ ھالەت بولغاندا، «خۇددى، گويا» قاتارلىق ئوخشىتىش سۆزلىرى بىلەن بىللە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ چاغدا ئوخشىتىش مەنىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىمارەتلەر خۇددى كۈن نۇرىدەك چاقناپ تۇراتتى.

这些建筑物象太阳光似的闪闪烁烁。

ئۇ ماڭا گويا مېھرىبان دادامدەك ئاتىدارچىلىق قىلىپ كەلدى.

他象慈祥的父亲关怀着我。

بۇ بالا خۇددى چوڭ ئادەمدەك سۆزلەيدىكەن.

这孩子说起话来象大人一样。

用来表示某一种事物同另一事物在量或程度上有某种共性的格称为量似格。名词的量似格形式是在名词词干后缀接«-چە»、«-چىلىك»词尾构成，在句中回答«نېمىچە؟ كىمچە؟ نېمىچىلىك؟ كىمچىلىك؟»等问语，一般充当句中的定语或状语。例如：

بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئى بىلەن بولغان مىقدار ياكى دەرىجە جەھەتتىكى مەلۇم ئورتاقلىقىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش تەڭلەشتۈرمە كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ. تەڭلەشتۈرمە كېلىش ئىسىم ئۆزەكلىرىگە «-چە، -چىلىك» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. «كىمچىلىك؟ نېمىچىلىك؟ كىمچە؟ نېمىچە؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ. ئادەتتە جۈملىلەردە ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بايا سىزچىلىك بىرسى ئىزلەپ كەپتىكەن.

刚才有个个头儿同你差不多的人来找你。

ئېگىزلىكى مۇشۇ بىناچىلىك بىر يېڭى مېھمانخانا قۇرۇلدى.

同这座楼差不多高的一座新宾馆竣工了。

سىز ئاكىڭىزچىلىك ئوقۇسىڭىز بولمامدىكەن؟

你就象你哥哥那样学习不行吗？

بۇ ئىشنى سىزچە قىلالمايمەن.

这事儿我不能象你干得那么好。

## 注

1 量似格在意义上与相似格基本相同。其区别在于量似格表示事物在数量上相似而相似格表示事物在形状上的相似，试比较

ئەسكەرتىش: 1. تەڭلەشتۇرمە كېلىش بىلەن ئوخشىتىش كېلىش مەنە جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما ئىككىسى مەلۇم پەرقلەرگىمۇ ئىگە. تەڭلەشتۇرمە كېلىش شەيئىلەرنىڭ ھەجىم جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىنى بىلدۈرسە، ئوخشىتىش كېلىش شەيئىلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالماسنىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا ئالەمچە سۆيگۈ ئىلكىدە ھاياجانلىق سوقاتتى.

听到这话，阿勒马斯沉浸在巨大的爱的感情中，他的心也激动地跳起来。

شىنجاڭدا ئۈرۈمچىدەك ھەيۋەتلىك شەھەردىن زادى قانچىسى بار دەيسىز.

你以为在新疆象乌鲁木齐一样壮观城市还有多少。

ساڭا يېڭى تەقسىملىگەن ئۆي مۇشۇ ئۆيچە بار.

新近给我分的房子跟这间房子大小差不多°

تۇخۇمدەك يۇملاق تاش بىلەن ئاۋۇ شاختىكى قاغىنى سوقالامسىز.

用鸡蛋那么大的园石头你想打落那树枝上的乌鸦吗?

2.用于动词之前作状语时，量似格表示行为动作的状态，而相似格则表示行为动作在进行程度上的相似性。例如：

2. پېئىل ئالدىدا ھالەت بولغاندا، تەڭلەشتۇرمە كېلىش ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ھالىتىنى بىلدۈرسە،

ئوخشىتىش كېلىش ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش دەرىجىسى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يىگىت دادىسىنىڭ گېپىنى بېشىچە تەستىقلاپ تۇردى.

小伙子只是点头表示同意父亲的话。

ئۇنىڭ يۈزلىرى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

他的脸变得象纸一样白。

ئۇ سۇغا ئارقىسىچە سەكرىدى.

她后空翻跳入水中。

قىزىل قوياش چوغدەك ئاۋۇلىنىپ تۇراتتى.

鲜红的太阳象火球在熊熊燃烧。

名词的格位词尾变化列表如下：

ئىسىملارنىڭ كېلىش بىلەن تۈرلىنىش جەدۋىلى تۆۋەندىكىچە.

# 名 词 的 格 词 尾 变 化 表
# ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش جەدۋىلى

| 格 كېلىش / 词尾 قوشۇمچە / 缀接法 قوشۇلۇش ئۇسۇلى | | 主格 باش كېلىش | 属格 ئىگىلىك كېلىش | 宾格 چۈشۈم كېلىش | 向格 يۆنىلىش كېلىش | 从格 چىقىش كېلىش | 时位格 ئورۇن - پەيت كېلىش | 界限格 چەك كېلىش | 范围格 ئورۇن - بەلگە كېلىش | 相似格 ئوخشىتىش كېلىش | 量似格 تەڭلەشتۈرۈش كېلىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 浊辅音结尾 جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقاندا | 后元音 ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولسا | 零形 | نىڭ | نى | غا | دىن | دا | غىچە | دىكى | دەك | چىلىك |
| | 前元音 ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا | | | | گە | | دە | گىچە | | | |
| 清辅音结尾 جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقاندا | 后元音 ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولسا | | | | قا | تىن | تا | قىچە | تىكى | تەك | |
| | 前元音 ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا | | | | كە | | تە | كىچە | | | |

# 名词变格实例表

# ئىسىمنىڭ كېلىش بىلەن تۈرلىنىش جەدۋىلى

| 格<br>كېلىش | 提问对象 سوئال | | 格词尾 كېلىش قوشۇمچىلىرى | |
|---|---|---|---|---|
| | 对人<br>ئادەمگە | 对物<br>نەرسىگە | 以后元音或浊辅音结尾的名词后。<br>ئارقا سوزۇق تاۋۇش ياكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىمنىڭ كەينىگە | 末音节为元音或以清辅音结尾的名词之后<br>ئاخىرقى بوغۇمى ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن ياسالغان ياكى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىمنىڭ كەينىگە |
| 主格<br>باش كېلىش | كىم؟ | نېمە؟ | | |
| 属格<br>ئىگىلىك كېلىش | كىمنىڭ؟ | نېمىنىڭ؟ | نىڭ | نىڭ |
| 宾格<br>چۈشۈم كېلىش | كىمنى؟ | نېمىنى؟ | نى | نى |
| 向格<br>يۆنىلىش كېلىش | كىمگە؟ | نېمىگە؟ | غا | قا |
| 从格<br>چىقىش كېلىش | كىمدىن؟ | نېمىدىن؟ | دىن | تىن |
| 时位格<br>ئورۇن پەيت كېلىش | كىمدە؟ | نېمىدە؟ | دا | تا |
| 界限格<br>چەك كېلىش | كىمگىچە؟ | نېمىگىچە؟ | غىچە | قىچە |
| 范围格<br>ئورۇن بەلگە كېلىش | كىمدىكى؟ | نېمىدىكى؟ | دىكى | تىكى |
| 相似格<br>ئوخشىتىش كېلىش | كىمدەك؟ | نېمىدەك؟ | دەك | تەك |
| 量似格<br>تەڭلەشتۈرمە كېلىش | كىمچىلىك؟ | نېمىچىلىك؟ | چىلىك | چىلىك |
| | كىمچە؟ | نېمىچە؟ | چە | چە |

| كېلىش قوشۇمچىلىرى 格词尾 | | مىسال 实例 | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 以前元音或浊辅音结尾的名词之后<br>ئالدى سوزۇق تاۋۇش ياكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىمنىڭ كەينىدە | 末音节为前音音节，以清辅音结尾的名词之后<br>ئاخىرقى بوغۇمى ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن ياسالغان جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىمنىڭ كەينىدە | چېلەك<br>（水桶） | ياتاق<br>（宿舍） | ئۆي<br>（房屋） | بالا<br>（孩子） |
| | | چېلەك | ياتاق | ئۆي | بالا |
| نىڭ | نىڭ | چېلەكنىڭ | ياتاقنىڭ | ئۆينىڭ | بالىنىڭ |
| نى | نى | چېلەكنى | ياتاقنى | ئۆينى | بالىنى |
| گە | كە | چېلەككە | ياتاققا | ئۆيگە | بالىغا |
| دىن | تىن | چېلەكتىن | ياتاقتىن | ئۆيدىن | بالىدىن |
| دە | تە | چېلەكتە | ياتاقتا | ئۆيدە | بالىدا |
| گىچە | كىچە | چېلەككىچە | ياتاققىچە | ئۆيگىچە | بالىغىچە |
| دىكى | تىكى | چېلەكتىكى | ياتاقتىكى | ئۆيدىكى | بالىدىكى |
| دەك | تەك | چېلەكتەك | ياتاقتەك | ئۆيدەك | بالىدەك |
| چىلىك | چىلىك | چېلەكچىلىك | ياتاقچىلىك | ئۆيچىلىك | بالىچىلىك |
| چە | چە | چېلەكچە | ياتاقچە | ئۆيچە | بالىچە |

## 第六节　方位名词

## 6 - پاراگراف ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرى

### 一方位名词的概念

### 1. ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرى ھەققىدە چۈشەنچە

表示处所、方位的名词叫做方位名词。例如：

ئورۇن - تەرەپنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۈست（上面）　ئاست（下面）　ئىچ（里）

تاش（外）　ئالد（前）　كەين（后）

يۇقىرى（上）　تۆۋەن（下）　يان（旁边）

### 二、方位名词的语法特征

### 2. ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرىنىڭ گرامماتىلىق ئالاھىدىلىكى

1.有领属性人称和格的变化　例如：

1. شەخس ۋە كېلىش بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئالدىم（我前面）　ئالدىڭىز（你前面）　ئالدى（他前面）

ئىچىمىز（我们内部）ئىچىڭلار（你们内部）　ئىچى（他内部）

كەينىم（我后面）　كەينىڭىز（你后面）كەينى（他后面）

有些方位名词缀接格词尾时，必须先缀接第三人称词尾。例如：

بەزى ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرى كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەندە ئالدى بىلەن III شەخس بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۈست - ئۈستىگە (向上)　　ئۈست - ئۈستىدە (在上)

ئىچ - ئىچىدىكى (内部的)　　كەين - كەينىدىن (从后面)

ئالد - ئالدىدا (在面前)　　ئاست - ئاستىدىن (从下面)

2.接受名词和代词的限定。例如：

2. ئىسىم ۋە ئالماشلار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۆينىڭ كەينى (房子后面)　　مەكتەپنىڭ ئالدى (学校前面)

كارىۋاتنىڭ ئاستى (床底下)　　مېنىڭ ئالدىم (我前面)

ئۇنىڭ يېنى (他旁边)　　بىزنىڭ ئىچىمىز (我们内部)

ئۇلارنىڭ كەينى (他的后边)　　جوزىنىڭ ئۈستى (桌子上面)

3.方位名词构词力很弱，只能缀接构词词缀«-قى/-كى»构成表示方位的形容词，这类形容词只能作修饰语，在句中充当定语。例如：

3. ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرىنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز. ئۇلار پەقەت «-كى/-قى» بىلەن بىرىكىپ، ئورۇن - تەرەپ سۈپەتلىرىنى ياسايدۇ. بۇ خىل سۈپەتلەر پەقەت ئېنىقلىغۇچى بولالايدۇ. مەسىلەن:

ئىچكى ئىشلار (内部事务)　　تاشقى سودا (外贸)

يۇقىرىقى مىساللار (上述例子) كېيىنكى ئادەم (后边的人)

4.方位名词一般不单独充当句子成分，同属格名词或属格代词组合，构成词组后，可充当各种句子成分。例如，

4. ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرى ئادەتتە مۇستەقىل هالدا جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ. ئىگىلىك كېلىش بىلەن كەلگەن بۆلىكى ئىسىم، ئالماشلار بىلەن بىرىكىپ، سۆز بىرىكمىسى هاسىل قىلغاندىلا ئاندىن جۈملە بۆلىكى بولالايدۇ. مەسىلەن:

زالنىڭ ئالدى بەك گۈزەل. (主语)

礼堂前面非常漂亮。

ئۆينىڭ ئىچىدە ئادەم يوق. (状语)

屋里没人。

بىزنىڭ ياتاق كۇتۇپخانىنىڭ كەينىدە. (谓语)

我们的宿舍在图书馆后面

بالىلار ئۆي ئىچىنى تازىلاپ چىقتى. (宾语)

孩子打扫了屋子。

مېنىڭ ئالدىمدا بىرنەچچە بالا ئويناۋاتىدۇ. (状语)

有几个孩子在我面前玩耍。

مەملىكىتىمىز تاشقى سودىسىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق.

(定语)

我国外贸的前景很广阔。

5.在句中，方位名词词组中的属格代词有时可省略，但方位名词的领属性人称却不能省略。例如：

5. جۈملىدە ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرىدىن تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىسىدىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئالماشنى قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ. ئەمما ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرى تەركىبىدىكى شەخس قوشۇمچىسىنى چە-

تىقىر ئۈيتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن:

ئۇ (مېنىڭ) كەينىمدە ئولتۇرىدۇ.

他在我后面坐着。

(بىزنىڭ) ئاستىمىزدىكى يەر جۇڭگو تېررىتورىيىسى.

我们脚下的土地是中国领土。

(مېنىڭ) يېنىمدا پارچە پۇل يوق.

我身上没带零钱。

## 第七节　时间名词

## 7 - پاراگراف ۋاقىت ئىسىملىرى

### 一、时间名词的概念

### 1. ۋاقىت ئىسىملىرى ھەققىدە چۈشەنچە

用来表示时间的名词叫做时间名词。例如：

ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ۋاقىت ئىسىملىرى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| (后天) ئۆگۈن | (明天) ئەتە | (今天) بۈگۈن |
| (中午) چۈش | (早晨) ئەتىگەن | (大后天) ئىندىن |
| (现在) ھازىر | (夜晚) كەچ | (晚上) ئاخشام |
| (夏) ياز | (春) ئەتىياز | (刚才) بايا |
| (星期日) يەكشەنبە | (冬) قىش | (秋) كۈز |
| (星期三) چارشەنبە | (星期二) سەيشەنبە | (星期一) دۈشەنبە |
| (星期六) شەنبە | (星期五) جۈمە | (星期四) پەيشەنبە |

时间名词由于本身语义的限制而不同于一般名词。

ۋاقىت ئىسىملىرى ئۆزلىرىنىڭ سېمانتىكىلىق مە- نىلىرىنىڭ تارلىقى بىلەن ئادەتتىكى ئىسىملاردىن پەرق- لىنىدۇ.

## 二、时间名词语法特征

## 2. ۋاقىت ئىسىملىرىنىڭ گراممانىكىلىق ئا- لاھىدىلىكى

1.有部分格的变化。例如：

1. كېلىشلەر بىلەن قىسمەت تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| بۈگۈندىن | (从今天) | ئەتىگىچە | (到明天) |
| كەچتە | (在夜里) | ئاخشامدا | (在晚上) |
| يازدا | (在夏季) | كۈزدە | (在秋天) |
| ئەتىگەندىكى | (早晨的) | چۈشتىكى | (中午的) |
| يەكشەنبىدىكى | (星期天的) | يىلنىڭ | (年的) |

2.个别时间名词有数的变化。例如：

2. بەزى ۋاقىت ئىسىملىرى سان بىلەن تۈرلىنى- دۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| كۈنلەر | (日子) | يىللار | (年月) |

3.有些时间名词有领属性人称的变化，以第二人称为多，但在大多数情况下，其第三人称词尾并不表示领属意义，也不同其限定语相一致，甚至有时间根本不出现限定语。这种领属性人称形式的用法只是出于习惯。例如：

3. بەزى ۋاقىت ئىسىملىرى شەخس قوشۇمچىلى- رى بىلەن تۈرلىنىدۇ. بولۇپمۇ Ⅲ شەخستە تۈرلىنىش ھادى-

ـسىنى كۆپرەك، ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا III شەخس قوشۇمچىسى تەۋەلىكنى بىلدۈرمەيدۇ. ئېنىقلىغۇچىسى بىلەنمۇ بىردەك شەخستە كەلمەيدۇ. بەزىدە ھەتتا ئېنىقلىغۇچى زادىلا كۆرۈلمەيدۇ. شەخس قوشۇمچىسىنىڭ بۇ خىل قوللىنىلىشى پەقەت ئادەت يۈزىسىدىندۇر. مەسىلەن:

ئۇنىڭ كۈنلىرى (他的日子)

مەن كەلگەن كۈنى (我来的那天)

25 - كۈنى (二十五号)

ئەتىسى (第二天)

كېچىسى (夜里)

4.有些时间名词可接受部分名词、代词、数词、形容词，形动词的限制。例如:

4. بەزى ۋاقىت ئىسىملىرى بىر قىسىم ئىسىم، ئالماش، سان، سۈپەت ۋە سۈپەتداشلار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن:

يەكشەنبە كۈنى (星期天) بۈگۈن كەچتە (今天晚上)

ئەتە ئەتىگەن (明天早晨) ياز كۈنلىرى (夏日)

1 - كۈنى (一号) 5 - ئاي (五月)

1985 - يىل (1985年) ئۇنىڭ كۈنى (他的日子)

بىزنىڭ كۈنلىرىمىز (我们的日子) بۇ يىل (今年)

موشۇ ئاي (本月) شۇ كۈنى (那天)

ئاجايىپ كۈنلەر (不平常的日子)

جاپالىق يىللار (艰难岁月)

گۈزەل ئەتىياز (美丽的春天)

جىمجىت كېچە (寂静的夜晚)

ئىمتىھان بەرگەن كۈنى (考试那天)

ئۇ تۇغۇلغان يىلى (他出生的那年)

ئۆتكەن ھەپتە (上星期)

5.时间名词的构词能力很弱，只能缀接构词词缀 «-غى/-قى/-گى/-كى»«-لىق/-لىك» 构成表示时间的形容词，在句中充当定语。例如：

5. ۋاقىت ئىسىملىرىنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز. ئادەتتە «-غى/-قى، -گى/-كى» «-لىك/-لىق» قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ، ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. بۇلار جۈملىدە پەقەت ئېنىقلىغۇچىلا بولىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈنكى ئىش (今天的事) ئەتىگەنكى تاماق (早饭)

بۇ يىلقى ژۇرنال (今年的杂志) كۈزگى بۇغداي (冬麦)

يازغى بوغداي (春小麦) كەچلىك پروگرامما (晚间节目)

يازلىق ۋاقىت (夏令时)

6.时间名词在句中主要充当状语，也可充当主语、谓语、定语和宾语。例如：

6. ۋاقىت ئىسىملىرى جۈملىدە ئاساسەن ھالەت بولۇپ كېلىدۇ، بەزىدە ئىگە، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى ۋە تولدۇرغۇچىمۇ بولالايدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن مەن ئوۋغا چىقتىم. (状语)

今天我打猎去了。

بۇ يىل خالىدەم ئوقۇشنى پۈتتۈرىدۇ. (状语)

今年哈丽黛就要毕业了。

مەن چۈشتە قېشىڭىزغا بارماقچىدىم. (状语)

我本来中午要到你这儿来的。

بۈگۈن يەكشەنبە ئەمەس، شەنبە. (谓语)

今天不是星期天，而是星期六。

تۈنۈگۈن ئەتىگەن ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى. (语定)

昨天早晨不太冷。

كۈز پەسلى گۈزەل. (定语)

秋天是美丽的。

ئاخشامقى ئىش كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن. (语定)

昨天的事别往心里去。

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دەرسىمىز باشلىنىدۇ. (定语)

我们九月一日开学。

سىز بۈگۈننى چارشەنبە دەپ قاپسىز - دە. (宾语)

你把今天当成星期三了。

مەن يەكشەنبىنى بەك كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۈم. (宾语)

星期天我过得很愉快。

# 第四章　形容词

# تۆتىنچى باب

# سۈپەت

## 第一节　形容词概述

## 1 - پاراگراف سۈپەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 一、形容词的概念

### 1. سۈپەت ھەققىدە چۈشەنچە

表示人或事物的形状、性质、特征或者动作、行为、变化的状态的词叫做形容词。例如：

ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ شەكلىنى، خاراكتېرىنى، ئالاھىدىلىكىنى ياكى ئىش - ھەرىكەت، ئۆزگىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سۈپەت دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| قىزىل (红) | پاكىز (干净) |
| ئاق (白) | قاتتىق (硬) |
| باتۇر (勇敢) | ئۇزۇن (长) |
| ئوچۇق (清楚) | چىرايلىق (漂亮) |
| سېمىز (肥) | كۈچلۈك (有力的) |
| گۈزەل (美丽) | كۆڭۈللۈك (愉快的) |

(高) ئېگىز　　　(轻) يېنىك

(坏) يامان　　　(好) ياخشى

## 二、形容词的语法特征

## 2. سۈپەتنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

形容词在句中回答"قانداق؟"的问语。它具有以下特征：

سۈپەتلەر جۈملىدە «قانداق؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1.修饰、限定名词，作定语。例如：

1. ئىسىمنى ئېنىقلاپ، چەكلەپ كېلىپ، ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

گۈزەل ۋە باي شىنجاڭ ياخشى يەر.

美丽富饶的新疆是个好地方。

بۇ قىزىل گۈللەر ناھايىتى چىرايلىق.

这些红花真漂亮。

ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ سادىق دوستى

他是中国人民忠诚的朋友。

2.用来描述名词性主语，作句子的谓语。例如：

2. ئىسىم خاراكتېرلىك ئىگىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ، جۈملىنىڭ خەۋىرى بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يىل ئالغان مەھسۇلاتىمىز خېلى تۈزۈك.

今年我们的收成很不错。

بۇ يول تۈپتۈز.

这条路直直的。

ئۇ يازغان خەت چىرايلىق ھەم رەتلىك.

他写的字既漂亮又整齐。

3.修饰动词或形容词，作状语。例如：

3. پېئىل، سۈپەتلەرنى ئېنىقلاپ كېلىپ، ھالە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ قەرزنى تولۇق قايتۇرۇپ بولدى.

他全部偿还了债务。

ئۇلار تېز ۋە ياخشى ئىشلەپ بولدى.

他们干得又快又好。

بۈگۈنكى ھاۋا ئالاھىدە ياخشى ئىكەن.

今天的天气特别好。

4.有级的语法范畴。例如：

4. دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە. مەسىلەن:

ئېگىز (高)　　ئېگىزرەك (较高的)

ئېگىزگىنە (高高的)　　قىزىل (红)

قىزىلراق (较红的)　　قىپقىزىل (红红的)

## 三、形容词的分类

## 3. سۈپەتنىڭ تۈرلىرى

1.形容词按其结构可分为单纯形容词与合成形容词两种：

1. سۈپەتلەر تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن تاق سۈپەت ۋە بىرىككەن سۈپەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1）单纯形容词　　1) تاق سۈپەت

由一个根词构成的形容词叫单纯形容词。例如：

بىرلا تۈپ سۆزدىن تۈزۈلگەن سۈپەتلەر تاق سۈپەتلەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| (大) | چوڭ | (黑) | قارا |
| (稀) | شالاڭ | (短) | قىسقا |
| (胖) | سېمىز | (好) | ياخشى |

2）合成形容词： 2) بىرىككەن سۈپەت

是由词根和词根组合或者词根缀接构词词缀而构成的形容词。合成形容词又可分为复合形容词与派生形容词两种。

سۆز يىلتىزلىرىغا سۆز يىلتىزلىرىنى ياكى سۆز يىلتىزلىرىغا ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان سۈپەتلەر بىرىككەن سۈپەتلەر دېيىلىدۇ. بىرىككەن سۈپەتلەر قوشما سۈپەت ۋە ياسالما سۈپەت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

（1）复合形容词：是由词根与词根组合构成的形容词。例如：

(1) قوشما سۈپەت: سۆز يىلتىزلىرىغا سۆز يىلتىزلىرىنى قوشۇشتىن ياسالغان سۈپەتلەر قوشما سۈپەت دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| (富于怜悯心的) | رەھىمدىل | (好客的) | مېھماندوست |
| (花花绿绿的) | ئالا - بېشىل | (大小) | چوڭ - كىچىك |
| (破烂的) | ئەسكى - تۈسكى | (草绿的) | مايسارەڭ |

（2）派生形容词：是由词根缀接构词词缀构成的形容词。例如：

(2) ياسالما سۈپەت: سۆز يىلتىزلىرىغا ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتلەر ياسالما سۈپەت دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

چىرايلىق (漂亮的)　مەدەنىيەتسىز (无文化的)

يۈگۈرۈك (善跑的)　يىغلاڭغۇ (好哭啼的)

ناتوغرا (不对的)　ئۆتكۈر (锐利的)

ئۇرۇشقاق (好斗的)

2.形容词按其意义和语法特征又可以分为三大类。

2. سۈپەتلەر مەنىسى ۋە گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئەسلى سۈپەتلەر　1）性质形容词

چوڭ (大)　(甜的) تاتلىق

كۆپ (多)　(漂亮的) چىرايلىق

2) نىسپىي سۈپەتلەر　2）关系形容词

شەھەرلىك (城市的)　(现在的) هازىرقى

گراماتىكىلىق (语法的)　(宗教的) دىنىي

ئالاھىدە سۈپەتلەر　3）特殊形容词

بار (有)　(需要的) كېرەك

مۇمكىن (可能)　(合适的) لايىق

## 第二节　性质形容词

### 2 - پاراگراف ئەسلى سۈپەتلەر

## 一、性质形容词的意义和语法特征

## 1. ئەسلى سۈپەتلەرنىڭ مەنىسى ۋە گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

性质形容词就是直接表示人或事物的性质或特征的一类形容词。它所表示的特征一般有程度上的变化，具有一定的相对性，如：ئاق （白）可以有程度上的变化，ئاقراق （比较白的）、ئاپئاق （白白的）等等。ئاق （白）是针对某一具体事物相对而言。如：ئۇ ئاق كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ（他穿了一件白衬衣。）实际上这里的 كۆڭلەك （衬衣）并不一定太白，只不过表示 ئاق（白）这种颜色而已。ئۇ ئاپئاق بىر كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ （他穿了一件白白的衬衣。）句中的 ئاپئاق 同 ئاق 相比有明显的程度上的区别。因此 ئاق 属于性质形容词。

ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى ياكى ئالاھىدىلىكىنى بىۋاستە ئىپادىلەيدىغان سۈپەتلەر ئەسلى سۈپەتلەر دېيىلىدۇ. ئەسلى سۈپەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدە دەرىجە ئۆزگىرىشى بولۇپ، مەلۇم نىسپىيلىققا ئىگە. مەسىلەن: «ئاق» «ئاقراق، ئاپئاق» دېگەندەك دەرىجە ئۆزگىرىشلىرىگە ئىگە. «ئاق» مەلۇم كونكرېت شەيئىگە قارىتىلا ئېيتىلغان. «ئۇ ئاق كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ» دېگەن جۈملىدە كۆڭلەكنىڭ رەڭگى ناھايىتى ئاق بولۇشى ناتايىن. بۇ يەردىكى «ئاق» پەقەت بىر خىل رەڭنىلا بىلدۈرىدۇ، خالاس. «ئۇ ئاپئاق بىر كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ.» دېگەن جۈملىدىكى «ئاپئاق» «ئاق» تىن دەرىجە جەھەتتە كۆرۈ-

ئەرلىك پەرقلىنىدۇ. شۇڭا «ئاق» ئەسلى سۈپەت ھېسابلىنىدۇ.

性质形容词有下列语法特征

ئەسلى سۈپەتلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1.可以接受程度副词修饰。例如：

1. دەرىجە رەۋىشلىرى تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن:

ناھايىتى مۇھىم (很重要的) بەك ياخشى (非常好)

ئىنتايىن چىرايلىق (非常漂亮) ئەڭ يۇقىرى (最高)

2.有级的语法范畴。例如：

2. دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە. مەسىلەن:

يېڭىراق (比较新的) يېپيېڭى (新新的)

كىچىكرەك (比较小的) كىچىككىنە (小小的)

3.可以重叠。例如：

3. تەكرارلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئېگىز – ئېگىز (高高的) ئۇزۇن – ئۇزۇن (长长的)

كىچىك – كىچىك (小小的) چوڭ – چوڭ (大大的)

一个性质形容词不一定完全具备上述全部特征，但，凡是性质形容词总要具备其中某一特征。象 كۈچلۈك (有力的)、كۆڭۈللۈك (愉快的) 等形容词虽然不能重叠，却能接受程度副词修饰，有比较级形式。如：ئەڭ كۈچلۈك (最有力的)、ناھايىتى كۆڭۈللۈك (很愉快的)、كۈچلۈكرەك (比较有力的)、كۆڭۈللۈكرەك (比较愉快的)。因此，它们是性质形容词。

ئەسلى سۈپەتلەرنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولۇشى ناتايىن، ئەمما ئەسلى سۈپەت بولىدىكەن كەم دېگەندە يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرىگە ئىگە بولۇشى شەرت. «كۆچلۈك»، «كۆڭۈللۈك» قاتارلىق سۈپەتلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارنى گەرچە تەكرارلاشقا بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار دەرىجە رەۋىشلىرى تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ، دەرىجە بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن ئەڭ كۈچلۈك، ناھايىتى كۆڭۈللۈك، كۈچلۈكرەك، كۆڭۈللۈكرەك. شۇڭا بۇلار ئەسلى سۈپەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

## 二、性质形容词的级

## 2. ئەسلى سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى

事物的性质、特征是有区别的。用来表示同类事物的性质、特征差异程度的构形形式，叫做形容词的级。例如：

شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى پەرقلىق بولىدۇ. ئەينى بىر تۈرگە تەۋە شەيئىلەرنىڭ خاراكتېر ۋە ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى پەرقلىنىش دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۈپەت شەكلى سۈپەتلەرنىڭ دەرىجىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ياخشى | （好） | ياخشىراق | （比较好） |
| ياخشىغىنا | （好一点儿的） | كىچىكرەك | （比较小） |
| كىچىك | （小） | كىچىككىنە | （小小的） |

（比较红）قىزىلراق　　（红）قىزىل

（红红的）قىپقىزىل（红一点儿的）قىزىلغىنا

维语性质形容词的级按其意义和语法形式可以分为原级、比较级、加重级、指小表爱级四种。

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسلى سۈپەتلەرنىڭ دەرىجىسىنى مەنىسى ۋە گراماتىكىلىق شەكلىگە ئاساسەن، باش دەرىجە (ئەسلى دەرىجە)، سېلىشتۇرما دەرىجە ئاشۇرما دەرىجە ۋە ئەركىلەتمە دەرىجە دېگەندەك تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**1.原级** باش دەرىجە

没有形态变化的形容词的原体形式叫做形容词原级。原级是构成其它级的基础形式。

سۈپەتلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشكە كىرمىگەن چاغدىكى ئەسلى شەكلى سۈپەتلەرنىڭ باش دەرىجىسى دېيىلىدۇ. سۈپەتلەرنىڭ باش دەرىجىسى سۈپەتلەرنىڭ باشقا دەرىجىلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

（高尚）ئالىي　　（伟大）ئۇلۇغ

（干净）پاكىز　　（美丽）گۈزەل

（红）قىزىل　　（崇高）يۈكسەك

（宽）كەڭ　　（明确）ئېنىق

（新）يېڭى　　（正确）توغرا

**2.比较级** سېلىشتۇرما دەرىجە

表示一种事物的性质、特征与另一事物的性质、特征在程度上进行比较的形容词构形形式，叫做形容词的比较级。比较级是

在形容词原级后缀接 «-راق/-رەك» 词尾构成。例如：

بىر خىل شەيئىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئىككىنچى بىر خىل شەيئىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىدىغان سۈپەت شەكلى سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى دېيىلىدۇ. سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى باش دەرىجىنىڭ ئارقىسىغا «راق/رەك» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| چوڭقۇر + راق — چوڭقۇرراق | (比较深) |
| كونا + راق — كونىراق | (比较旧) |
| ئاز + راق — ئازراق | (比较少) |
| كەڭ + رەك — كەڭرەك | (比较宽) |
| كۆپ + رەك — كۆپرەك | (比较多) |
| نېرى + رەك — نېرىراق | (比较远) |

形容词比较级常和名词从格一起使用，从格名词表示被比较的事物。例如：

سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ئىسىملارنىڭ چىقىش كېلىشى شەكلى بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ، چىقىش كېلىشتىكى ئىسىم ئادەتتە سېلىشتۇرۇلغۇچىنى كۆرسىتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشى مېنىڭكىدىن ياخشىراق.

他的维语学习得比我要好些。

بېيجىڭ شەھىرى تيەنجىن شەھىرىدىن چوڭراق.

北京市比天津市大一些。

بىزنىڭ سىنىپ سىلەرنىڭ سىنىپتىن كەڭرەك.

我们的教室比你们的教室宽一些。

ئۇنىڭ ئۆيى بۇ يەردىن نېرىراق.

他家离这比较远。

**3.加重级** ئاشۇرما دەرىجە

用来加深某一事物色彩或特征程度的形容词构形形式叫做加重级。其构成形式如下：

مەلۇم شەيئىنىڭ رەڭگى ياكى ئالاھىدىلىكىنىڭ دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان سۈپەت شەكلى سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى دېيىلىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ھاسىل قىلىنىدۇ:

1）如果形容词的第一个音节是以元音结尾，则在其后缀接«پ»然后，再将原形容词重复即构成。例如：

1. باش بوغۇمى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان سۈپەتلەردە، شۇ بوغۇم ئارقىسىغا «پ» قوشۇلۇپ، ئاندىن پۈتۈن سۈپەت تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| يورۇق | يوپيورۇق | （亮亮的） |
| تازا | تاپتازا | （干干净净） |
| قارا | قاپقارا | （黑黑的） |
| سۈزۈك | سۈپسۈزۈك | （清清的） |
| يېڭى | يېپيېڭى | （新新的） |

2）如果是以辅音结尾的单音节形容词或第一个音节以辅音结尾的多音节形容词先将音节末的辅音变成«پ»然后再将原形

容词重复即构成。例如：

2. ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق سۆپەتلەردە ۋە باش بوغۇمى ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆپەتلەردە، بوغۇم ئاخىرىدىكى ئۆزۈك تاۋۇش «پ» غا ئۆزگەرتىلىپ، ئاندىن پۈتۈن سۆپەت تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| توغرا | توپتوغرا | (正确的) |
| ئاق | ئاپئاق | (白白的) |
| ساق | ساپساق | (健康的) |
| تۈز | تۈپتۈز | (直直的) |

بۇ قۇدۇقتىكى سۇ سۈپسۈزۈك.

这口井里的水清清的。

باغدىكى گۈللەر قىپقىزىل ئېچىلدى.

公园里的花开得红红的。

ئۇنىڭ جاۋابى توپتوغرا.

他的回答完全正确。

**4.指小表爱级** ئەركىلەتمە دەرىجە

用来表示人对事物的喜爱或缩小称呼的一种形容词构形形式，叫做指小表爱级。其形式是，在形容词后，缀接词尾 /غىنا/قىنا/گىنە/كىنە 构成。例如：

كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرگە بولغان ئامراقلىقىنى ياكى ئەسلىدىكىدىن كىچىكلىتىپ ئېيتىشنى بىلدۈرىدىغان سۆپەت شەكلى سۆپەتلەرنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسى دېيىلىدۇ. ئەركىلەتمە دەرىجە سۆپەت ئاخىرىغا «غىنا/ قىنا/

كىنا/كىنە» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئاز (少) + غىنا — ئازغىنا (少少儿的)

ئاق (白) + قىنا — ئاققىنا (白白儿的)

ياخشى (好) + غىنا — ياخشىغىنا (好好儿的)

يۇمىلاق (圆) + قىنا — يۇمىلاققىنا (圆圆儿的)

ئېگىز (高) + گىنە — ئېگىزگىنە (高高儿的)

نېپىز (薄) + گىنە — نېپىزگىنە (薄薄儿的)

كىچىك (小) + كىنە — كىچىككىنە (小小儿的)

سۈزۈك (清) + كىنە — سۈزۈككىنە (清清儿的)

ئۇ كىچىككىنە بىر ئۆيگە كىرىۋالدى.

他把自己关进一间小房子里。

بۇ ئىشتا بىر مۇنچە كىشىلەر ئازغىنا كۈچ چىقىرىپ قويدى.

在这件事上不少的人都出了一点力。

ئۇنىڭ يۈزى ئايدەك يۇمىلاققىنا ئىكەن.

他的脸象月亮一样圆圆儿的。

**注：** 有些带格名词后缀接 -راق/-رەك 不是形容词的级，而表示一种委婉的语气。例如：

ئەسكەرتىش: بەزىدە «-راق/-رەك» قوشۇمچىسى ئىسىملارنىڭ كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن شەكىللىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلىنىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ دەرىجىنى بىلدۈرمەستىن، پەقەت ئىنتوناتسىيىنى سىلىقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئۆيدىرەك 房子里　　بۇ يەردىرەك 往这一点

| | | | |
|---|---|---|---|
| 油点的 | مېيىدىنىراق | 汤多点 | سۈيىدىنىرەك |
| 往下点 | ئاستىغىراق | 肉多点 | گۆشىدىنىرەك |

## 第三节 关系形容词
## 3 - پاراگراف نىسپىي سۈپەتلەر

### 一、关系形容词的意义和语法特征
### 1. نىسپىي سۈپەتلەرنىڭ مەنىسى ۋە گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

用来表示事物与时间、空间等概念关系的形容词叫关系形容词。它通过某一事物与另一事物的关系来说明事物的特征。它所表示的特征没有程度上的区分与变化。如：ماددىي تۇرمۇش（物质生活），بۈگۈنكى يىغىن（今天的会议）中的 بۈگۈنكى 就是关系形容词。它们没有程度上的变化，只表示一种关系。

شەيئىلەرنىڭ ماكان، زامان قاتارلىقلار بىلەن بولغان ئۇقۇم مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر نىسپىي سۈپەتلەر دېيىلىدۇ. نىسپىي سۈپەتلەر شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىر شەيئىنىڭ ئىككىنچى بىر شەيئى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار ئىپادە قىلغان ئالاھىدىلىكلەردە دەرىجە پەرقى ۋە دەرىجە ئۆزگىرىشى بولمايدۇ. مەسىلەن: «ماددىي تۇرمۇش، بۈگۈنكى يىغىن» لاردىكى «ماددىي، بۈگۈنكى» لەر نىسپىي سۈپەتلەردۇر، ئۇلار دەرىجە بىلەن تۈرلەنمەيدۇ، پەقەت

بىر خىل مۇناسىۋەتنىلا بىلدۈرىدۇ.

关系形容词具有下列语法特征：

1. نىسپىي سۈپەتلەر تۆۋەندىكىدەك گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1.不能接受程度副词修饰。

1. دەرىجە رەۋىشلىرى تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ.

2.没有级的语法范畴。

2. دەرىجە كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ.

3.不能重叠。

3. تەكرارلانمايدۇ.

## 二、关系形容词的结构

## 2. نىسپىي سۈپەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى

因为关系形容词是通过某一事物对另一事物的关系来表示事物的特征的，因此“关系形容词＋名词”组合的结构，有时在一定程度上和表示限定关系的“属格名词＋名词”的结构，具有同义现象 شەھەرلىك كۆرگەزمەخانا، 和 شەھەرنىڭ كۆرگەزمەخانىسى
يېزىلىق مەكتەپ 和 يېزىنىڭ مەكتىپى 是两组不同的语法形式。但其基本意义相同，而二者又有明显区别：“关系形容词＋名词”这种结构涉及一个事物的整体关系，形容词只是说明该事物的特性；而“属格名词＋名词”的结构则涉及两个事物，后一个事物是从属于前一事物的。也就是说，“关系形容词＋名词”突出了名词的特征，属格名词＋名词”是部分与整体的关系，即部分从属于整体，上例中的 مەكتەپ 是从属于 يېزا، 的 كۆرگەزمەخانا 是从属于 شەھەر 的。

نسپي سۆپەتلەر شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاقلىق ئىپادىلىگەچكە، «نىسپىي سۆپەت + ئىسىم» قۇرۇلمىسى بەزىدە «ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىم + ئىسىم» قۇرۇلمىسى بىلەن مەنىداش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن «يېزىلىق مەكتەپ»، بىلەن «يېزىنىڭ مەكتىپى»، «شەھەر كۆرگەزمىخان» بىلەن «شەھەرلىك كۆرگەزمىخانىسى» پەرقلىق گراماتىكىلىق شەكىللەر بولسىمۇ، ئەمما ئاساسلىق مەنىلىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىراق ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئېنىق پەرق مەۋجۇت. «نىسپىي سۆپەت + ئىسىم» قۇرۇلمىسى بىر شەيئىنىلا كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىكى سۆپەت پەقەت شۇ شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىلا بىلدۈرىدۇ، ئەمدى «ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىم + ئىسىم» قۇرۇلمىسى بولسا، ئىككى شەيئىگە چېتىشىپ، كېيىنكى شەيئىنىڭ ئالدىنقى شەيئىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، «نىسپىي سۆپەت + ئىسىم» قۇرۇلمىسى ئىسىمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، «ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىم + ئىسىم» قۇرۇلمىسى بولسا ئايرىملىق بىلەن پۈتۈنلۈكنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنى، ئايرىملىقنىڭ ئومۇملۇققا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا «يېزىنىڭ مەكتىپى» دىكى «مەكتەپ» نى «يېزا» غا «شەھەرنىڭ كۆرگەزمىخانىسى» دىكى «كۆرگەزمىخانا» نى «شەھەر» گە تەۋە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

当然，不是所有的关系形容词都具有与其相对应的名词属格形式。如：ماددىي مۇكاپات（物质奖励）就不能说成 ماددىنىڭ مۇكاپاتى（物质的奖励）。有些虽然有对应形式，但所表示的意义却有所不同。如：قەشقەرلىك ئوقۇغۇچى（喀什籍的学生），قەشقەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى（喀什的学生）。前例中的 ئوقۇغۇچى（学生）是指喀什籍的学生，后例中的 ئوقۇغۇچى 既可以是喀什籍的，也可以是外籍来喀什上学的学生。

ئەلۋەتتە، ھەممىلا نىسپىي سۈپەتلەرنىڭ مۇناسىپ ئىگىلىك كېلىشلىك ئىسىم شەكلى بولۇۋەرمەيدۇ. مەسىلەن: «ماددىي مۇكاپات» نى «ماددىنىڭ مۇكاپاتى» دېيىشكە بولمايدۇ. بەزىلىرىنىڭ گەرچە مۇناسىپ شەكلى بولسىمۇ، لېكىن ئاڭلاتقان مەنىلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: «قەشقەرلىق ئوقۇغۇچى» «قەشقەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى» ئالدىنقىسى قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئوقۇغۇچىنى كۆرسەتسە، كېيىنكىسى بۇنىڭدىن سىرت يەنە باشقا يەردىن كېلىپ قەشقەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**注**：有一部分形容词，它们同时具有性质形容词和关系形容词的语法特征。例如，يەرلىك بالىلىق 既表示事物的特征，如，يەرلىك كادىر 地方干部）、بالىلىق ئانا（有孩子的母亲），又可以受程度副词的修饰，如 بەك يەرلىك（很土）、ناھايىتى بالىلىق（孩子很多）。我们把这一类形容词归入性质形容词之列。

**ئەسكەرتىش**: بەزى سۈپەتلەر بىرلا ۋاقىتتا ئەسلى سۈپەت ۋە نىسپىي سۈپەتنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. مەسىلەن: «يەرلىك، بالىلىق» شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: يەرلىك كادىر، بالىلىق ئانا، شۇنىڭدەك دەرىجە رەۋىشلىرى تەرىپىدىنمۇ ئېنىقلىنىدۇ.

مەسىلەن: بەك يەرلىك، ناھايىتى جالىلىق. بىز بۇ خىل سۆپەتلەرنى ئەسلى سۆپەتلەر قاتارىدا قويىمىز.

常见的关系形容词有：

كۆپ ئۇچرايدىغان نىسپىي سۆپەتلەر تۆۋەندىكىچە:

| | | | |
|---|---|---|---|
| （以前的） | بۇرۇنقى | （现在的） | ھازىرقى |
| （今天的） | بۈگۈنكى | （昨天的） | تۈنۈگۈنكى |
| （秋天的） | كۈزگى | （夏天的） | يازغى |
| （农村的） | يېزىلىق | （城市的） | شەھەرلىك |
| （房子的） | ئۆيلۈك | （乡镇的） | بازارلىق |
| （里面的） | ئىچكى | （外面的） | تاشقى |
| （宗教的） | دىنىي | （物质的） | ماددىي |
| （种族的） | ئىرقىي | （人造的） | سۈنئىي |
| （北方的） | شىمالىي | （南方的） | جەنۇبىي |
| （外交的） | دىپلوماتىك | （民主的） | دېموكراتىك |
| （穿内衣的） | كۆڭلەكچان | （语法的） | گراماتىكىلىق |

## 第四节　特殊形容词

## 4 - پاراگراف ئالاھىدە سۆپەتلەر

### 一、特殊形容词及其特点

### 1. ئالاھىدە سۆپەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

能支配名词格的形容词称作特殊形容词。这一类形容词有 خالىي، لازىم، كېرەك، يوق، بار، مىننەتدار. 等，它们在语义

上很近似动词，但它们又没有动词的时、式、态、体、人称等形态变化。在语法特征上除不能作状语外，形容词的其它特征均具备。因此，我们把这一类词称做特殊形容词。

特殊形容词有下列语法特征：

كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرىكىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان سۈپەتلەر ئالاھىدە سۈپەتلەر دېيىلىدۇ. «بار، يوق، كېرەك، لازىم، خالى مىننەتدار» قاتارلىقلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. ئالاھىدە سۈپەتلەر سېمانتىكا جەھەتتىن پېئىللارغا بەكمۇ ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇلار پېئىللارنىڭ زامان، راي، دەرىجە، تۈس، شەخس كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. گراماتىكىلىق رولى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھالەت بولالمىغاندىن سىرت، ئادەتتىكى سۈپەتلەر ئۆتىگەن رولLARنىڭ ھەممىسىنى ئۆتىيەلەيدۇ. شۇڭا بىز بۇ خىل سۆزلەرنى ئالاھىدە سۈپەتلەر دەپ ئاتايمىز.

ئالاھىدە سۈپەتلەر تۆۋەندىكىدەك گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1. 在句子中不仅可以单独作谓语、定语，而且常常和其它静词结合组成一种特殊形容词结构，作谓语或定语。这是其它形容词所不具备的。例如：

1. جۈملىدە مۇستەقىل ھالدا خەۋەر ۋە ئېنىقلىغۇچى بولۇپلا قالماستىن، دائىم باشقا تۈرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ ئالاھىدە سۈپەت قۇرۇلمىسى تەشكىل قىلىپ، جۈملىدە خەۋەر ياكى ئېنىقلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىدە كېلەلەيدۇ.

باشقا سۈپەتلەر ئۇنداق ئەمەس، مەسىلەن:

سۇ بار جايدا گىياھ بار. (ئېنىقلىغۇچى خەۋەر)

有水的地方就有草。

بۇ يوق ئىش. (ئېنىقلىغۇچى)

这是没有的事。

ئۇ كىتاب ئوقۇشقا ئامراق (خەۋەر)

他喜欢读书。

بايا سىز تاشلىۋەتكەن ئەسلىدە بىزگە كېرەك نەرسە ئىدى. (ئېنىقلىغۇچى)

刚才你扔掉的原来是我们需要的东西。

2.特殊形容词有原级和比较级的语法范畴。例如:

2. ئالاھىدە سۈپەتلەر باش دەرىجە ۋە سېلىشتۇرما دەرىجە بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| بارراق | (有) | يوقراق | (没有) |
| مۇۋاپىقراق | (较合适的) | كېرەكرەك | (比较需要) |
| قولايلىقراق | (较方便的) | خاسراق | (较独特的) |

بارراق نەرسىنى سورىمامسەن؟

你怎么不借我们有的东西呢?

ئۈرۈمچى بازىرىدا يوقراق ئۈنئالغۇ ئالغاچ كەل.

请你给带一个乌鲁木齐市场上见不着的录音机。

3.可以接受程度副词修饰。例如:

3. دەرىجە رەۋىشلىرى تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| بەك مۇۋاپىق | (很合适) | ناھايىتى لازىم | (很需要) |

ئەڭ كېرەك （最需要）　بەك ئامراق （特别喜爱）

## 二、特殊形容词的分类

## 2. ئالاھىدە سۈپەتنىڭ تۈرلىرى

根据特殊形容词支配名词格的不同，将特殊形容词分为三类。

بىرىكىپ كېلىدىغان كېلىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئالاھىدە سۈپەتلەرنى ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1. 支配主格的特殊形容词有：شەرت（必须）、مۇقەررەر（必然）زۆرۈر（必要）、مۇمكىن（可能）、يوق（没有）、بار（有）。例如：

1. باش كېلىش بىلەن بىرىكىدىغان ئالاھىدە سۈپەتلەر: شەرت، مۇقەررەر، زۆرۈر، مۇمكىن، يوق، بار. مەسىلەن:

ياشلار ئىلىم-پەننى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى شەرت.

青年们必须认真学习科学。

ئۇ بۈگۈن كېلىشى مۇمكىن.

他今天可能来

سىزنىڭ شۇنداق قىلىشىڭىز ناھايىتى زۆرۈر.

你这样做是非常必要的。

جوزىدا كىتاب يوق.

桌上没有书。

مېنىڭ ئۆيۈمدە بەش جان بار.

我家有五口人。

2.支配向格的特殊形容词有：لايىق（值得……的）、مۇۋاپىق（合适的）、ئىگە（具有）、لازىم（需要）、كېرەك（必须）、موھتاج（需要）、باغلىق（有关的）、قاراشلىق（属于……的）、مەنسۇپ（属于）、مۇناسىپ（不愧为）、ئۇيغۇن（合乎）、خاس（独特的）、تېگىشلىك（应该的）、قولايلىق（方便的）、ئامراق（喜爱）、ئوخشاش（一样）等等。例如：

2. يۆنىلىش كېلىشى بىلەن بىرىكىدىغان ئالاھىدە سۈپەتلەر: لايىق، مۇۋاپىق، ئىگە، لازىم، كېرەك، موھتاج، باغلىق، قاراشلىق، مەنسۇپ، مۇناسىپ، ئۇيغۇن، خاس، تېگىشلىك، قولايلىق، ئامراق، ئوخشاش قاتارلىقلار. مەسىلەن:

تۇردى ھۆرمەتكە لايىق ئادەم.

图尔迪是一个值得尊敬的人。

قانۇنغا نامۇۋاپىق ئىشلار ئازايدى.

不合法的事在减少。

ماڭا بەش كىتاب لازىم. (كېرەك).

我需要五本书。

بۇ ئىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

这件事具有重要意义。

مەن ھېچنەرسىگە موھتاج ئەمەسمەن.

我什么也不需要。

بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش كۆپچىلىكنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق.

这事的成功取决于大家的努力。

يەر ئاستى بايلىقلىرى دۆلەتكە قاراشلىق.

地下宝藏是属于国家的。

بۇ كىتاب ساڭا مەنسۇپ.

这本书属于你。

خەلقىمىز ئۇلۇغ خەلق بولۇشقا مۇناسىپ.

我们的人民不愧为伟大的人民。

بۇ پەنگە ئۇيغۇن پىكىر.

这是合乎科学的意见。

ئۇنىڭ ماقالىسى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە.

他的文章有其独特风格。

بۇ بىزنىڭ قىلىشىمىزغا تېگىشلىك ئىش.

这是我们应该做的事。

بۇ يەر ئولتۇرۇشقا قولايلىق.

这里坐车方便。

مومام كىچىك نەۋرىسىگە بەك ئامراق.

奶奶最疼爱小孙子。

ئۇنىڭغا ئىسمى ئوخشاش بىر بالا كەلدى.

和他同名字的一个小孩来了。

3.支配从格的特殊形容词有：خالى（避免）、مىننەتدار（感谢）。例如：

3. چىقىش كېلىش بىلەن بىرىكىدىغان ئالاھىدە سۈپەتلەر: خالى، مىننەتدار. مەسىلەن:

ئۇ چاكىنىلىقتىن خالى ئادەم.

他是一个脱俗的人。

سىلەردىن چىن قەلبىمىزدىن مىننەتدار.

衷心地感谢你们。

## 第五节 名物化形容词

## 5 - پاراگراف ئىسىملاشقان سۈپەتلەر

在句中起名词作用，有名词人称、数、格变化的形容词称作名物化形容词。名物化形容词是指形容词由性质范畴转化为事物范畴。名物化形容词在句中所起的作用同名词完全相同。例如。

جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلىپ، ئىسىملارنىڭ شەخس، سان، كېلىش كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىدىغان سۈپەتلەر ئىسىملاشقان سۈپەتلەر دېيىلىدۇ. ئىسىملاشقان سۈپەتلەر خاراكتېرنى بىلدۈرۈشتىن شەيئىنى بىلدۈرۈشكە ئۆتۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسىملاشقان سۈپەتلەر جۈملىدە ئىسىملارغا ئوخشاشلا رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

بالىلارنىڭ چوڭى زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ، كىچىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.

孩子中大的在工厂工作，小的在中学读书。

ئۆگىنىشتە ياخشىلار ئۆگىنىشتە ناچارلارغا ياردەم قىلىشى لازىم.

学习好的应该帮助学习差的。

قازانغا يولۇقسا قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقسا يالىسى يۇقار.

近朱者赤，近墨者黑。

بۇ قېرىنداشنىڭ قىزىلىدىن ئۈچنى، قارىسىدىن ئىككىنى ئالىمەن.

这种铅笔，我要三支红的，两支黑的。

يىراققا كەتمەڭ.

别走远了。

ئارتۇق گەپنىڭ نېمە كېرىكى بار.

多余的话有什么必要呢。

**注：** 维语的“形容词＋名词”结构中有些形容词可以直接表人，这样结构中心名词被省略，而直接用该形容词表人。例如：باتۇر（勇士）、قەھرىمان（英雄）ئەركەك،（男子汉）بويتاق（鳏夫），قېرى（老人）ياش（年青人）等等。

**ئەسكەرتىش:**

1. ئۇيغۇر تىلىدا «سۈپەت ئىسىم» قۇرۇلمىسىدىكى سۈپەت ئۆز ئالدىغا ئادەمنى بىلدۈرۈپ كېلەلەيدۇ. شۇڭا ئىسىم چۈشۈپ قالىدۇ بۇ چاغدا قۇرۇلمىدىكى سۈپەت بىۋاستىلا ئادەمنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن باتۇر قەھرىمان، ئەركەك، بويتاق، قېرى، ياش قاتارلىقلار.

ئۇ ھەقىقىي بىر ئەركەك ئىدى.

他是一个真正的男子汉。

ئۇلار ۋەتەننى قوغدايدىغان باتۇرلار.

他们是保卫祖国的勇士。

قېرىلارمۇ بۈگۈنكى ئەمگەككە قاتناشتى.

老人们也参加了今天的劳动

2.维语中有相当一部分形容词可以用来作人名，变成专有名词。例如：ئەركىن،（自由的），ئازات،（解放的），ئادىل،（公正的），غالىپ،（常胜的），روشەن،（明亮的、清楚的），دىلدار（心爱的）等。

2. ئۇيغۇر تىلىدا خېلى كۆپ قىسىم سۈپەتلەر ئادەم ئىسمى يەنى خاس ئىسىم سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ئەركىن، ئازات، ئادىل، غالىپ، روشەن، دىلدار قاتارلىقلار.

# 第五章　代　词
# بەشىنچى باب ئالماش

## 第一节　代词概述
## 1 - پاراگراف ئالماش ھەققىدە ئومۇمىي بايان

代词是具有代替和指示作用的词。代词可以代替词、词组、句子、甚至句段、句群、话语和篇章等。从代替词来说、代词一般可以代替名词、数词、形容词、副词和动词等实词。例如：

باشقا سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىپ، كۆرسەتىش رولىنى ئوينايدىغان سۆزلەر ئالماش دېيىلىدۇ. ئالماشلار سۆز، سۆز بىرىكمىسى، جۈملىلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ، بەزىدە ھەتتا پۈتۈن بىر ئابزاس، جۈملە گۇرۇپپىلىرى، گەپ ۋە ماقالە قاتارلىقلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپمۇ كېلىدۇ. ئالماشلار سۆزلەر ئىچىدە ئادەتتە ئىسىم، سان، سۈپەت، رەۋىش، پېئىل قاتارلىق مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن،

ئاكام ئىشچى، <u>ئۇ</u> ئۇن زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ.

我哥哥是工人，他在面粉厂工作。

تۈنۈگۈن ھاۋا ئىسسىق ئىدى، بۈگۈنمۇ <u>شۇنداق</u>.

昨天天气很热，今天还一样热。

بىرىنچى سىنىپتا 25 ئوقۇغۇچى بار، بىزنىڭ ئىككىنچى سىنىپتىمۇ شۇنچە ئوقۇغۇچى بار.

一班有二十五个学生，我们二班也有这么多学生。

ئۇ بۇ كىتاب ناھايىتى ياخشى دەيدۇ. ئۇنداق ياخشى ئەمەستۇ؟

他说这本书特别好，不一定吧？

مەن ئوقۇپ بولدۇم، ئۇمۇ شۇنداق.

我读完了，他也读完了。

代词具有下列语法特征：

ئالماشلار تۆۋەندىكىدەك گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1.代 词 本 身 不能具体地表示某事物及其特点，而进入句子后则表示被它所代替的那一类词所指事物，并相应地产生那一类词的语法特点。

2.一般不受其他词的修饰。

3.代词属于封闭式，数目有限，很少派生。

4.从句法来看，代词的作用比名词狭窄得多，除了人称代词外，其他代词在句中一般作定语。

1. ئالماشلار ئۆز ئالدىغا كونكرېت شەيئى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ كېلەلمەيدۇ. جۈملە تەركىبىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزى ئالمىشىپ كەلگەن سۆزلەر بىلدۈرگەن شەيئىلەرگە ۋەكىللىك قىلىپ، مۇناسىپ ھالدا شۇ سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولىدۇ.

2. ئادەتتە باشقا سۆزلەر تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ.

3. ئالماش يېپىق شەكىلگە تەۋە بولۇپ، سان جەھەتتە چەكلىك، ئۇلاردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسىم سۆزلەرنىلا ياساشقا بولىدۇ.

4. سىنتاكسىسلىق رولى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالماشلار جۈملىدە ئىسىملار ئۆتىگەن روللارنىڭ بىر قىسمىنىلا ئۆتىيەلەيدۇ. كىشىلىك ئالماشلىرىدىن باشقا ئالماشلار ئادەتتە جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

## 第二节　代词的分类

## 2 - پاراگراف ئالماشنىڭ تۈرلىرى

代词按其所表示的意义和功能可分为九类，即人称代词、反身代词、指示代词、性质代词、疑问代词、否定代词、不定代词、任指代词和集合代词。

ئالماشلار مەنىسى ۋە رولىغا ئاساسەن ئادەتتە كىشىلىك ئالماش، ئۆزلۈك ئالماش، كۆرسىتىش ئالماش، خاراكتېر ئالماش، سوراق ئالماش، بولۇشسىز ئالماش، ئېنىقسىز ئالماش، ئېنىقلاش ئالماش ۋە تولۇق ئالماش دېگەندەك توققۇز تۈرگە بۆلىنىدۇ.

### 一、人称代词

### 1. كىشىلىك ئالماشلار

表示三个人称的代词称做人称代词。人称代词的第一人称指说话者本身；第二人称指听话者；第三人称指说话者和听话者之

外的一方。人称代词有单复数的区别和格的变化。列表如下：

I، II، III شەخسنى بىلدۈرىدىغان ئالماش كىشىلىك ئالماش دېيىلىدۇ. I شەخس سۆزلىگۈچى، II شەخس ئاڭلىغۇچى، III شەخس سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىدىن باشقا يەنە بىر تەرەپنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلىك ئالماشلىرى سان، كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ. جەدۋەلگە قاراڭ:

| 数 سان / 人称 شەخس | | 单数 بىرلىك | 复数 كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| I | | مەن | بىز |
| II | 普称 ئادىي تۈرى | سەن سىز | سىلەر (سەنلەر) |
| | 尊称 ھۆرمەت تۈرى | سىلى (ئۆزلىرى) | |
| III | | ئۇ | ئۇلار |

**注：**

(1) 第三人称既可指人，也可指物。

(2) 第二人称复数形式 سەنلەر 有蔑视之意。

(3) سىز 表亲切称呼； سەن 表客气称呼。

(4) بىز 代替 مەن 表示谦虚。

**ئەسكەرتىش:**

1. III شەخس ئالماش ئادەمنىمۇ، نەرسىنىمۇ كۆرسىتىۋېرىدۇ.
2. II شەخسنىڭ كۆپلۈك شەكلى سەنلەر كەمسىتىش مەنىسىگە ئىگە.
3. «سەن» يېقىنچىلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «سىز» سىپايىلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.
4. «مەن» نىڭ ئورنىدا «بىز» ئىشلىتىلسە، كەمتەرلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

人称代词的变格形式列表如下：

كىشىلىك ئالماشلىرىنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىچە جەدۋەللەشتۈردى.

| 数<br>人称<br>格 | 单数 بىرلىك I | 单数 بىرلىك II 普称 ئاددىي تۈرى | 单数 بىرلىك II 普称 ئاددىي تۈرى | 单数 بىرلىك II 尊称 ھۆرمەت تۈرى | 单数 بىرلىك III | 复数 كۆپلۈك I | 复数 كۆپلۈك II | 复数 كۆپلۈك III |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 主格<br>باش كېلىش | مەن | سىز | سەن | سىلى | ئۇ | بىز | سىلەر | ئۇلار |
| 宾格<br>چۈشۈم كېلىش | مېنى | سىزنىڭ | سېنىڭ | سىلىنىڭ | ئۇنىڭ | بىزنىڭ | سىلەرنىڭ | ئۇلارنى |
| 属格<br>ئىگىلىك كېلىش | مېنىڭ | سىزدە | سەندە | سىلىدە | ئۇنىڭدا | بىزدە | سىلەرگە | ئۇلارنىڭ |
| 向格<br>يۆنىلىش كېلىش | ماڭا | سىزگە | ساڭا | سىلىگە | ئۇنىڭغا | بىزگە | سىلەردە | ئۇلارغا |
| 从格<br>چىقىش كېلىش | مەندە<br>سېنىڭدە | سىزدىن | سەندىن | سىلىدىن | ئۇنىڭدىن | بىزدىن | سىلەردىن | ئۇلاردا |
| 时位格<br>ئورۇن - پەيت كېلىش | مەندىن | سىزگىچە | سەنگىچە | سىلىگىچە | ئۇنىڭغىچە | بىزگىچە | سىلەرگىچە | ئۇلاردىن |
| 范围格<br>چەك كېلىش | مېنىڭدىكى | سىزدەك | سەندەك | سىلىدەك | ئۇنىڭدەك | بىزدەك | سىلەردەك | ئۇلارغىچە |
| 界限格<br>ئورۇن بەلگە كېلىش | مەنگىچە | سىزدىكى | سەندىكى | سىلىدىكى | ئۇنىڭدىكى | بىزدىكى | سىلەردىكى | ئۇلاردىكى |
| 相似格<br>ئوخشىتىش كېلىش | مېنىڭدەك | سىزنىڭچە | سېنىڭچە | سىلىچە | ئۇنىڭچە | بىزدەك | سىلەردەك | ئۇلاردەك |
| 量似格<br>تەڭلەشتۈرمە كېلىش | مېنىڭچە | سىزنىڭچە | سېنىڭچە | سىلىچە | ئۇنىڭچە | بىزچە | سىلەرچە | ئۇلارچە |

**注：**

**人称代词单数、变格的音变现象：**

**ئەسكەرتىش:**

بىرلىك ساندىكى كىشىلىك ئالماشلىرى كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەندە كۆرۈلىدىغان فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر:

（1）مەن和سەن缀接属格词尾نىڭ时，词末的ن脱落，词中的元音ئە弱化为ئې例如：

1 «مەن، سەن» لەرگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» ئۇلانغاندا، سۆز ئاخىرىدىكى «ن» چۈشۈپ قالىدۇ، سۆز يىلتىزىدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئې» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

مەن + ـ نى ـ مېنىڭ

سەن + ـ نىڭ ـ سېنىڭ

（2）مەن和سەن的向格形式为«ماڭا» «ساڭا»。

2. «مەن، سەن» نىڭ يۆنىلىش شەكلى «ماڭا» ساڭا بولىدۇ.

（8）مەن和سەن缀接宾格词尾نى时，词末的 ن 脱落，词中的元音ئە弱化为ئې。例如：

3 «مەن، سەن» لەرگە چۈشۈم كېلىش «قوشۇمچىسى» نى «ئۇلانغاندا. سۆز ئاخىرىدىكى «مەن» چۈشۈپ قالىدۇ، سۆز يىلتىزىدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئې» گە ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

مەن + ـ نى ——— مېنى

سەن + ـ نى ——— سېنى

（4）«ئۇ»缀接向格、时位格或从格词尾时，要先缀接属格词尾，然后才能缀接其格词尾。

4. «ئۇ» يۆنىلىش كېلىش، ئورۇن-پەيت كېلىش ۋە چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، ئالدى بىلەن ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ + ئىڭ ـ غا ـ ئۇنىڭغا

ئۇ + ئىڭ ـ دىن ـ ئۇنىڭدىن

ئۇ + ئىڭ ـ دا ـ ئۇنىڭدا

## 二、反身代词

## 2. ئۆزلۈك ئالماشلار

反身代词所表示的行为客体和行为主体是同一个人，或同一事物，即指人或事物的本身。例如：

ئىش-ھەرىكەتنىڭ سوبيېكتى بىلەن ئوبيېكتىنىڭ ئوخشاش بىر ئادەم ياكى ئوخشاش بىر شەيئى ئىكەنلىكىنى يەنى ئادەم ياكى شەيئىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان ئالماش ئۆزلۈك ئالماش دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئۆز ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىمىز.

我们热爱自己的祖国。

ئۇتۇقلارنى كۆرۈپلا ئۆز-ئۆزىمىزدىن قانائەتلىنىپ قالساق زادى بولمايدۇ.

决不能一见成绩就自满自足起来。

مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ شەخس بىرىنچى مەسىلىدىن قول ئۈزەلمەيدۇ.

骄傲自大，缺乏自知之明的人，是和他们的个人第一主义分

不开的。

维语的反身代词只有一个 ئۆز（自己）。它有领属性人称和格的变化：

ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزلۈك ئالماش پەقەت «ئۆز» دې
گەن سۆز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەخس ۋە كېلىشلەر بىلەن
تۈرلىنىدۇ.

ئۆزلۈك ئالماشنىڭ شەخسلەر بىلەن تۈرلىنىشى

反身代词缀接领属性人称的变化形式

ئۆزلۈك ئالماشنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى

反身代词缀接格的变化形式

| 数 سان<br>人称 شەخس | 单数 بىرلىك | 复数 كۆپلۈك |
|---|---|---|
| I شەخس 第一人称 | ئۆزۈم | ئۆزىمىز |
| II شەخس 第二人称 | ئۆزۈڭ<br>ئۆزىڭىز | ئۆزۈڭلار |
| III شەخس 第三人称 | ئۆزى | ئۇلار ئۆزى<br>ئۇلار ئۆزلىرى |

| كۆپلۈك | بىرلىك | |
|---|---|---|
| ئۆزىمىزنىڭ<br>ئۆزۈڭلارنىڭ<br>ئۆزلىرىنىڭ (ئۇلار<br>ئۆزلىرىنىڭ | ئۆزۈمنىڭ<br>ئۆزۈڭنىڭ<br>ئۆزىڭىزنىڭ<br>ئۆزىنىڭ | ئىگىلىك كېلىش |
| ئۆزىمىز<br>ئۆزۈڭلار | ئۆزۈم<br>ئۆزۈڭ<br>ئۆزىڭىز<br>ئۆزى | باش كېلىش |
| ئۆزىمىزنى<br>ئۆزۈڭلارنى<br>ئۆزلىرىنى (ئۇلار ئۆز-<br>لىرىنى) | ئۆزۈمنى<br>ئۆزۈڭنى<br>ئۆزىڭىزنى<br>ئۆزىنى | چۈشۈم كېلىش |
| ئۆزىمىزگە<br>ئۆزۈڭلارغا<br>ئۆزلىرىگە (ئۇلار<br>ئۆزىگە) | ئۆزۈمگە<br>ئۆزۈڭگە<br>ئۆزىڭىزگە<br>ئۆزىگە | يۆنىلىش كېلىش |
| ئۆزىمىزدە<br>ئۆزۈڭلاردا<br>ئۆزلىرىدە (ئۇلار<br>ئۆزىدە) | ئۆزۈمدە<br>ئۆزۈڭدە<br>ئۆزىڭىزدە<br>ئۆزىدە | ئورۇن پەيت كېلىش |
| ئۆزىمىزدىن<br>ئۆزۈڭلاردىن<br>ئۆزلىرىدىن (ئۇلار<br>ئۆزىدىن) | ئۆزۈمدىن<br>ئۆزۈڭدىن<br>ئۆزىڭىزدىن<br>ئۆزىدىن | چىقىش كېلىش |
| ئۆزىمىزدىكى<br>ئۆزۈڭلاردىكى<br>ئۆزلىرىدىكى | ئۆزۈمدىكى<br>ئۆزۈڭدىكى<br>ئۆزىڭىزدىكى<br>ئۆزىدىكى | ئورۇن بەلگە كېلىش |
| ئۆزىمىزگىچە<br>ئۆزۈڭلارغىچە<br>ئۆزلىرىگىچە (ئۇلار<br>ئۆزىگىچە) | ئۆزۈمگىچە<br>ئۆزۈڭگىچە<br>ئۆزىڭىزگىچە<br>ئۆزىگىچە | چەك كېلىش |
| ئۆزىمىزدەك<br>ئۆزۈڭلاردەك<br>ئۆزلىرىدەك | ئۆزۈمدەك<br>ئۆزۈڭدەك<br>ئۆزىڭىزدەك<br>ئۆزىدەك | ئوخشىتىش كېلىش |

| | | |
|---|---|---|
| ئۆزىمىزچە<br>ئۆزۈڭلارچە<br>ئۆزلىرىچە | ئۆزۈمچە<br>ئۆزۈڭچە<br>ئۆزىڭىزچە<br>ئۆزىچە | تەڭلەشتۈرمە كېلىش |

## 反身代词的用法

## ئۆزلۈك ئالماشنىڭ قوللىنىلىشى

1.反身代词与人称代词连用，表示对行为主体的强调和事物属性意义的加强。

1. ئۆزلۈك ئالماش كىشىلىك ئالماشلىرىنىڭ ئارقىسىدا كېلىپ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتىنى تەكىتلەيدىغانلىقىنى ۋە شەيئىنىڭ تەۋەلىك مەنىسىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ كىتابلىرىم.

我自己的书。

ئۇنىڭ ياخشى بالا ئىكەنلىكىنى سىز ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز.

您自己也知道他是个好孩子。

ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئايالى بىلەن بىللە بېرىپتۇ.

他自己也和妻子一起去了。

2.反身代词独立使用时，一般都缀以领属性人称。例如：

2. ئۆزلۈك ئالماش مۇستەقىل قوللىنىلغاندا ئومۇمەن شەخس بىلەن تۈرلىنىدۇ.

ئۆزۈم يۇيۇندۇم.

我洗澡了。

(ئۇ) ئۆزى كەلدى.

他自己来了。

ئۆزىڭىز يازسىڭىز ياخشى بولاتتى.

您自己写就好了。

3.反身代词做名词的修饰语时，其领属性人称词尾和属格词

尾都可省略。例如：

3. ئۆزلۈك ئالماشلىرى ئىسىم ئالدىدا كېلىپ ئېنىقلىغۇچى بولغاندا، ئۇنىڭدا شەخس قوشۇمچىلىرى ۋە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن.

ئۆز (-مىنىڭ) قولۇم بىلەن ياسىدىم.

我亲手做的。

ئۆز (-ەڭنىڭ) كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟

你亲眼见了吗？

ئۆز (-ەمنىڭ) قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم.

我亲耳听见的。

## 三、指示代词

## 3. كۆرسىتىش ئالماشلىرى

指示代词是用来区别与指示人、事物、空间、数量等的代词。例如：

ئادەم، شەيئى، ماكان قاتارلىقلارنى پەرقلەندۈرىدىغان ۋە كۆرسىتىپ كېلىدىغان ئالماشلار كۆرسىتىش ئالماش دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئۇيغۇرچە كىتاب ئىكەن.

这是一本维文书。

ھېلىقى ئادەم يەنە كەلدى.

那个人又来了。

شۇنچە ئويلىساممۇ ئېسىمگە كەلمىدى.

我怎么想也想不起来。

تۈنۈگۈن مېنىڭ كوچىدا كورگىنىم دەل مۇشۇ ئادەم.

昨天我在街上见到的就是这个人。

سەمەت ئۇ يەرگە بېرىپ باققانمۇ؟

赛买提去过那儿吗？

指示代词按其所表示的意义可以分为五种：

كۆرسەتمىش ئالماشلىرىنى مەنىسىگە قاراپ بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1.近指： 1. يېقىننى كۆرسەتىدىغانلار:

(就是这个) مۇشۇ (这、这个) بۇ ماۋۇ

(此，该) مەزكۇر (是这个) شۇ

2.远指： 2. يىراقنى كۆرسەتىدىغانلىرى:

(那个、那些) ئاشۇ (那个) ئۇ، ھېلىقى، ئاۋۇ

3.指数量： 3. ساننى كۆرسەتىدىغانلىرى:

(这么多) مۇنچە، شۇنچە

(这么些) مۇنچىلىك شۇنچىلىك

(这么多) بۇنچىۋالا، مۇنچىۋالا

(那么多) ئۇنچىۋالا، ئاشۇنچىۋالا

(这么些个) ئاشۇنچىلىك (那么些个) مۇشۇنچىلىك

4.指地点： 4. ئورۇننى كۆرسەتىدىغانلىرى:

(那里) ئۇ يەر، ئاۋۇ يەر، ئاشۇيەر

(这里) بۇ يەر، ماۋۇ يەر مۇشۇ يەر

5.特指： 5. ئېنىق نەرسىنى كۆرسەتىدىغانلىرى:

(那个、那儿) ئەنە مانا (这儿，这个) مانا ئەنە

注：

（1）这两个«مانا، ئەنە»指示代词一般情况下不能直接与名词、数词、形容词等连用只有与以上的几种指示代词或性质代词结合后，才能修饰其它词。例如：

ئىسكەرتىش:

«مانا»، «ئەنە» دىن ئىبارەت كۆرسىتىش ئالمىشى ئىسىم، سان، سۈپەتلەر بىلەن بىۋاستە بىرىكمەيدۇ. پەقەت يۇقىرىدا ئېيتىلغان كۆرسىتىش ئالماشلىرى ياكى خاراكتېر ئالماش بىلەن بىرىككەندىن كېيىنلا ئاندىن باشقا سۆزلەرنى ئېنىقلاپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| مانا بۇ | مانا مۇنداق | مانا ماۋۇ |
| مانا شۇ | مانا بۇ يەر | مانا شۇنچىلىك |
| ئەنە شۇ | ئەنە ئاۋۇ | ئەنە شۇنچىلىك |
| ئەنە شۇنچە | ئەنە شۇ يەر | ئەنە شۇنچىلىك |

（2）指示代词 بۇ، شۇ، ئاۋۇ، ئاشۇ، مۇشۇ، ئۇ 缀接名词的向格，从格、时位格时，要先缀接属格 نىڭ 然后再缀接其它格的词尾。如缀接«لار»构成复数形式，可直接缀接格的词尾。列表如下：

2. كۆرسىتىش ئالماش «بۇ، شۇ، ئاۋۇ، ئاشۇ، مۇشۇ، ئۇ» قاتارلىقلار يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن - پەيت كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەندە، ئۇلارغا ئالدى بىلەن ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، ئاندىن باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. كۆپلۈك شەكلىگە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىۋاستە ئۇلىنىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

| سان 数 / 格 كېلىش | 单数 بىرلىك | 复数 كۆپلۈك |
|---|---|---|
| 主格 باش-كېلىش | بۇ<br>ئاۋۇ<br>مۇشۇ | بۇلار<br>ئاۋۇلار<br>مۇشۇلار |
| 属格 ئىگىلىك كېلىش | بۇنى<br>ئاۋۇنى<br>مۇشۇنى | بۇلارنىڭ<br>ئاۋۇلارنىڭ<br>مۇشۇلارنىڭ |
| 宾格 چۈشۈم كېلىش | بۇ<br>ئاۋۇ<br>مۇشۇ | بۇلارنى<br>ئاۋۇلارنى<br>مۇشۇلارنى |
| 向格 يۆنىلىش كېلىش | بۇنىڭغا<br>ئاۋۇنىڭغا<br>مۇشۇنىڭغا | بۇلارغا<br>ئاۋۇلارغا<br>مۇشۇلارغا |
| 位格 ئورۇن پەيت كېلىش | بۇنىڭدا<br>ئاۋۇنىڭدا<br>مۇشۇنىڭدا | بۇلاردا<br>ئاۋۇلاردا<br>مۇشۇلاردا |
| 从格 چىقىش كېلىش | بۇنىڭدىن<br>ئاۋۇنىڭدىن<br>مۇشۇنىڭدىن | بۇلاردىن<br>ئاۋۇلاردىن<br>مۇشۇلاردىن |
| 范围格 چەك كېلىش | بۇنىڭغىچە<br>ئاۋۇنىڭغىچە<br>ئاۋۇنىڭغىچە | بۇلارغىچە<br>ئاۋۇلارغىچە<br>مۇشۇلارغىچە |
| 界限格 ئورۇن بەلگە كېلىش | بۇنىڭدىكى<br>ئاۋۇنىڭدىكى<br>مۇمۇنىڭدىكى | بۇلاردىكى<br>ئاۋۇلاردىكى<br>مۇشۇلاردىكى |
| 相似格 ئوخشىتىش كېلىش | بۇنىڭدەك<br>ئاۋۇنىڭدەك<br>مۇشۇنىڭدەك | بۇلاردەك<br>ئاۋۇلاردەك<br>مۇشۇلاردەك |
| 量似格 تەڭلەشتۈرمە كېلىش | بۇنىڭچە<br>ئاۋۇنىڭچە<br>مۇشۇنىڭچە | بۇلارچە<br>ئاۋۇلارچە<br>مۇشۇلارچە |

## 四、性质代词

## 4. خاراكتېر ئالماشلىرى

性质代词是用来代替表示事物性质、程度、行为特征等概念的形容词、副词和动词的代词。常见的性质代词有：

شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى، دەرىجىسى، ھەرىكەت ئالاھىدىلىكى قاتارلىق ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان سۆپەت، رەۋىش، پېئىل قاتارلىقلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان ئالماشلار خاراكتېر ئالماش دېيىلىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان خاراكتېر ئالماشلىرى تۆۋەندىكىچە:

| | | |
|---|---|---|
| بۇنداق، | مۇنداق | (这样的) |
| ئانداق، | ئۇنداق | (那样的) |
| شۇنداق، | مۇشۇنداق | (就这样) |

مەسىلەن

例如

بالام، بۇنداق قۇرۇق گەپ قىلماڭ.

孩子不要说这样的空话。

مەندە ئۇنداق لۇغەت يوق.

我没有那样的辞典。

ئۇمۇ مۇشۇنداق بىر ۋېلسىپىت ئالدى.

他也买了这样一辆自行车。

نۇرغۇن يىللار مانا شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى.

许多年就这样过去了。

ئانداق ئىشنى مەن قىلغان ئەمەسمەن.

我没有作过那样的事。

بۇ گەپنى مۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس.

这句话，不能这么说。

性质代词用于代替形容词时，它可以随形容词的名物化而名物化。此时，性质代词具有数和格的变化，但没有领属性人称的变化。例如：

خاراكتېر ئالماشلىرى سۈپەتلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەندە، سۈپەتنىڭ ئىسىملىشىشىغا ئەگىشىپ ئىسىملىشىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار سان، كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ. ئەمما شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ.
مەسىلەن:

ئۇنداقلارنى كىم ياخشى كۆرىدۇ؟

那样的人谁会喜欢？

ماڭا مۇنداقلاردىن بىرئاز بېرىڭ.

请给我一点儿这样的。

## 五、疑问代词

## 5. سوراق ئالماشلىرى

疑问代词表示对人、事物、时间、空间、数量、性质特征、行为状态提出的询问。按其询问对象的内容，可以分为以下几类：

ئادەم، شەيئى، زامان، ماكان، سان ـ مىقدار خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك، ھەرىكەت ھالىتى قاتارلىقلارغا قويۇلغان سوراقنى ئىپادىلەيدىغان ئالماشلار سوراق ئالمىشى دېيىلىدۇ. سوراش ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇنى بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1.询问人或一般事物的有：

1. ئادەم ياكى ئادەتتىكى شەيئىلەرگە قارىتىلغان سوراقنى ئىپادىلەيدىغانلىرى:

كىم (谁)　　نېمە (什么)　　قايسى (哪一个)

ھازىر كىم دەرس ئۆتۈۋاتىدۇ؟

现在谁在上课？

كۆڭلىڭىزدە نېمە بولسا، شۇنى ئېيتىڭ.

你心里有什么，就说什么吧！

سىز قايسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن؟ ھازىر قايسى ئىدارىدە خىزمەت قىلىسىز؟

你是哪个学校毕业的？现在在哪个机关工作？

2.询问数量和顺序的有：

2. سان، تەرتىپ ھەققىدىكى سوراقنى ئىپادىلەيدىغانلىرى:

نەچچە، قانچە (多少)

نەچچىنچى، قانچىنچى (第几个)

نەچچىلىك، قانچىلىك (多少个)

سىلەر ھەر كۈنى قانچە سائەت دەرس ئوقۇيسىلەر؟

你们每天上几小时课？

سىز نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

你现在几岁了？

بۇ سىزنىڭ نەچچىنچى بالىڭىز؟

这是您的第几个孩子？

ھازىر يانچۇقىڭىزدا قانچىلىك پۇل بار؟

你身边现有多少钱?

قانچىلىك بىلسىڭىز، شۇنچىلىك دەڭ.

知道多少，讲多少吧。

يولغا قانچە كۈن كەتتى؟

路上走了几天?

3.询问时间、地点的有:

3. ۋاقىت، ئورۇن ھەققىدىكى سوراقنى ئىپادىلەيدىغانلىرى:

قاچان (何时)  قەيەر (何处)

نە (什么地方)  قاياق (向何方)

سىز قاچان ماڭىدىغان بولدىڭىز؟

您何时动身?

ئۇ بالا قەيەردىن كېلىپتۇ؟

那孩子是从什么地方来的?

قاياققا ماڭدىڭىز؟

你去何处?

نەگە بارىسىز؟

你去哪儿?

4.询问原因、性质、状态的有:

4. سەۋەب، خاراكتېر، ھالەت ھەققىدىكى سوراقنى ئىپادىلەيدىغانلىرى:

قانداق (什么样、怎样)  قانداقسىگە (怎么、如何)

قانداقلارچە (如何、怎样)  نېمانچە (何必这样)

نېمانداق (怎么这样)  نېمانچىلا (为什么这样)

سىز نېمانچىلا ھاسىراپ كەتتىڭىز؟

**您怎么喘得这么厉害？**

ئۇ نېمانداق بىر ئادەم؟

**他怎么是这样一个人呢？**

سىزگە قانداق كىتاب كېرەك؟

**您需要什么样的书？**

سىز قانداقلارچە بۇ يەرگە كەپقالدىڭىز؟

**您怎么到这儿来了？**

سەن بۈگۈن قانداقسىگە كېچىكىپ قالدىڭ؟

你今天为何迟到了？

疑问代词，一般来说，和名词一样，有数、人称、格的变化。列表如下：

سوراق ئالماشلىرى ئادەتتە ئىسىملارغا ئوخشاشلا سان، شەخس، كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

| 数 سان / 格 كېلىش | 单数 بىرلىك | 复数 كۆپلۈك |
|---|---|---|
| 主格 باش كېلىش | كىم<br>نېمە<br>قەيەر | كىملەر<br>نېمىلەر<br>قەيەرلەر |
| 属格 ئىگىلىك كېلىش | كىمنىڭ<br>نېمىنىڭ<br>قەيەرنىڭ | كىملەرنىڭ<br>نېمىلەرنىڭ<br>قەيەرلەرنىڭ |
| 宾格 چۈشۈم كېلىش | كىمنى<br>نېمىنى<br>قەيەرنى | كىملەرنى<br>نېمىلەرنى<br>قەيەرلەرنى |
| 向格 يۆنىلىش كېلىش | كىمگە<br>نېمىگە<br>قەيەرگە | كىملەرگە<br>نېمىلەرگە<br>قەيەرلەرگە |
| 位格 ئورۇن پەيت كېلىش | كىمدە<br>نېمىدە<br>قايەردە | كىملەردە<br>نېمىلەردە<br>قەيەرلەردە |
| 从格 چىقىش كېلىش | كىمدىن<br>نېمىدىن<br>قەيەردىن | كىملەردىن<br>نېمىلەردىن<br>قەيەرلەردىن |
| 界限格 چەك كېلىش | كىمگىچە<br>نېمىگىچە<br>قەيەرگىچە | كىملەرگىچە<br>نېمىلەرگىچە<br>قەيەرلەرگىچە |
| 范围格 ئورۇن بەلگە كېلىش | كىمدىكى<br>نېمىدىكى<br>قەيەردىكى | كىملەردىكى<br>نېمىلەردىكى<br>قەيەرلەردىكى |
| ئوخشىتىش كېلىش 相似格 | كىمدەك<br>نېمىدەك<br>قەيەردەك | كىملەردەك<br>نېمىلەردەك<br>قەيەرلەردەك |
| 量似格 تەڭلەشتۈرمە كېلىش | كىمچە<br>نېمىچە<br>قەيەرچە | كىملەرچە<br>نېمىلەرچە<br>قەيەرچە |

ئۇ سىزنىڭ نېمىڭىز؟

他是你的什么人？

بۇ لوغەت قەيەردە بار؟

这种辞典哪儿有？

قايسىنى ئالىسىز؟

你要哪个

بۇ سائەتنى كىمگە بېرىسىز؟

这块表你要送给谁？

سەن كىمنى ئەخمەق قىلماقچى؟

你想欺负谁？

بىز بۇنىڭغا نېمىمىزنى تۆلەيمىز؟

我们能给他赔偿什么呢？

پىچاق قەيېرىڭنى كېسىۋەتتى؟

刀子把你哪儿割破了？

سىز كىمدىكىنى ياقتۇرىسىز؟

您喜欢谁的？

مەن قەيەرگىچە بېرىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن.

我也不知道自己应该去多远的地方。

سىز دېگەن شەھەرنىڭ چوڭلۇقى قەيەردەك كېلەر؟

你说的那个城市跟哪儿一样大？

## 六、任指代词

## 6. ئېنىقلاش ئالماشلىرى

任指代词用来代替同类事物的任何一种。

بىر تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ خاللىغان بىرىنى كۆرسىتىپ كېلىدىغان ئالماش ئېنىقلاش ئالمىشى دېيىلىدۇ.

任指代词是由«هەر»与疑问代词和个别的名词或数词结合构成。

ئېنىقلاش ئالماشلىرى «هەر» سۆزكە سوراق ئالماشلىرىنى، بىر قىسىم ئىسىملارنى ياكى سانلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

维语中常见的任指代词有：

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئېنىقلاش ئالماشلىرى تۆۋەندىكىچە:

| | | | |
|---|---|---|---|
| （任何事物） | هەر نېمە | （任何人） | هەر كىم |
| （任何一种） | هەرقايسى | （任何） | هەرقانداق |
| （何等、多么） | هەر قانچە | （任何时候） | هەر قاچان |
| （随时） | هەر ۋاقىت | （任何一个） | هەر بىر |
| （任何地方） | هەر يەر | （任何事情） | هەر ئىش |
| （任何人） | هەر كىشى | （任何东西） | هەر نەرسە |

有一部分任指代词，如 هەر بىر، هەر نېمە، هەر كىم، هەر ئىش، هەر يەر، هەر نەرسە، هەر 等一般有人称、格的变化。但没有名词数的变化，因为任指代词的词汇意义本身就包含复数意义。例如：

«هەر كىم، هەر نېمە، هەر بىر، هەر ئىش، هەر يەر، هەر نەرسە» قاتارلىق بىر قىسىم ئېنىقلاش ئالماشلىرى شەخس كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ. ئەمما ئىسىملارنىڭ سان كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. چۈنكى

بۇ ئالماشلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىدە، كۆپلۈك ئۇقۇمى ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

ھەر كىشىنىڭ ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ئىش قىلىش مەسئۇلىيىتى بار.

各尽所能是每个人的职责。

تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلى تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇلاردا تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ.

在不同历史时期各民族语言都有一些不同的特点和变化。

بىز ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىمىزنى بېغىشلاشقا ھەرقاچان تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك.

我们要随时准备为祖国献出自己的一切。

## 七、不定代词

## 7. ئېنىقسىز ئالماشلىرى

不定代词就是不指特定对象的代词。它用于代替不明确的人或事物。其构成方法如下：

ئېنىقسىز ئوبيېكتنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار ئېنىقسىز ئالماش دېيىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئېنىقسىز ئادەم ياكى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكىدەك يوللار ئارقىلىق ياسىلىدۇ:

1. 在疑问代词前边缀接 ئاللا （不论）构成。

1. سوراق ئالماشلىرىنىڭ ئالدىغا «ئاللا» نى قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ.

ئاللىكىم (某人) ئاللىنېمە (某个东西)

ئاللىقاچان (早已) ئاللىقانداق (某种)

ئاللىقايسى (某种) ئاللىقەيەر (某地)

ئاللىقاياق (某个方向) ئاللىبۇرۇن (早已经)

ئۇنى ئاللىكىملەرگە بەردى، مەن ئۇقمايمەن.

我不知道他把那东西给了谁。

ئۇ ئاللىنېمىلەرنى دېدى.

不知他说了些什么。

جىمجىت كېچىدە ئۇنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاللىقاياقلارغا كەتكەنىدى.

他的呼叫声在寂静的夜晚传遍了四面八方。

ئاللىقايەرلەردىن ماشىنىنىڭ سىگنالى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

汽车的喇叭声到处都能听到。

بىز كەلسەك، ئۇلار ئاللىبۇرۇن كېتىپ قالغانىكەن.

我们来时，他们早已回去了。

كېچىدە سىرتقا چىققىنىدىم، كۆزۈمگە ئاللىقانداق بىر نېمىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

昨晚出去时，眼前隐隐约约地出现了一些东西。

2. 由 بىر 和疑问代词组合而成。

2. سوراق ئالماشلىرىنىڭ ئالدىغا «بىر» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

بىر كىم (某人) بىر نېمە (某个东西)

بىر قانچە (几个) بىر قانداق (某种)

بىر يەر (某地)    بىر چاغ (某时)

بىر نەچچە (某几个)

ئۇلار بىر نەچچە قېتىم كەلدى.

他们来了好几次。

سەن قانداق بىرنېمىسەن؟

你是什么东西？

ياتاق ئالدىدا بىركىم سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

宿舍前有人在等你。

ئۇمۇ بىرچاغلاردا بىزدەك ياش ھەم تېتىك ئىدى.

他也曾经和我们一样年轻活泼。

بىر يەرگە بارغۇڭىز بولمىسا، مۇشۇ يەردە ئوبدان ئارام ئېلىڭ.

如果不想出去，就在这儿好好休息吧。

3.由疑问代词与«تۇر»、«دۇ»组合而成。

3. سوراق ئالماشلىرىغا «دۇر» «تۇر» نى قوشۇشتىن ياسىلىدۇ.

كىمدۇر (不知是谁)    نېمىدۇر (不知是什么)

قاچاندۇر (不知是什么时候)    قانچىدۇر (不知是几个)

قايسىدۇر (不知是哪一个)    قانداقتۇر (不知是什么样的)

نېمىشقىدۇر (不知为什么)    قەيەردۇر (不知是什么地方)

كىمدۇر بىرى ئەتىگەن سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن.

不知是谁，上午来找过你。

مەن سىزنى قاچاندۇر بىر يەردە كۆرگەندەك تۇرىمەن.

不知什么时候，我好象在哪儿见过你。

مەن سىنىپقا كىرسەم، ئۇ نېمىدۇر بىر نېمە يېزىپ ئولتۇرغانىكەن.

我进教室时，他不知在写什么。

بۈگۈن قانداقتۇر ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

不知怎么，他今天吊着个脸。

بىز نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭ بايىقى گەپلىرىدىن گۇمانلىنىپ قالدۇق.

我们不知怎么就对他刚才说的话产生了怀疑。

4.由疑问代词与 بىر 组合而成。表示“某某”“某些”之意。

4. سوراق ئالماشلىرىنىڭ ئارقىسىغا «بىر» نى قوشۇشتىن ياسىلىدۇ، بۇ خىل ئالماشلار «مەلۇم، بەزى، پالانى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

قايسىبىر، مەلۇم بىر (某个) بەزىبىر (某些)

قايسىبىر كۈنى مەن ئۇنى كۆردۈم.

有一天，我见他了。

بۇ ئىشقا مەلۇم بىر ئادەم بېرىشى كېرەك.

应该去一个人办这件事。

يېڭى كەلگەن بەزىبىر ساۋاقداشلار بۇ يەرگە كۆنەلمەي كېتىپ قالدى.

新来的有些学生在这里生活不习惯就回去了。

还有些不定代词是来自阿拉伯语的借词，如：پالانى، پالانچى، «پالان، بەزى 等，它们可以独立使用，也表示“某某”“某

些”的意思。例如：

«پالانچى، پالان، پالان-پۇستان، بەزى» دېگەنگە ئوخشاش بەزى ئېنىقسىز ئالماشلار ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، بۇلارنى مۇستەقىل ئىشلىتىشكە بولىدۇ، بۇلارمۇ «مەلۇم، بەزى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بەزى ئادەملەر بۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

有些人不喜欢这个。

پالانچى-پۇستانچىلار كېلىدۇ دېۋىدىڭ، كەلمىدىغۇ!

你说某某人要来，怎么没来。

ھېلىقى گەپنى پالانىدىن ئاڭلىدىم دېگىنىڭ يالغانغۇ دەيمەن.

你刚才说的那话，是从别人那儿听的，这不真实吧？

ئۇلار پالانى كۈنى كېتىپ، پۇستانى كۈنى قايتىپ كېلىدۇ دەۋاتاتتى، بۇ گەپ راستمىكىن، بىلمىدىم.

都说他们某天走，某天回来，我也不知这话是真是假。

不定代词在句中可以充当各种成分，它有名词的人称、数和格的变化，但这种变化不够完整。例如：

ئېنىقسىز ئالماشلار جۈملىنىڭ ھەر قانداق بۆلەكى بولۇپ كېلەلەيدۇ. گەرچە ئانچە سىستېمىلىق بولمىسىمۇ، ئۇلار ئادەتتە ئىسىملارنىڭ شەخس، سان، كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بىر نېمىلەرنى دېگەنىدى، مەن چۈشەنمىدىم.

他不知说了些什么，我没听懂。

ئۇنى ئالىكىملەرگە بەردى، بىز ئۇقمايمىز.

我们不知道他把那东西给谁了。

بىز ئۇلارغا خەت يازدۇق، لېكىن بەزىلىرىدىن تېخى خەت كەلمىدى.

我们给他们写信了，但还有些人没回信。

## 八、否定代词

## 8. بولۇشسىز ئالماشلار

否定代词只能用在否定语句中，表示所指的人或事物及其特征、属性等并不存在。否定代词是由 ھېچ （任何、决不、毫无）和疑问代词或少数几个名词组合而成。

ئىنكار جۈملىلەردىلا قوللىنىپ، ئۆزى كۆرسەتكەن شەيئى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىك، خاراكتېرلىرىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار بولۇشسىز ئالماش دېيىلىدۇ. بولۇشسىز ئالماشلار سوراق ئالماشلىرى ۋە ئاز بىر قىسىم ئىسىملارنى «ھېچ» بىلەن بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| ھېچ | ھېچكىم |
| ھېچنېمە | ھېچقانداق |
| ھېچقاچان | ھېچقانچە |
| ھېچقايسى | ھېچ نەرسە |

بۇ ئۆيدە ھېچكىم يوق.

这房子里谁都没有。

مەن بۈگۈن ھېچنېمە يېمىدىم.

我今天什么都没吃。

بۈگۈن ھېچقانچە ئىش ئىشلەنمىدى.

今天什么活儿都没干。

ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كەلمىدى.

他们谁也没有来。

ھېچكىم سىنى ھېچنېمە دېمىدى.

谁也没有说你一个字儿。

مەن ئۇنى ھېچيەردە كۆرمىدىم.

我在什么地方都没见他。

بۈگۈن ھېچنەگە بارمايمەن.

我今天哪里都不去。

否定代词除了具有名词格的变化外，大部分否定代词还有领属性人称和格的变化。列表如下。

خېلى كۆپ قىسىم بولۇشسىز ئالماشلار كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەندىن سىرت، شەخس ۋە سان قوشۇمچىلىرى بىلەنمۇ تۈرلىنىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

| 格 كېلىش / 例词 مىسال | |
|---|---|
| 主格<br>باش كېلىش | ھېچكىم، ھېچنېمە، ھېچ يەر، ھېچنەسە، ھېچقايسى، ھېچ نەرسە |
| 领属格<br>ئىگىلىك كې-<br>لىش | ھېچكىمنىڭ، ھېچنېمىنىڭ، ھېچ يەرنىڭ، ھېچنەسىنىڭ، ھېچقايسىنىڭ، ھېچ نەرسىنىڭ |
| 宾格<br>چۈشۈم كېلىش | ھېچكىمنى، ھېچنېمىنى، ھېچ يەرنى، ھېچنەسىنى، ھېچقاي-سىنى، ھېچ نەرسىنى |
| 向格<br>يۆنىلىش كې-<br>لىش | ھېچكىمگە، ھېچنېمىگە، ھېچيەرگە، ھېچنەگە، ھېچقاي-سىغا، ھېچ نەرسىگە |
| 位格<br>ئورۇن پەيت<br>كېلىش | ھېچكىمدە، ھېچنېمىدە، ھېچيەردە، ھېچنەدە، ھېچ-قايسىدا، ھېچ نەرسىدە |
| 从格<br>چىقىش كېلىش | ھېچكىمدىن، ھېچنېمىدىن، ھېچيەردىن، ھېچنەدىن، ھېچقايسىدىن، ھېچ نەرسىدىن |
| 界限格<br>چەك كېلىش | ھېچكىمگىچە، ھېچنېمىگىچە، ھېچيەرگىچە، ھېچنەگىچە، ھېچقايسىغىچە، ھېچ نەرسىگىچە |
| 范围格<br>ئورۇن بەلگە<br>كېلىش | ھېچكىمدىكى، ھېچنېمىدىكى، ھېچيەردىكى، ھېچنەردىكى، ھېچقايسىدىكى، ھېچنەرسىدىكى |
| 相似格<br>ئوخشىتىش كې-<br>لىش | ھېچكىمدەك، ھېچنېمىدەك، ھېچيەردەك، ھېچنەدەك، ھېچقايسىدەك، ھېچ نەرسىدەك |
| 量似格<br>تەڭلەشتۈرمە<br>كېلىش | ھېچكىمچە، ھېچنېمىچە، ھېچيەرچە، ھېچنەچە، ھېچ-قايسىچە، ھېچ نەرسىچە |

## 九、集合代词

## ٩. ئومۇملۇق ئالماشلىرى

表示人或事物整体、集合概念的代词、称为集合代词。集合代词有：

ئادەم ياكى شەيئىنىڭ پۈتۈنلۈكى، ئومۇملۇقى توغرىسىدىكى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار ئومۇملۇق ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ. ئومۇملۇق ئالماشلار تۆۋەندىكىچە:

ھەممە （都）　بارلىق （所有）　بارچە، بارى （一切）

پۈتۈن، پۈتكۈل （全体、整个）　جەمئىي （全部）

ئۇ ھەممىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

他和我们都见面握了手。

ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ۋەتەنگە بېغىشلىدى.

他把自己的一切都献给了祖国。

جەمئىي ئادەم مەجلىسكە كېتىپتۇ.

所有的人都去开会了。

# 第六章 数 词

# 6 - باب سان

## 第一节 数词概述

## 1 - پاراگراف سان ھەققىدە ئومۇمىي بايان

表示人或事物的数量和顺序的词，称做数词。«نەچچە، قانچە» «نەچچىنچى، قانچىنچى» 在句中回答等问语。

ئادەم ياكى شەيئىنىڭ سان ۋە تەرتىپىنى بىلدۈردىغان سۆز تۈركۈمى سان دېيىلىدۇ. جۈملىلەردە «نەچچە»، «قانچە» «نەچچىنچى»، «قانچىنچى» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

### 一、数词的语法特征

### 1. ساننىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1. 名物化的数词有格、领属性人称的变化。

1. ئىسىملاشقان سان كېلىش ۋە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ.

2. 数词不接受其它词的修饰，本身没有构词能力。

2. سان باشقا سۆزلەر تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ ۋە سۆز ياساش قابىلىيىتىگە ئىگە ئەمەس.

3.在句中，可单独修饰名词或与量词组合修饰名词。

3. جۇملىدە مۇستەقىل تۇرغاندىمۇ، مىقدارلار
بىلەن بىرىكىپمۇ ئىسىملارنى ئېنىقلاۋېرىدۇ.

4.在句中可作各种句子成分，一般常用来修饰名词作定语。例如：

4. جۈملىدە ھەرخىل جۈملە بۆلىكى بولالايدۇ. كۆ-
پىنچە ئىسىملارنى ئېنىقلاپ ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ سەككىز تۆگىنىڭ ئۈچى مېنىڭكى.

这峰骆驼有三峰是我的。

سىلەر بەشىلەر، بىز ئۈچىمىز، بۇنداق بۆلۈش
ئادالەتسىزلىك بولار.

你是五个人，我们是三个人，这样分不公平。

ئىككى پارچە قەغەز بېرىپ تۇرۇڭ.

你先借我两张纸。

بەزى دۆلەتلەردە ئون ئۈچ شۇملۇقتىن دېرەك بېرى-
دىغان سان ئىكەن.

在某些国家十三是个不吉利的数字。

ئۇ ئىككىسىنىڭ پىكرى بىر.

他俩的意见是一致的。

يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس.

剪裁之前要量七次。（三思而后行）

## 二、数词的分类

## 2. سانىنىڭ تۈرلىرى

1.数词按其结构可分为简单数词与合成数词两类。简单数词

是由一个单一的数词构成。如：بىر، ئىككى، ئۈچ 合成数词是由两个或更多的数词排列构成。如：ئون بىر، ئاتتە بىر يۈز ئەللىك 等。

1. سان تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ئاددىي سان ۋە بىرىكـكەن سان دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرلا ساندىن تۈزۈلگەن سانلار ئاددىي سان دېيىلىدۇ. مەسىلەن: بىر، ئىككى، ئۈچ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ساندىن تۈزۈلگەن سانلار بىرىككەن سان دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئون بىر، بىر يۈز ئەللىك ئاتتە.

2.数词按其所表示的意义和计算方法可分为基数词、序数词、约数词、集合数词和分数词五种。

2. سان مەنىسىگە ۋە سانىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن، ساناق سان، تەرتىپ سان، مۆلچەر سان، ئۆملۈك سان، كەسىر سان دەپ بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 第二节　基数词

## 2 - پاراگراف ساناق سان

### 一、基数词的概念

### 1. ساناق سان ھەققىدە چۈشەنچە

表示确定的整数的词称做基数词，基数词是构成其他数词的基础。维语中最基本的基数词共有24个：

ئېنىق، پۈتۈن سانىنى بىلدۈرىدىغان سانلار ساناق

سان دېيىلىدۇ. سانائق سان باشقا سانلارنى ياساشنىڭ ئاساسىدۇر. ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ ئۇچرايدىغان سانائق سانلار تۆۋەندىكىچە 24:

| I | II | III |
|---|---|---|
| 0 نۆل | 10 ئون | 100 يۈز |
| 1 بىر | 20 يىگىرمە | 1000 مىڭ |
| 2 ئىككى | 30 ئوتتۇز | 10000 تۈمەن |
| 3 ئۈچ | 40 قىرىق | 1000,000 مىليون |
| 4 تۆت | 50 ئەللىك | 1000,000,000 مىليارد |
| 5 بەش | 60 ئاتمىش | |
| 6 ئالتە | 70 يەتمىش | |
| 7 يەتتە | 80 سەكسەن | |
| 8 سەككىز | 90 توقسان | |
| 9 توققۇز | | |

注：تۈمەن 现已不多用，被 «ئون مىڭ» 所代替

ئەسكەرتىش: «تۈمەن» قەدىمىرەك سان بولۇپ، ھازىر ئانچە كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىدا «ئون مىڭ» قوللىنىلىدۇ.

## 二、基数词的用法

## 2. ساناق سانىنىڭ قوللىنىشى

1.基数词在句中可以充当各种句子成分。例如：

1. ساناق سان جۈملىدە، جۈملىنىڭ ھەرقانداق بۆلىكى بولالايدۇ. مەسىلەن:

ئون ئالتىگە پۈتۈندىن بۆلۈنمەيدۇ.

十不能被六整除。

ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى چەتكە چىقىش ئىمتىھانىدا ئىنگلىز تىلىدىن ئالغان نومۇرى سەكسەن سەككىز.

他这次出国英语考试得了八十八分。

توققۇزنى ئۈچكە كۆپەيتسە يىگىرمە يەتتە بولىدۇ.

九乘以三等于二十七。

كەلگۈسىدە ئون ئادەمنىڭ ئىشىنى بىر ئادەم يالغۇز قىلىدىغان بولىدۇ.

将来，十个人的工作将由一个人来干。

سېنىڭ ئورنىڭدا مەن بولغان بولسام، بۇ چاغقىچە مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتىغا ئون بىرىپ كېلەتتىم.

我要是你，这段时间已去医学院十趟了。

2.基数词缀接从格词尾，可构成表示批量的数词。例如：

2. ساناق سانلارغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن توپ سانلار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يەسلى ھەر بىر بالىغا بىردىن بولكا، ئىككىدىن بىگۇر، بەشتىن شاكىلات تارقىتىپ بېرىپتۇ.

托儿所给每位小朋友发了一个面包，两根冰棒和五块巧克力。

كۆرەشچى ئايروپىلانلار ئۈچتىن - ئۈچتىن كۆككە ئۇچتى.

战斗机三架一组三架一组地飞向蓝天。

مېھمانلار ئىككىدىن - ئۈچتىن كېلىشكە باشلىدى.

客人们三三两两地开始来了。

3.基数词缀接词尾 “- لەپ/ - لاپ” 也可构成表示批量意义的词。这种表批量的基数词通常迭用，在句中修饰动词作状语。例如：

3. سانلىق سانلارغا «لاپ/ - لەپ» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىقمۇ توپ سانلار ياسىلىدۇ. توپ سانلارنى ئىپادىلەيدىغان بۇ خىل سانلىق سانلار ئادەتتە بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ، جۈملىدە پېئىلنى ئېنىقلاپ ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ يېقىندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ ئۆتمەكتە.

他正在一件一件地回忆着最近发生的事。

مېھمانلار ئىككى - ئۈچلەپ كېلىشكە باشلىدى.

客人们三三两两地开始来了。

تاجاۋۇزچىلار يۈزلەپ - مىڭلاپ يوقىتىلماقتا.

侵略者正成百上千地被消灭。

**注：**

上述两种表示批量的数词在修饰动词时可交替使用。它们的区别在于：基数词缀接从格词尾，表示每批的确切数字；缀接 لاپ-/لەپ- 词尾表示每一批的大约数字。

ئەسكەرتىش: يۇقىرىقى ئىككى خىل سان پېئىلىنى ئىپادى-
لاپ كەلگەندە، ئۇلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولمايدۇ.
ئۇلارنىڭ پەرقى شۇكى، «دىن/ - تىن» بىلەن ياسالغان تۈپ
سانلار ھەر بىر تۈپنىڭ ئىچىدىكى سانىنى بىلدۈرىدۇ. «لاپ/ - لەپ»
بىلەن ياسالغان تۈپ سانلار ھەر بىر تۈپنىڭ تەخمىنىي
سانىنى بىلدۈرىدۇ.

## 三、基数词 «بىر» 的特殊用法

## 3. ساناق سان «بىر» نىڭ ئالاھىدە قوللىنىلىشى

1.与疑问代词 «قانداق، قايسى، نېمە، كىم» 结合，表示泛指。例如：

1. سوراق ئالمىشى «كىم، نېمە، قايسى، قانداق» بىلەن بىرىكىپ، خالىغان ھەر قانداق شەيئىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن:

بايا بىر كىم سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىدى، كۆردىڭىزمۇ؟

刚才有人来找你，你见了吗？

ئۇ ماڭا بىر نېمە دېمەكچى ئىدى، لېكىن دېمىدى.

他想对我说什么，但又没说。

سىز بىر نېمە ئالماقچى بولسىڭىز، ماڭا مەسلىھەت سېلىڭ، مەن ئېلىپ بېرەي.

你要买什么东西跟我商量商量，我帮你买。

2.与疑问代词 «نەچچە، قانچە» 结合构成不定代词。例如：

2. سوراق ئالمىشى «قانداق، نەچچە» بىلەن بىرى-

كىيىن ئۇنىڭسىز ئالماش ياسايدۇ. مەسىلەن:

بىر قانچە ئادەم (几个人)

بىر قانچە مەسىلە (好几个问题)

بىر نەچچە كىتاب (几本书)

بىر نەچچە شەھەر (好几个城市)

3. 与指示代词 "مۇنچە" 结合，构成不定代词，表示"许多"之意。例如：

3. كۆرسىتىش ئالمىشى «مۇنچە» بىلەن بىرىكىپ، كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىر مۇنچە ئادەم (许多人)

بىر مۇنچە مال (许多货)

بىر مۇنچە پىكىر (很多意见)

بىر مۇنچە نەرسە (好多东西)

4. 与«-ئەر»结合，构成不定代词，«بىرەر»表示"某一个"之意。例如：

4. «-ئەر» بىلەن بىرىكىپ، «مەلۇم بىر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ ئىشچىلىرىمىزدىن ھېچكىممۇ بىرەر يەردە مۇنداق بىر ماشىنىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان.

我们的工人谁也没见过哪里有这样一台机器。

بىرەر ئاۋارىچىلىققا ئۇچراپ قالدىمۇ قانداق، نېمىشقا ھازىرغىچە كەلمىدى.

他是否遇到什么麻烦了，怎么现在还没来？

5. 与动词结合，表示加强动作的尝试性语气之意。有时，表

示在一起，“一同”等意思 例如：

5. پېئىل بىلەن بىرىكىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى تەكىتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە «بىرلىكتە، بىللە» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سىز ئۆز كۆز قارىشىڭىزنى <u>بىر</u> قويۇپ بېقىڭ.

请你将自己的看法谈一下。

بىز كۇلۇبتا ئۇلار بىلەن <u>بىر</u> ئولتۇردۇق.

我们跟他们在俱乐部坐在一块了。

ئۇنىڭ قانچىلىك بىلگىنىنىڭ بارلىقىنى <u>بىر</u> سىناپ باقاي.

我到要试试他有多大的本事。

6.与语气词«لا -»结合，表示“只有一个”，“只有一次”之意。例如：

6. «-لا» ئۇلانمىسى بىلەن بىرىكىپ «پەقەت بىر»، «پەقەت بىر قېتىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن <u>بىرلا</u> كۆرسەم بىلىۋالىمەن.

我只要看一次就能懂。

ئۇنىڭ <u>بىرلا</u> ئاكىسى بار.

他只有一个哥哥。

7.与不定代词«بەزى، گاھى»结合，成为«گاھىبىر، بەزىبىر»表示“有些”、“有的”之意。例如：

7. «بەزى، گاھى» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىر-

كىپ، «بەزىبىر»، «گاھىبىر» دېگەن ئېنىقسىز ئالماشلارنى ھاسىل قىلىش بىلەن «قىسمەن، بىر قىسىم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بەزىبىر كىشىلەر (有些人)

بەزىبىر قائىدىلەر (有些规律)

گاھىبىر ئىشلار (有的事情)

گاھىبىر چاغدا (有的时候)

8.与名词 «نەرسە، يەر» 等结合表示"某一个"、"有一个"的意思。例如。

8. «نەرسە، يەر» قاتارلىق ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ «مەلۇم بىر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سىزنى بىر كىم ئىزدەپ كەلدى.

有个人来找你。

مەن ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن.

我好象在什么地方见过他。

9.缀接从格词尾，表示"突然"、"一下子"的意思。例如：

9. چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ، «تۇيۇقسىز»، «تۇساتتىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىردىنلا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى.

突然下起雨来了。

تاياق تەگكەن قولۇم بىردىن ئىششىپ كەتتى.

我被棍子打了的手一下子肿了起来。

10.«بىر» 重叠后缀接领属性人称词尾，然后再缀接格词

尾，表示“相互”之意。例如：

.10 تەكرارلانغاندىن كېيىن شەخس قوشۇمچىسى، ئاندىن يەنە كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، «ئۆزئارا» دې- گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىر-بىرىڭلاردىن ئۆگىنىڭلار.

你们要互相学习。

بىر-بىرىمىزگە ياردەم قىلايلى.

咱们要互相帮助。

ئۇلار بىر-بىرىنى قوللايدۇ.

他们都互相支持。

## 第三节　序数词

## 3 - پاراگراف تەرتىپ سان

表示人或事物在计算时的次序的数词称做序数词。在句中回答«قانچىنچى»、«نەچچىنچى»的问语。

ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ ساناق تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سانلار تەرتىپ سان دېيىلىدۇ. ئۇلار جۈملىدە «قانچىنچى» «نەچچىنچى» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

### 一、序数词的构成

### .1 تەرتىپ ساننىڭ ياسىلىشى

序数词是由基数词派生而来。是在以元音或辅音结尾的基数

词后分别缀接«نچى/-ىنچى»词缀构成。例如：

ئەرتىپ سان ساناق سانلاردىن، يەنى سوزۇق، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ساناق سانلارغا «- نچى/- ىنچى» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 第一 | بىر + ىنچى — بىرىنچى |
| 第二 | ئىككى + نچى — ئىككىنچى |
| 第五 | بەش + نچى — بەشىنچى |
| 第六 | ئالتە + نچى — ئالتىنچى |
| 第二十 | يىگىرمە + نچى — يىگىرمىنچى |

注：

以«ئە»结尾的基数词结合«-نچى»时«ئە»被同化为«ئى»。

ئەسكەرتىش: «ئە» بىلەن ئاخىرلاشقان ساناق سانلارغا «-نچى» قوشۇلغاندا، ساناق ساندىكى «ئە»«ئى» غا ئاسسىمىليا تسىيىلىنىدۇ.

## 二、序数词的用法

## 2. تەرتىپ ساننىڭ قوللىنىلىشى

序数词在句中一般修饰名词作定语，有时也可充当其他句子成分。例如：

تەرتىپ سانلار جۈملىدە ئادەتتە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. بەزىدە جۈملىنىڭ باشقا بۆلۈكى بولۇپمۇ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

شۇي خەيفېڭ ئېلىمىز ئۈچۈن بىرىنچى ئولىمپىك ئالتۇن مېدالىنى قولغا كەلتۈردى.

许海峰为我国夺得了第一枚奥林匹克金牌。

مەكتىپىمىزنىڭ 17 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى 1987 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئېچىلدى.

我校第十七届运动会于1987年5月7日召开。

ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ 7 ـ بەش يىللىق پىلانى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلانماقتا.

我国国民经济的第七个五年计划正在顺利实施。

بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچىسى يېقىندا نەشردىن چىقىدۇ.

这书的下册最近要出版。

ئۇنىڭ بەش بالىسى بار، مەن شۇلارنىڭ تۆتىنچىسىنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن.

他有五个孩子，我最喜欢他的老四。

注：

（1）序数词用阿拉伯字码时，其后用连续号表示。

ئەسكەرتىش: 1. تەرتىپ سانلار ئەرەب رەقىمى بىلەن يېزىلغاندا، ئارقىسىدا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

一九四九年十月一日

（2）维语中有几个较特殊的表示顺序的词。例如：

2. ئۇيغۇر تىلىدا تەرتىپ سانىنى ئىپادىلەيدىغان ئالاھىدە سۆزلەر بار. مەسىلەن:

تۇنجى （第一个、头一个、老大）

ئوتتۇرانچى （第二个、老二、居中的）

كەنجى （最小的、最后的、最晚的）

تۇنجى ئوغلۇم （我的长子）

تۇنجى قېتىم （首次）

(我的小儿子)　　　　　　　　　　كەنجى ئوغلۇم

(我的二女儿)　　　　　　　　　　ئوتتۇرانچى قىزىم

## 第四节　约数词

## 4 - پاراگراف مۆلچەر سان

表示估计人或事物的大概数目的数词称做约数词。约数词的构成有以下几种：

ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ تەخمىنى سانىنى بىلدۈرىدىغان سانلار مۆلچەر سان دېيىلىدۇ. مۆلچەر سان تۆۋەندىكىدەك يوللار بىلەن ياسىلىدۇ:

1.由两个基数词按一定的顺序排列构成。例如：

1. ئىككى ساناق سانىنى مەلۇم تەرتىپ بويىچە بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| (两三个) | ئىككى - ئۈچ |
| (五六个) | بەش - ئالتە |
| (二三十个) | يىگىرمە - ئوتتۇز |
| (四五十个) | قىرىق - ئەللىك |
| (一二百) | بىر - ئىككى يۈز |
| (三四千) | ئۈچ - تۆت مىڭ |

مەن قەشقەردىن ئۈچ - تۆت كۈندە ئاران يېتىپ كەلدىم.

我从喀什走了三四天才到这儿。

بۇ زالغا ئىككى - ئۈچ مىڭ ئادەم بىمالال سىغىدۇ.

这礼堂能很松快地容纳两三千人。

سىز سەككىز - ئون كۈن تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، ئىشـ
ڭىز چوقۇم ھەل بولىدۇ.

先暂且等个十来天，你的问题一定会解决的。

2.由两个相连的整数基数词缀接词缀«-لاپ/-لەپ»后重叠构成。例如：

2. ئىككى پۈتۈن سانلىق سانىنىڭ ئارقىسىغا «لاپ - لەپ»
نى ئۇلاپ، ئاندىن ئۇلارنى تەكرارلاش ئارقىلىق ياسىلـ
دۇ. مەسىلەن:

ئونلاپ - يۈزلەپ (百十来个)

يۈزلەپ - مىڭلاپ (千儿八百)

مىڭلاپ - ئون مىڭلاپ (成千上万)

ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭدا يۈزلەپ - مىڭلاپ زاما-
نىۋى زاۋۇتلار قۇرۇلدى.

解放后，新疆修建了许多现代化工厂。

دۆلەت بايرىمى كۈنى تاڭ سەھەردىن باشلاپ
تيەنئەنمېن مەيدانىغا ھەر تەرەپتىن مىڭلاپ - ئون مىڭـ
لاپ نامايىشچىلار ئەترەتلىرى كەلگىلى تۇردى.

国庆节那天，一清早成千上万的游行队伍就从四面八方进入天安门广场。

3.基数词缀接复数词尾«-لار/-لەر»构成，表示时间或年令。在句中作状语或谓语。例如：

3. سانلىق سانلارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى «-لار/-لەر»
نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ خىل مۆلچەر سانلار

ۋاقىت ياكى ياشنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ھالەت ياكى خەۋەر بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ يېشى قىرىقلاردا (بار).

他大概有四十来岁。

مەن بۈگۈن كەچ سائەت تۆتلەردە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدىم.

今天下午四点钟左右我回到了乌鲁木齐。

قارىغاندا، ئۇ بوۋاي توقسان ياشلاردا باردەك قىلاتتى.

看上去，那位老大爷象是有九十岁了。

4.在«مىليون يۈزمىڭ، ئون مىڭ، مىڭ، يۈز، ئون»等基数词后，或由两个邻近的基数词排列构成的约数词后，缀接«-لىغان/-لىگەن» 词缀构成。例如：

4. «ئون، يۈز، مىڭ، ئون مىڭ، يۈز مىڭ، مىليون» قاتارلىق ساناق سانلار ياكى ئىككى قوشنا ساناق ساننىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان مۆلچەر سانلارغا «-لىغان /-لىگەن» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يەر ياز كۈنلىرى مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

此处每逢夏季便吸引着成千上万的旅游者。

约数词除用词法手段表示外，还可由词与词组合的句法手段来表示。具体构成方式分述如下：

مۆلچەر سانلار مورفولوگىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ياسال-

غاندىن باشقا، سىنتاكسىلىق ئۇسۇل بىلەنمۇ ياسىلىدۇ. كونكرېت ياسىلىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

(1) 由带向格的基数词结合形容词 «يېقىن» 构成。例如：

يۆنىلىش كېلىش بىلەن كەلگەن ساناق سانلار بىلەن «يېقىن» نى بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار ھەر مو يەردىن مىڭ جىڭغا يېقىن بۇغداي ئالدى.

他们每亩地收近千斤小麦。

مەن ئەتىگەن سائەت سەككىزگە يېقىن كەلدىم.

我是今天早晨快八点时来的。

بۈگۈنكى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا ئونغا يېقىن ئادەم ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

在今天的经验交流会上，有十来个人介绍情况。

(2) 由基数词结合 «ئەتراپىدا» (左右) 构成。例如：

2. سانلاق سانلار بىلەن «ئەتراپىدا» نى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بۇ يەرگە چۈشتىن كېيىن سائەت بەش ئەتراپىدا كېلىپ قالار.

他今天下午五点左右可能到这里来。

ئۇ ئۆزىنىڭ نەتىجىسىنى 90 نومۇر ئەتراپىدا دەپ مۆلچەرلىدى.

他估计自己的成绩为九十分左右。

(3) 由整位基数词结合 «نەچچە» (多少) 构成。例如：

3. پۈتۈن خانىلىق سانلاق سانلارغا «نەچچە» نى قو-

شۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بىز 30 نەچچە يىل مابەينىدە نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق،

三十多年来，我们积累了很多的经验。

ئۇ بېيجىڭغا 20 نەچچە قېتىم بارغان.

他去过北京二十多次。

（4）由基数词结合«چامىسىدا»（左右）构成。例如：

4. ساناق سانلار بىلەن «چامىسىدا» نى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

جەنۇبىي شىنجاڭدا 3 - ئايلار چامىسىدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىدۇ.

南疆三月份左右开始春耕。

بۇ بوۋاينىڭ يېشى توقسان چامىسىدا.

这位老人的年纪在九十岁上下。

5 مىڭ يۈەن چامىسىدا پۇل بولسا، سىز دېگەن ھېلىقى نەرسىنى ئالالايسىز.

要有五千来块钱就能买到你所说的那件物品了。

## 第五节 集合数词

## 5. پاراگراف ئۆملۈك سان

表示确指人的总括数目的数词称做集合数词。集合数词的构成有三种：

كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى ئېنىق كۆرسىتىپ

بىرىدىغان سانلار ئۆملۈك سان دېيىلىدۇ. ئۆملۈك سان ئۈچ خىل يول بىلەن ياسىلىدۇ:

1.由基数词或某些约数词缀接词缀 "- ئەيلەن/- يلەن" 构成。在句子中常作人称代词的同位语，并受指示代词的修饰，充当句子的主语。例如：

1. ساناق سانلارغا ياكى بەزى مۆلچەر سانلار- غا «-يلەن/ -ئەيلەن» قوشۇمچىسىنى قوشۇش بىلەن يا- سىلىدۇ. بۇ خىل ئۆملۈك سانلار كىشىلىك ئالماشلارغا ئىزاھ ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ھەمدە كۆرسىتىش ئالماشلار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ، جۈملىدىن ئادەتتە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

بىر + ئەيلەن — بىرەيلەن (一个人)

ئىككى + يلەن — ئىككىيلەن (两个人、俩)

ئۈچ + ئەيلەن — ئۈچەيلەن (三个人、仨)

ئون + ئەيلەن — ئونەيلەن (十个人)

يىگىرمە بەش + ئەيلەن — يىگىرمە بەشەيلەن

(二十五个人)

ئوتتۇز نەچچە + يلەن — ئوتتۇز نەچچەيلەن

(三十几个人)

بەش ـ ئالتە + يلەن — بەش ـ ئالتەيلەن

(五六个人)

بىز ئىككىيلەن ئوقۇيلى، سىلەر ئاڭلاڭلار.

我们俩朗读，你们听。

ئۇلار ئۈچەيلەن توپا ئۇسۇپ بەرسۇن، سىلەر زەم-

他们三个铲土，你们抬抬把子。

بىزنىڭ سىنىپتىن ئۈچەيلەننىڭ ئاكىسى ھەربىي.

我们班有三个人的哥哥是军人。

ئۇ ئىككىيلەندىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

他俩是没指望的。

ھېلىقى ئىككىيلەننى تونۇمسىلەر؟

你们认识那两个人吗？

2.由基数词或某些表约数的词，缀接领属性人称复数词尾构成。例如：

2. سانىق سانلارغا ياكى مۆلچەر سانىنى بىلدۈرىدىغان بەزى سۆزلەرگە كۆپلۈك شەخس قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| 我们俩 | ئىككى + مىز — ئىككىمىز |
| 我们仨 | ئۈچ + ىمىز — ئۈچىمىز |
| 你们五个 | بەش + ىڭلار — بەشىڭلار |
| 他们俩 | ئىككى + سى — ئىككىسى |
| 我们三十多个人 | ئوتتۇز نەچچە + مىز — ئوتتۇز نەچچىمىز |

بىز ئىككىمىز بىر سىنىپتا ئوقۇيمىز.

我们俩在一个班上学习。

سىلەر ئۈچۈڭلار نەگە بارىسىلەر؟

你们三个到哪儿去？

بىزنىڭ سىنىپتىن ئۈچىمىزنىڭ دادىسى (دادىمىز) بىر

زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ.

我们班我们三个人的父亲在一个工厂上班。

3.由基数词或某些约数词，缀接 «-لە/-ىلە» 再缀接领属性复数人称词尾构成。这种集合数词强调数量的整体性。例如：

3. ساناق سانلارغا ياكى بەزى مۆلچەر سانلارغا «-ىلە/-لە» قوشۇمچىلىرىنى، ئاندىن كۆپلۈك شەخس قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇخىل ئۆملۈك سانلار سان مىقدارىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى + لە + مىز — ئىككىلىمىز （我们俩都）

ئۈچ + ىلە + مىز — ئۈچىلىمىز （我们仨都）

بەش + ىلە + ڭلەر — بەشىلىڭلار （你们五个都）

كېچە قاراقچىنى تۇتقان يەردە ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى بار ئىدى.

昨天他们俩都在抓住强盗的现场。

ئۇ ئۈچىلىسىنىڭ لۇغىتى يوق.

他们仨都没有词典。

注　这种集合数词一般只限于十以下的数目。

ئەسكەرتىش: بۇ خىل ئۆملۈك سانلار ئادەتتە ئوندىن تۆۋەن سانلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

## 第三节　分数词

## 6 - پاراگراف كەسىر سان

表示分数和小数的数词称做分数词。

كەسىر سان ۋە پارچەساننى بىلدۈرىدىغان سانلار كەسىر سان دېيىلىدۇ.

# 一、分数词

## 1. كەسىر سان

### 1.分数词的构成

### 1. كەسىر ساننىڭ ياسىلىشى

由带从格的基数词作分母，由主格形式的基数词作分子组合而成。例如：

چىقىش كېلىشتىكى ساناق ساننى مەخرەج، باش كېلىشتىكى ساناق ساننى سۈرەت قىلىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| تۆتتىن بىر | $\left(\frac{1}{4}\right)$ |
| يەتتىدىن ئۈچ | $\left(\frac{3}{7}\right)$ |
| توققۇزدىن بەش | $\left(\frac{5}{9}\right)$ |
| ئوندىن ئالتە | $\frac{6}{10}$ |

**注：**

（1）百分比除用«يۈزدىن...»这种格式表示外，还可以用«پىرسەنت» ...表示。例如：

ئەسكەرتىش: 1. «يۈزدىن قانچە» نى يەنە «پىرسەنت» ئارقىلىق ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

بەش پىرسەنت (يۈزدىن بەش) 5%

ئەللىك پىرسەنت (يۈزدىن ئەللىك) 50%

يىگىرمە پىرسەنت (يۈزدىن يىگىرمە) 20%

(2) «ئىككىدىن بىر»可用«يېرىم»一半表示

2. «ئىككىدىن بىر» نى «يېرىم» ئارقىلىق ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ.

(3) «تۆتتىن بىر»可用«چارەك»(四分之一)表示。

3. «تۆتتىن بىر» نى «چارەك» ئارقىلىق ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ.

## 2.分数词的功能

## 2. كەسىر سانىنىڭ رولى

分数词在句中常用来修饰名词作定语，有时，也充当其他句子成分。例如：

كەسىر سانلار جۈملىدە دائىم ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلىپ، ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ، بەزىدە جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بولۇپمۇ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئەمگەكنىڭ كەم دېگەندە ئۈچتىن ئىككى بۆلىكى ئۇنىڭغا تەۋە.

这功劳至少有三分之二是属于他的。

ئېلىمىزنىڭ ئورمىنىنىڭ كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت كۆلىمىنىڭ 12 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

我国的森林面积占全国面积的百分之十二。

ئۈچتىن بىر توققۇزدىن ئۈچ بىلەن تەڭ.

三分之一与九分之三相等。

ئۇنىڭ ئېرىشكىنى ئۇنىڭغا تېگىشلىك قىسمىنىڭ ئۈچتىن بىرىلا بولدى.

他得到的只是他应得到的三分之一。

## 二、小数词

## 2· پارچە سان

小数点以前的数词用《پۈتۈن》来表示，小数点以后的数词按位数。分别以ئون، يۈز، مىڭ، ئون مىڭ + دىن的格式来表示。

例如：

كەسىر چېكىتى ئالدىدىكى سان «پۈتۈن» ئارقىلىق، كەسىر چېكىتى ئارقىسىدىكى سان خانىسىغا قاراپ «ئون، يۈز، مىڭ، ئون مىڭ + دىن» شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

نۆل پۈتۈن ئوندىن ئىككى (0·2)

بەش پۈتۈن يۈزدىن ئۈچ (5·03)

تۆت پۈتۈن مىڭدىن ئالتە (4·006)

ئىككى پۈتۈن ئون مىڭدىن بەش (2·0005)

بەش پۈتۈن يۈزدىن ئون توققۇز (5·19)

توققۇز پۈتۈن مىڭدىن ئىككى يۈز سەكسەن بىر
9·281

ئون ئۈچ پۈتۈن ئون مىڭدىن يەتتە مىڭ تۆت يۈز يىگىرمە ئۈچ.
13·7423

小数词是分数词的一种特殊形式，它的用法和分数词一致。

例如：

پارچە سان كەسىر ساننىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەك-

بلى بولۇپ، كەسىر سان بىلەن ئوخشاش قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن:

بىز تىككەن كۆچەت ئۇلار تىككەن كۆچەتنىڭ 4.5 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ.

我们植的树相当于他们的四点五倍。

ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق بانكىسى ئامانەت ۋەزىپىسىنى 8.75 پىرسەنت ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

乌鲁木齐市人民银行超额百分之八点七五完成了储蓄任务。

## 第七节　几种常用数词概念的表示法

## 7 - پاراگراف كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىرقانچە خىل سان ئۇقۇمىنىڭ ئىپادىلىنىشى

### 一、倍数和百分数的表示法

### 1. ھەسسە سان ۋە پىرسەنتنىڭ ئىپادىلىنىشى

1. «ھەسسە» （倍）的用法举例：

1. «ھەسسە» نىڭ قوللىنىلىشىغا مىسال:

ئون ــ بەشنىڭ ئىككى ھەسسىسى.

十是五的两倍。

بىزنىڭ قويلار سىلەرنىڭكىنىڭ بەش ھەسسىسى بىلەن باراۋەر.

我们的羊相当于你们的五倍。

ئۇنىڭ ئۆيى بىزنىڭكىدىن ئۈچ ھەسسىسىدەك كېلىدۇ.

他家有我们家三个大。

يېڭى تېخنىكا قوللىنىلغاندىن بېرى، ئۈنۈم ھەسسىلەپ ئارتىپ باردى.

采用了新技术以来，产量成倍地增长。

2. «پىرسەنت» （百分数）的用法举例：

2. «پىرسەنت» نىڭ قوللىنىلىشىغا مىسال:

نۆۋەتتە، دۇنيا نوپۇسى ھەر يىلى ئىككى پىرسەنت سۈرئەت بىلەن كۆپەيمەكتە.

当前，世界人口正以每年百分之二的速度增长。

بۇ يىل 5 ـ ئايدا تاشيولدا تۇغۇلغان قاتناش ۋەقەلىرى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 30 پىرسەنت ئازايدى.

今年五月公路交通事故比去年同期减少百分之三十。

ئىشچىلار ۋەزىپىنى 40 پىرسەنت ئارتتۇرۇپ ئورۇندىدى.

工人们超额百分之四十完成任务。

## 二、日期的表示法

## 2. ئاي، كۈنلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى

1. 维语的«كۈن، ئاي يىل»必须与序数词结合。例如：

1. ئۇيغۇر تىلىدىكى «يىل، ئاي، كۈن» تەرتىپ سانلار بىلەن بىرلىكتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

1921 ـ يىل （一九二一年）

7 - ئاي (七月)　　1 - كۈن (一日)

注：

在口语中一般用《كۈن》代替《چېسلا》例如。

ئەسكەرتىش: جانلىق تىلدا ئادەتتە «كۈن» ئورنىغا «چېسلا» قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

1 - چېسلا　一号　　15 - چېسلا　十五号

2.在年、月日、连说时，《ئاي》要缀接领属格词尾，《كۈن》要相应的缀接领属性第三人称词尾。例如：

2. «يىل، ئاي، كۈن» بىرگە ئىشلىتىلگەندە، «ئاي» ئىگىلىك كېلىشتە، «كۈن» مۇناسىپ ھالدا 3 - شەخس قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدۇ. مەسىلەن:

1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

一九四九年十月一日

1927 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

一九二七年八月一日

3.维语的月份名称除用序数词与《ئاي》的组合格式外，还有一套借词，用来表示月份名称。例如：

3. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاي ناملىرى تەرتىپ سان بىلەن «ئاي» نى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەندىن سىرت، چەت ئەل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان مەخسۇس سۆزلەر بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

يانۋار = 1 - ئاي　(一月)

فېۋرال = 2 - ئاي　(二月)

مارت = 3 - ئاي　(三月)

(四月) ئاپرېل = 4 - ئاي

(五月) ماي = 5 - ئاي

(六月) ئىيۇن = 6 - ئاي

(七月) ئىيۇل = 7 - ئاي

(八月) ئاۋغۇست = 8 - ئاي

(九月) سېنتەبىر = 9 - ئاي

(十月) ئۆكتەبىر = 10 ئاي

(十一月) نويابىر = 11 - ئاي

(十二月) دېكابىر = 12 - ئاي

**注：**

这些表月份名称的名词可与表示"日"的序数词连用。常用来表示重大节日纪念日的日期。例如：

ئەسكەرتىش: ئاي ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئىسىملار كۈننى بىلدۈرىدىغان تەرتىپ سانلار بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ، ئادەتتە بايرام ۋە خاتىرە كۈنلىرىنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

«1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى.

"五·一"国际劳动节

"十·一"国庆节 «1 - ئۆكتەبىر» دۆلەت بايرىمى

"七·七"事变 «7 - ئىيۇل» ۋەقەسى

"一二·九"运动 «9 - دېكابىر» ھەرىكىتى

4.维语有几种表示日期的常用格式。例如：

4. ئۇيغۇر تىلىدا چېسلانى ئىپادىلەيدىغان مۇنداق شەكىللەر بار:

بۈگۈن نەچچىنچى چېسلا؟ (今天是几号？)

بۈگۈن چېسلاغا قانچە؟ (今天是几号？)

بۈگۈن ئاينىڭ نەچچىسى؟ (今天是几号？)

بۈگۈن ئاينىڭ نەچچىنچى كۈنى؟ (今天是几号？)

بۈگۈن ئايغا قانچە؟ (今天是几号？)

بۈگۈن چېسلاغا بەش. (今天是五号)

بۈگۈن ئاينىڭ بەشى. (今天是五号。)

بۈگۈن ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى. (今天是五号。)

بۈگۈن ئايغا بەش. (今天是五号。)

## 三、钟点的表示法

## 3. سائەتنىڭ ئىپادىلىنىشى

1.整点用«سائەت»与基数词组合来表示。例如：

1. سائەت ئۇقۇمى «سائەت» كە ساناق سانىنى قوشۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

سائەت سەككىز (八点)

ئەتىگەن سائەت ئالتە (早晨六点)

چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بىر (上午十一点)

چۈش سائەت ئون ئىككى (中午十二点)

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت (下午四点)

كەچ سائەت توققۇز (晚上九点)

كېچە سائەت ئىككى (夜间两点)

سائەت سەككىز بولدى. 八点了。

تىياتىر سائەت يەتتىدە باشلىنىدۇ.

戏七点钟开演。

بىز سائەت ئون ئىككىدە دەرستىن چۈشىمىز.

我们十二点下课。

2. ×点×分用 «سائەت... دىن/تىن... مىنۇت ئۆتتى» 格式表示。例如：

2. «سائەت... دىن/تىن... مىنۇت ئۆتتى» دېگەن شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

سائەت سەككىزدىن ئون مىنۇت ئۆتتى.

八点十分了。

هازىر سائەت ئوندىن قىرىق ئۈچ مىنۇت ئۆتتى.

现在是十点四十三分。

بىز سائەت ئالتىدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە يولغا چىقتۇق.

我们是六点二十上的路。

3. ×点差×分用 «سائەت...غا...مىنۇت قالدى» 的格式来表示。例如：

3. «سائەت... كە ... مىنۇت قالدى» شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

هازىر سائەت سەككىزگە بەش مىنۇت قالدى.

现在是八点差五分。

بىز سائەت سەككىزگە بەش مىنۇت قالغاندا سىنىپقا ماڭدۇق.

我们是八点差五分去的教室。

注：

(1)«ئونتۇز مىنۇت» 可用 «يېرىم سائەت» 来表示。例如：

ئەسكەرتمىش: 1، «ئونتۇز مىنۇت» دېگەننى «يېرىم سائەت» ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

ھازىر سائەت ئوندىن ئوتتۇز مىنۇت ئۆتتى.

现在十点三十分了。

ھازىر سائەت ئون يېرىم بولدى.

现在十点半了。

(2)«ئون بەش مىنۇت» (十五分钟) 可用 «چارەك» (一刻钟) 来表示。

例如：

2. «ئون بەش مىنۇت» دېگەننى «چارەك» ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

ھازىر سائەت ئوندىن ئون بەش مىنۇت ئۆتتى.

现在是十点十五分。

ھازىر سائەت ئوندىن چارەك ئۆتتى.

现在是十点一刻。

## 四、数词在算术四则上的用法

## 4. سانىنىڭ تۆت ئەمەلدىكى قوللىنىلىشى

1. قوشۇش

1.加法

بەشنى بەشكە قوشساق ئون بولىدۇ.

$5+5=10$

2. ئېلىش

2.减法

ئوندىن تۆتنى ئالسا ئالتىسى قالىدۇ.

$10-4=6$

3. كۆپەيتىش

3.乘法

$5 \times 5 = 25$

بەشكە بەشنى كۆپەيتسە يىگىرمە بەش بولىدۇ.

4.除法 4 . بۆلۈش

يىگىرمىنى تۆتكە بۆلسە بەشتىن تېگىدۇ.

$20 \div 4 = 5$

# 第七章 量 词

# يەتتىنچى باب

# مىقدار سۆز

## 第一节 量词的概述

## 1. پاراگراف مىقدار سۆز ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 一、量词的概念

### 1. مىقدار سۆز ھەققىدە چۈشەنچە

表示事物或动作计算单位的词称做量词。例如：

شەيئى ياكى ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر مىقدار سۆز دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

(两张纸) ئىككى پارچە قەغەز

(三吨煤) ئۈچ توننا كۆمۈر

(我去了五次。) بەش قېتىم باردى.

上例中的«پارچە»، «توننا»، «قېتىم» 就是量词。其中前两个表示事物的计算单位‘后一个表示动作的计算单位。

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «پارچە»، «توننا»، «قېتىم» قاتارلىقلار مىقدار سۆزلەر بولۇپ، ئالدىنقى ئىككىسى شەيئىنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى، كېيىنكىسى ھەرىكەتنىڭ

ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## 二、量词的语法特征

## «2. مىقدار سۆزنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1.具有词汇意义，不表示语法意义。

1. لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرىدۇ، گرامماتىكىلىق مەنە بىلدۈرمەيدۇ.

2.不能单独充当句子成分，只有与数词组合成数量词组，才能修饰名词或动词。数量词组在句中主要作定语或状语，有时也可充当其他句子成分。例如：

2. مۇستەقىل ھالدا جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ، پەقەت سانلار بىلەن بىرىكىپ سان - مىقدار بىرىكمىسى ھاسىل قىلغاندىلا ئاندىن ئىسىم، پېئىللارنى ئېنىقلاپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولالايدۇ. بەزىدە جۈملىنىڭ باشقا بۆلىكى بولۇپمۇ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

بىز بۇ يىل ھەر مو يەردىن 800 جىڭ بۇغداي ئالدۇق.

今年，我们每亩收小麦八百斤。

بۇ يىل باھاردا شەھىرىمىز ئادەم بېشىغا بەش تۈپتىن كۆچەت تىكتى.

今年春季我市人均植树五棵。

مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۈچ قېتىم بېرىپ تاپالمىدىم.

我去他家三次都没找到他。

بۇ قېتىم مەن بېيجىڭغا بارماي قويمايمەن.

这次我非去北京不可。

ئاتمىش كىلو كۆتۈرسەڭمۇ ئاز ئەمەس.

你就是扛六十公斤也不算少了。

ئون توننا كىچىك سان ئەمەس

十吨是一个不小的数字。

بىزنىڭ ئايلىق ئاشلىق نورمىمىز 35 — جىڭ.

我们每月的粮食定量是三十五斤。

## 二、维吾尔语量词的地位

## 3. مىقدار سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورنى

维语的量词与汉语相比数量较少，因为维语的数词一般都能直接修饰名词，而汉语的数词需要结合量词才能修饰名词。例如：

خەنزۇ تىلىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا مىقدار سۆزلەر بىرقەدەر ئاز، بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلارنىڭ ئىسىمنى بىۋاستە ئېنىقلاپ كېلەلەيدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خەنزۇ تىلىدا بولسا سانلار مىقدار سۆزلەر بىلەن بىرىكىكەندىلا ئاندىن ئىسىمنى ئېنىقلىيالايدۇ. مەسىلەن:

بەش ئات (五匹马)

بىر تەرجىمان (一位翻译)

تۆت ماشىنا (四辆汽车)

ئۈچ كىتاب (三本书)

ئىككى قەلەم　　（两支笔）

سەككىز دەپتەر　　（八个本子）

维语的量词有时也是可以省略的。例如：

ئۇيغۇر تىلىدا، بەزىدە مىقدار سۆزلەرنى قىسقارتىۋې-تىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

بىر پارچە كىتاب — بىر كىتاب　　（一本书）

ئىككى ئېغىز ئۆي — ئىككى ئۆي　　（两间屋子）

بەش نەپەر ئوقۇغۇچى — بەش ئوقۇغۇچى　　（五位学生）

ئۈچ دانە ئورۇندۇق — ئۈچ ئورۇندۇق　　（三把椅子）

上述各例中的量词省略后，词组的意思不变。但有些事物或行为就不能单独用数词来指称，而必须用数量词组。这里的量词是决不可省略的。如，«ئون جىڭ ئون» 就不能说成 «ئون ئون»。可见维吾尔语中的量词并不是可有可无的。

يۇقىرىقى مىساللاردىكى مىقدار سۆزلەر قىسقارتىلغان-دىن كېيىن، سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەنىلىرى ئۆزگەرمەي-دۇ. ئەمما، بەزى شەيئى ياكى ئىش - ھەرىكەتنى بى-ۋاسىتە ھالدا سانلار بىلەن ئىپادىلەشكە بولمايدۇ، پە-قەت سان - مىقدار بىرىكمىسى بىلەنلا ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا مىقدار سۆزنى قىسقارتىۋې-تىشكە بولمايدۇ.

مەسىلەن: «ئون جىڭ ئون» دېگەننى «ئون ئون» دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا مىقدار سۆزلەر بولسىمۇ بولىمىسىمۇ، بولىدى-

## 第二节 量词的分类

## 2 - پاراگراف مىقدار سۆزنىڭ تۈرلىرى

量词根据其与数词组合所修饰的对象不同，分为名量词和动量词。凡能修饰名词的叫名量词，能修饰动词的叫动量词。例如：

مىقدار سۆزلەر سانلار بىلەن بىرىكىپ ئىنىقلاپ كېلىدىغان ئوبىيكتىنىڭ ئوخشىمىغانلىقىغا ئاساسەن، نەرسە مىقدارلىرى ۋە ھەرىكەت مىقدارلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ مەسىلەن:

كۈندە ئىككى تال ياڭاق يەپ بەرسە سالامەتلىككە زور پايدىسى بار.

每天吃两个核桃对健康大有好处。

ئۇ كىنونى ئىككى رەت كۆردۈم.

那个影片我看了两次。

前例中的«تال»为名量词，后例中«رەت»为动量词。

ئالدىنقى مىسالدىكى «تال» نەرسە مىقدارىنى، كېيىنكى مىسالدىكى «رەت» ھەرىكەت مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ.

维语的名量词有：

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ ئۇچرايدىغان نەرسە مىقدارلىرى تۆۋەندىكىچە:

| | | | |
|---|---|---|---|
| （群、匹） | توپ | （个） | دانە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تال | (根) | نۇسخا | (张、份) |
| پارچە | (块) | تاختا | (张、块) |
| نەپەر | (位) | باغلام | (捆) |
| قۇر | (行、套) | چىشلەم | (口) |
| باش | (头) | يۇتۇم (ئۇتلام) | (口) |
| جۈپ | (双、对) | ئۆرۈم | (辫) |
| تۈپ | (棵) | چىمدىم | (撮) |
| ئۈيۈر | (指马) 群 | تۇياق | (只) |

常用的几个名量词用法举例：

كۆپ ئۇچرايدىغان نەرسە مىقدارلىرىنىڭ قوللىنىلىشى:

دانە

1.用来做日常用品、瓜果食品、交通工具等有关名词的计量单位。例如：

1. دانە كۈندىلىك بۇيۇملار، مېۋە ـ چېۋە، يېمەكلىك، قاتناش قوراللىرى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ھېسابلاش بىرلىكى بولىدۇ. مەسىلەن:

بىر دانە ماشىنا (一辆汽车)

ئۈچ دانە ئايروپىلان (三架飞机)

بىر دانە ئاپپارات (一架照像机)

ئۈچ دانە تېلېۋىزور (三台电视机)

ئون دانە ئۈنئالغۇ لېنتىسى (十合录音带)

ئىككى دانە كىتاب (二本书)

ئۈچ دانە قەلەم (三支笔)

تۆت دانە تاۋۇز （四个西瓜）

بەش دانە ئالما （五个苹果）

2. تال

2.用来做表示有关较小或细长物品的名词的计量单位。例如：

2. كىچىك ياكى سوزۇنچاق نەرسىلەرنىڭ بىر-لىكى بولىدۇ. مەسىلەن:

بەش تال قەلەم （五支笔）

ئۈچ تال رەسىم （三张照片）

ئىككى تال يوپۇرماق （二片树叶）

بىر تال تاش （一块石头）

ئۈچ تال چىش （三颗牙齿）

سەككىز تال كەمپىت （八块糖）

ئون تال ئارغامچا （十条绳子）

بىر تال ياغاچ （一根木头）

بەش تال سەرەڭگە （五根火柴）

بىر تال سازاڭ （一条蚯蚓）

بىر تال قامچا （一条鞭子）

ئىككى تال بىڭگۇر （两根冰棍）

ئون تال ئۆرۈك （十个杏）

ئون تال قۇرۇت （十个酸奶疙瘩）

3. پارچە

3.用来做成片状物品的名词的计量单位，例如：

3. پارچە نېپىز پارچە شەكىلدىكى نەرسىلەرنى بىل-

دۇرىدىغان ئىسىملارنىڭ ھېساپلاش بىرلىكى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى پارچە قەغەز (两张纸)

ئىككى پارچە سۈرەت (两张画)

تۆت پارچە خىش (四块砖)

بىر پارچە گېزىت (一张报纸)

بىر پارچە نان (一块馕)

ئىككى پارچە كىگىز (两条毛毡)

ئىككى پارچە رەخت (两块布)

ئۈچ پارچە يەر (三块地)

4. نەپەر

4.用来做表示人、特别是受尊敬、或有较高职位、或是陌生人的名词的计量单位。例如：

4. نەپەر ئادەمنى، بولۇپمۇ ھۆرمەتلىك ئادەمنى ياكى بىرقەدەر ئىناۋەتلىك ياكى يات ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ھېساپلاش بىرلىكى بولىدۇ. مەسىلەن:

بىر نەپەر يولداش (一位同志)

ئىككى نەپەر تېخنىك (两位技术员)

بىر نەپەر ئالىم (一位学者)

تۆت نەپەر پروفېسسور (四位教授)

ئۈچ نەپەر يازغۇچى (三位作家)

5. قۇر

5.专门用来做 «كىيىم»«كۆچەت»، «دەرەخ» 等名词的计量单位。例如：

5. قۇر «دەرەخ» «كۆچەت» «كىيىم» قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ھېسابلاش بىرلىكى بولىدۇ. مەسىلەن:

بىر قۇر كىيىم (一套衣服)

ئىككى قۇر دەرەخ (两行树)

بەش قۇر كۆچەت (五行树苗)

6. جۈپ

6.用来做表示成双成对的人或事物的名词的计量单位。例如：

6. جۈپ ئادەم ياكى شەيئىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ھېسابلاش بىرلىكى بولىدۇ. مەسىلەن:

بىر جۈپ ئاياغ (一双鞋)

بىر جۈپ پەلەي (一双手套)

ئىككى جۈپ پالاق (两付球拍)

تۆت جۈپ چوكا (四双筷子)

بىر جۈپ ئەر - ئايال (一对夫妇)

بىر جۈپ ھالقا (一对耳环)

7. باش

7.用来做生长在土壤下的果实、蔬菜的名词的计量单位。例如：

7. باش يەر ئاستىدا بولىدىغان مېۋە - كۆكتاتلارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ھېسابلاش بىرلىكى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى باش پىياز (两头洋葱)

ئىككى باش سامساق （两头蒜）

بەش باش چامغۇر （五个蔓菁）

بەش باش سەۋزە （五个胡萝卜）

8. توپ

8.用来做表示成批、成群数量的名词的计量单位。

8. توپ تۇركۇم، توپ نەرسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملارنىڭ ھېسابلاش بىرلىكى بولىدۇ. مەسىلەن:

بىر توپ گەزمال （一匹布）

بىر توپ مال （一批货）

بىر توپ ئادەم （一群人）

بىر توپ قوي （一群羊）

9. تۈپ

9.用于做表示有关植物等的名词的计量单位。例如：

9. تۈپ زىرائەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملارنىڭ ھېسابلاش بىرلىكى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى تۈپ قارىغاي （两棵松树）

ئۈچ تۈپ شاپتۇل دەرىخى （三棵桃树）

بەش تۈپ بەسەي （五棵白菜）

بەش تۈپ پالەك （五根菠菜）

10. تاختا

10.用来做表示整张整块的物品的名词的计量单位。例如：

10. تاختا پۈتۈن نەرسىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ھېسابلاش بىرلىكى بولىدۇ. مەسىلەن:

بىر تاختا گېزىت （一张报纸）

ئىككى تاختا قەغەز (两整张纸)

ئىككى تاختا پەنەركە (两张胶合板)

تۆت تاختا چاي (四块砖茶)

表度量衡单位的名量词：

ئۆلچەم بىرلىكنى بىلدۈرىغان شەيئى مىقدارلىرى:

| | | | |
|---|---|---|---|
| چاقىرىم | (里) | تونىنا | (吨) |
| كىلومېتىر | (公里) | كىلوگىرام (كىلو) | (公斤) |
| مېتىر | (米) | گىرام | (克) |
| سانتىمېتىر | (厘米) | جىڭ | (斤) |
| مىللىمېتىر | (毫米) | سەر | (两) |
| غۇلاچ | (丈) | مىسقال | (钱) |
| گەز | (尺) | مو | (亩) |
| سۇڭ | (寸) | سوم (كوي) | (元) |
| تىيىن (پۇڭ) | (分) | مو | (角) |

بىر مېتىر 20 سانتىمېتىر رەخت

(一米二十公分布)

ئون كىلومېتىر يول (十公里路)

بەش كىلو 300 گىرام گۈرۈچ

(五公斤三百克大米)

ئىككى جىڭ تۆت سەر گۆش (二斤四两肉)

تۆت تونىنا كۆمۈر (四吨煤)

بەش يۈز مو يەر (五百亩地)

有些表示可容性器具的名词常用来作计物的量词。例如：

نەرسە قاچىلىغىلى بولىدىغان ئەسۋابلارنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملارمۇ ئىپادىلەيدىغان مىقدار قاتارىدا ئىشلىتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| بىر ھاشىشا توپا | (一车土) |
| بىر چىنىە گاڭپەن | (一碗米饭) |
| بىر چەينەك چاي | (一壶茶) |
| ئىككى چېلەك سۇ | (两桶水) |
| تۆت تاغار ئاشلىق | (四麻袋粮食) |
| بىر ساندۇق كىتاب | (一箱子书) |
| ئىككى بوتۇلكا ئاچچىقسۇ | (两瓶醋) |
| بىر رومكا ھاراق | (一杯酒) |
| ئۈچ خالتا شىكەر | (三袋子糖) |
| بىر چۆگۈن قايناق سۇ | (一壶开水) |
| ئىككى ئەپكەش سۇ | (两担水) |
| بىر قازان پولو | (一锅抓饭) |
| ئۈچ چۆمۈچ شورپا | (三勺肉汤) |
| بىر زەمبىل توپا | (一抬把子土) |

名量词几种特殊的用法：

نەرسە مىقدارلىرىنىڭ ئالاھىدە قوللىنىلىشى:

1.有的名量词可以重叠，表示数量很多之意。例如：

1. بەزى نەرسە مىقدارلىرى تەكرارلانغاندىن كېيىن، ساننىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۈيۈر — ئۈيۈر ئات (一群群的马)

(一仓仓的粮食)　ئامبار - ئامبار ئاشلىق

(一排排的房屋)　قاتار - قاتار ئۆيلەر

2.在表示某一物品的单价时，可用 «سى...پۇل + 量词 ...نىڭ» 的格式表示。例如：

2. نەرسىلەرنىڭ ئايرىم باھاسىنى «...نىڭ + مىقدار سۆز + سى...پۇل» شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ شاپتۇلنىڭ كىلوسى نەچچە پۇل؟

这桃儿多少钱一公斤？

قوغۇننىڭ دانىسى بىر يېرىم يۈەن.

甜瓜一个一块五毛钱。

3.有少量名量词缀接«-لەپ/-لاپ»后变成动量词，用于修饰动词，表示成批的数量。例如：

3. بەزى نەرسە مىقدارلىرىغا «-لاپ/لەپ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ھەرىكەت مىقدارىغا ئايلانغاندىن كېيىن پېئىلنى ئېنىقلاپ كېلىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ توپ ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار سېرىق ماينى تەخسە - تەخسىلەپ يەپ بىر قېرىن ماينى ھەش - پەش دېگۈچە يەپ بولدى.

他们一盘一盘地吃酥油，一转眼工夫就把一羊肚儿酥油吃光了。

دۈشمەن قوشۇنلىرى پولكلاپ، دىۋىزىيىلەپ يوقىتىلىشقا باشلىدى.

敌军整团整师地被消灭了。

**维语的动量词有：**

ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرىكەت مىقدارلىرىدىن كۆپ ئۇچ‐
رايدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| قېتىم | （回、趟、次、遍） |
| رەت | （次、趟） |
| نۆۋەت | （次、遍、趟） |
| مەرتىۋە | （次、遍） |
| قۇر | （遍、番） |
| قاتار | （遍、次） |

مەن يېقىندىن بېرى سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ئىككى قېتىم باردىم، سىز بىر قېتىممۇ كەلمىدىڭىز.

最近，我到你家里去了两趟，而你却一趟都没来。

بۇ كىنونى بىزنىڭ مەكتەپتە ئۈچ نۆۋەت قويدى.

这电影在我们学校演了三次。

بۇ كىتابنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتىم.

我把这书读了一遍。

بۇ نۆۋەت يۈز نومۇر ئالماي قويمايمەن.

这次我非拿一百分不可。

# 第八章　动　词

# سەككىزىنچى باب

# پېئىل

## 第一节动词概述

## 1 - پاراگراف پېئىل ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 一、动词的概念

### 1. پېئىل ھەققىدە چۈشەنچە

表示行为动作，心理活动或变化过程的词称为动词。例如：

ئىش - ھەرىكەت، پسىخىكىلىق پائالىيەت ۋە ئۆزگىرىش قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

1、表示行为动作的：

1. ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغانلىرى:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئوقۇ - | (读)， | قوغدا - | (保卫) |
| ياز - | (写)， | قوللا - | (支持) |
| سۆزلە - | (说)， | تەتقىق قىل - | (研究) |
| كۆر - | (看)， | تەكشۈر - | (调查) |
| ماڭ - | (走)， | باشچىلىق قىل - | (领导) |
| كۈل - | (笑)， | بىرلەش - | (联合) |

2.表示心理活动的：

2. پسىخىكىلىق ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغانلىرى:

سېغىن – (想念)، قايغۇر – (发愁)

سۆي – (爱)، قورق – (害怕)

ئۆچ كۆر (恨)، خاپا بول– (生气)

خۇشاللان – (高兴)، تەسىرلەن– (感动)

3.表示变化过程的：

3. ئۆزگىرىشنى بىلدۈرىدىغانلىرى:

ئۆل – (死亡)، كېڭەي – (扩大)

قىزار– (变红)، كۆپەي – (增多)

ياشار – (变年轻)، ئازاي – (减少)

قېرى – (变老)، پەيدا بول– (出现)

ياخشىلان – (改善)، يوقال– (消失)

## 二、动词的语法特征

## 2. پېئىلنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1.有肯定与否定的变化形式。例如：

1. بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىللەرگە ئىگە. مەسىلەن:

ئوقۇ – (读) — ئوقۇما– (不读)

كەل – (来) — كەلمە– (不来)

2.有人称、数、时、态、式、体等语法范畴。例如：

بىز تىزىمغا ئالدۇرۇپ بولدۇق.

我们已报过到了。

该句中的«ئالدۇرۇپ بولدۇق»是复合动词。它是由词根

«ئال» 缀接一些语法范畴的形态词尾组合而成的。 «ئال-»后的 «دۇر» 是构成语态的词尾形式； «بول-» 位于副动词 «ئالدۇرۇپ» 之后，是构成体的外部形态； «بول-» 之后，«-دۇ» 既是时的词尾形式，又是式的词尾形式；«-ق»是人称及数的词尾形式。

2. شەخس، سان، زامان، دەرىجە، راي، تۈس قاتارلىق گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىز تېزىمغا ئالدۇرۇپ بولدۇق.

بۇ جۈملىدىكى پېئىل «ئالدۇرۇپ بولدۇق» قوشما پېئىل بولۇپ، پېئىل يىلتىزى «ئال-» غا بىر قىسىم تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان. «ئال-» نىڭ ئارقىسىدىكى «-دۇر» دەرىجە قوشۇمچىسىدۇر؛ «بول-» رەۋىشداش «ئالدۇرۇپ» نىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، تۈسنى ئىپادىلىگۈچى ئانالىتىك فورما ھاسىل قىلغان؛ ئەمدى «بول-» نىڭ ئارقىسىدىكى «-دۇ» زامان ۋە راينى «-ق» شەخس ۋە ساننى ئىپادىلىگەن.

3. 接受副词或后置词结构的修饰、补充和说明。例如：

3. رەۋىش ياكى تىركەلمە قۇرۇلمىسى تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ، تولۇقلىنىدۇ ۋە ئىزاھلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| بەك تەسىرلەن- | (非常感动) |
| چوقۇم كەل- | (一定来) |
| تۈزۈم بويىچە ئىشلە- | (按制度办) |

4. 具有支配格的能力。例如：

٤. كېلىشلىك ئىسىملار بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كىتاب ـ نى ئوقۇ ـ (看书)

بازار ـ غا بار ـ (上街)

ئۆي ـ دىن كەل ـ (从家来)

كارىۋات ـ تا يات ـ (躺床上)

سائەت ئون ئىككى ـ گىچە ئىشلە ـ (工作至十二点)

5.在句中主要作谓语。如果是名动词、形容词、副动词等形式，也可充当句中其他成分。例如：

٥. جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. ھەرىكەتنامى، سۈپەتداش، رەۋىشداش شەكىللىرىدە كەلگەندە، جۈملىنىڭ باشقا بۆلىكى بولۇپمۇ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

بۇلتۇر شۇ يەردە بىر يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى سېلىندى. (خەۋەر)

去年那里建成了一座核电站。

سىلەر ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا بىر يېرىم سائەتتە بارالايسىلەر. (خەۋەر)

你们乘飞机一个半小时能到伊宁市。

ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلمىدىڭمۇ؟ (تولدۇرغۇچى)

你不知道他来了？

مۇھىت ئاسراش ــ ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي مەسىلە. (ئىگە)

保护环境是人类面临的严重问题。

ئەرز قىلىۋاتقان بالا يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى.

(ھالەت)

告状的孩子边哭边讲。

6.有较强的构词能力。例如：

6. سۆز ياساش ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك. (مەسى-
لەن:

ئوقۇ- (读) + غۇچى — ئوقۇغۇچى (学生)
بىل- (懂) + ىم — بىلىم (知识)
يات- (躺) + ئاق — ياتاق (宿舍)
چال- (弹) + غۇ — چالغۇ (乐器)
ئۇرۇش- (打) + قاق — ئۇرۇشقاق (爱打架的)

## 三、动词的分类

## پېئىللىك تۈرلىرى

1.按动词的构成可分为单纯动词与合成动词两大类：

1. پېئىللار قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن تاق پېئىل، بىرىك-
كەن پېئىل دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1）单纯动词：是由一个词素构成的动词。例如：

1) بىرلا مورفېمىدىن تۈزۈلگەن پېئىللار تاق پې-
ئىل دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| تەكشۈر- | (检查) | ئوقۇ- | (读) |
| كۆتۈر- | (抬) | ئال- | (取) |
| سايلا- | (选举) | تۇت- | (抓) |
| ئۆگەن- | (学习) | ئاچ- | (开) |
| قۇر- | (建立) | سات- | (卖) |

（2）合成动词：是由两个或两个以上词素构成的动词。按构成方式，它又可分为派生动词与复合动词两种。

2) ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مورفېمىدىن تۈزۈلگەن پېئىللار بىرىككەن پېئىل دېيىلىدۇ. بىرىككەن پېئىلنى يەنە ياسالما پېئىل ۋە قوشما پېئىل دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

（1）由词干缀接构词词缀派生的动词称为派生动词。例如：

(1) سۆز ئۆزەكلىرىگە ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇشتىن ياسالغان پېئىللار ياسالما پېئىل دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

（变白）ئاقار -　　（加强）كۈچەي -

（寻找）ئىزدە -　　（腐化）چىرىكلەش -

（2）由两个或两个以上的词根按一定方式组合构成的动词称为复合动词。例如：

(2) ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز يىلتىزىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بىرىككەن پېئىل قوشما پېئىل دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

（实行）يولغا قوي -　　（欢迎）قارشى ئال -

（开展）قانات يايدۇر -　　（喜欢）ياخشى كۆر -

（生产）ئىشلەپچىقار -　　（进行）ئېلىپ بار -

2.动词按其功能可分为实体动词和系动词两种。

2. پېئىللارنى رولىغا ئاساسەن مەنىلىك پېئىل ۋە باغلامچى پېئىل دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1）实体动词　　　　　　　　1. مەنىلىك پېئىل

有实在的词汇意义，能单独做谓语的动词叫实体动词。例如：

لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولغان، مۇستەقىل ھالدا خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلەلەيدىغان پېئىللار مەنىلىك پېئىل دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

سەن تونۇر قىزىت، مەن نان ياقىمەن.

你把馕坑烧热，我要打馕

您请进。　　　　　　　　سىلى كىرسىلە.

您请坐。　　　　　　　　ئولتۇرسىلا.

2）系动词　　　　　　　　2. باغلامچى پېئىل

用在静词、静词性词组或直接引语后，与它们组合成合成谓语，起联系作用的动词叫系动词。例如：

تۇرغۇن سۆز، تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك سۆز ۋە كۆچۈرمە گەپلەرنىڭ ئارقىسىدا كېلىپ، بىرىكمە خەۋەر ھاسىل قىلىپ، باغلاش رولىنى ئوينايدىغان پېئىللار باغلامچى پېئىل دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇرۇن ئۇ ئوقۇغۇچى ئىدى.

从前他是学生。

ئۇ شۇنچە مېھرىبان ئادەم ئىكەن.

原来他是那么慈祥的一个人。

ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجىنىڭ ئارىلىقى 700 كىلومېتر كېلىدۇ.

乌鲁木齐与伊宁的距离七百公里。

ئۇ بىزگە باشلىق بولدى.

他当上我们的领导了。

مەھەممەت يىراققا بارمايدۇ-غۇ دەيمەن.

买买提不会走远吧。

3. 动词按其能否支配宾格，可分为及物动词和不及物动词。

3. تولدۇرغۇچى بىلەن كېلىش-كەلمەسلىككە ئاساسەن پېئىللىنى ئۆتۈملۈك پېئىل، ئۆتۈمسىز پېئىل دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1）凡能支配宾格的动词，称做及物动词。例如：

1) تولدۇرغۇچىنى باشقۇرۇپ كېلەلەيدىغان پېئىللار ئۆتۈملۈك پېئىل دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن بېيجىڭغا بەش توننا پەيزىۋات قوغۇنىنى ئاپاردىم.

我给北京运去了五吨伽师瓜。

مەن بېيجىڭگە ئاپاردىم.

我带到北京去了。

后例中的«ئاپاردىم»之前虽没有宾语，它仍然是及物动词，因为它前面随时可添上适当的宾语。

كېيىنكى مىسالدىكى «ئاپاردىم» نىڭ ئالدىدا تولدۇرغۇچى بولمىسىمۇ، ئۇ ئۆتۈملۈك پېئىل بولۇۋېرىدۇ.

چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىغا خالىغان چاغدا مۇۋاپىق تولدۇرغۇچىنى قوشقىلى بولىدۇ.

2）凡是不能支配宾格的动词称做不及物动词。例如：

2) تولدۇرغۇچىنى باشقۇرۇپ كېلەلمەيدىغان پېئىللار ئۆتۈمسىز پېئىل دېيىلىدۇ مەسىلەن:

他哭了。 ئۇ يىغلىدى.

我去了巴黎。 مەن پارىژغا باردىم.

4.动词按其词干是否缀接表示否定意义的词尾«-ما/-مە»又可分为肯定形式动词和否定形式动词两种。

4. پېئىل ئۆزەكلىرىگە بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى «-ما/-مە» نىڭ ئۇلىنىش-ئۇلانماسلىقىغا قاراپ پېئىلنى بولۇشلۇق پېئىل، بولۇشسىز پېئىل دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1）动词的肯定形式：就是动词词干本身的形式。例如：

1) بولۇشلۇق پېئىل پېئىللارنىڭ شەكلىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| (想) | ئويلا - | (听) | ئاڭلا - |
| (分开) | بۆل - | (安慰) | بەزلە - |

2）动词的否定形式：是由动词词干缀接词尾«-ما/-مە»构成。例如：

2) پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلى پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ما/-مە» قوشۇمچىسىنى قوشۇشتىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| (不干) | ئىشلىمە - | + مە — | ئىشلە - |
| (不想) | ئويلىما - | + ما — | ئويلا - |
| (不学) | ئۆگەنمە - | + مە — | ئۆگەن - |
| (不听) | ئاڭلىما - | + ما — | ئاڭلا - |

5.动词按其词干是否缀接能动性词尾，-يەلە/-يالا/-ئەلە

ئالا-/ 又可分为动词的能动形式和非能动形式。能动性词尾的功能在于强调主体进行行为动作的能力或可能性。例如：

5. پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ئالا/-ئەلا/-يالا/-يەلە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىش - ئۇلانماسلىقىغا قاراپ، پېئىللار ئىمكان پېئىلى، غەيرىي ئىمكان پېئىلى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئىمكان قوشۇمچىلىرى سۇبيېكتنىڭ ئىش - ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە - ئىگە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بار - (去) + ئالا - بارالا - (能去)
كۆر - (看见) + ئەلە - كۆرەلە - (能看见)
ئوقۇ - (读) + يالا - ئوقۇيالا - (能读)
ئىشلە - (做) + يەلە - ئىشلىيەلە (能做)

动词能动形式的构成

ئىمكان پېئىلىنىڭ ياسىلىشى

肯定形式：

动词能动形式的肯定形式是由以辅音结尾的动词词干缀接 ئالا-/ئەلا- 或以元音结尾的动词词干缀接 يالا-/يەلە- 其能动性词尾构成。例如：

بولۇشلۇق شەكلى:

ئىمكان پېئىللىرىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى ئۈزۈك تاۋۇشلاربىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ئالا/-ئەلە» سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-يالا/-يەلە» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشتىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

(能拿) — ئالالا — ئال + لا　(拿) — ئال

(能来) — كېلەلە — ئەلە +　(来) — كەل

(能制造) — ياسىيالا — يالا +　(制造) — ياسا

(能做) — ئىشلىيەلە — يەلە +　(做) — ئىشلە

否定形式：

动词能动形式的否定形式是由动词词干缀接能动性词尾，-ئال/-ئەل/-يال/-يەل 然后缀接否定形式词尾 -ما/-مە 构成。例如：

بولۇشسىز شەكلى:

ئىمكان پېئىلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن «-ئال/-ئەل/-يال/يەل» نى، ئاندىن بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى «-ما/-مە» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

(不能去) — بارالما — + ئال + (去) — بار

(不能来) — كېلەلمە — مە + ئەل + (来) كەل

(不能造) — ياسىيالما — ما + يال + (造) ياسا

(不能做) — ئىشلىيەلمە — مە + يەل + (做) ئىشلە

动词能动形式的用法举例：

ئىمكان پېئىللىرىنىڭ قوللىنىلىشىغا مىسال:

ئىنسانلار تەبىئەتنى بويسۇندۇرالامدۇ - يوق؟

人类能够征服自然吗？

ئۇلار ھەر كۈنى پىيادە 50 كىلومېتىر ماڭالايدۇ.

他们每天能徒步走五十公里。

ئۇنىڭ كاللىسى بەك ئۆتكۈر، كۈنىگە 200 سۆزنى

يادلىيالايدۇ.

他的脑子好使，一天能背会二百个单词。

مەن ھازا كەپ قىلسامۇ، ئۇنى قايىل قىلالمىدىم.

我费了半天劲儿，也没能说服他。

يېرىم يولدا ماشىنا بۇزۇلۇپ قېلىپ يىغىنغا ۋاق-
تىدا قاتنىشالماي قالدۇق.

由于半路车坏了，我们没能按时到会。

动词根据其是否缀接谓语性人称词尾，可分为动词的人称形式和动词非人称形式。例如：

6. پېئىللار شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلانغان-ئۇ-
لانمىغانلىقىغا قاراپ، شەخسلىك پېئىل، شەخسسىز
پېئىل دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن:

我去了。 مەن باردىم.

（动词的人称形式）

他边笑边走。 ئۇ كۈلۈپ ماڭدى.

（动词的非人称形式）

动词在句末作谓语时都是以动词的人称形式出现的，而动词作主语、宾语、定语、状语时则都是以动词的非人称形式出现的。

动词的人称形式多处于态、体、时、式等语法范畴中。它分为第一人称、第二人称和第三人称。动词的人称和数是二位一体的；数总是归属于一定人称的，而人称也总是以一种数的形式出现的。也就是说，同一种词尾既表示人称，又表示数。例表如下：

پېئىللار جۈملە ئاخىرىدا كېلىپ خەۋەر بولغاندا،

شەخسىلىك شەكلىدە كېلىدۇ، ئىكە تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت ۋەزىپىلىرىدە كەلگەندە بولسا شەخسسىز شەكلىدە كېلىدۇ.

پېئىللارنىڭ شەخسلىك شەكلى دەرىجە، تۈس، زامان، راي، كاتېگورىيىلىرى ئىچىدە بولىدۇ. بۇ ئادەتتە I شەخس، II شەخس، III شەخس دەپ ئايرىلىدۇ. پېئىللارنىڭ شەخس ۋە سانلىرى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، سان ھامان مەلۇم شەخسكە تەۋە بولىدۇ، شەخس ھامان مەلۇم سان شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، شەخس، سان ئۇقۇملىرى بىرلا قوشۇمچە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

## 动词人称和数的变化表

## پېئىلنىڭ شەخس ۋە سان بىلەن تۈرلىنىش جەدۋىلى

| 人称 / 数 / 人称词尾 / 式时<br>شەخس / سان / تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار / زامان رايى | | | 条件式及直陈式的过去时<br>شەرت رايى ۋە بىۋاسىتە بايان رايىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى | | 愿望式及间接陈述式、模糊陈述式、或然陈述式和将来时<br>ئارزۇ ۋە ۋاسىتىلىك، مۈجمەل، مۆلچەر رايلىرى ھەم بىۋاسىتە بايان رايىنىڭ ھازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى زامان | | بۇيرۇق رايى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 人称<br>شەخس | 数<br>سان | ئىگە | 静式人称词尾<br>تۇرغۇن شەكىلدىكى شەخس قوشۇمچىسى | 例词<br>مىسال | 普式人称词尾<br>ئاددىي شەكىلدىكى شەخس قوشۇمچىسى | 例词<br>مىسال | 祈使式人称词尾<br>بۇيرۇق شەكىلدىكى شەخس قوشۇمچىسى | 例词<br>مىسال |
| 第一人称<br>I شەخس | 单<br>بىرلىك | مەن | -م | باردىم، بارسام | -مەن | بارىمەن | -ي/-ەي/-ئاي | باراي |
| | 复<br>كۆپلۈك | بىز | -ق | باردۇق، بارساق | -مىز | بارىمىز | -يلى/-ئەيلى/-ئايلى | بارايلى |
| II شەخس 普称<br>ئاددىي تۈر | 单<br>بىرلىك | سەن | -ڭ | باردىڭ، بارساڭ | -سەن | بارىسەن | ○ | بار |
| | | سىز | -ڭىز | باردىڭىز، بارسىڭىز | -سىز | بارىسىز | -ڭ/-ىڭ/-ۇڭ/-ۈڭ | بېرىڭ |
| | 复<br>كۆپلۈك | سىلەر | -ڭلار | باردىڭلار، بارساڭلار | -سىلەر | بارىسىلەر | -ڭلار/-ىڭلار/-ۇڭلار/-ۈڭلار | بېرىڭلار |

## 第二节 动词的“时”的范畴

## 2-پاراگراف پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيىسى

动词的时是指通过一定的语法形式，表示行为动作进行、完成与存现的时间的语法形式。

维语的时分为过去时、现在时、现在将来时三种。

مەلۇم گرامماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش، ئورۇنلىنىش ۋە كۆرۈلۈش ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە زامان كاتېگورىيىسى دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيىسى ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان ۋە ھازىرقى كېلەر زامان دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 一、动词的过去时

### 1- پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامانى

表示说话时已经发生或结束的动作。例如：

پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامانى ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن بولغانلىقى ياكى ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز بۇ يىل دۆلەت بايرىمىنى تولۇپ-تاشقان خۇشاللىق ۋە زور داغ-دۇغا بىلەن قارشى ئالدۇق.

我们今年兴高采烈地隆重地庆祝了国庆节。

مۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن مەن ئۇنىڭ بىلەن
مۇشۇ يەردە تونۇشقانىدىم.

两年前，我跟他在这里相识。

ئۇ ھەر قېتىم شەھەرگە كىرگەندە، ئۆيىمىزگە كې-
لىپ مېنى يوقلاپ تۇراتتى.

他每次进城都到我们家来看望我。

维语的过去时分为确定过去时、存现过去时、连动过去时，反复过去时当时过去时五种。

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامانى
ئېنىق ئۆتكەن زامان، مەۋجۇت ئۆتكەن زامان، كىرىشمە
ئۆتكەن زامان، تەكرار ئۆتكەن زامان، شۇ پەيت ئۆتكەن
زامان دەپ بەشكە بۆلۈنىدۇ.

1. 确定过去时　　　1. ئېنىق ئۆتكەن زامان

表示以确切的口吻肯定某一行为动作已经完成或结束。例如：

مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندالغان ياكى تامام-
لانغانلىقىنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
مەسىلەن:

بۇ يىل مەكتىپىمىزدە ئون قەۋەتلىك بىر ياتاق بى-
ناسى سېلىندى.

今年我校修建了一座十层宿舍楼。

ئوقۇپ ئۆتكەن دەرسلىرىمىزنى تەتىلدە بىر
قۇر تەكرار قىلىپ چىقتۇق.

假期我们把学过的课程从头到尾复习了一遍。

سىز بۈگۈن يېرىم سائەت كېچىكىپ قالدىڭىز، بۇن-
دىن كېيىن دىققەت قىلىڭ.

今天你迟到了半个小时，今后要注意。

## 确定过去时的构成

## ئېنىق ئۆتكەن زاماننىڭ ياسىلىشى

**肯定形式：**

由动词词干缀接确定过去时词尾 -دى/-تى/-دۇ/-تۇ/-دۈ/-تۈ 再缀接动词静式人称词尾构成。列表如下：

**بولۇشلۇق شەكلى:**

پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن ئېنىق ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «-دى/-تى/-دۇ/-تۇ/-دۈ/-تۈ» نى، ئاندىن پېئىللارنىڭ تۇرغۇن شەكىلدىكى شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

### 确定过去时构成列表

### ئېنىق ئۆتكەن زاماننىڭ ياسىلىشى

| 人称 شەخس | | | 主语 ئىگە | 动词的确定过去时 ئېنىق ئۆتكەن زامان | 人称词尾 شەخس قوشۇمچىلىرى | 例词 مىسال |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 第一人称 بىرىنچى شەخس | 单数 بىرلىك | | مەن | — دى<br>— تى | — م | ئالدىم، ساتتىم |
| | 复数 كۆپلۈك | | بىز | | — ق | بەردۇق كەتتۇق |
| | 普称 ئاددىي تۈر | 单数 بىرلىك | سەن<br>سىز | | — ڭ<br>— ڭىز | كۆردۈڭ، ئۆتتۈڭ<br>بولدىڭىز، ئۆتتىڭىز |
| | | 复数 كۆپلۈك | سىزلەر | | — ڭلار | قاردىڭلار، ئىشلىدىڭلار |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 第二人称 II شەخس | 尊称 ھۆرمەت تۈرى | 单数 بىرلىك | سىلى | | —لا —لە | كۆردىلە تۇتقىلا |
| | | 复数 كۆپلۈك | ○ | | -لە/-لا | قاراشتىلا ئىشلەشتىلە |
| | 度称 سەتلىق تۈرى | 单数 بىرلىك | ○ | —دۇ —تۇ | ○ | ○ |
| | | 复数 كۆپلۈك | سەنلەر | | —ڭ | ئىشلەشتىڭ كۆرۈشتۈڭ |
| 第三人称 III شەخس | 单复数 بىرلىك كۆپلۈك | ئۇ ئۇلار | | | ○ | ساتتى تۇتتى |

دۇ/تۇ، دۇ/تۇ

## ئەسكەرتىش:

1. سىپايە تۈرى بىلەن سەتلىق تۈرى كۆپلۈك تۈرگۈن شەكىلدىكى شەخس قوشۇمچىلىرى پەقەت دەرىجىدە ئىشلىتىلىدۇ.

2. ئېنىق ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى دۇ/تۇ، دۇ/تۇ پەقەت I شەخس ۋە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇمدىلا كېلىدۇ.

否定形式：

由动词的否定形式词干缀接动词确定过去时词尾再缀接静式人称词尾构成。其否定形式 «مه، ما» 中心元音，由于逆同化的作用，简化为 «ى»。例如：

بولۇشسىز شەكلى:

بولۇشسىز پېئىللارنىڭ ئۆزەكلىرىگە پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان قوشۇمچىلىرى ئاندىن تۇرغۇن شەكىلدىكى شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇنىڭ بولۇشسىز شەكلى «ما، مە» دىكى سوزۇق تاۋۇشى تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە تۈپەيلىدىن «ى» غا ئاجىزلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئالما - + دى + م — ئالمىدىم

يازما - + دۇ + ق — يازمىدۇق

ئوقۇما - + دى + ڭ — ئوقۇمىدىڭ

ئۆتمە - + دى + ڭلار — ئۆتمىدىڭلار

كۆلمە - + دى + 0 — كۆلمىدى

疑问形式：

由动词确定过去时的肯定形式或否定形式结合疑问语气词 «مۇ» 构成。例如：

سوئال شەكلى:

پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكلىدىكى ئۆتكەن زامان فورمىسىغا سوئال ئەدىلىقى «مۇ» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالدىم + مۇ — ئالدىممۇ

باردىڭ + مۇ — باردىڭمۇ

كۆردۈڭلار + مۇ — كۆردۈڭلارمۇ

كەتتىڭىز + مۇ — كەتتىڭىزمۇ

ئالمىدىم + مۇ — ئالمىدىممۇ

بارمىدىڭ + مۇ — بارمىدىڭمۇ

كۆرمىدىڭلار + مۇ — كۆرمىدىڭلارمۇ

كەلمىدى + مۇ — كەلمىدىمۇ

确定过去时的意义和用法

ئېنىق ئۆتكەن زامانىنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

1.表示在说话之前，行为动作已经开始，但到说话时还在持续。例如：

1. ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلانغانلىقى، ئەمما سۆزلەۋاتقان ۋاقىتقىچە داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قاراڭلار، راكېتا كۆككە كۆتۈرۈلدى.

快看呀，火箭上天啦！

توكچى: قېنى، لامپۇچكا ياندىمۇ؟

电工：怎么样，电灯亮了吗？

نەگە ماڭدىڭىز؟

您上哪儿？

— بىزدىن قاچان ئىمتىھان ئالىدىكەن؟

— ئۇنى ئۇقمىدىم.

——咱们什么时候考试？

——不知道。

2.在口语中，确定过去时还有一种特殊用法，它表示已决定进行某一行为动作，但还未进行。例如：

2. ئېغىز تىلىدا، ئېنىق ئۆتكەن زاماننىڭ بىر خىل ئالاھىدە ئىشلىتىش ئۇسۇلى باركى، ئۇ ئىش-ھەرىكەتنى ئېيتىلىپ بېرىشنى قارار قىلغانلىقىنى، ئەمما تېخى ئېلىپ بارمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئانداق بولسا كەتتۇق، خوش ئەمسە؟

那么，我们走了，再见！

ھە، بوپتۇ، بۇ كىنونى كۆرسەم كۆردۇم.

那好吧，这部电影我看就看看。

قەشقەرگە بار دېسەڭ، باردىم!

你让我去喀什，好，我去！

确定过去时的特殊用法也可用将来时或祈使式代替，其基本意义不变，只是在语气上不如确定过去时表达的干脆。例如：

كەلگۈسى زامان ۋە بۇيرۇق رايىنى ئېنىق ئۆتكەن زاماننىڭ ئالاھىدە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىدا قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جۈملىنىڭ ئاساسىي مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ ئەمما ئىنتوناتسىيە جەھەتتە ئېنىق ئۆتكەن زاماندەك كەسكىن بولمايدۇ. مەسىلەن:

ئانداق بولسا كېتەيلى، خوش ئەمسە!

那么，我们就走了吧，再见！

ھە، بوپتۇ، بۇ كىنونى كۆرەمەن.

那好吧，我看一看这部电影。

قەشقەرگە بار دېسەڭ، باراي.

你让我去喀什，我就去吧。

## 2.存现过去时　　2. مەۋجۇت ئۆتكەن زامان

表示某一行为动作在说话前曾经发生、存在或进行过，并已经完成或结束。例如：

ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆزلەشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەنلىكىنى، مەۋجۇت بولغانلىقىنى ياكى ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ھەمدە تاماملانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن غۇلجىدا ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملا كۆرۈشكەن.

我在伊宁跟他只会过一次面。

ئۇ ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرىنى يېگەن.

他吃过阿图什的无花果。

سەمەت بۇ ئىدارىدە سەككىز يىل ئىشلىگەن.

赛买提在这个机关工作过八年。

存现过去时的构成，有两种：

مەۋجۇت ئۆتكەن زامانىنىڭ ياسىلىشى ئىككى خىل بولىدۇ.

第一种：

بولۇشلۇق شەكلى:

肯定形式

由动词词干缀接存现过去时词尾 -كەن/-قان/-گەن/-غان 再缀接动词肯式人称词尾构成。列表如下：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە مەۋجۇت ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «-غان/-گەن/-قان/-كەن» نى ئاندىن شەخس پېئىللاردىكى قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاددىي تۈرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەل ئارقىلىق كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

## 存现过去时构成表　مەۋجۇت ئۆتكەن زامانىنىڭ ياسىلىشى

| 人称 شەخس | | | 主语 ئىگە | 动词的时 زامان | 人称词尾 ئادەمى شەخس قوشۇمچىلىرى | 例词 مىسال |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 第一人称 I شەخس | 单数 بىرلىك | | مەن | -غان | -مەن | بارغانمەن<br>تۇتقانمەن |
| | 复数 كۆپلۈك | | بىز | | -مىز | بەرگەنمىز<br>كەتكەنمىز |
| 第二人称 II شەخس | 普称 ئاددىي تۈرى | 单数 بىرلىك | سەن<br>سىز | -گەن | -سەن<br>-سىز | قارىغانسەن<br>ئىشلىگەنسەن<br>بولغانسىز<br>ئۆتكەنسىز |
| | | 复数 كۆپلۈك | سىلەر | | -سىلەر | ئالغانسىلەر<br>بەرگەنسىلەر |
| | 尊称 ھۆرمەت تۈرى | 单数 بىرلىك | سىلى | -قان | -سىلە | قارىغانسىلە<br>ئۆتكەنسىلە |
| | | 复数 كۆپلۈك | ○ | | -سىلە | ئېلىشقانسىلە<br>بېرىشكەنسىلە |
| | 蔑称 [illegible] تۈرى | 单数 بىرلىك | ○ | -كەن | ○ | ○ |
| | | 复数 كۆپلۈك | سەنلەر | | -سەن | سېتىشقانسەنلەر<br>كۆرۈشكەنسەنلەر |
| 第三人称 III شەخس | 单复数 بىرلىك كۆپلۈك | | ئۇ<br>ئۇلار | | ○ | ئالغان كۆرگەن<br>تۇتقان كەتكەن |

否定形式的构成有两种：

بولۇشسىز شەكلى ئىككى خىل يول بىلەن ياسىلىدۇ.

1.由动词的否定形式缀接存现过去时词尾，再缀接动词普式人称词尾构成。否定形式«ما، مە»中心元音要弱化为«ى»

1. بولۇشسىز پېئىللارغا مەۋجۇت ئۆتكەن زامان قوشۇمچىلىرىنى، ئاندىن پېئىللاردىكى شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاددىي تۈرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بولۇشسىز شەكىلى «ما،مە» دىكى سوزۇق تاۋۇشى «ى» غا ئاجىزلىشىدۇ.

ئالما- + غان + مەن — ئالمىغانمەن

ئالما- + غان + سەن — ئالمىغانسەن

ئالما- + غان + 0 — ئالمىغان

كەلمە- + گەن + مىز — كەلمىگەنمىز

كەلمە- + گەن + سىلەر — كەلمىگەنسىلەر

كەلمە- + گەن + 0 — كەلمىگەن

2.由存现过去时肯定形式结合否定系词«ئەمەس»，再缀接动词普式人称词尾构成。例如：

2. بولۇشلۇق شەكلىدىكى مەۋجۇت ئۆتكەن زامانغا «ئەمەس» باغلامچى پېئىلىنى، ئاندىن پېئىللاردىكى شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاددىي تۈرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالغان + ئەمەس + مەن — ئالغان ئەمەسمەن

كۆرگەن + ئەمەس + سەن — كۆرگەن ئەمەسسەن

كەتكەن + ئەمەس + 0 — كەتكەن ئەمەس

疑问形式

由存现过去时的肯定形式或否定形式结合语气词 «مۇ» 再缀接普式人称词尾构成。例如：

سوئال شەكلى

مەۋجۇت ئۆتكەن زاماننىڭ بولۇشسىز شەكىللىرىگە «مۇ» ئۇلىنىشى، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالغان + مۇ + سەن — ئالغانمۇسەن

كەتكەن + مۇ + سىلەر — كەتكەنمۇسىلەر

ئوقۇغان + مۇ + سىز — ئوقۇغانمۇسىز

ئۆرۈگەن + مۇ + 0 — ئۆرۈگەنمۇ

注：

如果人称清楚，存现过去时的人称词尾可以省略。

ئەسكەرتىش: كىشىلىك ئالماشلىرى ئېنىق كۆرۈلگەن ئەھۋال ئاستىدا مەۋجۇت ئۆتكەن زاماننىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىسىمۇ بولىدۇ.

第一种存现过去时虽然表示行为动作在说话前曾经发生，进行过，并成为过去等意义。但它在表达的语法意义上侧重于行为动作过去的出现存在与状态，例如：

بىرىنچى خىلدىكى مەۋجۇت ئۆتكەن زامان گەرچە ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن. ئېلىپ بېرىلغان ھەم ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىپادىلىگەن گىراماتىكىلىق مەنىسىدە ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئۆتكەن زاماندىكى مەۋجۇتلۇق ھالىتى تەكىتلەنگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن يەكەنگە بارغان، خوتەنگىمۇ بارغان.

我去过莎车，也去过和田。

ئۇ مەكتەپ زالىدا بىزگە دوكلات بەرگەن.

他在学校礼堂给我们作过报告。

داشۆگە كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇ ئۈچ يىل ھەربىي بولغان.

上大学前，他当过三年兵。

بۇ ماقالىدە بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا بويىچە كىيىم-كېچەكنىڭ تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئېقىمى تونۇشتۇرۇلغان.

这篇文章介绍了当今世界服装发展的新潮流。

ئۈرۈمچى تەڭرىتاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان.

乌鲁木齐座落在天山脚下。

قازاق خەلقى ئەسىرلەر بويى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

哈萨克人民世世代代从事牧业。

مەن ئۇنىڭ بىلەن شاڭخەيگە كېتىۋېتىپ پويىزدا تونۇشقان.

我跟他是在去上海的火车上认识的。

第二种 ئىككىنچى خىلى

肯定形式： بولۇشلۇق شەكلى:

由动词词干缀接存现过去时词尾 ـغان/ـقان/ـكەن/ـگەن/ 后，再结合过去时判断系动词 «ئىدى» 的各人称变体构成。«ئىدى» 往往与存现过去时词尾连写。例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە مەۋجۇت ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «ـغان/ـگەن/ـقان/ـكەن نى»، ئاندىن ئۆتكەن زا-

مان ھۆكۈم باغلامچى پېئىلى «ئىدى» نىڭ ھەرخىل شەخس ۋارىيانتلىرىنى قوشۇشتىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئال- + غان + ئىدىم — ئالغانىدىم

ئال- + غان + ئىدۇق — ئالغانىدۇق

كەل- + گەن + ئىدىڭ — كەلگەنىدىڭ

كەل- + گەن + ئىدىڭلار — كەلگەنىدىڭلار

چىق- + قان + ئىدىڭىز — چىققانىدىڭىز

چىق + قان + ئىدىلە — چىققانىدىلە

كەت + كەن + ئىدى — كەتكەنىدى

否定形式有两种：

بولۇشسىز شەكلى ئىككى خىل شەكىلدە ياسىلىدۇ:

1. 由动词的否定形式缀接存现过去时词尾 -غان/-گەن，再结合过去时判断系动词 ئىدى 的各人称变体构成。否定形式 «ما» «مە» 中的元音要弱化为«ئى»。例如：

1. بولۇشسىز پېئىللارغا ئالدى بىلەن مەۋجۇت ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «غان، گەن» نى ئاندىن ئۆتكەن زامان ھۆكۈم باغلامچى پېئىلى «ئىدى» نىڭ ھەرخىل شەخس ۋارىيانتلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بولۇشسىز شەكلى «ما، مە» دىكى سوزۇق تاۋۇشى «ئى» غا ئۆزگەرتىلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئالما- + غان + ئىدىم — ئالمىغانىدىم

ئالما- + غان + ئىدۇق — ئالمىغانىدۇق

كەلمە- + گەن + ئىدىڭ — كەلمىگەنىدىڭ

كەلمە + گەن + ئىدى — كەلمىگەنىدى

2. 由存现过去时的肯定形式结合否定系动词 «ئەمەس» ，再结合过去时判断系动词«ئىدى»的各人称变体构成。例如：

2. مەۋجۇت ئۆتكەن زامانىنىڭ بولۇشلۇق شەكلىگە ئىنكار باغلامچى پېئىل «ئەمەس» نى ئاندىن ئۆتكەن زامان ھۆكۈم باغلامچى پېئىلى «ئىدى» نىڭ ھەرخىل شەخس ۋارىيانتلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالغان + ئەمەس + ئىدىم — ئالغان ئەمەستىم

ئالغان + ئەمەس + ئىدۇق — ئالغان ئەمەستۇق

كەلگەن + ئەمەس + ئىدىڭلار — كەلگەن ئەمەستىڭلار

كەلگەن + ئەمەس + ئىدى — كەلگەن ئەمەستى

疑问形式有两种：

سوئال شەكلى ئىككى خىل شەكىلدە ياسىلىدۇ:

1. 由第二种存现过去时的人称形式缀接疑问语气词 «مۇ» 构成。例如：

1. ئىككىنچى خىل مەۋجۇت ئۆتكەن زامانىنىڭ شەخسلىك شەكىللىرىگە سوئال ئىملىقى «مۇ» ۋە «ئىدى» باغلامچى پېئىلىنىڭ شەخسلىك شەكىللىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئويناغانىدىم + مۇ — ئويناغانىدىممۇ

سۆزلىگەنىدۇق + مۇ — سۆزلىگەنىدۇقمۇ

كۆرمىگەنىدىڭىز + مۇ — كۆرمىگەنىدىڭىزمۇ

ئالمىغانىدىڭلار + مۇ — ئالمىغانىدىڭلارمۇ

ئالغان ئەمەستىم + مۇ — ئالغان ئەمەستىمۇ
كەتكەن ئەمەستى + مۇ — كەتكەن ئەمەستىمۇ

2.由存现过去时的第二种肯定形式或否定形式先缀接疑问语气词《مۇ》，然后再缀接系动词《ئىدى》的各种人称变体构成。例如：

2. ئىككىنچى خىل مەۋجۇت ئۆتكەن زامانىنىڭ بولۇشلۇق بولۇشسىز شەكىللىرىگە ئالدى بىلەن سوئال ئىسمىلىقى «مۇ» نى، ئاندىن «ئىدى» باغلامچى پېئىلىنىڭ شەخسلىك شەكىللىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازغان + مۇ + ئىدىم — يازغانمىدىم
يازمىغان + مۇ + ئىدۇق — يازمىغانمىدۇق
يازغان + ئەمەس + مۇ + ئىدىڭ — يازغان ئەمەسمىدىڭ
كەلگەن + مۇ + ئىدىڭىز — كەلگەنمىدىڭىز
كەلمىگەن + مۇ + ئىدىڭلار — كەلمىگەنمىدىڭلار
كەلگەن + ئەمەس + مۇ + ئىدى — كەلگەن ئەمەسمىدى

注：

在口语中，存现过去时的系动词《ئىدى》中的词首元音《ئى》要脱落，而辅音《د》要清化《ت》。例如：

ئەسكەرتىش: جانلىق تىلدا مەۋجۇت ئۆتكەن زامان تەركىمىدىكى «ئىدى» باغلامچى پېئىللارنىڭ بېشىدا كەلگەن «ئى» سوزۇق تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ، «د» ئۈزۈك تاۋۇشى جاراڭسىزلىشىپ «ت» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، مەسىلەن

ئالغان + ئىدىم — ئالغانتىم
ئالغان + ئىدۇق — ئالغانتۇق
ئالغان + ئەمەس + ئىدىڭ — ئالغان ئەمەستىڭ

第二种存现过去时主要表示在说话前的某一时刻，该行为动作已经发生、存在或结束。例如：

ئىككىنچى خىل مەۋجۇت ئۆتكەن زامان ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇنقى مەلۇم پەيتتە ئېلىپ بېرىلغانلىقى مەۋجۇت بولغانلىقى ياكى ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز كىنوخانىغا كىرگەندە، كىنو ئاللىقاچان باشلانغانىدى.

当我们走进电影院时，电影早已开演了。

شۇ چاغدا دۈشمەنلەر بۇ يېزىنى قاپساپ قورشىۋالغانىدى.

当时，敌人把村子围了个水泄不通。

قېتىقنى مەن ساڭا تەييارلاپ قويغانىدىم، ئۇ كېلىپ بىراقلا ئىچىپ تۈگەتتى.

酸奶我本是给你准备的，让他一来就给喝光了。

第二种存现过去时除表示上述基本意义外，常用于叙述某一行为动作的目的表示虚心、客气、婉转、恳求的语气。例如：

ئىككىنچى خىل مەۋجۇت ئۆتكەن زامان يۇقىرى ئاساسىي مەنىسىنى بىلدۈرگەندىن سىرت، يەنە ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بايان قىلغاندا، سىلىق، كەمتەر، يۇمشاق ئىلتىماسىنى ئىپادە قىلىدۇ. مەسىلەن:

سىلەردىن ئۆگىنىمىز دەپ كەلگەندۇق.

我们是向你们学习来了。

سىزدىن ياردەم سورىغىلى كەلگەنىدۇق.

我们是向您求援来了。

بۇ ئەسەرنى نەشرىياتقا بېرەي دەپ يازغانىدىم.

我写这本书是准备出版。

### 3.连动过去时　　　٣. كىرىشمە ئۆتكەن زامان

表示某一行为动作在另一行为动作进行之前刚刚发生，存在或结束。两个行为动作相继发生的时间相距很近。例如：

مەلۇم بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ باشقا بىر ئىش - ھەرىكەتتىن بۇرۇن كۆرۈلگەن، مەۋجۇت بولغان ياكى تاماملانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن ۋاقتى ناھايىتى يېقىن بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن بۈگۈن سىزنىڭكىگە باراي دەپ تۇرۇۋىدىم. ئۆيگە مېھمان كېلىپ قېلىپ بارالمىدىم.

我今天刚要到你家去，家里就来了客人，所以就没去成。

بىز ئەمدىلا يولغا چىقىۋىدۇق، يامغۇر يېغىپ كەتتى.

我们刚上路就下雨了。

ئەتىياز كېلىۋىدى، قارلار ئېرىشكە باشلىدى.

春天一来，雪就开始化了。

مەن كۆزۈمنى ئالايتىپ ئورنۇمدىن قوپۇۋىدىم، شۇ ئەسنادا ئۇ نەرسە غايىب بولدى.

我睁大眼睛刚一站起来，就在这个当儿，那东西就不见了。

ئېتىزغا بېرىپ سانىۋىدىم، يوغان - يوغان قوغۇندىن تېخى ئوتتۇزى چىقتى.

我到地里一数，还有三十个大甜瓜。

**连动过去时的构成**

كىرىشمە ئۆتكەن زاماننىڭ ياسىلىشى

**肯定形式**

由状态副动词结合过去时判断系动词 «ئىدى» 的各种人称变体构成。列表如下：

بولۇشلۇق شەكلى:

ھالەت رەۋىشداشلىرىغا ئۆتكەن زامان ھۆكۈم پېئىلى «ئىدى» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

## 连动过去时构成表

## كەرىشمە ئۆتكەن زامانىنىڭ ياسىلىشى

| 人称 شەخس | | | 主语 ئىگە | «ئىدى»的变体 ئىدى نىڭ ۋارىيانتلىرى | 例词 مىسال |
|---|---|---|---|---|---|
| 第一人称 | 单数 بىرلىك | | مەن | ئىدىم | ئېلىۋىدىم، كېتىۋىدىم |
| | 复数 كۆپلۈك | | بىز | ئىدۇق | سېتىۋىدۇق، كۆرۈۋىدۇق |
| 第二人称 | 普称 | 单数 بىرلىك | سەن<br>سىز | ئىدىڭ<br>ئىدىڭىز | قارىۋىدىڭ، ئىشلىۋىدىڭ<br>بېرىۋىدىڭىز، كېلىۋىدىڭىز |
| | | 复数 كۆپلۈك | سىلەر | ئىدىڭلار | ئېلىۋىدىڭلار، بېرىۋىدىڭلار |
| | 尊称 | 单数 بىرلىك | سىلى … | ئىدىلە | قارىۋىدىلە، ئىشلىۋىدىلە |
| | | 复数 كۆپلۈك | ○ | ئىدىلە | قارىشىۋىدىلە، ئىشلىشىۋىدىلە |
| | 蔑称 | 单数 بىرلىك | ○ | ○ | ○ |
| | | 复数 كۆپلۈك | سەنلەر | ئىدىڭ | بېرىشىۋىدىڭ، كېلىشىۋىدىڭ |
| 第三人称 III شەخس | | 单复数 بىرلىك كۆپلۈك | ئۇ<br>ئۇلار | ئىدى | ئېلىۋىدى<br>كېتىۋىدى |

注：

«ئىدى» 要与状态副动词连写、副动词结尾的 «پ» 处在两个元音中间，要浊化为 «ۋ»。

ئەسكەرتىش: (ئىدى) ھالەت رەۋىشداشلىرى بىلەن بىللە كەلگەندە، رەۋىشداش ئاخىرىدىكى (پ) تاۋۇش ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا بولغانلىقتىن (ۋ) غا ئۆزگىرىدۇ.

否定形式

«ئىدى» 由状态副动词的否定形式«مەپ -/ماپ»结合系动词构成。例如：

بولۇشسىز شەكلى.

«ماپ - مەپ» قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان بولۇشسىز ھالەت رەۋىشداشلىرى بىلەن «ئىدى» باغلامچى پېئىلىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

تاپشۇرماپ + ئىدىم — تاپشۇرمىۋىدىم

قوشۇلماپ + ئىدۇق — قوشۇلمىۋىدۇق

بارماپ + ئىدىڭلار — بارمىۋىدىڭلار

كەلمەپ + ئىدىڭىز — كەلمىۋىدىڭىز

ئۆگەنمەپ + ئىدى — ئۆگەنمىۋىدى

注：

状态副动词的否定形式 ماپ -/مەپ 中的元音，受 «ئىدى» 中元音逆同化的作用，变为 «ئى»

ئەسكەرتىش. بولۇشسىز ھالەت رەۋىشداشلىرى ماپ -/مەپ ئوتتۇرىسىدىكى سوزۇق تاۋۇش (ئىدى) دىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە رولى تۈپەيلىدىن (ئى) غا ئۆزگىرىدۇ.

疑问形式有两种：

سوئال شەكلى ئىككى خىل يول بىلەن ياسىلىدۇ:

1.由连动过去时的人称形式结合语气词《مۇ》构成。例如：

1. كىرىشمە ئۆتكەن زاماننىڭ شەخسلىك شەكىللىرىگە «مۇ» ئىملىقىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بېرىۋىدىڭ + مۇ — بېرىۋىدىڭمۇ

كېلىۋىدىڭىز + مۇ — كېلىۋىدىڭىزمۇ

ئۆگەنمىۋىدى + مۇ — ئۆگەنمىۋىدىمۇ

2.在状态副动词与系动词《ئىدى》之间嵌入疑问语气词《مۇ》构成。《مۇ》中的元音《ۇ》脱落。例如：

2. ھالەت رەۋىشداشلىرى بىلەن «ئىدى» باغلامچىسى پېشىلى ئارىسىغا «مۇ» ئىملىقىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، «مۇ» تەركىبىدىكى «ۇ» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

بېرىپ + مۇ + ئىدىڭ — بېرىپمىدىڭ

بېرىپ + مۇ + ئىدىڭلار — بېرىپمىدىڭلار

كۆرۈپ + مۇ + ئىدىلە — كۆرۈپمىدىلە

كۆرۈپ + مۇ + ئىدى — كۆرۈپمىدى

连动过去时的意义和用法

كىرىشمە ئۆتكەن زاماننىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

1.连动过去时的形式一般处于前一分句中，但有时急于说出结果，也可以后置。例如：

1. گىرىشمە ئۆتكەن زاماندىكى پېئىل ئاھەڭتە دەسلەپكى تارماق جۈملىدە كېلىدۇ. ئەگەر نەتىجىنى ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا، كېيىنكى تارماق جۈملىگە قويسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەمدى تۇرۇۋەرسەم بولمايدۇ، چۈشلۈك پويىزنىڭ بېلىتىنى ئېلىۋىدىم.

我不能再停留了，我已经买好了中午的火车票。

ئۇ مېنى تونۇماي قالدى، كۆرۈشمىگىلى يىگىرمە يىل بولۇۋىدى.

他已经不认得我了，我们已二十年没见面了。

2. 连动过去时用于为了实现某种目的，表示虔诚、委婉、客气的语气。例如：

2. مەلۇم مەقسەتنى ئىپادىلەشتە گىرىشمە ئۆتكەن زامان ساداقەتمەنلىك، سىلىق-سىپايىلىق ۋە تەكەللۇپ ئىنتوناتسىيىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئي، تەقسىر، مەن ناھايىتى مۇھىم بىر ئەھۋالنى سىزگە دوكلات قىلاي دەپ كېلىۋىدىم.

哦，陛下，我是来向您报告一个非常重要的情况的。

مەن بۇ نانلارنى سىلەرنى يولدا يەيدۇ غۇ دەپ ئېلىۋىدىم.

这馕我想你们路上要吃就买上了。

سىزدىن بىر نەرسە سورىغىلى كېلىۋىدىم.

我想跟您借件东西。

4. 反复过去时　　　　4. تەكرار ئۆتكەن زامان

表示说话前，某一行为动作多次反复，经常进行。例如：

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن تەكرار ھالدا دائىم، كۆپ قېتىم ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز ھەر يىلى يازلىق كانىكۇلدا نەنسەنگە باراتتۇق، بۇ يىل باشقا پائالىيەتلەر بولغاچقا بارالمىدۇق.

每年暑假我们都去南山，今年按排了别的活动，我们就没去成。

بۇرۇن ئۇ گۆش يېمەيتتى، ھازىر ئانچە ـ مۇنچە يەيدىغان بولدى.

过去他不吃肉，现在能吃一点了。

ئۇ بۇرۇن دائىم ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرەتتى.

他过去常看文学作品。

ئۇ يەردە دائىم سوغۇق بولۇپ تۇراتتى، ھەمىشە شىۋىرغان چىقىپ تۇراتتى.

那里常年天气很冷，经常有暴风雪。

动词反复过去时有两种：

پېئىللارنىڭ تەكرار ئۆتكەن زامان شەكلى ئىككى خىل شەكىلدە ياسىلىدۇ.

第一种： بىرىنچى خىلى

反复过去时的构成：

تەكرار ئۆتكەن زاماننىڭ ياسىلىشى:

肯定形式：

由动词词干缀接反复形式词尾 «يت/ ئەت / ئات» 再缀接确

定过去时词尾 تى (تۇ/ تۈ) ，然后，再缀接静式人称词尾构成。例如：

بولۇشلۇق شەكلى.

پېئىل ئۆزەكلىرىگە تەكرار ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «-ئات/-ئەت/-يت» نى، ئاندىن ئېنىق ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «-تى/-تۇ/-تۈ» نى، ئاندىن تۇرغۇن شەكىلدىكى شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

باشلا + يت + تى + م — باشلايتتىم

باشلا + يت + تۇ + ق — باشلايتتۇق

باشلا + يت + تى + ڭ — باشلايتتىڭ

باشلا + يت + تى + ڭلا — باشلايتتىڭلا

باشلا + يت + تى + ە — باشلايتتى

ياز + ئات + تى + م — يازاتتىم

ياز + ئات + تى + ڭ — يازاتتىڭ

ياز + ئات + تى + ڭلا — يازاتتىڭلا

ياز + ئات + تى + ە — يازاتتى

بەر + ئەت + تۇ + ق — بېرەتتۇق

بەر + ئەت + تى + ڭىز — بېرەتتىڭىز

بەر + ئەت + تى + ڭلە — بېرەتتىڭلە

بەر + ئەت + تى + ڭلار — بېرەتتىڭلار

بەر + ئەت + تى + ە — بېرەتتى

否定形式：

由动词的否定形式缀接《يت》词尾，再缀接确定过去时词尾《تى》，然后再缀接静式人称词尾构成。例如：

بولۇشسىز شەكلى:

پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلىگە «-يت» قوشۇمچىسىنى، ئاندىن ئېنىق ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «-تى»نى، ئاندىن تۇرغۇن شەكىلدىكى شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئويلىما + يت + تى + م — ئويلىمايتتىم

ئويلىما + يت + تۇ + ق — ئويلىمايتتۇق

ئويلىما + يت + تى + ڭ — ئويلىمايتتىڭ

بارما + يت + تى + ڭىز — بارمايتتىڭىز

بارما + يت + تى + لا — بارمايتتىلا

كەلمە + يت + تى + ڭلار — كەلمەيتتىڭلار

كەلمە + يت + تى + 0 — كەلمەيتتى

疑问形式有两种：

سوئال شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ:

1.由反复过去时的肯定形式或否定形式的完全形式缀接疑问语气词《مۇ》构成。例如：

1. بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىلدىكى تەكرار ئۆتكەن زاماننىڭ پۈتۈن شەكلىگە «مۇ» ئەدىلقىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆرەتتىڭ + مۇ — كۆرەتتىڭمۇ

يازاتتۇق + مۇ — يازاتتۇقمۇ

كېلەتتىڭ + مۇ — كېلەتتىڭمۇ

كېلەتتىلە + مۇ — كېلەتتىلەمۇ

باراتتىڭلار + مۇ — باراتتىڭلارمۇ

ئوقۇيتتى + مۇ — ئوقۇيتتىمۇ

ئۆگەنمەيتتىم + مۇ — ئۆگەنمەيتتىممۇ

ئالمايتتۇق + مۇ — ئالمايتتۇقمۇ

قىلمايتتىڭ + مۇ — قىلمايتتىڭمۇ

بىلمەيتتىڭىز + مۇ — بىلمەيتتىڭىزمۇ

قۇرمايتتىڭلار + مۇ — قۇرمايتتىڭلارمۇ

قۇرمايتتىلا + مۇ — قۇرمايتتىلامۇ

بەرمەيتتى + مۇ — بەرمەيتتىمۇ

2.由动词词干缀接疑问形式词尾«ـم /ـئەم /ـئام»，再缀接过去时词尾«تى»，然后，再缀接静式人称词尾构成。例如：

2. پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن سوراق شەكلىدىكى قوشۇمچە «ـئام / ـئەم / ـم» نى، ئاندىن ئېنىق ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «تى» نى، ئاخىردا تۇرغۇن شەكىلدىكى شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆر + ئەم + تى + م — كۆرەمتىم

كۆر + ئەم + تى + ڭ — كۆرەمتىڭ

ياز + ئام + تى + ڭىز — يازامتىڭىز

ئوقۇ + م + تى + لا — ئوقۇمتىلا

كەلمە + م + تى + لە — كەلمەمتىلە

بارما + م + تى + ڭلار — بارماتتىڭلار

بارما + م + تى + 0 — بارماتتى

第一种反复过去时的特殊意义

بىرىنچى خىل تەكرار ئۆتكەن زاماننىڭ ئالاھىدە مەنىسى

除表示行为动作在说话前反复、经常进行的意义之外，有时，表示在虚构的条件下产生结果，而这种结果实际上并不存在。例如：

سۆزلەشتىن ئىلگىرى ئىش - ھەرىكەتنىڭ قايتا - قايتا، دائىم ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن سىرت، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان، پەرەزدىكى شەرت ئاستىدا بارلىققا كەلگەن نەتىجىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سىز چاقىرمىغان بولسىڭىز، مەن كەلمەيتتىم.

要是你没叫我的话，我就不会来了。

ئىنسانلار يېزىقنى ئىجاد قىلمىغان بولسا، بەلكىم بىز ھېچنېمە ئۇقمايدىغان ھالەتتە تۇرغان بولاتتۇق.

人类要是没有发明文字，大概我们就处于蒙昧状态。

سىزگە مىڭ رەھمەت، سىز ياردەم قىلمىغان بولسىڭىز بىز بۈگۈن جاڭگالدا تۈنەيتتۇق.

非常感谢您。要没有您的帮助，我们今天就得在荒滩野地里过夜了。

第二种反复过去时的构成

ئىككىنچى خىل تەكرار ئۆتكەن زاماننىڭ ياسىلىشى

肯定形式：

由动词词干缀接«-يدىغان / -ئىدىغان»再结合过去时判断系动词«ئىدى»的各人称变体构成。例如：

بولۇشلۇق شەكلى:

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ئىدىغان / -يدىغان» قوشۇمچىسى ۋە ئۆتكەن زامان ھۆكۈم باغلامچى پېئىلى «ئىدى» نىڭ شەخس ۋارىيانتلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئال + ىدىغان + ئىدىم — ئالىدىغانىدىم

ئال + ىدىغان + ئىدۇق — ئالىدىغانىدۇق

ئوقۇ + يدىغان + ئىدىڭ — ئوقۇيدىغانىدىڭ

ئوقۇ + يدىغان + ئىدىڭلار — ئوقۇيدىغانىدىڭلار

كۆر + ىدىغان + ئىدىڭىز — كۆرىدىغانىدىڭىز

كەت + ىدىغان + ئىدىلە — كېتىدىغانىدىلە

كەت + ىدىغان + ئىدى — كېتىدىغانىدى

否定形式：

由动词的否定形式词干缀接«يدىغان»再结合系动词«ئىدى»的各人称变体构成。例如：

بولۇشسىز شەكلى:

بولۇشسىز پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-يدىغان» قوشۇمچىسى ۋە باغلامچى پېئىل «ئىدى» نىڭ شەخس ۋارىيانتلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارما + يدىغان + ئىدىم — بارمايدىغانىدىم

بارما + يدىغان + ئىدىڭ — بارمايدىغانىدىڭ

كەلمە + يدىغان + ئىدىڭىز — كەلمەيدىغانىدىڭىز

كەلمە + يدىغان + ئىدى — كەلمەيدىغانىدى

疑问形式有三种：

سوئال شەكلى ئۈچ خىل بولىدۇ:

1.由动词词干缀接疑问形式词尾«-م/ئەم-/ئام»再缀接«-دىغان»然后结合过去时系动词«ئىدى»的各人称变体构成。例如：

1. پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن سوراق قوشۇمچىسىنى «-ئام-ئەم-م» نى ۋە «-يدىغان» قوشۇمچىسىنى، ئاندىن ئۆتكەن زامان باغلامچى پېئىلى «ئىدى» نىڭ شەخس ۋارىيانتلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بار + ئام + دىغان + ئىدىم — بارامدىغانىدىم

بار + ئام + دىغان + ئىدۇق — بارامدىغانىدۇق

ياسا + م + دىغان + ئىدىڭ — ياسامدىغانىدىڭ

ياسا + م + دىغان + ئىدىڭىز — ياسامدىغانىدىڭىز

كۆر + ئەم + دىغان + ئىدىلە — كۆرەمدىغانىدىلە

كۆر + ئەم + دىغان + ئىدى — كۆرەمدىغانىدى

2.由动词词干缀接«يدىغان/دىغان»再结合语气词«مۇ»然后结合过去时系动词«ئىدى»的各人称变体构成。这时«مۇ»中的元音«ۇ»脱落，与后面的«م»要连写。例如：

2. پېئىل ئۆزەكلىرىگە «يدىغان، دىغان» نى، ئاندىن «مۇ» ئىملىقى، ئاندىن ئۆتكەن زامان باغلامچىسى

پېئىلى «ئىدى» نىڭ شەخس ۋارىيانتلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ چاغدا «مۇ» نىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ۇ» چۈشۈپ قېلىپ، كېيىنكى «ئىدى» ئالدىدىكى «م» غا ئۇلىنىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بارىدىغان + مۇ + ئىدىم — بارىدىغانمىدىم

بارىدىغان + مۇ + ئىدىڭ — بارىدىغانمىدىڭ

بارىدىغان + مۇ + ئىدى — بارىدىغانمىدى

3. 由第二种反复过去时的人称形式后，结合疑问语气词«مۇ»构成。例如：

3. ئىككىنچى خىل تەكرار ئۆتكەن زاماندىكى شەخس قوشۇمچىلىرى ئارقىسىغا سوئال ئىملىقى «مۇ» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارىدىغانىدىم + مۇ — بارىدىغانىدىممۇ

بارىدىغانىدىڭ + مۇ — بارىدىغانىدىڭمۇ

بارمايدىغانىدىڭ + مۇ — بارمايدىغانىدىڭمۇ

كېلىدىغانىدى + مۇ — كېلىدىغانىدىمۇ

كەلمەيدىغانىدى + مۇ — كەلمەيدىغانىدىمۇ

注：

口语中，系动词«ئىدى»的词首元音«ئى»脱落，«د»浊辅音清化为«ت»例如：

ئەسكەرتىش: جانلىق تىلدا (ئىدى) باغلامچى پېئىلىدىكى (ئى) چۈشۈپ قالىدۇ، (د) تاۋۇشى (ت) غا ئۆزگىرىدۇ.

مەسىلەن:

ئوقۇيدىغانىدىم — ئوقۇيدىغانتىم

كۆرىدىغانىدىڭ — كۆرىدىغانتىڭ

**第二种反复过去时的意义和用法**

**ئىككىنچى خىل تەكرار ئۆتكەن زامانىنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

第二种反复过去时可以与第一种互换使用，但它不表示在虚构条件下产生的结果。例如：

ئىككىنچى خىل تەكرار ئۆتكەن زامانىنى بىرىنچى خىل تەكرار ئۆتكەن زامان بىلەن ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولىدۇ. ئەمما ئۇ پەرەزدىكى شەرت ئاساسىدىكى نەتىجىنى بىلدۈرمەيدۇ. مەسىلەن:

بىز ھەر يىلى يازلىق كانىكۇلدا نەنسەنگە بارىدىغانىدۇق، بۇ يىل باشقا پائالىيەتلەر بولغاچقا بارالمىدۇق.

每年暑假我们都去南山，今年有了别的活动，我们就没去成。

بۇرۇن ئۇ گۆش يېمەيدىغانىدى، ھازىر ئانچە-مۇنچە يەيدىغان بولدى.

从前他不吃肉，现在能吃一点儿了。

ئۇ دائىم ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرىدىغانىدى.

他过去常看文学作品。

**5.当时过去时** **5. شۇ پەيت ئۆتكەن زامان**

表示把过去发生或进行的行为动作，当做现在正在持续进行着的一种行为动作来叙述的一种动词形式。例如：

بۇرۇن كۆرۈلگەن ياكى ئېلىپ بېرىلغان ئىش-ھەرىكەتنى ھازىر داۋاملىشىۋاتقاندەك بايان قىلىدىغان پېئىل شەكلى شۇ پەيت ئۆتكەن زامان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

سەن ئۆتكەن يىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، مەن شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇۋاتاتتىم.

去年你来乌鲁木齐时，我正在新疆大学上学。

ئاخشام بىز تۇرسۇننىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتاتتۇق، تۇرسۇن كېلىپ قالدى.

昨晚，我们正在说吐尔逊，吐尔逊就来了。

ئەتىگەن مەن كىتاب ئوقۇۋاتاتتىم، ئەخمەتلەر كېلىپ قېلىپ كىنو كۆرەيلى دېدى.

早上我正在看书，艾合买提他们来了，叫我去看电影。

当时过去时有三种形式：

شۇ پەيت ئۆتكەن زامان ئۈچ خىل شەكىلدە كۆرۈلىدۇ:

第一种： بىرىنچى خىلى

肯定形式 بولۇشلۇق شەكلى

由动词词干缀接当时过去时词尾«ۋاتات ـ ىۋاتات ـ ۇۋاتات ـ ۈۋاتات» 再缀接确定过去时词尾 «تى» 然后再缀接静式或人称词尾构成。（当时过去时词尾 ۋاتات 是由 ئات + ۋات 构成）例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن شۇ پەيت ئۆتكەن زاماننىڭ قوشۇمچىلىرى «ۋاتات ـ ىۋاتات ـ ۇۋاتات

-يۋاتات» نى، ئاندىن كېيىن ئېنىق ئۆتكەن زامان قوشۇمچى-سى «-تى» نى ۋە تۇرغۇن شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. شۇ پەيت ئۆتكەن زامانىنىڭ قوشۇمچىلىرى «ۋات + ئات» ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوينا + ۋاتات + تى + م — ئويناۋاتاتتىم

بار + ىۋاتات + تى + ڭ — بېرىۋاتاتتىڭ

تۇت + ۇۋاتات + تى + لا — تۇتۇۋاتاتتىلا

كۆر + ۈۋاتات + تى + ە — كۆرۈۋاتاتتى

否定形式有两种

بولۇشسىز شەكلى ئىككى خىل شەكىلدە كۆرۈلىدۇ:

（1）由动词的否定形式缀接当时过去时各组成词尾构成。例如：

1. پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكىللىرىگە شۇ پەيت ئۆتكەن زامان قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوينىما + يۋاتات + تى + م — ئوينىمايۋاتاتتىم

بارما + يۋاتات + تى + ق — بارمايۋاتاتتۇق

تۇتما + يۋاتات + تى + ڭ — تۇتمايۋاتاتتىڭ

كۆرمە + يۋاتات + تى + 0 — كۆرمەيۋاتاتتى

（2）由动词现在时词尾缀接»ما«再缀接词尾»يت«，再缀接确定过去时词尾»تى«，最后缀接静式人称词尾构成。例如：

2. ھالدى بىلەن پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان قوشۇمچىلىرىغا «ما» ۋە «يت» نى، ئاندىن ئېنىق ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «تى» نى، ئاخىرىدا تۇرغۇن شەخس

قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئويناۋات + ما + يت + تى + م — ئويناۋاتمايتتىم

بېرىۋات + ما + يت + تى + ق — بېرىۋاتمايتتۇق

تۇتۇۋات + ما + يت + تى + ڭ — تۇتۇۋاتمايتتىڭ

كۆرۈۋات + ما + يت + تى + 0 — كۆرۈۋاتمايتتى

疑问形式有两种：

سوئال شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ.

（1）由动词现在时词尾缀接«م»/«ئام»，再缀接确定过去时词尾«تى»最后缀接静式人称词尾构成。例如：

1. ھازىرقى زامانغا سوراق قوشۇمچىسى «-ئام /-م» ۋە ئېنىق ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «-تى» نى، ئاخىرىدا تۇرغۇن شەخس قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كېلىۋات + ئام + تى + م — كېلىۋاتامتىم

كېلىۋات + ئام + تى + ڭ — كېلىۋاتامتىڭ

كەلمەيۋات + ئام + تى + ڭىز — كەلمەيۋاتامتىڭىز

كېلىۋاتما + م + تى + 0 — كېلىۋاتمامتى

（2）由当时过去时的肯定式或否定形式结合语气词«مۇ»构成。例如：

2. شۇ پەيت ئۆتكەن زامانىنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىللىرىگە «مۇ» ئېلىمىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بېرىۋاتاتتىڭ + مۇ — بېرىۋاتاتتىڭمۇ

بارمايۋاتاتتىڭ + مۇ – بارمايۋاتاتتىڭمۇ

بېرىۋاتمايتتىڭ + مۇ – بېرىۋاتمايتتىڭمۇ

第二种： ئىككىنچى خىلى:

肯定形式： بولۇشلۇق شەكلى:

由动词词干缀接«ۈۋاتقان -ۇۋاتقان -ىۋاتقان -ۋاتقان»再结合过去时系动词«ئىدى»的各人称变体构成。«ئىدى»要连写。例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ۋاتقان/-ىۋاتقان-ۇۋاتقان/-ۈۋاتقان» نى ۋە ئۆتكەن زامان-باغلامچى پېئىل «ئىدى» نىڭ شەخس ۋارىيانتلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. «ئىدى» ئۇلاپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوينا + ۋاتقان + ئىدىم – ئويناۋاتقانىدىم

بار + ىۋاتقان + ئىدىڭ – بېرىۋاتقانىدىڭ

تۇت + ۇۋاتقان + ئىدىلە – تۇتۇۋاتقانىدىلە

كۆر + ۈۋاتقان + ئىدى – كۆرۈۋاتقانىدى

否定形式有两种： بولۇشسىز شەكلى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

（1）由动词的否定形式缀接«يۋاتقان»再结合«ئىدى»的各人称变体构成。例如：

1. پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكىللىرىگە «يۋاتقان» نى ۋە «ئىدى» نىڭ شەخس ۋارىيانتلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوينىما + يۋاتقان + ئىدىم – ئوينىمايۋاتقانىدىم

بارما + يۋاتقان + ئىدىڭ – بارمايۋاتقانىدىڭ

ئوتما + يۋاتقان + ئىدىڭىز - ئوتمايۋاتقانىدىڭىز
كۆرمە + يۋاتقان + ئىدى - كۆرمەيۋاتقانىدى

（2）由动词现在时缀接«ما»再缀接«غان»然后结合过去时系动词«ئىدى»的各人称变体构成。（其中否定形式«ما»中的元音要弱化为（ئى） 例如：

2. ھازىرقى زامانغا «ما» ۋە «غان» نى، ئاندىن ئۆتكەن زامان باغلامچى پېئىلى «ئىدى» نىڭ شەخس ۋارىيانتلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «ما» دىكى سوزۇق تاۋۇش «ئى» غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئويناۋات + ما + غان + ئىدىم - ئويناۋاتمىغانىدىم
بېرىۋات + ما + غان + ئىدىڭ - بېرىۋاتمىغانىدىڭ
ئوتتۇۋات + ما + غان + ئىدىلە - ئوتتۇۋاتمىغانىدىلە
كۆرۈۋات + ما + غان + ئىدى - كۆرۈۋاتمىغانىدى

疑问形式有两种：

سوئال شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ:

（1）在当时过去时的肯定形式或否定形式中的系动词«ئىدى»的各人称变体之前，嵌入疑问语气词«مۇ»构成。«مۇ»中的元音«ۇ»脱落。例如：

1. شۇ پەيت ئۆتكەن زامانىنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىللىرىدىكى باغلامچى پېئىل «ئىدى» نىڭ شەخس ۋارىيانتلىرى ئالدىغا سوئال ئىملىقى «مۇ» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. «مۇ» تەركىبىدىكى

«ۇ» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

بېرىۋاتقان + مۇ + ئىدىم — بېرىۋاتقانمىدىم

بېرىۋاتقان + مۇ + ئىدىڭ — بېرىۋاتقانمىدىڭ

بېرىۋاتقان + مۇ + ئىدىلە — بېرىۋاتقانمىدىلە

بېرىۋاتقان + مۇ + ئىدى — بېرىۋاتقانمىدى

بارمايۋاتقان + مۇ + ئىدىڭ — بارمايۋاتقانمىدىڭ

بېرىۋاتمىغان + مۇ + ئىدىڭ — بېرىۋاتمىغانمىدىڭ

بېرىۋاتقان ئەمەس + مۇ + ئىدىڭ — بېرىۋاتقان ئەمەسمىدىڭ

（2）由当时过去时的肯定形式或否定形式的人称形式结合疑问语气词«مۇ»构成。例如：

2. شۇ پەيت ئۆتكەن زامانىنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىللىرىنىڭ شەخسلىك شەكىللىرىگە سوئال ئىنىلىقى «مۇ» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بېرىۋاتاتتىم + مۇ — بېرىۋاتاتتىممۇ

بېرىۋاتاتتىڭ + مۇ — بېرىۋاتاتتىڭمۇ

بارمايۋاتاتتىلە + مۇ — بارمايۋاتاتتىلەمۇ

بېرىۋاتمىغانىدى + مۇ — بېرىۋاتمىغانىدىمۇ

بېرىۋاتقان ئەمەستى + مۇ — بېرىۋاتقان ئەمەستىمۇ

第三种： ئۈچىنچى خىلى:

肯定形式： ۋات -/ىۋات - بولۇشلۇق شەكلى

由动词先结合 ۋۇات/- ۋۇات 再结合 «- دىپ»

后结合过去时系动词 «ئىدى» 的各人称变体

构成。例如：

پېئىللارغا ئالدى بىلەن ۋات-/ -ئۋات-/ -ۇۋات- نى، ئاندىن «-ىپ» نى، ئاخىردا ئۆتكەن زامان باغلامچى پېئىلى «ئىدى» نىڭ شەخس ۋارىيانتلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، مەسىلەن:

ئوقۇ + ۋات + ىپ + ئىدىم — ئوقۇۋېتىۋىدىم

ئوينا + ئۋات + ىپ + ئىدىڭ — ئويناۋېتىۋىدىڭ

كەل + ئۋات + ىپ + ئىدىلە — كېلىۋېتىۋىدىلە

كۆر + ۇۋات + ىپ + ئىدى — كۆرۈۋېتىۋىدى

تۇت + ۇۋات + ىپ + ئىدى — تۇتۇۋېتىۋىدى

否定形式： بولۇشسىز شەكلى:

由状态副动词的否定形式（-ماي/ -مەي）结合«ۋېتىپ»
再结合«ئىدى»构成。例如：

بولۇشسىز شەكلىدىكى ھالەت رەۋىشداشلىرىغا «ۋېتىپ» ۋە «ئىدى»نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارماي + ۋېتىپ + ئىدىم — بارمايۋېتىۋىدىم

بارماي + ۋېتىپ + ئىدىڭىز — بارمايۋېتىۋىدىڭىز

كۆرمەي + ۋېتىپ + ئىدىلە — كۆرمەيۋېتىۋىدىلە

كۆرمەي + ۋېتىپ + ئىدى — كۆرمەيۋېتىۋىدى

疑问形式有两种：

سوئال شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ:

（1）由当时过去时的肯定形式或否定形式结合语气词

«مۇ» 构成。例如：

1. شۇ پەيت ئۆتكەن زاماننىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىللىرىگە سوئال ئېلېمېنتى «مۇ» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بېرىۋېتىۋىدىم + مۇ — بېرىۋېتىۋىدىممۇ

تۇتۇۋېتىۋىدىڭ + مۇ — تۇتۇۋېتىۋىدىڭمۇ

كېلىۋېتىۋىدىڭىز + مۇ — كېلىۋېتىۋىدىڭىزمۇ

كۆرۈۋېتىۋىدى + مۇ — كۆرۈۋېتىۋىدىمۇ

（2）在当时过去时的肯定形式或否定形式的过去时系动词«ئىدى»的各人称变体前，嵌入«مۇ»构成。例如：

2. شۇ پەيت ئۆتكەن زاماننىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىللىرىدىكى ئۆتكەن زامان باغلامچى پېئىلى «ئىدى» نىڭ شەخس ۋارىيانتلىرى ئالدىغا «مۇ» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بېرىۋېتىپ + مۇ + ئىدىم — بېرىۋېتىپمىدىم

تۇتۇۋېتىپ + مۇ + ئىدىڭ — تۇتۇۋېتىپمىدىڭ

كېلىۋېتىپ + مۇ + ئىدىلە — كېلىۋېتىپمىدىلە

كۆرۈۋېتىپ + مۇ + ئىدى — كۆرۈۋېتىپمىدى

### 当时过去时的意义和用法

### شۇ پەيت ئۆتكەن زاماننىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

当时过去时的三种形式都表示在说话前的某一时间正在发生或进行的行为动作。前两种形式的意义和用法基本相同，可以交替使用。第三种形式一般是当时过去时与另一行为动作的发生相距很近。这与连动过去时有相似之处。常用于通讯报导中。例如。

شۇ پەيت ئۆتكەن زاماننىڭ ئۈچىنچى خىل شەكلى ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇنقى مەلۇم بىر پەيتتە داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئالدىنقى ئىككى خىل شەكىلنىڭ قوللىنىلىشى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۈچىنچى خىل شەكىل ئومۇمەن شۇ پەيت ئۆتكەن زامان باشقا بىر ئىش-ھەرىكەت بىلەن ئىپىپ يېيىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ شەكىل ئادەتتە خەۋەر ماقالىلىرىدە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ كىرىشمە ئۆتكەن زامان بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈن مەن ئىزدەپ بارغاندا، ئۇ ئانىسىغا خەت يېزىۋاتاتتى.

昨天我去找他时，他正在给母亲写信呢。

بايا بىز دۇكانغا كىرگەندە يامغۇر يېغىۋاتاتتى، بىردەمدىلا توختاپ قاپتۇ-يا؟!

刚才咱们进商店时雨还下着呢，这么一会儿就停了啊？！

ئۇ بىر تاشتا ئولتۇرۇپ دەم ئېلىۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇت چۆپ ئارىسىدىن بىر يىلان چىقىپ كەلدى.

他正坐在一块石头上休息，突然草丛中钻出一条蛇来。

مەن ئاخشام ئۆيگە كېلىۋاتسام سىز ۋېلسىپىت مىنىپ نەنمېن تەرەپكە كېتىۋاتاتتىڭىز.

昨晚我回家时，您骑车朝南门方向去了。

شۇ كۈنى بىر نەرسە ئېلىشقا ئىككى تىيىن كەملەپ قېلىپ غەم قىلىۋاتاتتىم، سوپى كېلىپ قالدى-

دى، كەم پۇلنى تۆلىۋەتتى.

那天我买东西差两分钱，正发愁呢，苏菲来了，替我付了钱。

ئۇ ئىشىك چەككەندە، مەن ئۇخلاۋاتقانىدىم.

他敲门时，我正睡觉呢。

ئۇنىڭ دوكتور ئاكىسى ئۇنىڭغا بېيجىڭدىن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بەرگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ بىئوگرافىك رومانى ئۈستىدە ئىشلەۋاتقانىدى.

他的博士兄长从北京给他打来长途电话时，他正在写自传小说呢。

## 二、动词现在时

## 2. پېئىللارنىڭ ھازىرقى زامانى

动词现在时表示说话时，正在进行或持续进行的行为动作。例如：

پېئىللارنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ۋە داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەكتىپىمىزدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى ۋە ئوقۇغۇچىلار دوكلات ئاڭلاۋاتىدۇ.

我校全体教职工和学生在听报告。

ھازىر سىرتتا قاتتىق بوران چىقىۋاتىدۇ.

现在外边正刮大风。

جۇڭگو خەلقى ۋەتىنىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە.

中国人民在祖国发展的道路上正取得新的成就。

现在时分为进行现在时、持续现在时和缘起现在时三种。

ھېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى جەريان ھازىرقى زامان، داۋام ھازىرقى زامان ۋە باغلانما ھازىرقى زامان دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**1.进行现在时**

**1. جەريان ھازىرقى زامان**

进行现在时的构成：

جەريان ھازىرقى زاماننىڭ ياسىلىشى:

肯定形式：

由动词词干分别缀接进行现在时词尾 «-ۋۇات/ -ۇۋات/ -ىۋات/-ۋات» 再缀接现在—将来时词尾 «-ى» 然后再缀接普式人称词尾构成（以元音结尾的动词词干缀接 ۋات 以辅音结尾的动词词干，根据音节中元音的圆展，分别缀接 («-ۋۇات/ -ۇۋات/ -ىۋات»)）例如：

بولۇشلۇق شەكلى:

پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن جەريان ھازىرقى زامان قوشۇمچىسى «-ۋات/ -ىۋات/ -ۇۋات-ۋۇات» ۋە ھازىرقى-كېلەر زامان قوشۇمچىسى «-ى» نى. ئاندىن ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ (سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ۋات»، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە تاق بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ لەۋلەشكەن-لەۋلەشمىگەنلىكىگە قاراپ «-ىۋات/ۇۋات/-ۋۇات» قوشۇلىدۇ).

مەسلەن:

ئىشلە + ۋات + ى + مەن — ئىشلەۋاتىمەن

بار + ىۋات + ى + سەن — بېرىۋاتىسەن

تۇت + ۇۋات + ى + سىز — تۇتۇۋاتىسىز

كۆر + ۈۋات + ى + دۇ — كۆرۈۋاتىدۇ

否定形式有两种：

بولۇشسىز شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ:

（1）由动词的否定形式缀接进行现在时词尾 «يۋات» 再缀接现在一将来时词尾 «ى-» 然后再缀接普式人称词尾构成。例如：

1. بولۇشسىز پېئىللارغا جەريان ھازىرقى زامان قوشۇمچىسى «- يۋات» ۋە ھازىرقى كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسى «-ى» نى، ئاندىن ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسلەن:

بارما + يۋات + ى + مەن — بارمايۋاتىمەن

ئىشلىمە + يۋات + ى + سىز — ئىشلىمەيۋاتىسەن

تۇتما + يۋات + ى + سەن — تۇتمايۋاتىسىز

كۆرمە + يۋات + ى + دۇ — كۆرمەيۋاتىدۇ

（2）由动词的进行现在时缀接«ما»词尾，再缀接现在一将来时词尾«ي -»然后再缀接普式人称词尾构成。例如：

2. پېئىللارنىڭ جەريان ھازىرقى زامان شەكلىگە «-ما» ۋە ھازىرقى كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسى «- ي» نى، ئاندىن ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسلەن:

بېرىۋات + ما + ي + مەن — بېرىۋاتمايمەن

ئىشلەۋات + ما + ي + سەن — ئىشلەۋاتمايسەن

تۇتۇۋات + ما + ي + سىز — تۇتۇۋاتمايسىز

كۆرۈۋات + ما + ي + دۇ — كۆرۈۋاتمايدۇ

疑问形式有两种：

سوئال شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ:

1.由动词进行现在时结合语气词«مۇ»构成。例如：

1. پېئىلنىڭ جەريان ھازىرقى زامان شەكلىگە سوئال ئىملىقى «مۇ» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بېرىۋاتىمەن + مۇ — بېرىۋاتىمەنمۇ

بارمايۋاتىمەن + مۇ — بارمايۋاتىمەنمۇ

بېرىۋاتمايمەن + مۇ — بېرىۋاتمايمەنمۇ

2.由动词进行现在时缀接 «ـئام/ ـم» 词尾，再缀接普式人称词尾构成。（第一人称缀接）(دىمەن/دىمىز/دۇق)。例如：

2. پېئىلنىڭ جەريان ھازىرقى زامان شەكلىگە«ـم/ ـئام» قوشۇمچىلىرىنى، ئاندىن ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. I شەخستە «ـدىمەن/ ـدىمىز/ ـدۇق» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

بېرىۋات + ئام + دىمەن — بېرىۋاتامدىمەن

بېرىۋات + ئام + دىمىز — بېرىۋاتامدىمىز

بارمايۋات + ئام + سەن — بارمايۋاتامسەن

بېرىۋاتما + م + دۇ — بېرىۋاتمامدۇ

## 进行现在时的用法

جەريان ھازىرقى زاماننىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

进行现在时主要表示说话时行为动作是正在进行或持续的。例如：

جەريان ھازىرقى زامان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ياكى داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ھازىر ئۈنئالغۇغا ئاۋاز ئېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا دەخلى قىلما.

他正在录音，你别打搅他。

ئۇ ئۇخلاۋاتىدۇ، جىددىي ئىشىڭ بولسا، ئۇنى ئويغىتىۋېتەي.

他睡觉呢，你要有急事，我可以叫醒他。

ئەتىلىك ساياھەتكە ھازىرلىق قىلىۋاتىمەن.

我在为明天的旅游做准备呢！

注：

«كېتىپ بار-» يۈر-، ئولتۇر-، تۇر-، يات- 等和词组因其本身就具有现在时的意义，它们的现在—将来时形式即表示进行现在时的语法意义。例如：

ئەسكەرتىش: «يات-، تۇر-، ئولتۇر-، يۈر-» سۆزلىرى ۋە «كېتىپ بار» قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزىدىلا جەريان ھازىرقى زامان مەنىسى چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھازىرقى ـ كېلەر زامان شەكلى جەريان ھازىرقى زامانىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن.

我在床上躺着。 مەن كارىۋاتتا ياتىمەن.

他正站在阳台上。 ئۇ بالكوندا تۇرىدۇ.

我正是上街去。　مەن بازارغا كېتىپ بارىمەن.

## 2.持续现在时　2. داۋام ھازىرقى زامان

持续现在时的构成：只有肯定形式。

داۋام ھازىرقى زاماننىڭ ياسىلىشى: پەقەتلا بولۇشلۇق شەكلى بولىدۇ.

由动词词干缀接持续现在时词尾 «-مەكتە/ -ماقتا» 再缀接普式人称词尾构成。«مەكتە/ماقتا» 的词尾元音在缀接人称时要弱化为 ئى 例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە داۋام ھازىرقى زامان قوشۇمچىلىرى «ماقتا/-مەكتە» نى ۋە ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ «ماقتا/ مەكتە» دىكى ئاخىرقى سوزۇق تاۋۇشقا شەخس قوشۇمچىسىنى قوشقاندا «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

بار + ماقتا + مەن - بارماقتىمەن

بار + ماقتا + سەن - بارماقتىسەن

كەت + مەكتە + سىز — كەتمەكتىسىز

كۆر + مەكتە + ە — كۆرمەكتە

持续现在时没有否定形式和疑问形式，一般第三人称形式比较常见。

داۋام ھازىرقى زاماننىڭ بولۇشسىز شەكلى ۋە سوئال شەكلى يوق. ئادەتتە ئۈچىنچى شەخس شەكلى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

持续现在时的意义和用法

داۋام ھازىرقى زاماننىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

持续现在时的意义与进行现在时相似，但它强调在说话时行为动作的持续性，一般用于书面语。例如：

داۋام ھازىرقى زاماننىڭ مەنىسى جەريان ھازىر-قى زاماننىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش، لېكىن ئۇ ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. كۆپىنچە يېزىق تىلىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

دۆلەت ۋە ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ ئەھمى-يەت بېرىشى ئارقىسىدا، ئېلىمىزنىڭ تەنتەربىيە سەۋىيىسى تېزلىكتە ئۆسمەكتە.

由于国家和各行各业的重视，我国体育运动的水平正迅速提高。

بىز ئۇلارنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتىمىز.

我们正焦急地盼望着他们尽快到来。

سىلەر ئۆز ۋەزىپەڭلارنى ھەر يىلى نورمىدىن ئاشۇ-رۇپ ئورۇندىماقتىسىلەر. خەلق سىلەردىن مىننەتدار بولماقتا.

你们每年都超额完成任务，人民是感谢你们的。

### 3.缘起现在时　　3. باغلانما ھازىرقى زامان

缘起现在时的构成

باغلانما ھازىرقى زاماننىڭ ياسىلىشى

肯定形式：

由动词词干缀接 «-كىلى / قىلى - گىلى / - غىلى» 再缀接 «-ۋات» 再缀接现在一将来时词尾«ى»然后再缀接普式人称词尾构成。例如：

بولۇشلۇق شەكلى:

پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن «-غىلى/-گىلى/-قىلى/-كىلى» ۋە «-ۋات» نى، ئاندىن كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسى «ى» نى ۋە ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بار + غىلى + ۋات + ى + مەن — بارغىلىۋاتىمەن

بار + غىلى + ۋات + ى + مىز — بارغىلىۋاتىمىز

كۆر + گىلى + ۋات + ى + سىلەر — كۆرگىلىۋاتىسىلەر

تۇت + قىلى + ۋات + ى + سىز — تۇتقىلىۋاتىسىز

كۆرۈش + كىلى + ۋات + ى + لار — كۆرۈشكىلىۋاتىلا

كەت + كىلى + ۋات + ى + دۇ — كەتكىلىۋاتىدۇ

否定形式：

由缘起现在时的词干形式缀接«ما»再缀接现在—将来时词尾«ي»然后再缀接普式人称词尾构成。例如：

بولۇشسىز شەكلى:

باغلانما ھازىرقى زامان ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن «ما»ۋە ھازىرقى-كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسى «ي» نى، ئاندىن ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارغىلىۋات + ما + ي + مەن — بارغىلىۋاتمايمەن

بارغىلىۋات + ما + ي + سەن — بارغىلىۋاتمايسەن

كۆرگىلىۋات + ما + ي + سىز — كۆرگىلىۋاتمايسىز

كۆرگىلىۋات + ما + ي + دۇ — كۆرگىلىۋاتمايدۇ

疑问形式：

由缘起现在时肯定或否定形式词干缀接疑问词尾«ئام»再缀接普式人称词尾构成。例如：

سوئال شەكلى:

بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىلدىكى باغلانما هازىرقى زامان پېئىل ئۆزەكلىرىگە سوئال قوشۇمچىسى «ـ ئام»ۋەئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن:

بارغىلىۋات + ئام + دىمەن — بارغىلىۋاتامدىمەن

بارغىلىۋات + ئام + دىمىز — بارغىلىۋاتامدىمىز

بارغىلىۋات + ئام + دۇق — بارغىلىۋاتامدۇق

بارغىلىۋات + ئام + سەن — بارغىلىۋاتامسەن

بارغىلىۋاتما + م + سىز — بارغىلىۋاتامسىز

بارغىلىۋاتما + م + دۇ — بارغىلىۋاتامدۇ

缘起现在时的意义和用法

باغلانما هازىرقى زاماننىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

动词缘起现在时表示在说话时，行为动作已处于立刻就要发生的状态，以此缘故接连进行一些相应的行为动作。例如：

پېئىلنىڭ باغلانما هازىرقى زامان شەكلى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا ئىش-ھەرىكەتنىڭ دەرھال يۈز بېرىدىغان ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا مۇناسىپ بىر قاتار ئىش-ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

يامغۇر ياغقىلىۋاتىدۇ، سىرتقا چىقمايلى.

眼看就要下雨了，咱们别出去了。

دىققەت! يۇقىرىدىكى تاش چۈشكىلىۋاتىدۇ.

注意，上面那块石头就要掉下来了。

ساۋاقداشلار قەشقەرگە پراكتىكىغا ماڭغىلىۋاتىدۇ، تا- پىنىلايدىغان گېپىڭىز بارمۇ؟

同学们就要去喀什实习了，您有什么吩咐吗？

مېھمانلار قايتقىلىۋاتىدۇ، بىر نېمە دېمەمسىز؟

客人们立刻就走了，你不说点儿什么吗？

تام ئۆرۈلگىلىۋاتىدۇ، تىرەك قويۇپ قويايلى.

墙马上要倒了，咱们顶根柱子吧。

## 三、动词现在—将来时

## 3. پېئىلنىڭ ھازىرقى - كېلەر زامانى

表示行为动作是在说话之后发生的，或者是现在正在进行，将来仍要进行或持续下去。例如：

پېئىللارنىڭ ھازىرقى - كېلەر زامانى ئىش - ھەرىكەت- نىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدى- غانلىقىنى ۋە داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مۇشۇنداق ئۆگىنىۋېرىدىغان بولسىڭىز، تۆت يىل- دىن كېيىن سىز چوقۇم مۇنەۋۋەر تەرجىمان بولالايسىز.

照此学下去，四年之后你一定会成为一名出色的翻译。

ئۇ يېقىندا تۇغقان يوقلىغىلى بارىدۇ.

他最近要探亲去。

يەنە يۈز يىل ئۆتسىمۇ، سىزنىڭ بۇ پىكرىڭىز- گە قوشۇلمايمەن.

再过一百年，我也不会同意你这意见。

现在一将来时的构成

هازىرقى - كېلەر زامانىنىڭ ياسىلىشى

肯定形式：

由动词词干缀接现在一将来时词尾 «ى-/ي-» 再缀接普式人称词尾构成。（以元音结尾缀接«ي-»以辅音结尾缀接«ى-»）例如：

بولۇشلۇق شەكلى:

پېئىل ئۆزەكلىرىگە هازىرقى - كېلەر زامان قوشۇمچىسى «ى/- ي» ۋە ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. (سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقىنىغا «ي» ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقىنىغا «ى» قوشۇلىدۇ) مەسىلەن:

بار + ى + مەن — بارىمەن

بار + ى + مىز — بارىمىز

كەت + ى + سەن — كېتىسەن

كەت + ى + سىلەر — كېتىسىلەر

ئوقۇ + ي + سىز — ئوقۇيسىز

ئىشلە + ي + دىلا — ئىشلەيدىلا

ياسا + ي + دۇ — ياسايدۇ

否定形式：

由动词词干缀接否定词尾 «-مە / -ما» 再缀接现在一将来时词尾 «ي-» 然后缀接普式人称词尾构成。例如：

بولۇشسىز شەكلى:

پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن بولۇشسىزلىق

قوشۇمچىسى «ـما / ـمە» ۋە ھازىرقى ـ كېلەر زامان قوشۇمچىسى«ـي» نى، ئاندىن ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بار + ما + ي + مەن ــ بارمايمەن

بار + ما + ي + سەن ــ بارمايسەن

كۆر + مە + ي + مىز ــ كۆرمەيمىز

كۆر + مە + ي + دىلا ــ كۆرمەيدىلا

كەت + مە + ي + دۇ ــ كەتمەيدۇ

疑问形式：

由动词词干缀接疑问词尾 «ـم / ـئەم / ـئام» 然后缀接普式人称词尾构成。（第一人称词尾是 «ـدىمەن / ـدىمىز / ـدۇق» 是由 «دۇ + مەن» 构成）例如：

سوئال شەكلى:

پېئىل ئۆزەكلىرىگە سوئال قوشۇمچىسى «ـ / ئام ئەم / ـم» ۋە ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، (بىرىنچى شەخس شەكلى «ـدىمەن / ـدىمىز / ـدۇق» ‹دۇ + مەن› دىن تۈزۈلگەن) بولىدۇ. مەسىلەن:

بار + ئام + دىمەن ــ باراmدىمەن

ئىشلە + م + دىمىز ــ ئىشلەمدىمىز

كۆر + ئەم + دۇق ــ كۆرەمدۇق

كەل + ئەم + سەن ــ كېلەمسەن

تۇت + ئام + دۇ ــ تۇتامدۇ

بارما + م + دىمەن — بارمامدىمەن

بارما + م + دۇق — بارمامدۇق

بارما + م + سەن — بارمامسەن

بارما + م + دۇ — بارمامدۇ

现在一将来时的意义与用法

هازىرقى - كېلەر زامانىنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

1.表示说话时行为动作还未进行，话结束后将要进行。例如：

1. ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا تېخى ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى، سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەتە مەن كۇتۇپخانىغا بېرىپ كىتاب قايتۇرىمەن.

明天我去图书馆还书。

بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ شىنجاڭ قوغۇنى ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

今后将有更多的新疆哈密瓜出口。

ئەندىشە قىلما، ئۇ ناھايىتى يېنىك يارىلانغان، ئۇزۇن ئۆتمەي ساقىيىپ كېتىدۇ.

不用担心，他伤得很轻，要不了多久就会好的。

2.表示客观存在的事实。例如：

2. پاكىتنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن بولسا، مۇز تۇتىدۇ.

温度低于零度，就会结冰。

بىرگە ئىككىنى قوشسا ئۈچ بولىدۇ.

一加二等于三。

يەر شارى قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.

地球绕着太阳转。

قۇش قانىتى بىلەن ئۇچىدۇ، قۇيرۇقى بىلەن قونىدۇ.

鸟凭翅膀飞，用尾巴落。

3.表示经常发生的行为动作或说话前已经发生、现在正在持续的行为动作。例如：

3. داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش-ھەرىكەتنى ياكى سۆزلەشتىن بۇرۇن يۈز بېرىپ، ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان ئىش-ھەرىكەتنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— سىز نەدە ئىشلەيسىز.

— نەشرىياتتا ئىشلەيمەن.

您在哪儿工作？我在出版社工作。

ئۇ ھازىر داشۆدە ئوقۇيدۇ.

他现在在大学上学。

ئۇ دائىم كېچە سائەت بىرگىچە ئىشلەيدۇ.

他经常工作到夜间一点。

مەن ھەر كۈنى ئانامنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەم بېرىمەن.

我每天都帮母亲做家务。

现在一将来时的第三种用法，由于可表示目前正在进行的行为动作，与进行现在时有某些相似之处，但它们却存在根本差别。进行现在时着眼于“时点”，它指正在说话的那一时刻。而现在一将来时着眼于“时段”，事实上它并不只限于正说话的那一时刻，还涉及到说话前后的一段时间。

هازىرقى-كېلەر زاماننىڭ بۇ خىل شەكلى ئىش-
ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش
جەھەتتە جەريان ھازىرقى زامان بىلەن ئوخشىشىپ كېت-
تىدۇ. ئەمما ئۇلار يەنىلا بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرى-
دۇ. جەريان ھازىرقى زامان «ۋاقىت نۇقتىسى» نى تەكىت-
لەپ، سۆزلەۋاتقان چاغدىكى شۇ پەيتنىلا تەكىتلەپ كۆرسە-
تىدۇ. ھازىرقى-كېلەر زامان «بىر مەزگىل» نى تەكىت-
لەيدۇ، سۆزلەۋاتقان ئاشۇ پەيت بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ،
سۆزلەشنىڭ ئالدى-كەينىدىكى بىر مەزگىل ۋاقىت بىلەن-
مۇ چېتىشىدۇ.

4.讲故事时，可用现在—将来时阐述说话前已经发生的行为动作。例如：

4. ھېكايىلاردا سۆزلەشتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىش-
ھەرىكەت ھازىرقى-كېلەر زامان ئارقىلىق بايان
قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى قىز يىگىتنى ئىزدەپ
كېلىدۇ، لېكىن ئۇ قىزغا قاراپمۇ قويماي سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ،
شۇنىدىن باشلاپ ئۇ يىگىتتىن كۆڭلى قالىدۇ.

有一天，姑娘来找小伙子，可他连看都不看一眼径自出去了；从此姑娘对那小伙子心就凉了。

ئەخمەت ئۆز ۋاقتىدا نى-نى جەڭلەرگە قاتنىشىدۇ،
نۇرغۇن خىزمەتلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بىراق ئۇ ئەزەلدىن
ئۆز ئىشلىرىنى باشقىلار ئالدىدا تىلغا ئېلىشنى خالىمايدۇ.

艾合买提当年多次参加过着名战役，屡建战功，可他从来不愿在别人面前提起自己的事儿。

## 第三节　动词的语态范畴

## 3 - پاراگراف پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى

表示行为动作与语法主体关系的语法范畴，称做动词的语态。例如：

ئىش-ھەرىكەت بىلەن جۈملىنىڭ گىرامماتىكىلىق ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

① قاسىم چاپاننى كىيدى.

哈斯木穿上了大衣。

② قاسىم كىيىندى.

哈斯木穿好了。

③ بۇ سوكنى پەلتو ئون يىل كىيىنگەن بولسىمۇ تېخى يىرتىلمىدى.

这件呢子大衣虽说穿了十年，但还没破。

④ ئانا بالىسىغا يېڭى كىيىم كىيدۈردى.

母亲让孩子穿上了新衣服。

⑤ ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى كىيىملەرنى كىيىشتى.

他们都穿上了新衣服。

上述五个例句中的动词语态分别由不同词尾表示。例①中的

«كىيدى» 表示行为动作是由主体 «قاسىم» 自己完成并及于客体 «چاپان» 例②中的 «كىيىندى» 表示主体 «قاسىم» 发出的动作又反及于本身。例③中的 «كىيىلگەن» 表示动作的语法主体 «سوكنى پەلتۇ» 实际上是逻辑客体。例④中的 «كىيدۈردى» 表示动作不是由主体 «ئانا» 自己完成的，而是通过别人来实现的。例⑤中的 «كىيىشتى» 表示动作是由两个或两个以上的主体共同进行的。

يۇقىرىقى بەش مىسالدا ئوخشاش بولمىغان قوشۇمچىلار ئارقىلىق پېئىللارنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىلىرى ئىپادە قىلىنغان. ① مىسالدىكى «كىيدى» ھەرىكەتنىڭ «قاسىم» تەرىپىدىن ئورۇندىلىپ، «چاپان» دېگەن ئوبيېكتقا چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ② مىسالدىكى «كىيىندى» ھەرىكەتنىڭ «قاسىم» دېگەن سۇبيېكت تەرىپىدىن ئورۇندىلىپ، يەنە قاسىمغا چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ③ مىسالدىكى «كىيىلگەن» ھەرىكەتنىڭ گرامماتىكىلىق ئىگىسى «سوكنى پەلتو» نىڭ ئەمەلىيەتتە لوگىكىلىق ئوبيېكت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ④ مىسالدىكى «كىيدۈردى» ھەرىكەتنىڭ «ئانا» دېگەن سۇبيېكت تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى باشقىلار ئارقىلىق ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ⑤ مىسالدىكى «كىيىشتى» ھەرىكەتنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۇبيېكت تەرىپىدىن ئورتاق ئورۇندالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

维语动词的语态按其构成和所表达的意义可分为基本态，被

动态、反身态、使动态交互一共同态五种。

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ دەرىجىسى تۈزۈلۈشى ۋە مەنىسىگە ئاساسەن باش دەرىجە، مەجھۇل دەرىجە، ئۆزلۈك دەرىجە، مەجبۇرىي دەرىجە، ئۆملۈك دەرىجە دېگەندەك بەش خىلغا بۆلۈنىدۇ.

## 一、基本态

### 1. باش دەرىجە

基本态没有专门的形态标志，动词原形就是基本态。它表示行为动作是由主体发出的。例如：

باش دەرىجىنىڭ مەخسۇس مورفولوگىيىلىك بەلگىسى يوق. ئۇ ئادەتتە پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. باش دەرىجە ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكت تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى تەقدىرلەيمىز.

我们要表扬好人好事。

ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە يۈگۈرىدۇ.

他每天早上都跑步。

بىر قىسىم ئوغۇل-قىز ئوقۇغۇچىلار يېڭى ياتاق بىناسىغا كۆچۈپ كىردى.

一部分男女同学搬进了新宿舍楼。

سىلەر ئۇيغۇرچىنى ياخشى سۆزلەيدىكەنسىلەر.

你们维语讲得很好。

## 二、被动态

### 2. مەجھۇل دەرىجە

表示语法主体不是行为动作的发出者，而是行为动作的承受者。例如：

گراماتىكىلىق ئىگىنىڭ ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇندى-
غۇچىسى ئەمەس، قوبۇل قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈ-
رىدۇ. مەسىلەن:

سىنىپىمىز زىننەتلەندى، پارتىلار رەتلىك تىزىلدى.

我们的教室被装饰一新，课桌都（被）排得整整齐齐的。

يېڭى-يېڭى تاشيوللار ياسالدى.

一条条新公路修成了。

بۇ رەسىملەر بەك ياخشى سىزىلىپتۇ.

这些画画得非常好。

## 三、反身态

### 3. ئۆزلۈك دەرىجە

表示主体发出的动作行为又及于本身。即，主体既是行为动作的发出者，又是行为动作的承受者。例如：

ئىش-ھەرىكەتنىڭ سوبيېكت تەرىپىدىن ئورۇندالغان-
لىقى، شۇنداقلا سوبيېكتقا چېتىشىدىغانلىقىنى، يەنى سۇب-
يېكتنىڭ ھەم ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنلىغۇچى ھەم
ئىش-ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
مەسىلەن:

بىز بۈگۈن مۇنچىغا بېرىپ يۇيۇندۇق.

我们今天去浴室洗了澡。

شەرقتىن قىزىل قۇياش كۆتۈرۈلدى.

鲜红的太阳从东方升起来了。

يېڭى يىل باشلاندى.

新年开始了。

**1.被动态与反身态的构成**

**مەجهۇل دەرىجە بىلەن ئۆزلۈك دەرىجىنىڭ ياسىلىشى**

被动态与反身态的词尾形式完全相同，其构成方式如下：

مەجهۇل دەرىجە بىلەن ئۆزلۈك دەرىجىنىڭ قوشۇمچىلىرى ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ياسىلىشى تۆۋەندىكىچە:

1）在以元音结尾的动词词干后缀接«ن، ل»词尾构成。例如：

1. سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ن، ل» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

باشلا + ن — باشلان -

تاشلا + ن — تاشلان -

ياسا + ل — ياسال -

ياسا + ن — ياسان -

ئوقۇ + ل — ئوقۇل -

تەشكىللە + ن — تەشكىللەن -

پارچىلا + ن — پارچىلان -

توقۇ + ل — توقۇل -

2）在以辅音结尾的非圆唇音节动词词干后缀接ن/ل构成。

例如：

2. ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ن / ل» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قىل + ن — قىلىن -
ئاچ + ل — ئېچىل -
ئال + ن — ئېلىن -
چال + ن — چېلىن -
ياز + ل — يېزىل -
بەر + ل — بېرىل -

3）在以辅音结尾的园唇元音音节动词词干后，分别缀接«ۇل / ۈل، ۇن / ۈن»构成。例如：

3. ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ۇن / ۈن، ۇل / ۈل» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇر + ۇن — ئۇرۇن -
يۇي + ۇن — يۇيۇن -
كۆر + ۈن — كۆرۈن -
بۆل + ۈن — بۆلۈن -
تۇت + ۇل — تۇتۇل -
قۇر + ۇل — قۇرۇل -
تۈز + ۈل — تۈزۈل -
ئۈز + ۈل — ئۈزۈل -

**2.被动态与反身态的区别**

**2. ئۆزلۈك دەرىجە بىلەن مەجھۇل دەرىجىنىڭ پەرقى**

1）被动态可以回答：«نېمە تەرەپتىن»، «كىم تەرەپتىن» 等问语，而反身态则不能。例如：

1. مەجھۇل دەرىجە «كىم تەرەپتىن، نېمە تەرەپتىن» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. ئۆزلۈك دەرىجە بولسا ئۇنداق ئەمەس. مەسلەن:

مەجلىس ئېچىلدى. (كىم تەرەپتىن؟)

会议召开了。

قىزىل گۈللەر ئېچىلدى.

红花开了。

مەسىلە يېشىلدى. (كىم تەرەپتىن؟)

问题弄清楚了。

ئەمەت يېشىندى.

艾买提把衣服脱了。

قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىش باشلاندى. (كىم تەرەپتىن؟)

工地上施工了。

يېڭى ئوقۇش باشلاندى.

新学年开始了。

2）非生物名词作句子主语时，动词一般都是被动态，因为主体本身不能发出动作，只能接受动作。例如：

2. ئادەتتە جانسىز ئىسىملار ئىگە بولغاندا مەجھۇل دەرىجە قوللىنىلىدۇ، چۈنكى جانسىز ئىسىملار ھەرىكەتنى ئورۇنلىيالمايدۇ. پەقەت ھەرىكەتنى قوبۇل قىلالايـ

دۇ. مەسىلەن:

كورلىدا يېڭى تىپتىكى كىر يۇيۇش ماشىنى-
لىرى ئىشلەپچىقىرىلماقتا.

库尔勒生产一种新式洗衣机。

ۋەزىپە مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندالدى.

任务提前完成了

ئەينەكلەر چېقىلدى.

玻璃打碎了。

ئۇلۇغ ئىش تاماملاندى.

大功告成。

مەكتەپ بىنالىرى بۇ يىل يەنە رېمونت قىلىندى.

今年又维修了校舍。

3）在一个动词词干后，能同时缀接«–ن / –ىن – ل / –ىل / –ۇن، –ۇل / –ۈن، –ۈل»相对应的两种词尾，缀接«–ن / –ىن، –ۇن / –ۈن»的是反身态，缀接«–ل / –ىل / –ۇل / –ۈل»的是被动态。例如：

3. ئەينى بىر پېئىل ئۆزىكىگە بىرلا ۋاقىتتا «ن / ل، ىن / ىل، ۇن / ۇل، ۈن / ۈل» قوشۇلسا، «ن، ىن، ۇن، ۈن» قوشۇلغىنى ئۆزلۈك دەرىجە، «ل، ىل، ۇل، ۈل» قوشۇلغىنى مەجھۇل دەرىجە بولىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ياسان | （打扮） | ياسال | （被制造） |
| يېشىن | （脱去） | يېشىل | （解开） |
| ئۇرۇن | （碰） | ئۇرۇل | （挨打） |
| كىيىن | （穿） | كىيىل | （被穿） |

(被接待) كۈتۈل　　　(保养) كۈتۈن

## 四、使动态

### 4. مەجبۇرىي دەرىجە

表示行为动作不是由语法主体自己进行，而是请求，强制其他人完成与实现的。例如：

ئىش-ھەرىكەتنىڭ گرامماتىكىلىق ئىگە تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا يالۋۇرۇش، بۇيرۇق قىلىش ئارقىلىق ئورۇندالغانلىقى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بوۋام ماڭا بىر پارچە خەت يازدۇردى.

爷爷让我帮他写了封信。

مەن دادامغا بىر قۇر سارجا كىيىم ئالدۇردۇم.

我让爸爸买了套毛料衣服。

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى بىزگە مۇندىن ئۈچ يىل ئىلگىرىكى بىر ئىشنى ئەسلەتتى.

他的一番话，使我们想起三年前的一件事。

بالىلارنى دەريا بويىغا بارغۇزماسلىق كېرەك.

不要让孩子到河边去。

使动态的构成　　مەجبۇرىي دەرىجىنىڭ ياسىلىشى

1.以元音或 «-ئەر / -ئار - ئەي / -ئاي» 结尾的动词词干后，缀接 «ت» 构成。例如：

1. سوزۇق تاۋۇش ياكى «-ئاي / -ئەي، -ئار / -ئەر» بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ت»نى قو-

شۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياسا + ت — ياسات — (让制作)

ئازاي + ت — ئازايت — (减少)

ئاقار + ت — ئاقارت — (使变白)

سۆزلە + ت — سۆزلەت — (让说)

كېمەي + ت — كېمەيت — (减少)

كۆكەر + ت — كۆكەرت — (使变白)

2.以浊辅音结尾的动词词干后，缀接«–دۇر /–دۈر»或«–غۇز / –گۈز»以清辅音结它的动词词干后缀接«–تۇر / –تۈر»或«–قۇز / –كۈز»构成。例如：

2. جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «دۇر / دۈر، –غۇز / –گۈز»، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «–تۇر / تۈر– كۇز / –كۈز» قوشۇمچىلىرى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياز + دۇر — يازدۇر — ~ ياز + غۇز — يازغۇز —

ماڭ + دۇر — ماڭدۇر — ~ ماڭ + غۇز — ماڭغۇز —

كۆي + دۈر — كۆيدۈر — ~ كۆي + گۈز — كۆيگۈز —

كۆم + دۈر — كۆمدۈر — ~ كۆم + گۈز — كۆمگۈز —

تاپ + قۇر — تاپقۇر — ~ تاپ + قۇز — تاپقۇز —

باس + تۇر — باستۇر — ~ باس + قۇز — باسقۇز —

تەپ + تۈر — تەپتۈر — ~ تەپ + كۈز — تەپكۈز —

مۆك + تۈر — مۆكتۈر — ~ مۆك + كۈز — مۆككۈز —

注：

个别以浊辅音«ل»结尾的动词词干后，不缀接«دۇر»而缀接«تۇر»例如：

ئەسكەرتىش: جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «ل» بىلەن ئاخىر-
لاشقان بىر قىسىم پېئىل ئۆزەكلىرىگە «دۇر» ئەمەس، «تۇر»
قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆل + تۇر — ئۆلتۈر- （害死，杀死）

كەل + تۇر — كەلتۈر- （使用）

3. 以元音结尾的单音节动词后缀接«دۇر، دۈر»或«غۇز، گۈز»构成。例如：

3. سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان تاق بوغۇم-
لۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا «دۇر، دۈر» ياكى «غۇز،
گۈز» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

يە + دۈر — يېدۈر- ~ يە + گۈز — يېگۈز-

يۇ + دۇر — يۇدۇر- ~ يۇ + غۇز — يۇغۇز-

4. 一部分以«ق، ش، چ، ت»等辅音结尾的动词词干后缀接«ئۇر / ئۈر، ئەر / ئار»等构成。例如：

4. «ق، ش، چ، ت» لار بىلەن ئاخىرلاشقان بىر قى-
سىم پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ئار، ئەر، ۇر، ۈر» قوشۇلىدۇ.
مەسىلەن:

چىق + ئار — چىقار-، قاچ + ۇر — قاچۇر-

قايت + ۇر — قايتۇر-

چۈش + ۈر — چۈشۈر-، كۆچ + ۈر — كۆچۈر-

注：

（1）有极少数动词的变化较特殊。例如：

ئەسكەرتىش: 1. ئاز بىر قىسىم پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى سەل ئالاھىدە. مەسىلەن:

كۆر + سەت — كۆرسەت ـ، قورق + ۇت — قورقۇت ـ

(2) 使动态词尾可以重迭使用，这时表示行为动作不是通过一个人而是通过两个以上的人实现。例如：

2. مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرىنى قاتلاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ چاغدا ھەرىكەتنىڭ بىر ئادەم ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم ئارقىلىق ئورۇندالغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەن سائىتىمنى ئەركىنگە ياساتتىم.

我让艾尔肯修了表。

مەن سائىتىمنى ئەركىنگە ياساتقۇزدۇم.

我通过艾尔肯修了表。

(3) 维语的及物动词和不及物动词都可以构成使动态。不及物动词构成使动态就变成了及物动词。例如：

3. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ ھەممىسىگىلا مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسىنى قوشۇشقا بولىدۇ. ئۆتۈمسىز پېئىللار مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

مېھمانلار كۈلۈپ كەتتى.

客人们笑了起来。

ئۇ ناھايىتى قىزىق ھېكايىنى سۆزلەپ، مېھمانلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

他讲了一个有趣的故事，把客人们逗笑了。

ساۋاقداشلار قاراڭغۇ چۈشكۈچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

同学们一直谈到天黑。

ئانا بالىنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ، تېلېۋىزور كۆرگىلى تۇردى.

母亲让孩子坐在自己的腿上看起了电视。

（4）一部分动词词干缀接了使动态构形词尾后，由于长时间延用，词义逐渐固定，使动态的语法意义已成了词义中不可分割的一部分，其本身的使动意义并不明显，而具有一种新的词汇意义了。例如：

4. بەزى پېئىل ئۆزەكلىرىگە مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى قوشۇلسىمۇ، ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىش نەتىجىسىدە سۆز مەنىسىنىڭ تۇراقلىشىپ قېلىشى تۈپەيلىدىن مەجبۇرى دەرىجىنىڭ گرامماتىكىلىق مەنىسى يوقۇلۇپ كەتكەن. مەجبۇرىي دەرىجە مەنىسى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئىچىگە سىڭىپ كېتىپ، سۆزنى يېڭى مەنىگە ئىگە قىلغان. مەسىلەن:

قەلىمىڭىزنى ئىشلىتىۋالاي بولامدۇ؟

让我用一下你的钢笔行吗？

ئۇنىڭغا پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلاشتىم.

我把钱还给他，又跟他聊了一会儿。

象这一类的词有：　　　بۇ خىل سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

ئوقۇتماق (教)　　كۆرسەتمەك (展示)　　ئۇچۇرماق (放飞)

ياندۇرماق (点着)　　قورقاتماق (吓)　　چۈشۈرمەك (卸)

چۈشەندۈرمەك (解释)

## 五：交互一共同态

5. ئۆملۈك دەرىجە

表示行为动作由两个或两个以上的主体共同进行。例如：

ئۆملۈك دەرىجە ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىككى ياكى

ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۇبيېكت تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ قىزىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

听了他有趣的话，我们大家都乐了。

ئۇلار تاغ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

他们朝着那座山跑去了。

بىز ئۇلار بىلەن ئۆزئارا خەت يېزىشىپ تۇرىمىز.

我们经常和他们互相通信。

交互一共同态的构成

ئۆملۈك دەرىجىسىنىڭ ياسىلىشى

以元音结尾的动词词干后缀接 «ش» 以辅音结尾的非园唇元音音节动词词干后缀接 «ىش» 以园唇元音音节动词词干后缀接«ۇش،ۈش» 构成。例如:

سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەك-لىرىگە «ش» ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىدىن تەركىبىدە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بولغانلىرىغا «ىش»، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بولغان-لىرىغا «ۇش، ۈش» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

سۆزلە + ش – سۆزلەش – (سۆزلەشتىم)

ئوينا + ش – ئويناش – (ئويناشتۇق)

ئوقۇ + ش – ئوقۇش – (ئوقۇشتى)

ياسا + ش – ياساش – (ياساتى)

ياز + ش – يېزىش – (يېزىشتىڭ)

كەل + ش — كېلىش — (كېلىشتى)

بار + ش — بېرىش — (بېرىشتىلار)

ئۇلتۇر + ۇش — ئۇلتۇرۇش — (ئۇلتۇرۇشتى)

تۇت + ۇش — تۇتۇش — (تۇتۇشتى)

كۆر + ۈش — كۆرۈش — (كۆرۈشتۇم)

بۆل + ۈش — بۆلۈش — (بۆلۈشتۇق)

动词的交互一共同态除本身表达的基本意义外，在某些情况下，还可以表示"帮助"的意思。例如：

پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى ئاساسلىق مەنىسىدىن باشقا بەزىدە «ياردەملىشىش» مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يۈك - تاقلىرىڭىزنى مەن كۆتۈرۈشۈپ بېرەي.

我帮您扛行李吧！

مامۇت بىزگە ھارۋا ئىتتىرىشىپ بەردى.

马木提帮我们推车了。

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ تەكرار ئىشلىتىلىشى:

维语动词词干上有时可以同时出现好几种语态词尾，这时，其排列形式如下：

ئۇيغۇر تىلىدا ئەينى بىر پېئىل ئۆزىكىگە بىر قانچە خىل دەرىجە قوشۇمچىسىنى بىرلا ۋاقىتتا قوشۇشقا بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قوشۇلۇش تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ.

1.基本态+使动态+被动态

1. باش دەرىجە + مەجبۇرىي دەرىجە + مەجھۇل دەرىجە

تونۇش + تۇر + ۇل — تونۇشتۇرۇل —

كۆر + سەت + ل — كۆرسەتىل —

2.基本态+使动态+交互—共同态

2. باش دەرىجە + مەجبۇرىي دەرىجە + ئۆملۈك دەرىجە

تونۇش + تۇر + ۇش — تونۇشتۇرۇش —

3.基本态+反身态+使动态

3. باش دەرىجە + ئۆزلۈك دەرىجە + مەجبۇرىي دەرىجە

ياسا + ن + دۇر — ياساندۇر —

4.基本态+反身态+使动态+被动态

4. باش دەرىجە + ئۆزلۈك دەرىجە + مەجبۇرىي دەرىجە + مەجھۇل دەرىجە

يۇي + ۇن + دۇر + ۇل — يۇيۇندۇرۇل —

5.基本态+反身态+交互—共同态

5. باش دەرىجە + ئۆزلۈك دەرىجە + ئۆملۈك دەرىجە

كىي + ن + ش — كىيىنىش —

6.基本态+反身态+使动态+交互—共同态

6. باش دەرىجە + ئۆزلۈك دەرىجە + مەجبۇرىي دەرىجە + ئۆملۈك دەرىجە

يۇي + ۇن + دۇر + ۇش — يۇيۇندۇرۇش —

维语中不是所有的动词都具有反身态、被动态、使动态，交

互一共同态的变化形式，不及物动词只有使动态和交互一共同态的形式，而没有被动态和反身态的变化形式（复合动词例外）。

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ ھەممىسىلا ئۆزلۈك دە-
رىجە، مەجھۇل دەرىجە، مەجبۇرى دەرىجە، ئۆملۈك دەرى-
جە بىلەن تۈرلىنىۋەرمەيدۇ. ئۆتۈمسىز پېئىللار پەقەت مەج-
بۇرىي دەرىجە ۋە ئۆملۈك دەرىجە بىلەنلا تۈرلىنىدۇ. مەج-
ھۇل دەرىجە، ئۆزلۈك دەرىجىلەر بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. (قوشما
پېئىللار بۇنىڭ سىرتىدا)

## 第四节 动词的“式”的范畴

## 4 - پاراگراف پېئىللارنىڭ «راي» كاتېگورىيىسى

### 一、动词的“式”的概念

### 1 پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە

动词的式是通过一定的语法形式，表示说话者对所叙述的行为动作的不同语气的语法范畴。例如：

مەلۇم گراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق سۆزلى-
گۈچىنىڭ بايان قىلىنىۋاتقان ئىش-ھەرىكەتكە نىسبەتەن
ئوخشاش بولمىغان ئىنتوناتسىيىسىنى ئىپادە قىلىدىغان
گراماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسى
دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ماشىنا تاشلىق چۆلگە چىقتى.

汽车开进了乱石滩。

ئەخمەت، پاغاچتەك ئولتۇرماي، گەپ قىلىڭ!

艾合买提，别象木头似地坐着、说话呀!

بىزدىن سالام ئېيتقايسىز!

请转达我们的问候!

بۈگۈن شۇ يەرگە بارسىڭىز، ئەركىن بىلەن كۆرۈ-شەلەيسىز

只有今天到那儿去，你才能见到艾尔肯。

上述四个例句，第一句中的动词 چىقتى 表示说话人对已发生的事情以予确认的语气，而作直接的陈述。第二句中的动词 قىلىڭ 表示说话人向对方提出要求或命令的语气。第三句中的动词 ئېيتقايسىز 是说话人表达愿望的语气。第四句中的动词 بارسىڭىز 则表示说话人提出的条件语气。这四个例句中的动词谓语分别用动词的陈述式、祈使式、愿望式和条件式表达了说话人对动作行为所持的态度。

يۇقىرىقى مىساللارنىڭ بىرىنچىسىدە «چىقتى» پې-ئىلى سۆزلىگۈچىنىڭ يۈز بېرىپ بولغان ئىش-ھەرىكەت-نى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئىنتوناتسىيىسىنى بىلدۈرۈپ، بى-ۋاستە بايان قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئىككىنچى مىسالدىكى «قىلىڭ» پېئىلى سۆزلىگۈچىنىڭ قارشى تەرەپكە بولغان تەلىپى ياكى بۇيرۇقىنى ئىپادىلىگەن. ئۈچىنچى مىسالدىكى «ئېيتقايسىز» پېئىلى سۆزلىگۈچىنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن. تۆتىنچى مىسالدىكى «بارسىڭىز» پېئىلى سۆزلىگۈچىنىڭ شەرت ئىنتوناتسىيىسىنى ئىپادىلى-گەن. بۇ تۆت مىسالدىكى خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن پې-

ئىشلار پېئىللارنىڭ بايان رايى، بۇيرۇق رايى، ئارزۇ رايى ۋە شەرت رايى شەكىللىرىدە كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئىش-ھەرىكەتكە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

## 二、动词的"式"的语法特征

## 2. پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1.动词的式的语法形式和动词的人称是形影相随，结合在一起的。

1. پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسىنى ئىپادە قىلغۇچى گىراماتىكىلىق شەكىللەر پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ.

2.陈述式有时间范畴，祈使式、愿望式没有时间范畴，条件式的时间范畴则要通过分析形态来表示。

2. بايان راي زامان كاتېگورىيىسىگە ئىگە، بۇيرۇق رايى ئارزۇ رايى قاتارلىقلار زامان كاتېگورىيىسىگە ئىگە ئەمەس. شەرت رايىدىكى پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيىسى ئانالىتىك فورما ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

## 三、动词的"式"的分类

## 3. پېئىل رايلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى

动词的式可分为四种，即陈述式、祈使式、愿望式与条件式。

پېئىل رايلىرى بايان رايى، بۇيرۇق رايى، ئارزۇ
رايى، شەرت رايى دېگەندەك تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**1.陈述式** 1 بايان رايى

说话人可以把过去、现在或将来发生的事情确认为事实或客观存在的，而用陈述的语气来表达，表达这种语气的动词语法形式就称作陈述式。

سۆزلىگۈچى بۇرۇن يۈز بەرگەن، هازىر يۈز بېرى‐
ۋاتقان ياكى كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىش‐هەرىكەتنى
پاكىت ياكى ئوبيېكت مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە بايان ئىن‐
تونا تسىيىسىدە بايان قىلىشى مۇمكىن. پېئىللارنىڭ بۇ خىل
ئىنتونا تسىيىنى بىلدۈرىدىغان گراماتىكىلىق شەكىللىرى
بايان رايى دەپ ئاتىلىدۇ.

动词的陈述式按陈述方式的不同又可进一步分为直接陈述式（直陈式），间接陈述式（间陈式）模糊陈述式（模糊式）和或然陈述式（或然式）四种。

پېئىللارنىڭ بايان رايى بايان شەكلىنىڭ ئوخشى‐
ماسلىقىغا ئاساسەن بىۋاستە بايان رايى، ۋاستىلىك با‐
يان رايى، گۇمان بايان رايى ۋە مۆلچەر بايان رايى دې‐
گەندەك تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1）直接陈述式： 1) بىۋاستە بايان رايى

表示说话人以直接知道的语气来陈述已经发生，或正在进行、或将要进行的行为动作。

بىۋاستەبايان رايى سۆزلىگۈچىنىڭ بۇرۇن يۈز بەر‐
گەن، هازىر يۈز بېرىۋاتقان ياكى كەلگۈسىدە يۈز بېرىدى‐

غان ئۇنش-ھەرىكەتنى بىۋاسىتە بىلگەن خەۋەر قاتارىدا باي-
ان قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

（1） 直陈式过去时的表示法：

a. 由动词确定过去时表示。

b. 由动词存现过去时表示。

c. 由动词连动过去时表示°

d. 由动词反复过去时表示。

e. 由动词当时过去时表示。

(1) ئۆتكەن زامان بىۋاستە بايان رايىنىڭ ئىپادى-
لىنىشى

a. پېئىللارنىڭ ئېنىق ئۆتكەن زامان شەكلى ئارقى-
لىق ئىپادىلىنىدۇ؛

b. پېئىللارنىڭ مەۋجۇت ئۆتكەن زامان شەكلى ئ-
ارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ؛

c. پېئىللارنىڭ كىرىشمە ئۆتكەن زامان شەكلى
ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ؛

d. پېئىللارنىڭ تەكرار ئۆتكەن زامان شەكلى ئارقى-
لىق ئىپادىلىنىدۇ؛

e. پېئىللارنىڭ داۋام ئۆتكەن زامان شەكلى ئار-
قىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

例如： مەسىلەن:

مەن بەش يىلدىن بۇرۇن ئۈرۈمچىگە كەلدىم.

我五年前来到了乌鲁木齐。

بۇ قوغۇننى ئابلىز بەرگەن ئەمەس، روزاخۇن

بەرگەن.

这个甜瓜不是阿布力致送的，而是肉扎洪给的。

بۇنداق ئەھۋالنى ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى.

这情形他可从来没见过。

جاپپار ئىشىكتىن كىرىۋىدى، مۇئەللىم ئۇنى چىقىرىۋەتتى.

加帕尔刚进门，老师就让他出去了。

بۇرۇن ئۇ كىنو كۆرمەيتتى، ھازىر ئانچە-مۇنچە كۆرىدىغان بولدى.

以前从不看电影的他，现在也看起来了。

ئەتىگەن مەن بازارغا چىققاندا، كىر يۇيۇۋاتاتتىڭىز تېخىچە يۇيۇپ بولمىدىڭىزمۇ؟

早晨我上街去时你就在洗衣服，怎么？还没洗完吗？

（2）直接式现在时的表示法：

(2) ھازىرقى زامان بىۋاسىتە بايان رايىنىڭ ئىپادە قىلىنىشى

a.由动词进行现在时表示。

b.由动词持续现在时表示。

c.由动词缘起现在时表示。

a. پېئىللارنىڭ جەريان ھازىرقى زامان شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

b. پېئىللارنىڭ داۋام ھازىرقى زامان شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

c. پېئىللارنىڭ باغلانما ھازىرقى زامان شەكلى ئار-

قىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

例如：

مەسىلەن:

ئۆيگە كىرمەڭ! ئۇ ئۇخلاۋاتىدۇ.

别进屋，他正在睡觉。

بىز ۋەتەننى گۈللەندۈرمەكتىمىز.

我们建设祖国。

ئەركىن بېيجىڭغا ماڭغىلىۋاتىدۇ. ئىشىڭىز بارمۇ؟
تېزرەك ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭ.

艾尔肯马上起程到北京去，你要有事快告诉他。

（3）直陈式现在一将来时的表示方法：

(3) ھازىرقى-كېلەر زامان بىۋاسىتە بايان رايىنىڭ
ئىپادە قىلىنىشى

a.由动词现在一将来时表示。

b.由目的动词表示。

a. پېئىللارنىڭ ھازىرقى كېلەر زامان شەكلى ئار-
قىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

b. مەقسەت پېئىلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

例如：

مەسىلەن:

ياقۇپ ئەتە بېيجىڭغا بارىدۇ.

亚库甫明天要去北京。

تىل تەكشۈرۈش ئۈچۈن يېقىندا بىز ئالتايغا بار-
ماقچى.

我们打算在最近去阿尔泰搞语言调查。

ئۇرۇنسا ماقالىنى ياخشى يازىدۇ.

奴尔尼莎文章写得好。

2）间接陈述式　　　　(2 ۋاستىلىك بايان رايى

说话人把自己间接知道的事情或者把过去不知道，经过证实属实的事情叙述给对方的语法形式叫作间接陈述式。

سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزى ۋاستىلىك بىلىدىغان ياكى بۇرۇن بىلمىسىمۇ، راستلىقى ئىسپاتلانغان ئىشنى قارشى تەرەپكە بايان قىلىپ بېرىشنى بىلدۈرىدىغان گراماتىكىلىق شەكىل ۋاستىلىك بايان رايى دېيىلىدۇ.

（1）间陈式过去时：

(1) ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايى

第一人称：　　　　I شەخس

第一人称间陈式过去时，表示说话人将自己事先不知道，事后才发现的出乎意料的行为动作叙述给听话人。其构成如下：

在状态副动词的肯定或带否定词尾的形式后，缀接过去时词尾 «تۇ» 然后再缀接第一人称单复数普式人称词尾构成。例如：

I شەخس ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايى

سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزى ئىلگىرى ئۇقمايدىغان، كېيىن ئۇققان، ئويلىمىغان يەردىن چىققان بىرەر ئىشنى ئاڭلىغۇچىغا بايان قىلىپ بېرىشنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ، بولۇشلۇق ھالەت رەۋىشدىشى ۋە ئۇنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن شەكلىگە ئالدى بىلەن ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «تۇ»نى، ئاندىن I شەخس بىرلىك، كۆپلۈك ئاددىي قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆرۈپ + تۇ + مەن - كۆرۈپتىمەن

يازماپ + تۇ + مەن - يازماپتىمەن

ئىشلەپ + تۇ + مىز - ئىشلەپتىمىز

بەرمەپ + تۇ + مىز - بەرمەپتىمىز

**注：**

过去时词尾«تۇ» 中元音逆同化为 «تى»。

ئەسكەرتىش: ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «تۇ» دىكى سوزۇق تاۋۇش تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە رولى تۈپەيلىدىن «تى» غا ئاسسىمىلياتسىيىلەشىدۇ.

مەن ئىككىنچى سوئالغا خاتا جاۋاب بېرىپ قويۇپتىمەن.

第二道题我答错了。

بىز بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز.

我们忘了告诉他这件事。

مەجلىس بارلىقىنى ئۇقۇشماي كىنوغا كېتىپ قاپتىمىز.

我们不知道有会议，看电影去了。

第二人称： I شەخس:

第二人称间陈式的过去时，表示说话人将间接知道的对方过去的动作行为原封不动照旧叙述给对方。其构成如下：

在肯定或否定的状态副动词形式后，直接缀接第二人称普式词尾构成。例如：

I شەخس ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايى سۆزلىگۈچىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ بۇرۇنقى ئىش ھەرىكىتىنى ۋاستىلىك بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆز پېتىچە بايان قىلىپ بېرىشنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكىلدىكى ھالەت رەۋىشداشلىرىغا بىۋاستە

شەخس ئاددىي قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلـ

ىدۇ. مەسىلەن:

كۆرۈپ + سەن – كۆرۈپسەن

بارماپ + سەن – بارماپسەن

كېلىپ + سىز – كېلىپسىز

ئالماپ + سىز – ئالماپسىز

تۇتۇپ + سىلەر – تۇتۇپسىلەر

بەرمەپ + سىلەر – بەرمەپسىلەر

سىلەر بىزنى ئىزدەپ كەپسىلەر، بىز بىلمەپتۇق.

你们来找我们，我们还不知道。

بۇ ئىشنى تېخى ئىشلىمەپسىز، چاپسانراق ئىشلـ

ىڭىز بولاتتى.

这件事你还没有做，快点儿做吧！

كىتابقا قاراپ باقسام، ئاساسىي جەھەتتىن

توغرا جاۋاب بېرىپسەن.

我看了看书，你基本上答得对。

第三人称： III شەخس

第三人称间陈式的过去时，表示说话人将自己耳闻目睹的、间接知道的以及后来被别人证实的情况叙述给对方。这种形式一般最常用。其构成如下：

在状态副动词词干后缀接 «تۇ» 词尾构成例如：

III شەخس ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايى سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزى ئاڭلىغان ياكى ۋاستىلىك خەۋەر ئالغان شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ ئىسپاتلىشىدىن ئۆتكەن

بىرەر ئەھۋالنى قارشى تەرەپكە بايان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ شەكىل ئادەتتە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئۇ رەۋىشداش ئۆزەكلىرىگە «تۇ» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

تەكشۈرۈپ + تۇ — تەكشۈرۈپتۇ.

ئوينىماپ + تۇ — ئوينىماپتۇ.

بىلىپ + تۇ — بىلىپتۇ.

كەلمەپ + تۇ — كەلمەپتۇ.

بىز بارساق ئۇلار كېتىپ قاپتۇ، شۇڭا كۆرۈشەلمەدۇق.

我们去时他们已经走了，所以没有见到。

دادامدىن خەت كەلدى، ئىنىم ھەربىي سەپكە كىرىپتۇ.

我父亲来信说我弟弟已经参军了。

ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى مەكتەپ ھەل قىلىپ بېرىپتۇ.

学校解决了他的许多困难。

（2）间陈式现在—将来时：

(2) ھازىرقى-كېلەر زامان ۋاستىلىك بايان رايى:

间陈式现在—将来时的构成，是在动词词干后，先缀接现在—将来时词尾«ى-/ي»再缀接«دىگەن»（由(دۇ+ئىكەن)构成）最后缀接动词普式人称词尾构成。例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن ھازىرقى-كېلەر زامان قوشۇمچىلىرى «ي / -ى» نى ئاندىن «دىكەن» باغلامچى (دۇ+ئىكەن) باغلامچى پېئىلىنى، ئاخىردا

...دىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.
...ستىلەن:

باشلا – + ي + دىكەن + مەن — باشلايدىكەنمەن

ياسا – + ي + دىكەن + سەن — ياسايدىكەنسەن

تونۇ – + ي + دىكەن + 0 — تونۇيدىكەن

قال – + ى + دىكەن + مىز — قالىدىكەنمىز

كۆر – + ى + دىكەن + سىلەر — كۆرىدىكەنسىلەر

بەر – + ى + دىكەن + 0 — بېرىدىكەن.

间陈式现在一将来时的否定形式，是在动词否定形式词干后缀接 يدىكەن 然后再缀接普式人称词尾构成。例如：

ھازىرقى – كېلەر زامانىنىڭ بولۇشسىز شەكلى. بولۇشسىز پېئىللارنىڭ ئارقىسىغا ئالدى بىلەن «يدىكەن» نى، ئاندىن ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارما + يدىكەن + مەن — بارمايدىكەنمەن

كەلمە + يدىكەن + سىلەر — كەلمەيدىكەنسىلەر

تۇرما + يدىكەن + 0 — تۇرمايدىكەن

ئۇلار ھەر كۈنى ئاخشىمى تېلېۋىزور كۆرىدىكەن.

他们每天晚上都看电视。

ئاڭلىشىمچە، ئەتە بىز زاۋۇتقا ئېكسكورسىيىگە بارىدىكەنمىز.

听说明天我们要去工厂参观。

چۈشتىن كېيىن مەكتەپ زالىدا لېكسىيە ئاڭلايدىكەن-

سىلەر

下午你们可能在大礼堂听讲座。

（3）间陈式现在时：

(3) ھازىرقى زامان ۋاستىلىك بايان رايى:

间陈式现在时的构成有两种形式：

a.在进行现在时动词词干后，缀接 ىدىكەن (ىدۇ + ئىكەن) 然后再缀接普式人称词尾构成。此种形式一般不采用第一人称。例如：

a. ھازىرقى زامان ۋاستىلىك بايان رايى ئىككى خىل يول بىلەن ياسىلىدۇ.

a. جەريان ھازىرقى زامان پېئىللىرىنىڭ ئۆزەكلىرىگە «ىدىكەن» (ىدۇ + ئىكەن)نى ئاندىن ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ شەكىل 1 شەخستە كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

ئىشلەۋات + ىدىكەن + سەن — ئىشلەۋاتىدىكەنسەن

ئوخلاۋات + ىدىكەن + سىلەر — ئوخلاۋاتىدىكەنسىلەر

يېزىۋات + ىدىكەن + 0 — يېزىۋاتىدىكەن

间陈式现在时的否定形式：

ھازىرقى زامان ۋاستىلىك بايان رايىنىڭ ئىنكار شەكلى:

在进行现在时否定动词词干后，先缀接«ىدىكەن» 然后缀接普式人称词尾构成。例如：

جەريان ھازىرقى زامان ئىنكار پېئىللىرىنىڭ ئۆزەك- لىرىگە ئاۋال «ىدىكەن»نى، ئاندىن ئاددىي شەخس قوشۇم-

...لارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالمايۋات + ىدىكەن + سىز — ئالمايۋاتىدىكەنسىز

سۆزلىمەيۋات + ىدىكەن + 0 — سۆزلىمەيۋاتىدىكەن.

b.在当时过去时动词后，缀接普式人称词尾 «مەن، مىز»، «سەن، سىز، سىلەر» /«تۇ» 构成。此种形式一般不用第一称，如果用了的话则表示将自己梦中的行为动作叙述给别人。如：

b. شۇ پەيت ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنىڭ ئۆزەكلى... يىگە ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرى «مەن، مىز»، «سەن، سىز، سىلەر» «تۇ» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ ...مل شەكىل ئادەتتە I شەخستە كۆرۈلمەيدۇ. ئەگەر كۆرۈلسە ...ۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز چۈشىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىۋاتقان... ...سقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن،

يېزىۋېتىپ + سەن — يېزىۋېتىپسەن

كېلىۋېتىپ + سىلەر — كېلىۋېتىپسىلەر

سۆزلەۋېتىپ + تۇ — سۆزلەۋېتىپتۇ

ياساۋېتىپ + تۇ + مەن — ياساۋېتىپتىمەن

ئوقۇۋېتىپ + تۇ + مىز — ئوقۇۋېتىپتىمىز

ئۆيگە كىرسەم، توكچى لامپا رېمونت قىلىۋاتىدىكەن.

我进屋一看，电工正在修理电灯。

بۇلتۇر ساۋۇتنى يوقلاپ بارغىنىمىزدا، ئۇ بالنىستا... ...يېتىپ داۋالىنىۋاتىدىكەن.

去年我们去看沙吾提时，他正在住院治疗。

ھە، سىلەر بۇ يەردە چاقچاق قىلىۋېتىپسىلەر.

噢，原来你们正在这里闹着玩呐！

تەتىلدە ئۆيگە بېرىپ كەلدىم، ھازىر دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى تېز ياخشىلىنىۋېتىپتۇ.

假期我回了一趟家，看到农民的生活正在迅速改善。

3模糊陈述式： 3) گۇمان بايان رايى:

表示说话人把自己听说的，已经发生、正在发生或即将发生的行为动作以不肯定的语气转述给对方。例如：

سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزى ئاڭلىغان، يۈز بېرىپ بولغان، يۈز بېرىۋاتقان ياكى يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئىش-ھەرىكەتنى مۇجمەل ئىنتوناتسىيىدە بايان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ناسىر ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلىنىپتۇدەك.

听说那斯尔被选作劳动模范。

ئەتە بىز يېزىغا بېرىپ ئەمگەك قىلغۇدەكمىز.

听说明天我们要去农村劳动。

ئالىمنىڭ ئېيتىشىچە، سىز بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرگۈدەكسىز، شۇنداقمۇ؟

听阿里木说，你今年就要毕业了，是吗？

ئاڭلىسام، كېرىم ھاجى رومان يازارمىش.

听说克里木阿吉要写一部长篇小说。

كەلكۈن شەھىرىمىزگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك، ياخشى تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەك.

据说，洪水正向我市袭来，我们必须作好准备。

（1）模糊式过去时：

(1) ئۆتكەن زامان گۇمان بايان رايى:

模糊式过去时的构成，是在状态副动词的肯定或否定形式后，缀接过去时词尾«تۇ»再缀接«دەك»然后再缀接普式人称词尾。例如：

ئۆتكەن زامان گۇمان بايان رايى ھالەت رەۋىشدىشىنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىللىرىگە ئالدى بىلەن «تۇ» نى، ئاندىن «دەك» نى، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

سۆزلەپ + تۇ + دەك + مەن — سۆزلەپتۇدەكمەن

كۆرۈپ + تۇ + دەك + سەن — كۆرۈپتۇدەكسەن

ئويناپ + تۇ + دەك + 0 — ئويناپتۇدەك

بارماپ + تۇ + دەك + مىز — بارماپتۇدەكمىز

كەلمەپ + تۇ + دەك + سىلەر — كەلمەپتۇدەكسىلەر

ئالماپ + تۇ + دەك + 0 — ئالماپتۇدەك

（2）模糊式现在一将来时：

(2) ھازىرقى - كېلەر زامان گۇمان بايان رايى:

模糊式现在一将来时的构成有两种形式：

a.在动词的肯定或否定形式词干后缀接«-گۇدەك / -كۇدەك / -غۇدەك / -قۇدەك» 词尾，其后再缀接普式人称词尾构成。

ھازىرقى - كېلەر زامان گۇمان بايان رايى ئىككى خىل يول بىلەن ياسىلىدۇ:

a. بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكىلدىكى پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن «غۇدەك/قۇدەك، گۇدەك/كۇدەك» قوشۇمچىلىرىنى، ئاندىن ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

باشلا + غۇدەك + مەن — باشلىغۇدەكمەن

قاتناش + قۇدەك + سەن — قاتناشقۇدەكسەن

كۆر + گۇدەك — كۆرگۇدەك

كەت + كۇدەك — كەتكۇدەك

بارما + غۇدەك + مىز — بارمىغۇدەكمىز

ئىشلىمە + گۇدەك + سىلەر — ئىشلىمىگۇدەكسىلەر

ئولتۇرما + غۇدەك — ئولتۇرمىغۇدەك

b.在现在—将来时形动词 -ئار/-ئەر 形式后，缀接系动词«ئىمىش» 再缀接普式人称词尾构成。例如：

b. «-ئار/-ئەر» بىلەن ئاخىرلاشقان ھازىرقى - كېلەر زامان سۈپەتداشلىرىغا ئالدى بىلەن باغلامچى پېئىل «ئىمىش»، نى ئاندىن ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن

يازار + ئىمىش + مەن — يازارئىمىشمەن

كۆرەر + ئىمىش + سەن — كۆرەرئىمىشسەن

ياسار + ئىمىش — ياسارئىمىش

سۆزلەر + ئىمىش + مىز — سۆزلەرئىمىشمىز

ئوينار + ئىمىش + سىلەر — ئوينارئىمىشسىلەر

بارار + ئىمىش — بارارئىمىش

（3）模糊式现在时：

(3) ھازىرقى زامان ئېنىقسىز بايان رايى:

模糊式现在时的构成，是在肯定或否定动词现在时词干后，缀接«قۇدەك» 再缀接普式人称词尾构成。例如：

بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىلدىكى ھازىرقى زامان پېئىل-لىرىنىڭ ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن «-قۇدەك»قوشۇمچى-سىنى، ئاندىن ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياساۋات + قۇدەك + مەن — ياساۋاتقۇدەكمەن

كۆرۈۋات + قۇدەك + سەن — كۆرۈۋاتقۇدەكسەن

ئويناۋات + قۇدەك + 0 — ئويناۋاتقۇدەك

قارىمايۋات + قۇدەك + مىز — قارىمايۋاتقۇدەكمىز

سۆزلىمەيۋات + قۇدەك + سىلەر — سۆزلىمەيۋاتقۇدەك-سىلەر

كەلمەيۋات + قۇدەك + 0 — كەلمەيۋاتقۇدەك

**注：**

模糊式现在时的第一、第二人称肯定和否定形式，只用于梦境中所见所闻的叙述，而在实际生活中一般不用，如果用了则表示讽刺的意味。

ئەسكەرتمە: ھازىرقى زامان، I، II شەخس بولۇشلۇق، بو-لۇشسىز شەكىللىرى پەقەت چۈشنى بايان قىلىشتىلا قوللىنىلىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا ئادەتتە قوللىنىلمايدۇ. ئەگەر قوللىنىلسا مەسخىرە مەنىسىنى بېرىدۇ.

**模糊陈述式的特殊用法：**

ئېنىقسىز بايان رايىنىڭ ئالاھىدە قوللىنىلىشى:

a.说话人根据某种事实或迹象判断可能会产生的行为动作，用模糊式表示。例如：

a. سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم پاكىت ياكى ئالامەتكە ئاساسەن مەلۇم ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىنلى-

كى ھەقىقەتەن قىلغان ھۆكۈمى ئېنىقسىز بايان رايى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ يىلقى ۋەزىپىمىز مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلانغۇدەك.

按现在的情况看，我们今年的任务会提前完成。

مۇشۇ سۈرئەت بويىچە ماڭىدىغان بولساق، بېيجىڭغا بەش كېچە-كۈندۈزمۇ يېتىپ بارالمىغۇدەكمىز.

如果按这个速度走，我们五天五夜都到不了北京。

سەن مۇشۇ بىر بولاق دورىنى يەپ بولساڭ، سەللىمازا ساقايغۇدەكسەن.

吃完这包药，你的病可能会完全好的。

b.嘲弄别人的所作所为荒唐不自量，而这种事情是不能实现的，可以用模糊式表示。例如：

b. باشقىلارنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىمەنە قىلىقىنى مەسخىرە قىلىشتا ئېنىقسىز بايان رايى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ قويسا، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغۇدەكمەن تېخى، بۇ ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشى.

他以为说上两句漂亮话，我就会跟他走呢，真是白日作梦。

سېنىڭچە، كۈچ سەرپ قىلمايمۇ ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىۋالغىلى بولغۇدەك-تە! قارا سېنىڭ گېپىڭنى.

在你看来，似乎不下功夫也能学好维语吧！看你说的。

ئۇ شۇنداق دەپ قويسىلا، بىز ئىشىنىپ كەتكۈدەكمىز.

他以为他这样一讲，似乎我们就相信了。

c.对梦境中情景的叙述，也用模糊式表示。例如：

c. كۆرگەن چۈشنى بايان قىلىشتىمۇ مۇشۇ شەكىل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

كېچە قىزىق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە سىز ئالىي مەكتەپكە كىرىپتۇدەكسىز، مېنى قوبۇل قىلماپتۇدەك، بۇنىڭدىن مەيۈسلىنىپ يىغلاۋاتقۇدەكمەن.

夜里我作了个梦，梦见你上了大学，我没有被录取。为此我灰心丧气，哭个不停……

4）或然陈述式：

4) مۆلچەر بايان رايى:

表示说话人以不完全确定的、揣测的、估计的语气陈述动作行为。通常带有疑问语调。

سۆزلىگۈچىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتنى ئېنىقسىز، مۆلچەر ئىنتوناتسىيىسىدە بايان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۆلچەر بايان رايىدىكى جۈملىلەر ئادەتتە سوراق ئىنتوناتسىيىسىدە ئېيتىلىدۇ.

（1）或然式过去时：

(1) ئۆتكەن زامان مۆلچەر بايان رايى:

或然式过去时的构成有两种：

a.由过去时形动词直接缀接普式人称词尾构成（第一人称缀接 «ـدىمەن ـدىمىز»）例如：

ئۆتكەن زامان مۆلچەر بايان رايى ئىككى خىل ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ:

a. ئۆتكەن زامان سۈپەتداشلىرىغا بىۋاسىتە ھال-

a. ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسى-لىدۇ (I شەخستە «دىمەن، دىمىز» قوشۇلىدۇ) مەسىلەن:

يازغان + دىمەن — يازغاندىمەن

يازغان + سەن — يازغانسەن

يازغان + دۇ — يازغاندۇ

b. 由过去时形动词结合«بولغاي»再结合系动词«ئىدى»的各人称变体形式复合而成。«بولغاي»中的«ئا»弱化为«ى»，«ئىدى»中的«ئى»脱落。例如：

b. ئۆتكەن زامان سۈپەتداشلىرىغا ئالدى بىلەن «بولغاي» نى، ئاندىن «ئىدى» باغلامچى پېئىلىنىڭ شەخس-لىك ۋارىيانت شەكىللىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. («بولغاي» دىكى «ئا» سوزۇق «ئى» غا ئاجىزلى-شىدۇ، «ئىدى»، دىكى، «ئى»، چۈشۈپ، قالىدۇ، مەسى-لەن:

بارغان + بولغاي + ئىدىم — بارغان بولغىيدىم

بارغان + بولغاي + ئىدىڭ — بارغان بولىدىڭ

بارغان + بولغاي + ئىدى — بارغان بولغىدى

مەن راستىن خاتالاشقاندىمەنمۇ؟

我真的错了吗？

سىلەر ئاخشام تېلېۋىزور كۆرگەنسىلەر؟

昨晚你们或许看了电视吧？

بۇ ئۆيلەر يېڭى سېلىنغاندۇ؟

这房子是新盖的吧？

بۇ سۆزلەرنى بىز ئۆگەنگەن بولغىيدۇق؟

这些词我们也许学过。

ئۇ ماقالىنى سىلەر كۆرگەن بولغىدىڭلار؟

那篇文章你们大概读过了吧！

بىز ئۆيگە يېتىپ بارغاندا، ئۇ قورساقنى راسا تويغۇزغان بولغىدى.

等我们赶回家时，说不定他早已吃饱了。

（2）或然式现在—将来时：

(2) هازىرقى - كېلەر زامان مۆلچەر بايان رايى:

或然式现在—将来时构成有三种：

a.由现在—将来时形动词直接缀接普式人称词尾构成（第一人称缀接 «-دىمەن/- دىمىز»）例如：

هازىرقى - كېلەر زامان مۆلچەر بايان رايى ئۈچ خىل ئۇسۇل بىلەن ياسىلىدۇ:

a. هازىرقى - كېلەر زامان سۈپەتداشلىرىغا ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرى بىۋاسىتە قوشۇلىدۇ. I شەخستە «دىمەن/دىمىز» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

كېلىدىغان + دىمىز — كېلىدىغاندىمىز

كېلىدىغان + سىلەر — كېلىدىغانسىلەر

كېلىدىغان + دۇ — كېلىدىغاندۇ

b.由 -ئار/-تەر 形式现在—将来时形动词缀接普式人称词尾构成。例如：

b. «-ئار/-ئەر» شەكىلدىكى هازىرقى - كېلەر زامان سۈپەتداشلىرىغا ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كېتەر + مەن — كېتەرمەن

كېتەر + سەن — كېتەرسەن

كېتەر — كېتەر

c.由动词条件式缀接静式人称词尾，再与特殊形容词-كېرەك «كېرەك» 组合构成。例如：

c. شەرت رايىدىكى پېئىللارغا تۇرغۇن شەخس لىك قوشۇمچىلارنىڭ، ئاندىن ئالاھىدە سۈپەت «كېرەك» نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالسا + م + كېرەك — ئالسام كېرەك

ئالسا + ڭ + كېرەك — ئالساڭ كېرەك

ئالسا + كېرەك — ئالسا كېرەك

شۇنچە ئالدىراش تۇرساق، ئەركىن نەدە يۈرىدىغاندۇ؟

我们都忙成这样，艾尔肯还会在哪儿闲逛呢？

ئۇ يولغا چىقتى. بەلكىم ئەتە يېتىپ كېلەر.

他已经启程，明天或许能到达。

ياسىن بۈگۈنكى يىغىنغا قاتناشسا كېرەك.

亚森也许参加今天的会议。

（3）或然式现在时：

(3) ھازىرقى زامان مۆلچەر بايان رايى:

或然式现在时的构成是由现在时形动词直接缀接普式人称词尾构成。（第一人称缀接«-دىمەن/-دىمىز»）例如：

ھازىرقى زامان مۆلچەر بايان رايى

ھازىرقى زامان سۈپەتداشلىرىغا ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى بىۋاسىتە قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. (I شەخ

ــسىتە «-دىمەن /-دىمەن» قوشۇلىدۇ مەسىلەن:

ئوقۇۋاتقان + دىمەن — ئوقۇۋاتقاندىمەن

ئوقۇۋاتقان + سەن — ئوقۇۋاتقانسەن

ئوقۇۋاتقان + دۇ — ئوقۇۋاتقاندۇ.

بۇ مەسىلىنى مەنمۇ ئويلاۋاتقاندىمەن.

这个问题我也在考虑吧?

ئازاتنى ئىزلەۋاتامسىز؟ ئۇ ياتاقتا كىتاب كۆرۈۋاتقاندۇ؟

你找阿扎提? 他可能正在宿舍里看书呢。

بۇ گەپ سىزگە بەك ئېغىر كېلىۋاتقاندۇ، خاپا بولمىسىڭىز.

这话是不是太刺激你了? 请别生气。

**2.祈使式** **2. بۇيرۇق رايى**

表示说话者以一种命令请求、愿望、劝告、号召等语气来表达的动词形式称作动词的祈使式。祈使式没有时间范畴，但有人称范畴。例如：

سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇقنى، ئۈمىدىنى، ئارزۇسىنى، نەسىھىتىنى، چاقىرىقنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار زامان كاتېگورىيىسىدە تۈرلەنمەيدۇ. ئەمما شەخس كاتېگورىيىسىدە تۈرلىنىدۇ مەسىلەن:

باشقىلار بارمىسا، مەن باراي.

别人都不去，那么我去吧!

پاراڭنى ئاز قىلىپ تېزرەك ئىشلەيلى:

少说话，快干活儿吧！

بۇ سوئالنى ماڭا يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ.

请你把这道题再给我讲一遍。

مۇئەللىم ئازاتنى چاقىرىۋاتىدۇ، چاپسانراق بارسۇن.

老师叫阿扎提呢，让他快一点去！

هېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن.

祝您节日愉快！

祈使式的构成：

بۇيرۇق رايىنىڭ ياسىلىشى:

祈使式根据人称和语气的不同，构成形式也不相同。

شەخس ۋە ئىنتوناتسىيىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، بۇيرۇق رايىنىڭ ياسىلىش شەكىللىرىمۇ پەرقلىنىدۇ.

第一人称 I شەخس

祈使式第一人称表示说话者主观的决定或提出的希望、建议等语气。其构成形式如下：

I شەخس بۇيرۇق رايى سۆزلىگۈچىنىڭ سۇبيېكتىپ قارارىنى ياكى ئۈمىدى، تەكلىپىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ياسىلىشى تۆۋەندىكىچە:

肯定形式： بولۇشلۇق شەكلى:

在元音结尾的动词词干后，单数缀接«ي»复数缀接 يلى 在辅音结尾的动词词干后，单数个别缀接 «ـئاي/ئەي» 复数个别缀接«ـئايلى /ـئەيلى» 等词尾构成。例如：

سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە بىرلىكتە «ـي»، كۆپلۈكتە «ـيلى» قوشۇلىدۇ. ئۈزۈك

تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە بىرلىكتە «-ئاي/ئەي» كۆپلۈكتە «-ئايلى/-ئەيلى» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

باشلا + ي — باشلاي = باشلا + يلى — باشلايلى

سال + ئاي — سالاي = سال + ئايلى — سالايلى

بەر + ئەي — بېرەي = بەر + ئەيلى — بېرەيلى.

否定形式：

بولۇشسىز شەكلى:

在否定动词词干后，单数缀接«-ي»复数缀接«-يلى»词尾构成。例如：

بولۇشسىز پېئىل ئۆزەكلىرىگە بىرلىكتە«-ي» نى، كۆپلۈكتە «يلى» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارما + ي - بارماي = بارما + يلى — بارمايلى

كەتمە + ي — كەتمەي = كەتمە + يلى — كەتمەيلى

ئوينىما + ي — ئوينىماي = ئوينىما + يلى — ئوينىمايلى

سۆزلىمە + ي — سۆزلىمەي = سۆزلىمە + يلى — سۆزلىمەيلى

بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەن پىكرىمنى دەپ باقاي.

关于这个问题，我谈谈我的意见。

بوپتۇ! سىلەر كېتىڭلار. قالغان ئىشنى ئۆزۈم تۈگىتىۋېتەي.

好了，你们走吧，剩下的事儿我来干。

يولداشلار، بۈگۈن كەچتە كىنو كۆرەيلى!

同志们，今晚咱们看电影吧！

قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى بىزگە زور ئىلھام

بەردى، ئۇلاردىن ئۈبدان ئۆگىنەيلى!

英雄的事迹给了我们巨大的鼓舞，让我们好好向他们学习。

第二人称：　　　　　　　　　　II شەخس

第二人称祈使式表示说话者的请求、命令、劝告等语气。其构成形式有如下几种：

II شەخس بۇيرۇق رايى سۆزلىگۈچىنىڭ تەلىپىنى، بۇيرۇقىنى، نەسىھىتىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ ياسىلىشى تۆۋەندىكىچە:

（1）在以元音结尾的动词词干后，单数缀接«ڭ»复数缀接«ڭلار»在以辅音结尾的动词词干后，单数分别缀接«ـىڭ/ـۇڭ/ـۈڭ»复数分别缀接«ـىڭلار/ـۇڭلار/ـۈڭلار»等词尾结构。表示客气或号召之语气。例如：

1. سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە بىرلىكتە «ـڭ» كۆپلۈكتە «ـڭلار» قوشۇلىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە، بىرلىكتە «ىڭ/ـۇڭ/ۈڭ» كۆپلۈكتە «ـىڭلار/ـۇڭلار/ـۈڭلار» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. بۇ شەكىل تەكەللۇپ ياكى چاقىرىق قىلىش ئىنتوناتسىيىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ + ڭ — ئوقۇڭ = ئوقۇ + ڭلار — ئوقۇڭلار

ياسا + ڭ — ياساڭ = ياسا + ڭلار — ياساڭلار

ئەسلە + ڭ — ئەسلەڭ = ئەسلە + ڭلار — ئەسلەڭلار

بار + ىڭ — بېرىڭ = بار + ىڭلار — بېرىڭلار

كەت + ىڭ — كېتىڭ = كەت + ىڭلار — كېتىڭلار

قور + ۇڭ — قورۇڭ = قور + ۇڭلار — قورۇڭلار

كۆر + ۈڭ — كۆرۈڭ = كۆر + ۈڭلار — كۆرۈڭلار

这种祈使式的单数形式后，可以缀接语气词«ئا»表示说话者商求的语气。例如：

بۇيرۇق رايىنىڭ بۇ شەكلىنىڭ بىرلىكىگە يەنە ئىملىق سۆز «ئا» قوشۇلسا، سۆزلىگۈچىنىڭ مەسلىھەت ئۆتۈنۈش ئىنتوناتسىيىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇڭ + ئا — ئوقۇڭا، ياساڭ + ئا — ياساڭا

ئەسلە + ئا — ئەسلەڭا، بېرىڭ + ئا — بېرىڭا

كېتىڭ + ئا — كېتىڭا، كۆرۈڭ + ئا — كۆرۈڭا

（2）在动词词干后，分别缀接«ـغىن/ـقىن ـگىن/كىن»词尾构成。表示说话者的加重请求之语气。例如：

2. پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ـغىن/ـقىن/ـگىن/كىن» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، سۆزلىگۈچىنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى ئىنتوناتسىيىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ياسا + غىن — ياساغىن، قاتناش + قىن — قاتناشقىن

ئىشلە + گىن — ئىشلىگىن، كەت + كىن — كەتكىن

这种形式后，可以缀接语气词«ئا/ئە»表示比较亲切的语气。例如：

بۇ شەكلىنىڭ ئارقىسىغا ئىملىق سۆز «ئا/ئە» قوشۇلسا، بىر قەدەر سىلىق ئىنتوناتسىيىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ياساغىن + ئا — ياساغىنا، قاتناشقىن + ئا — قاتناشقىنا

ئىشلىگەن + ئە — ئىشلىگەنە، كەتكەن + ئە — كەتكەنە

（3）在辅音结尾的动词词干后，缀接语气词«ئە»构成，表示讨厌、不耐烦的语气。例如：

3. ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئىملىق سۆز «ئە» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بىزار بولۇش، تاقەتسىزلىنىش ئىنتوناتسىيىسىنى بىلدۈرىدۇ.

بار + ئە — بارە، باشقۇر + ئە — باشقۇرە

ماڭ + ئە — ماڭا، كۆرسەت + ئە — كۆرسەتە

كەل + ئە — كېلە، تۇر + ئە — تۇرە

（4）动词词干本身都可以作第二人称祈使式。表示不客气、纯属命令的语气。例如：

4. بارلىق پېئىل ئۆزەكلىرى I شەخس بۇيرۇق رايىنى ئىپادىلەيدۇ. بىۋاستە بۇيرۇق ئىنتوناتسىيىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

چىق، ياۋ، ئىشلە، يۈگۈر

第二人称祈使式的否定形式，是在否定动词词干后，缀接祈使式各变体词尾构成。例如：

I شەخس بولۇشسىز بۇيرۇق رايى ئىنكار پېئىللىرىنىڭ ئارقىسىغا بۇيرۇق رايىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانت قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇما + ڭ — ئوقۇماڭ، ئوقۇما + ڭلار — ئوقۇماڭلار

كۆرمە + ڭ — كۆرمەڭ، كۆرمە + ڭلار — كۆرمەڭلار

بارماڭ + ئا — بارماڭا، كەلمەڭ + ئا — كەلمەڭا

ياسىماڭ + ئا — ياسىماڭا، سۆزلىمەڭ + ئا — سۆزلىمەڭا

قويما + غىن — قويمىغىن، كەتمە + گىن — كەتمىگىن

قويمىغىن + ئا — قويمىغىنا، كەتمىگىن + ئە — كەتـمىگىنە

سوغۇق سۇ ئىچمەڭلار!

别喝生水!

نېمانچە ئالدىرايسىز، ئولتۇرۇڭا، بىردەم پاراڭلىشايلى!

急什么呢? 坐下咱们聊一聊。

بۇ قوغۇننى ئاپاڭغا ئالغاچ كەتكىن.

把这个甜瓜带给你母亲。

كەلگىنە ئايگۈل، بايا ئېيتقان ناخشىنى بىزگە ئېيتىپ بەرگىنە!

来呀，阿依古丽。把您刚才唱的歌给我们唱一唱好吗!

ھەي يالقۇن كېلە! گېپىم بار.

喂，亚力坤你过来，我有话对你说。

ئورنۇڭدىن تۇر! مەكتەپكە تېز ماڭ!

起床! 快去学校!

第三人称: I شەخس:

第三人称祈使式表示说话者对第三者的希望、命令或要求。主要由肯定或否定动词词干，缀接 سۇن 词尾构成。例如:

I شەخس بۇيرۇق رايى سۆزلىگۈچىنىڭ 3 - تەرەپكە بولغان ئۈمىدىنى، بۇيرۇقىنى ياكى تەلىپىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ بولۇشلۇق، ياكى بولۇشسىز پېئىل ئۆزەكلىرىگە «سۇن» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ + سۇن — ئوقۇسۇن، ئوينا + سۇن — ئوينىسۇن

سۆزلە + سۇن — سۆزلىسۇن، سال + سۇن — سالسۇن

كەت + سۇن — كەتسۇن، ماڭ + سۇن — ماڭسۇن

بارما + سۇن — بارمىسۇن، كەلمە + سۇن — كەلمىسۇن

بۇ كىتابنى ئاكاڭغا ئاپىرىپ بەرگىن، ماقالە يېزىشتا پايدىلانسۇن.

把这本书带给你哥，让他写文章时作参考。

ئۇلارمۇ بىزنىڭ بەختىمىزدىن شادلانسۇن.

让他们也为我们的幸福感到高兴。

ئاۋال سەن بار، ئاندىن ئۇلار كەلسۇن.

你先去，然后再叫他们来。

بىز چاققانراق بارايلى، ئۇلار بىزنى ئۇزۇن ساقلاپ كەتمىسۇن.

我们赶快去吧！别让人家等得太久了。

يەنە بىر قاينىتايلى، ئاش خام قالمىسۇن.

再煮一煮吧！别把饭弄夹生了。

بۇ ئىشنى مەن بۇزۇپ قويدۇم، ئۇلار مەندىن رەنجىمىسۇن.

这事儿是我弄糟的，让他们别生气。

**3.愿望式** **3. ئارزۇ رايى**

表示说话者的愿望、祝愿等语气的动词形式称作动词的愿望式。例如：

سۆزلىگۈچىنىڭ ئارزۇسى، تىلىكى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان پېئىل رايى شەكلى پېئىللارنىڭ ئارزۇ رايى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئەمدى دەم ئېلىڭ ئالسىڭىزچۇ!

时间不早了，您请休息吧！

مەن ئۇنىڭ دىدارىنى بىر كۆرسەم ئىدىم، بەك خۇشال بولاتتىم!

我要是能见上她一面，该多高兴呀！

سەن بىر بارساڭ!

你去一下就好了。

بەختلىك بولغايسىز!

祝您幸福！

动词愿望式的构成及用法：

پېئىللارنىڭ ئارزۇ رايىنىڭ ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى:

1）由动词条件式缀接静式人称词尾构成，表示客气的语气。例如：

1. شەرت رايىدىكى پېئىللارغا نۇرغۇن شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. تەكەللۇپ ئىنتونات سىيەسىنى بىلدۈرىدۇ مەسىلەن:

بارسا + م — بارسام، بارمىسا + ق — بارمىساق

بارسا + ڭ — بارساڭ، بارمىسا + ڭلار — بارمىساڭلار

بارسا — بارسا، بارمىسا — بارمىسا

ئۇيقۇم بەك كەلدى، بەش مىنۇت رۇخسەت بەرسەڭ، مەن بىر ئۇخلىۋالاي.

我太瞌睡了，请你给我五分钟时间让我睡一 儿。

ئاشۇنداق ئەسكى يەرگە بىزنى ئەۋەتمىسەڭ.

那么糟糕的地方最好别让我们去。

这种形式其实就是条件式的形式。但在一定的语境中可表示

愿望式语气。其主要区别在于条件式只能在复句中出现，而愿望式可以用于单句中。例如：

بۇ شەكىل ئەمەلىيەتتە شەرت رايىنىڭ شەكلى بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم كونتېكىستتا ئارزۇ رايىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقى ئاساسەن شەرت رايىدىكى پېئىللارنىڭ كۆپىنچە قوشما جۈملىلەردە، ئارزۇ رايىدىكى پېئىللارنىڭ ئاددىي جۈملىلەردە كۆرۈلىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

سەن مەكتەپكە بارساڭ، مۇئەللىمگە دەپ قوي.

你如果去学校，请给老师说一声。

سەن مۇئەللىمگە بىر دېسەڭ:

你最好能给老师讲一下。

2）由动词条件式缀接静式人称词尾，再缀接语气词 چۇ 构成。表示、督促请求的语气。例如：

2. شەرت رايىدىكى پېئىللارنىڭ تۇرغۇن شەخسلىك شەكلىگە «چۇ» ئىملىقىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ھەيدەكچىلىك، تەلەپ قىلىش ئىنتوناتسىيىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كەلمىسەم + چۇ — كەلمىسەمچۇ، كەلسەك + چۇ — كەلسەكچۇ

كەلمىسەڭ + چۇ — كەلمىسەڭچۇ، كەلسەڭلار + چۇ — كەلسەڭلارچۇ

كەلمىسە + چۇ — كەلمىسىچۇ، كەلسە + چۇ — كەلسىچۇ

بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئەمدى تېزرەك ئۇخلىساقچۇ.

天太晚了，咱们快一点儿睡吧！

ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى. بىر ئاز يامغۇر ياغسىچۇ.

天气太热了，下点儿雨该多好。

ماشىنا بۇزۇلۇپ قالماي، ئۆيگە ساق - سالامەت يېتىۋالساقچۇ.

要是汽车不抛锚，我们能一路顺风回到家就好了。

3) 由动词条件式缀接静式人称词尾，再结合系动词«ئىدى»构成。表示一种强烈的愿望。例如：

3. شەرت رايىدىكى پېئىللارنىڭ تۈرغۇن شەخسلىك شەكىلىگە «ئىدى» باغلامچى پېئىلىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. كۈچلۈك ئارزۇنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بارسام ئىدى، بارساڭ ئىدى، بارسا ئىدى

بارساق ئىدى، بارساڭلار ئىدى، بارسا ئىدى.

بۈگۈن يامغۇر ياغمىسا ئىدى.

今天要是不下雨就好了。

مەن غۇپۇر بىلەن كۆرۈشسەم ئىدى.

我多么想和吾甫尔见上一面。

ھۇمابىڭىزگە قاتناشساڭلار ئىدى.

你们要是能参加比赛就好了。

注：

这种形式中的系动词«ئىدى»可以不变、也可以用各种人称变体形式，但要同条件式的人称保持一致。

ئەسكەرتىش: بۇ شەكىل ئىچىدە كەلگەن «ئىدى» ئادەتتە تۈرلەنمەيدۇ، ھەر خىل شەخس ۋارىيانت قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشمۇ بولىدۇ. لېكىن شەرت رايىدىكى پېئىللارنىڭ

شەخسنىڭ شەكلى بىلەن بەردەكلەمكىنى ساقلىشى كېرەك.

4）由动词词干缀接«غاي/-قاي، -گەي/-كەي»再缀接普式人称词尾构成。表示亲切或庄重的语气。例如：

4. پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن «-غاي/-قاي، -گەي/كەي» نى ئاندىن تۇرغۇن شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. يېقىملىق ياكى تەمكىنلىك ئىنتوناتسىيىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بولغاي + مەن — بولغايمەن، بولغاي + مىز بولغايمىز

بولغاي + سەن — بولغايسەن، بولغاي + سىلەر — بولغايسىلەر

بولغاي — بولغاي، بولغاي — بولغاي

سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولغاي.

祝你长寿。

ھۆلى بىزدىن يۇقىرى پەللىسى سىلەردىن بولغاي.

愿你们在我们的基础上更上一层楼。

بالام، تاپقان پۇلۇڭلار بەرىكەتلىك بولغاي.

孩子，愿你们财源茂盛，永不枯竭。

4.条件式

4. شەرت رايى

表示说话者对行为动作的假设或提出的条件等语气的动词形式称作动词的条件式。例如：

سۆزلىگۈچىنىڭ ئىش - ھەرىكەتكە بولغان پەرىزى ياكى شەرتىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلى پېئىللارنىڭ شەرت رايى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

يەر چوڭقۇر ھەيدەلسە، ياخشى سۇغۇرۇلسا، ئوغۇت

كۆپ تۆكۈلسە، ھوسۇل ياخشى بولىدۇ.

只要地耕得深，灌溉得好，肥料上得足，就能丰收。

بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سوغۇق، قېلىنراق كىيمىسەڭ توڭلاپ قالىسەن.

这里天气冷，不穿厚一点你会受冻的。

ئەگەر ھازىر يولغا چىقسام، چۈشتىن كېيىن چوقۇم يېتىپ بارالايمەن.

如果我现在就走，下午一定能赶到，

بۈگۈن يامغۇر ياغمىسا، بىز ئەمگەككە قاتنىشىمىز.

如果今天不下雨，我们就去劳动。

动词条件式的构成：

پېئىللارنىڭ شەرت رايىنىڭ ياسىلىشى:

肯定形式：

بولۇشلۇق شەكلى:

在动词词干后分别缀接 «ـسا — ـسە» 再缀接静式人称词尾构成。例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ـسا - سە» نى، ئاندىن تۇرغۇن شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئال + سا + م — ئالسام، ئال + سا + ق — ئالساق

ئال + سا + ڭ — ئالساڭ، ئال + سا + ڭلار — ئالساڭلار

ئال + سا — ئالسا، ئال + سا — ئالسا

بەر + سە + م — بەرسەم، بەر + سە + ك — بەرسەك

بەر + سە + ڭ — بەرسەڭ، بەر + سە + ڭلار — بەرسەڭلار

بەر + سە — بەرسە، بەر + سە — بەرسە

否定形式： بولۇشسىز شەكلى:

在否定动词词干后分别缀接 «-سا -سە» 再缀静式人称词尾构成。例如：

بولۇشسىز شەكلىدىكى پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-سا -سە» نى، ئاندىن تۇرغۇن شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇما + سا + م — ئوقۇمىسام، كۆرمە + سە + ك — كۆرمىسەك

ئوقۇما + سا + ڭ — ئوقۇمىساڭ، كۆرمە + سە + ڭلار — كۆرمىسەڭلار

ئوقۇما + سا — ئوقۇمىسا، كۆرمە + سە — كۆرمىسە

动词条件式本身没有时的变化，其时的变化、通过形动词的三个时态形式，结合 «بول» 的条件式形式来表示。例如：

شەرت رايىدىكى پېئىللار زامان كاتېگورىيىسىگە ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ زامان شەكلى ئادەتتە ئۈچ زاماندىكى سۈپەتداش شەكىللىرى بىلەن «بول» نىڭ شەرت رايى شەكلىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغان بولسام، ئىشلىگەن بولساڭ، يازغان بولسا

ئوقۇمىغان بولساق، ئىشلىمىگەن بولساڭلار، يازمىغان بولسا

ئوقۇمايدىغان بولسام، ئىشلىمەيدىغان بولساڭ، يازمايدىغان بولسا

ئوقۇيدىغان بولساق، ئىشلەيدىغان بولساڭلار، يازىدىغان بولسا

ئوقۇۋاتقان بولسام، ئىشلەۋاتقان بولساڭ، يېزىۋاتقان بولسا

ئوقۇۋاتقان بولساق، ئىشلەۋاتقان بولساڭلار، يېزىۋاتقان بولسا

ئەگەر بىز ياخشى ئۆگەنمىگەن بولساق، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمىگەن بولاتتۇق.

如果学得不好，这次考试我们很可能也不会考好。

بالدۇرراق دېگەن بولسىڭىز، ئورۇندىن تۇرمايدىكەنمەن.

假如你早点儿说，我就不起来了。

条件式的特殊用法

شەرت رايىنىڭ ئالاھىدە قوللىنىلىشى

（1）动词条件式结合»بولۇپتىكەن«表示愿望。例如：

1. شەرت رايىدىكى پېئىللارغا «بولۇپتىكەن» قوشۇلسا، ئارزۇ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سەن بۇنى ئورۇندىساڭ بولۇپتىكەن.

这事由你去完成就好了。

ئەركىن بۈگۈن كەلسە بولۇپتىكەن.

要是艾尔肯今天来该多好。

（2）动词条件式结合系动词»ئىدى، ئىكەن«其条件意义就更加明确，而且有渴望的语气。例如：

2. شەرت رايىدىكى پېئىللارغا «ئىدى، ئىكەن» باغلامچى پېئىللىرى قوشۇلسا، شەرت، ئارزۇ مەنىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. مەسىلەن:

سەل بۇرۇن كەلگەن بولساڭ ئىدىڭ، ماشى

ـنىغا ئۈلگۈرەلەيتتىڭ.

假如你早来一会儿，就能赶上车了。

ئۇلار بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلسە ئىدى، بىزبىر بىنادا قوشنا ئولتۇراتتۇق.

如果他们调到这里来，我们就要同住一幢楼房啦。

بۈگۈن يالقۇننىڭ ئۆيىگە بارغان بولسام ئىدىم، قەشقەردىن كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشەلەيتتىم.

今天我要是去了亚力坤家，就能和喀什来的人见上面了。

（3）动词条件式与祈使式相结合则不表示条件，而表示无可奈何或随便的语气。例如：

3. شەرت رايىدىكى پېئىللار بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار بىلەن بىللە كەلگەندە، شەرت مەنىسىنى ئەمەس، بەلكى ئامالسىزلىقنى ياكى ئىختىيارىيلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 去就去。 | بارسام باراي. |
| 住就住吧。 | تۇرساق تۇرايلى. |
| 拿就拿吧。 | ئالساڭ ئال. |
| 愿意留就留。 | قالساڭلار قېلىڭلار. |
| 愿意回去就回去。 | كەتسە كەتسۇن. |

（4）有时动词条件式不表示条件，而表示动作发生、进行的时间。例如：

4. بەزى ھاللاردا شەرت رايىدىكى پېئىللار شەرتنى بىلدۈرمەستىن، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن كىنو كۆرۈۋاتسام، مۇئەللىم مىنى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى.

我正看电影，老师把我叫出去了。

ئۇ كەلسە، سىلەر ئەمگەك قىلىۋاتقانىكەنسىلەر.

他来时，你们正在劳动。

## 第五节　静词性动词

## 5 - پاراگراف تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك پېئىللار

静词性动词是动词中带有过渡性特点的特殊部分。它们部分地保留了动词的基本语义和语法特征，又具有静词的某些语法意义和语法形式。这一类动词统称为静词性动词。

تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك پېئىللار پېئىللار ئىچىدىكى ئۆتكۈنچى ئالاھىدىلىككە ئىگە ئالاھىدە قىسىم بولۇپ، پېئىللارنىڭ ئاساسلىق سېمانتىكىلىق مەنىسى ۋە گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاش بىلەن بىللە، تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بەزى گرامماتىكىلىق مەنىلىرى ۋە گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ھازىرلىغان. بۇ خىل پېئىللار ئادەتتە تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.

**静词性动词的语法特征：**

تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك پېئىللارنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى:

1.具有动词的时态、语态、肯定与否定等形式，并保留了动词支配名词格的功能。

1. پېئىللارنىڭ، زامان دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن، بولۇشلۇق، بولۇشسىزلىق قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. شۇنىڭدەك كېلىشلىك ئىسىملارنى باشقۇرۇپ كېلىدۇ.

2.具有静词的格、数、领属性人称的形态变化。

2. تۇرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش كېلىش، سان، شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ.

3.在句中可以充当各种句子成分。

3. جۈملىنىڭ ھەرقانداق بۆلىكى بولالايدۇ.

维语中的静词性动词按其语法特点和功能可分为名动词和形动词两大类。

گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىككە ۋە رولىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك پېئىللارنى ھەرىكەتنامە ۋە سۈپەتداش دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 一、名动词

1. ھەرىكەتنامە

名动词是具有名词语法特点和功能的动词形式。例如：

ئىسىملارنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە رولىغا ئىگە پېئىل شەكلى ھەرىكەتنامە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ساۋۇتنىڭ مەكتەپكە كەلگەنلىكىنى مەن كۆردۈم.

我看到沙吾提到学校来了。

ۋەتەننى قوغداش ھەر بىر جۇڭگو گراژدانىنىڭ

ۋەزىپىسى.
保卫祖国是每一个中国公民的神圣义务。

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار.

有借有还。

**1.名动词的语法特征：**

1. ھەرىكەتنامىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1）动词特点：有语态和时态、肯定和否定等形态变化，并支配带格的名词。例如：

1. پېئىللىق خۇسۇسىيىتى: دەرىجە، زامان قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ؛ بولۇشلۇق، بولۇشسىزلىق شەكىللىرىگە ئىگە، كېلىشلىك ئىسىملارنى باشقۇرۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

时态变化：ئوقۇيدىغان، ئوقۇۋاتقان، ئوقۇغان،
语态变化：يېزىش، يازدۇرۇش، يېزىلىش، يېزىشىش

肯定与否定形式：

كەلگەنلىك — كەلمىگەنلىك

بېرىش — بارماسلىق

ئوقۇيدىغان — ئوقۇمايدىغان

支配名词的格：

ئۇنى كۆرگەنلىك، مەكتەپكە بارىدىغان

ئۆيدىن كېلىۋاتقان، ياغاچتەك تۇرۇۋاتقانلىق

2）名词特点：表示行为动作的名称，具有名词的领属性人称、数和格的形态变化。名动词接受定语性或状语性的限制或修饰成分。在句中可以充当句子的任何成分。如：

2. ئىسىملىق خۇسۇسىيىتى؛ ئىش، ھەرىكەتنىڭ نامى

نى بىلدۈرىدۇ؛ ئىسىملارنىڭ شەخس، سان، كېلىش قوشۇم-
چىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ؛ ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت
خاراكتېرلىك چەكلىگۈچى، ئېنىقلىغۇچى، تەركىبىنىڭ ئارقى-
سىدا كېلەلەيدۇ؛ جۈملىنىڭ ھەرقانداق بۆلىكى بولالايدۇ.
مەسىلەن:

تەكشۈرۈش — تەتقىق قىلىش — ئەھۋال ئىگىلەشنىڭ
ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر. (ئىگە)

调查研究是了解情况的最有效的方法之一。

ئۇلار خۇش خەت يېزىشنى ياخشى كۆرىدۇ. (تولدۇرغۇچى)

他们喜欢写美术字。

ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلى-
نىشتۇر. (ئېنىقلىغۇچى)

学习的敌人是自己的满足。

ساۋاقداشلار ماڭا ياردەم بەرگەنلىكتىن بۇ قېتىمقى
ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتىم. (ھالەت)

由于同学们的帮助，在这次考试中我取得了好成绩。

**2.名动词的分类与构成**

**2. ھەرىكەتنامىنىڭ تۈرلىرى ۋە ياسىلىشى**

名动词分为构形名动词，不定名动词与时态名动词三种。它们所表示的意义、构成方式和用法如下：

ھەرىكەتنامە — تۈرلەنمە ھەرىكەتنامە، ئېنىقسىز ھە-
رىكەتنامە ۋە زامان ھەرىكەتنامە دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.
ئۇلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى تۆ-
ۋەندىكىچە:

1）构形名动词

1. تۆرلەنمە ھەرىكەتنامە

（1）构形名动词的构成：

1) تۆرلەنمە ھەرىكەتنامىنىڭ ياسىلىشى:

在动词词干后、缀接词尾 «مەك/ماق» 构成。例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ـ ماق/ـ مەك» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاڭلا + ماق — ئاڭلىماق

ئىشلە + مەك — ئىشلىمەك

ياز + ماق — يازماق

كۆر + مەك — كۆرمەك

（2）构形名动词的意义和用法：

2) تۆرلەنمە ھەرىكەتنامىنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى:

构形名动词一般不常用，只做为构形变化选用的词干。在句中的作用与名词相同，例如：

بۇ خىل ھەرىكەتنامىلەرى ئادەتتە كۆپ قوللىنىلمايدۇ. پەقەت تۆرلەنگۈچى قوشۇمچىلار قوشۇلىدىغان ئۆزەك سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. جۈملىدە ئىسىملارغا ئوخشاشلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

تاغقا چىقماق ئاسان، چۈشمەك تەس.

上山容易，下山难。

كۆرمەككە بار، ئالماققا يوق.

有看的，没有买的。

بارماقنىڭ كەلمىكى بار.

有来有往。

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار.

有借有还。

2）不定名动词：

2. ئىنىقسىز ھەرىكەتنامە

（1）不定名动词的构成：

1) ئىنىقسىز ھەرىكەتنامىنىڭ ياسىلىشى:

肯定形式： بولۇشلۇق شەكلى:

不定名动词是在动词词干后缀接 «- ش/- ئۇش/- ئىش/- ئۈش» 等词缀构成。（单音节的开音节动词要在词干上缀接 «ي» 后，再缀接 ئۈش/ئىش 构成。）例如：

ئىنىقسىز ھەرىكەتنامىلىرى پېئىل ئۆزەكلىرىگە «- ش - ش، - ۇش/- ۈش» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. (سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان تاق بوغۇملۇق پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن «ي» قوشۇلۇپ، ئاندىن «- ئىش/ۈش» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ) مەسىلەن:

ئويلا + ش — ئويلاش

ئىشلە + ش — ئىشلەش

ئال + ئىش — ئېلىش

كەل + ئىش — كېلىش

تۇت + ئۇش — تۇتۇش

ئۆت + ئۈش — ئۆتۈش

يە + ي + ش — يېيىش

يۇ + ي + ئۇش — يۇيۇش

否定形式：　　　　　　　　بولۇشسىز شەكلى:

在否定动词词干后，缀接«سىلىق/سىلىك»词缀构成。例如：

بولۇشسىز پېئىل ئۆزەكلىرىگە «سىلىق/سىلىك» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوينىما + سىلىق — ئوينىماسلىق

ئىشلىمە + سىلىك — ئىشلىمەسلىك

كۆرمە + سىلىك — كۆرمەسلىك

（2）不定名动词的意义和用法

2) ئېنىقسىز ھەرىكەت ناملىرىنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

不定名动词没有明显的时态表现，用来专指行为动作本身，在句中的作用与名词相同，可以作各种句子成分。例如：

ئېنىقسىز ھەرىكەت نامى ئېنىق ۋاقىتنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇ ھەرىكەتنىڭ ئۆزىنىلا كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت ناملىرىنىڭ جۈملىدىكى رولى ئىسىملار بىلەن ئوخشىشىدۇ. ئادەتتە جۈملىنىڭ ھەرقانداق بۆلىكى بولالايدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ ۋەزىپىمىز — ئوقۇش.

我们的任务是学习。

بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ پايدىسى كۆپ.

锻炼身体好处多。

ئەلى ئىنگلىزچە ئوقۇش ۋە يېزىشتا بىرقەدەر ياخشى.

艾力学英语在读写方面比较好。

بالىلار ئويناشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ.

孩子们很喜欢玩。

3）时态名动词

3. زامان ھەرىكەتنامى

（1）时态名动词的构成：

1) زامان ھەرىكەتنامىنىڭ ياسىلىشى:

在各时态形动词肯定或否定形式后，缀接«-لىق/لىك-»词缀构成。

بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز سۈپەتداشلارنىڭ ئارقىسىغا «-لىق/-لىك» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

بارغان + لىق — بارغانلىق

كەلگەن + لىك — كەلگەنلىك

تۇتقان + لىق — تۇتقانلىق

ئۆسكەن + لىك — ئۆسكەنلىك

يازىدىغان + لىق — يازىدىغانلىق

ئوقۇيدىغان + لىق — ئوقۇيدىغانلىق

قورۇۋاتقان + لىق — قورۇۋاتقانلىق

كېلىۋاتقان + لىق — كېلىۋاتقانلىق

ئوقۇمايدىغان + لىق — ئوقۇمايدىغانلىق

كەلمەيۋاتقان + لىق — كەلمەيۋاتقانلىق

بارمىغان + لىق — بارمىغانلىق

كۆرمىگەن + لىك — كۆرمىگەنلىك

（2）时态名动词的意义与用法

2) زامان ھەرىكەتناملىرىنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىشى

时态名动词尽管其行为动作表现已经完成，或即将出现。或正

在进行的时态，但其已名物化，在句中完全起名词的作用。例如：

زامان ھەرىكەتنامىلىرى ئىش-ھەرىكەتنىڭ تاماملان-
غانلىقىنى ياكى پات ئارىدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى
ياكى ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرسىمۇ، ئىسىملاشقان-
لىقتىن، جۈملىدە تامامەن ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.
مەسىلەن:

سىلەرنىڭ ياردەم بەرگەنلىكىڭلارغا كۆپ رەھمەت.

多谢你们的支援。

ئۇلارنىڭ ئەتە ماڭىدىغان-ماڭمايدىغانلىقى ئې-
نىق ئەمەس.

他们明天是否要去，不清楚。

بىز ئۇلارنىڭ مەجلىس ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

我们看到他们正在开会。

داۋۇتنىڭ دېگىنى توغرا.

达吾提说的对。

## 二、形动词

## 2. سۈپەتداش

形动词是动词兼具形容词语法特征和语法功能的一种形式。

سۈپەتلەرنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە رول-
غىمۇ ئىگە پېئىل شەكلى سۈپەتداش دېيىلىدۇ.

### 1.形动词的语法特征

### 1. سۈپەتداشنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1）形动词具有动词的语态、时态肯定与否定等语法形式。如：

1. سۈپەتداشلار پېئىللارنىڭ دەرىجە، زامان كاتېگورىيىسى گراماتىكىلىق شەكىللىرىگە ئىگە. مەسىلەن:

（1）语态变化：

1) دەرىجە بىلەن تۈرلىنىشى:

كۆرگەن، كۆرۈلگەن، كۆرۈشكەن، كۆرۈلگەن

كۆرسەتكەن

（2）时态变化：

2) زامان بىلەن تۈرلىنىشى:

| | |
|---|---|
| ئوقۇيدىغان | كېلىدىغان |
| ئوقۇۋاتقان | كېلىۋاتقان |
| ئوقۇغان | كەلگەن |

（3）肯定—否定形式：

3) بولۇشلۇق - بولۇشسىز شەكلى:

يازىدىغان — يازمايدىغان

كەلگەن — كەلمىگەن

كۆرۈۋاتقان — كۆرمەيۋاتقان

2）形动词能做名词的限定语，当它具有名物化意义时则具有名词的数，领属性人称和格的变化。在句子里一般作定语，也可以作主语谓语和宾语。例如：

2. سۈپەتداشلار ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ، ئىسىملىشىپ ئىسىملارنىڭ سان، شەخس، كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. جۈملىدە ئادەتتە ئېنىقلىغۇچى، بولىدۇ، بەزىدە ئىگە، خەۋەر ۋە تولدۇرغۇچىمۇ بولالايدۇ. مەسىلەن:

بۇ كىتابنى ئالىدىغانلار بارمۇ؟ (ئىگە)

有要这本书的吗？

ھازىر يازغىنىڭنى ماڭا كۆرسىتە. (تولدۇرغۇچى)

把你刚才写的东西，让我看看。

ئۇلار سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار. (خەۋەر)

他们是经商的。

چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرنى مۇئەللىمدىن ئۆز ۋاقتىدا سوراڭلار. (ئېنىقلىغۇچى)

不明白的问题要及时问老师。

بۈگۈن يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ ھەممىسى بىر قېتىم چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدى. (ئېنىقلىغۇچى)

今天参加大会的所有同志都受到了一次深刻的教育。

ئۇ ئۇيغۇرچىنى ئوقۇيالايدىغان ھەم يازالايدىغان بولۇپ قالدى. (خەۋەر)

他现在能读，能写维文了。

مەيداندا توپ ئويناۋاتقان يولداشلارنى چاقىرىپ قويۇڭ، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش چىقىپ قالدى. (ئېنىقلىغۇچى)

请你叫一下在操场打球的同志，有要事和他们商量。

**2.形动词的构成：**

**2. سۈپەتداشنىڭ ياسىلىشى**

根据动词时态的变化其构成方法可分三种：

پېئىل زامانلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۈ-

نىلىق ياسىلىش ئۇسۇلىنى ئۈچ خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1）过去时形动词的构成：

1. ئۆتكەن زامان سۈپەتداشنىڭ ياسىلىشى

在动词词干后分别缀接«-كەن/ -قان/ -گەن/- غان»词尾构成。例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-غان/- قان/- گەن/- كەن» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بار + غان — بارغان (ئادەم)

كۆر + گەن — كۆرگەن (كىنو)

يات + قان — ياتقان (كىشى)

كەت + كەن — كەتكەن (ماشىنا)

过去时形动词的否定形式：

ئۆتكەن زامان سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى

在否定动词后分别缀接 «-گەن/- غان» 词尾构成。例如：

بولۇشسىز پېئىللارغا «- غان/- گەن» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئېچىلما + غان — ئېچىلمىغان (گۈل)

كىيمە + گەن — كىيمىگەن (چاپان)

ماڭما + غان — ماڭمىغان (يول)

چۈشەنمە + گەن — چۈشەنمىگەن (مەسىلە)

2）现在时形动词的构成：

2. ھازىرقى زامان سۈپداشلارنىڭ ياسىلىشى

在动词词干后，分别缀接«ۋاتقان/ۋاتقان/ئۇۋاتقان/ئۇۋاتقان»词尾构成。例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «- ۋاتقان/ۋاتقان/ئۇۋاتقان/ئۈۋاتقان» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ + ۋاتقان — ئوقۇۋاتقان (كىتاب)

ئىشلە + ۋاتقان — ئىشلەۋاتقان (خىزمەت)

ياز + ىۋاتقان — يېزىۋاتقان (ماقالە)

كەل + ىۋاتقان — كېلىۋاتقان (مېھمان)

قويۇل + ئۇۋاتقان — قويۇلۇۋاتقان (تىياتىر)

ئۇچ + ئۇۋاتقان — ئۇچۇۋاتقان (ئايروپىلان)

كۆر + ئۈۋاتقان — كۆرۈۋاتقان (ماتېرىيال)

يۆگۈ + ئۈۋاتقان — يۆگۈرۈۋاتقان (بالا)

现在时形动词的否定形式：

ھازىرقى زامان سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى:

在否定动词后，缀接 «-يۋاتقان» 构成。例如：

بولۇشسىز پېئىللارغا «- يۋاتقان» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاڭلىما + يۋاتقان — ئاڭلىمايۋاتقان (تاۋۇش)

تۇرما + يۋاتقان — تۇرمايۋاتقان (بالا)

ئوقۇما + يۋاتقان — ئوقۇمايۋاتقان (ئادەم)

كەلمە + يۋاتقان — كەلمەيۋاتقان (ئوقۇغۇچىلار)

3）现在一将来时形动词的构成有两种：

1）在动词词干后分别缀接«دىغان/يدىغان»构成。例如：

3. ھازىرقى - كېلەر زامان سۈپەتداش ئىككى خىل يول بىلەن ياسىلىدۇ:

1) پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-يدىغان/-ىدىغان» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئويلا + يدىغان — ئويلايدىغان (مەسىلە)

ئوقۇ + يدىغان — ئوقۇيدىغان (كىتاب)

بار + ىدىغان — بارىدىغان (جاي)

يات + ىدىغان — ياتىدىغان (ئۆي)

بولۇشسىز شەكلى:

否定形式：

在否定动词后缀接«يدىغان»构成。例如：

بولۇشسىز پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا «يدىغان» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارما + يدىغان — بارمايدىغان (قىز)

قىلما + يدىغان — قىلمايدىغان (ئىش)

كۆرمە + يدىغان — كۆرمەيدىغان (كۆز)

بىلمە + يدىغان — بىلمەيدىغان (ئىسىم)

2）在动词词干后，分别缀接«ئار/ئەر/ر»构成。

2) پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ئار/ئەر/ر» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلە + ر — ئىشلەر (ئىش)

ئوينا + ر — ئوينار (ئويۇن)

ئاق + ئار — ئاقار (يولتۇز)

بار + ئار — بارار (جاي)

كۆر + ئەر — كۆزەر (كۆز)

ئۆت + ئەر — ئۆتەر (يول)

否定形式：　　　　　　　　　　بولۇشسىز شەكلى:

在动词词干后，分别缀接 ماس-/مەس- 构成。例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ماس/-مەس» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆل + مەس — ئۆلمەس (ئەسەر)

ئونتۇل + ماس — ئونتۇلماس (كۈنلەر)

يېڭىل + مەس — يېڭىلمەس (ئارمىيە)

كۆرۈن + مەس — كۆرۈنمەس (فرونت)

داتباس + ماس — داتباسماس (پولات)

ساقاي + ماس — ساقايماس (كېسەل)

3.形动词的意义和用法

3. سۈپەتداشنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

1）任何形动词均可起形容词的作用，在句中的主要功能是作定语。例如：

1. سۈپەتداشلارنىڭ ھەممىسىلا سۈپەتنىڭ رولىنى ئۆتەپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

بېيجىڭغا بارغان ئوقۇغۇچىلار قايتىپ كەلدى.

去北京的学生回来了。

سەن ئوقۇغان كىتابىڭنى ماڭا بېرىپ تۇراسەنمۇ؟

你看过的书可以借给我看吗？

بۇ شىنجاڭدا ئىشلەنگەن گىلەم.

这是新疆织的地毯。

ئۇ بېيجىڭغا بارىدىغان پويىز، كۆردىڭىزمۇ؟

那是去北京的火车，看到了吗？

يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان كىشى سەمەت ئەمەس، تۇرسۇن.

正在跑来的人不是赛买提，而是吐尔逊。

2）形动词在句中可以充当中心词起名词的作用，表示人或事物，并具有数、人称、格的变化

2. سۈپەتداشلار جۈملىدە ئىسىم ورنىدا كېلىپ، باشقا سۆزلەر تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ ئادەم ياكى شەيئىنى بىلدۈرىدۇ، سان، شەخس، كېلىش بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز چەكلىك، سىلەردىن ئۆگىنىمىز.

我们懂的有限，要向你们学习。

ئەنۋەرنىڭ دېگىنى توغرا.

艾尼瓦尔说得对。

كېتىدىغانلار يېقىندا ماڭىدۇ، قالىدىغانلار خاتىرجەم ئۆگىنىۋېرىڭلار.

要走的人最近就要走了，留下的人继续安心学习。

بېيجىڭغا بېرىپ كەپسىز، كۆرگەنلىرىڭىزنى بىزگە سۆزلەپ بېرىڭا!

你到北京去了一趟，给我们谈一谈你的见闻吧！

ئۆگەنگەننىڭ پايدىسى كۆپ.

学习的好处很多。

ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە بىر يىل بولدى.

他到这儿来，已经一年了。

مەن كەلگەندە ئىشخانىدا ھېچكىم يوق ئىكەن.

我来的时候，办公室没有一个人。

مېنىڭ <u>بىلمەيدىغىنىم</u> بىلىدىغىنىمدىن كۆپ.

我不知道的比知道的多。

3）在形动词过去时词干后，结合变态系动词《بول》表示对完成的行为动作做一般的陈述。例如：

3. ئۆتكەن زامان سۈپەتداشلىرى ئارقىسىغا ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىل «بول» نى قوشۇش ئارقىلىق تاماملانغان ئىش - ھەرىكەت توغرىسىدىكى ئادەتتىكى بايان ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئالىم ئۆگىنىش ھەققىدە قىممەتلىك پىكىرنى <u>بەرگەن بولدى.</u>

关于学习问题阿里木提出了宝贵的意见。

ئۇلار بۇ قېتىمقى يىغىنغا <u>قاتناشقان بولدى.</u>

他们也参加了这次大会。

4）在形动词后结合《بولسا》表示假定语气。例如：

4. سۈپەتداشلارنىڭ ئاخىرىغا «بولسا» نى قوشۇش ئارقىلىق پەرەز مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ:

ساۋاقداشلار تولۇق <u>يىغىلغان بولسا،</u> يىغىنىمىزنى ئاچايلى.

要是同学们都来齐了，我们就开会吧。

ئۇلار بۈگۈن يولغا <u>چىقىدىغان بولسا،</u> ئەتىلا بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلەيدۇ.

如果他们今天上路，明天就能赶到这里。

ئاپىڭىز ئۆيدە <u>ئۇخلاۋاتقان بولسا،</u> كىرمەيلا قويايلى.

要是你母亲正在家里睡觉，我们就不进去了。

5）在现在—将来时形动词的肯定或否定形式后，结合变态系动词 «بول» 表示做出某种决定或具有某种能力。

5. بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىلدىكى ھازىرقى-كېلەر زامان سۈپەتداشلىرى ئارقىسىغا ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىل «بول» قوشۇلسا مەلۇم ئىشقا قارار قىلىش ياكى مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش مەنىسى ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كېلەر ھەپتىدە مەكتەپ مۇدىرى سەپەرۋەرلىك يىغىنىنى ئاچىدىغان بولدى.

下周校长要召开动员大会。

ئۇ شاڭخەي فۇدەن داشۆسىگە بىلىم ئاشۇرغىلى بارىدىغان بولدى.

他要到上海复旦大学去进修了。

بىز خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدىغان بولدۇق.

我们能说汉话了。

ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ماڭالايدىغان بولدى.

他的小儿子会走路了。

6）在现在—将来时形动词后，结合变态系动词«قىل»表示“使、叫、让”的意义。例如：

6. ھازىرقى كېلەر زامان سۈپەتداشلىرى ئارقىسىغا ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىل «قىل» نى قوشۇش ئارقىلىق مەلۇم ئادەت ۋە ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

دوختۇر ئۇنىڭ كۆرەلەيدىغان قىلدى.

医生使他的眼睛重见光明。

بىز كادىرلارنى دادىل ئىشلىيەلەيدىغان قىلىشىمىز لازىم.

我们要让干部大胆地工作。

## 第六节　副动词
## 6 - پاراگراف رەۋىشداش

### 一、副动词的概念
### 1. رەۋىشداش ھەققىدە چۈشەنچە

副动词是动词兼有副词功能的一种形式。

رەۋىشنىڭ رولىنى ئىگە بولغان پېئىل شەكلى رەۋىشداش دېيىلىدۇ.

副动词具有下列语法特征：

رەۋىشداشنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە

1.有肯定、否定和语态的变化，并支配名词的格。例如：

1. بولۇشلۇق، بولۇشسىز ۋە دەرىجە بىلەن تۈرلىنىدۇ ھەمدە كېلىشلىك ئىسىملارنى باشقۇرۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۆيدىن چىقىپ كىنوغا باردىم.

我从家出来，去看电影了。

ئۇ ئولتۇرماي كەتتى.

他没有坐就走了。

كۈن نۇرى ياتاققا چۈشۈپ تۇراتتى.

阳光洒满卧室。

بۇ مەسىلىنى چۈشەنمىگىچە قويمايمەن.

这问题我不弄懂不罢休。

سەن كەتكەندە مېنى چاقىرغاچ كەت.

你走时，顺便叫我一下。

بۇ رەختنى يۇغانسېرى ئاقىرىدۇ.

这块布越洗越白。

2.一般在句中修饰动词作状语，有少数副动词具有级的形态变化。例如：

2. جۈملىدە پېئىلنى ئىنىقلاپ ھالەت بولىدۇ. ئاز بىر قىسىم رەۋىشداشلار دەرىجە بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئالدىرىمايراق سۆزلىمەمسىز.

你慢一点说嘛。

ئاخشىمى يولدا دىققەت قىلىپراق ماڭسىڭىز بولىدۇ.

晚上走路，请小心点。

بۇ ۋەزىپىنى تۈگەتمىگىچە قايتىپ كەتمەيمىز.

不完成任务，我们不回去。

بىز تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى.

我们边吃边谈吧！

ئۇ بېيجىڭغا ئوقۇغىلى كەتتى.

他到北京学习去了。

بۇ فىلىم ناھايىتى ياخشى ئىكەن، كۆرگەنسېرى ئادەمنىڭ كۆرگۈسى كېلىدىكەن.

这部电影很好，越看越想看。

جۇڭگو ئاياللار كوماندىسى قاتتىق ماھارەت‐

نى يېتىشتۈرگەچكە، بۇ قېتىمقى لەۋھە تالىشىش مۇسابىـ
قىسىدە دۇنيا چېمپىيونى بولدى.

由于中国女子队苦练过硬本领，所以在这次锦标赛中荣获了世界冠军。

## 二、副动词的种类

## 2. رەۋىشداشنىڭ تۈرلىرى

副动词按其所表达的意义和构成形式可分为状态副动词、界限副动词、兼代副动词、原因副动词、目的副动词、进层副动词和重迭副动词七种。例如：

رەۋىشداشنى تۈزۈلۈشى ۋە مەنىسىگە ئاساسەن ھاـ
لەت رەۋىشىشى، چەك رەۋىشدىشى، قوشۇمچە ھەرىكەت
رەۋىشدىشى، سەۋەب رەۋىشدىشى مەقسەت رەۋىشدىشى ۋە
ئىلگىرىلىمە رەۋىشداش، تەكرار رەۋىشداش دەپ يەتتە خىلـ
غا بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

### 1.状态副动词

### 1. ھالەت رەۋىشدىشى

表示行为动作进行的方式或状态这种副动词称做状态副动词。例如：

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ھالىتى ۋە ئۇسۇلىنى بىلدۈردىـ
غان رەۋىشداش ھالەت رەۋىشدىشى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇنداق نەرسىنى ئېلىپ نېمە قىلارسەن؟

你买这种东西干什么？

بوران گۈكىرەپ چىقىشقا باشلىدى.

风呼呼地刮开了。

ئىشچىلار پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى تىرىشىپ
ئۆگەنمەكتە.

工人们努力学习科技知识。

状态副动词的构成

هالەت رەۋىشدىشىنىڭ ياسىلىشى

肯定形式：　　　　　بولۇشلۇق شەكلى:

在动词词干后，缀接«پ/ىپ/ۇپ/ۈپ»构成。例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «پ/ىپ/ۇپ/ۈپ» نى قو-
شۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

قارا + پ — قاراپ　　ئويلان + ىپ — ئويلىنىپ

تونۇ + پ — تونۇپ　　ياز + ىپ — يېزىپ

قوي + ۇپ — قويۇپ　　چۈش + ۈپ — چۈشۈپ

ئولتۇر + ۇپ — ئولتۇرۇپ　　كۆر + ۈپ — كۆرۈپ

否定形式：　　　　　بولۇشسىز شەكلى:

在动词词干后，缀接«مەي/ماي»构成。例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ماي/مەي» نى قوشۇش ئارقىلىق
ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بار + ماي — بارماي.　　ئىشلە + مەي — ئىشلىمەي.

ئوينا + ماي — ئوينىماي.　　بەر + مەي — بەرمەي.

ئوقۇ + ماي — ئوقۇماي　　ئۆز + مەي — ئۆزمەي.

ئۇ ماڭا كۈلۈپ تۇرۇپ ھەممىسىنى دەپ بەردى.

他笑着把一切都讲给我了。

بۇ ئەھۋالنى ئاپامغا دېمەي قويما.

这情况，你一定得跟妈妈讲。

ھاۋا تۇتۇپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.

天阴了，开始下雨了。

ئۇنى تەنقىد قىلىپ بولمايدۇ.

他是批评不得的。

ئەخمەت سىنىپقا كىرىپ سومكىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

艾合买提进教室，拿上书包就走了。

**2.界限副动词**

**2. چەك رەۋىشدىشى**

表示行为动作的时间和范围界限的副动词称做界限副动词。例如：

ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقىت چېكى ۋە دائىرە چېكىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشداش چەك رەۋىشدىشى دېيىلىدۇ.

مەسىلەن

دەرس باشلانغۇچە بىراز تەييارلىق قىلىۋالايلى.

上课之前，我们要作些准备。

مەن سۆزلەپ بەرگۈچە، ئۇ ھەممىنى دەۋەتتى.

还没等我开口，他就全都说出来了。

بۇ مەسىلىنى بىز چۈشىنىۋالغۇچە مۇئەللىم قايتا - قايتا سۆزلەپ بەردى.

老师反复地讲解，直到我们搞懂这个问题为止。

يامغۇر تاڭ ئاتقۇچە ياغدى.

雨一直下到天亮。

تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە سەپتىن ھەرگىز قايتمايمىز.

不获全胜，我们决不收兵。

ئۇلار بىز كەلگۈچە، ماڭماستىن ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

他们在我们到来之前没有走，一直等我们。

1）界限副动词的构成：

1. چەك رەۋىشدىشىنىڭ ياسىلىشى

肯定形式： بولۇشلۇق شەكلى:

在动词词干后，缀接 «غۇچە/قۇچە/گۈچە/ كۈچە» 构成。例如，

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «غۇچە/قۇچە/گۈچە/كۈچە» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

باشلا + غۇچە — باشلىغۇچە

ئال + غۇچە — ئالغۇچە

كەل + گۈچە — كەلگۈچە

كۆر + گۈچە — كۆرگۈچە

قايت + قۇچە — قايتقۇچە

تاپ + قۇچە — تاپقۇچە

كەت + كۈچە — كەتكۈچە

كۈت + كۈچە — كۈتكۈچە

否定形式： بولۇشسىز شەكلى:

在否定动词后缀接غۇچە/گۈچە 构成。例如：

بولۇشسىز پېئىل ئۆزەكلىرىگە «غۇچە/گۈچە» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇخلىما + غۇچە — ئۇخلىمىغۇچە

تۇرما + غۇچە — تۇرمىغۇچە

ئىشلىمە + گۇچە ــ ئىشلىمىگۇچە

كەتمە + گۇچە ــ كەتمىگۇچە

2）界限副动词的意义和用法：

2. چەك رەۋىشدىشىنىڭ مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىشى:

（1）表示某一行为动作出现或持续到副动词所指界限之前，在句中一般作状语。

1) مەلۇم بىر ھەرىكەتنىڭ رەۋىشداشتىن ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەت كۆرۈلگىچە كۆرۈلگەن ياكى داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

سىلەر ماڭغۇچە بىز ھەممە نەرسىنى تەييار قىلىپ قويىمىز.

在你们走之前，我们把所有东西都准备好。

بىز ئۇنى كەلگۇچە ساقلىدۇق.

我们一直等到他来。

مەن سائەت توشقۇچە قايتىپ كېلىمەن.

我到钟点就回来。

（2）用在双重否定句中，表示界限副动词所指动作不出现或没完成，另一动作也不会进行。

2) ئىككى ئىنكار قوشما جۈملىدە كېلىپ، چەك رەۋىشداشتىن ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەت كۆرۈلمىسە ياكى ئورۇنلانمىسا يەنە بىر ھەرىكەتنىڭمۇ ئېلىپ بېرىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ كىتابنى تۈگەتمىگۇچە مەن بارمايمەن.

不看完这本书我不去。

مۇختار كەلمىگۇچە بىز بۇ ئىشنى باشلىيالمايمىز.

臭合塔没来之前，我们不能做。

（3）用在祈使句中，表示取舍之意：

3) بۇيرۇق جۈملىلەردە ئىشلىتىلگەندە تاللاش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

بىكار يۈرگۈچە ئىشلە.

与其闲呆着，不如干活儿。

ئۇخلىغۇچە كىتاب ئوقۇ.

与其睡觉，不如看书。

باشقىلارنى ئاۋارە قىلغۇچە ئۆزىمىز ئىشلەيلى.

自已干吧，何必麻烦人呢。

**3.兼代副动词**

3. قوشۇمچە ھەرىكەت رەۋىشدىشى

表示进行某一行为动作的同时，又顺便或附带地完成另一行为动作。例如：

بىر-ئىش ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر ئىش-ھەرىكەتنىڭمۇ ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ياكى تاماملانغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلى قوشۇمچە ھەرىكەت رەۋىشدىشى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

سىز بازارغا چىققاندا، شىنخۇا كىتابخانىسىدىن «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2-سانىدىن بىرنى ئالغاچ كېلىڭ.

你上街时，顺便从新华书店给我买一本《世界文学》杂志第二期。

بىز يولدىن ئۆتكەچ سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كىرىپ چىقتۇق.

我们顺便到你家去了一趟。

مەن دوختۇرغا كۆرۈنگەچ ئۇنىڭغىمۇ بىر ئاز دورا ئېلىپ كەلدىم.

我去医院看病时顺便给他也带些药。

ئۇلارنى ساقلاپ ئولتۇرغۇچە ئىشلىگەچ تۇرايلى.

与其坐等他们，不如我们顺便先干点什么呢。

1）兼代副动词的构成和用法：

1. قوشۇمچە ھەرىكەت رەۋىشدىشىنىڭ ياسىلىشى ۋە قوللىنىلىشى

在动词词干后缀接»غاچ/قاچ/گەچ/كەچ«构成。例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «غاچ/قاچ/گەچ/كەچ» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئال + غاچ — ئالغاچ | سورا + غاچ — سورىغاچ |
| تاپ + قاچ — تاپقاچ | يات + قاچ — ياتقاچ |
| كۆر + گەچ — كۆرگەچ | ئىشلە + گەچ — ئىشلىگەچ |
| ئۆت + كەچ — ئۆتكەچ | كەت + كەچ — كەتكەچ |

2）兼代副动词的特殊用法：

2. قوشۇمچە رەۋىشدىشىنىڭ ئالاھىدە قوللىنىلىشى

（1）兼代副动词有时还表示行为动作的原因，与原因副动词相同。例如：

1) سەۋەب رەۋىشداشلىرىغا ئوخشاش، بەزىدە ئىش-ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سەن كەلگەچ مەن بارمىدىم.

因为你来了，所以我没去。

سىز ئىشىكنى ئاچقاچ مەن كىردىم.

你开了门，我就走来了。

（2）兼代副动词结合外部形态«تۇر»表示“暂时”的意思。例如：

2. قوشۇمچە ھەرىكەت رەۋىشداشلىرى ئانالىتىك فورما «تۇر» بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، «ۋاقىتلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سەن ئىشلىگەچ تۇر، مەن ھېلىلا قايتىپ كېلىمەن.

你先干着，我一会儿就回来。

بۇلار ماڭغاچ تۇرسۇن، بىز بىرئازدىن كېيىن يېتىپ بارىمىز.

让他们先走，我们过一会儿就到。

**4.原因副动词** سەۋەب رەۋىشدىشى

表示行为动作产生的原因的副动词形式称做原因副动词。例如：

مەلۇم ئىش - ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇشى سەۋەبىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشداش سەۋەب رەۋىشدىشى دېيىلىدۇ. مەسىلەن

مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگەچكە پىكىر قىلمىدىم.

因为我不大了解他的情况，所以没提意见。

ئۇ خىزمەتكە بارىدىغان بولغاچقا مەن سەل ئولتۇرۇپ قايتىپ كەلدىم.

因为他要去上班，我只坐了一会儿就回来了。

بىز دېمىگەچكە ئۇلار بىلمەيدۇ.

因为我们没说，以所他们不知道。

原因副动词的构成及用法：

سەۋەب رەۋىشدىشىنىڭ ياسىلىشى ۋە قوللىنىلىشى

肯定形式： بولۇشلۇق شەكلى:

在动词词干后，缀接غاچقا/قاچقا构成。例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «غاچقا/قاچقا/كەچكە/گەچكە»

نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بار + غاچقا — بارغاچقا　　ئال + غاچقا — ئالغاچقا

تاپ + قاچقا — تاپقاچقا　　تۇت + قاچقا — تۇتقاچقا

كەل + گەچكە — كەلگەچكە　　بىل + گەچكە — بىلگەچكە

كۆت + كەچكە — كۆتكەچكە　　كەت + كەچكە — كەتكەچكە

否定形式： بولۇشسىز شەكلى:

在否定动词后，缀接 غاچقا/گەچكە 构成。例如：

بولۇشسىز پېئىللارنىڭ ئارقىسىغا «غاچقا/گەچكە»

نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالما + غاچقا — ئالمىغاچقا　ئوقۇما + غاچقا — ئوقۇمىغاچقا

بەرمە + گەچكە — بەرمىگەچكە　كەلمە + گەچكە — كەلمى-
گەچكە

بىز ئۇلارغا ئۇقتۇرۇش قىلمىغاچقا، ئۇلار كەلمەپتۇ.

因为我们未通知他们，所以他们没有来。

ئۇلار يېقىندا چەت ئەلگە زىيارەت قىلغىلى باردى-
غان بولغاچقا، جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ.

因为他们最近要出国访问，所以正紧张地作准备。

سىرتتا قاتتىق بوران چىقىۋاتقاچقا، بىز ئۆي ئىـ
چىدە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدۇق.

因为外面正刮着大风，所以我们只好在室内活动。

**5.目的副动词**

**5. مەقسەت رەۋىدىشى**

表示行为动作进行的目的的副动词形式称作目的副动词。例如：

ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىش-داش مەقسەت رەۋىشدىشى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ مېھمان مەن جىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ.

这位客人是来看望我的。

ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى كەتتى.

他到南疆招生去了。

مەن كۇتۇپخانىغا كىتاب ئارىيەت ئالغىلى بارىمەن.

我要去图书馆借书。

1）目的副动词的构成

1. مەقسەت رەۋىشدىشىنىڭ ياسىلىشى

肯定形式： بولۇشلۇق شەكلى:

在动词词干后，كىلى/گىلى/قىلى/غىلى 构成。例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «غىلى/قىلى، گىلى/كىلى» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئال + غىلى—ئالغىلى　　　يات + قىلى—ياتقىلى

ياز + غىلى—يازغىلى　　　تۇت + قىلى—تۇتقىلى

كەل + گىلى — كەلگىلى　　كۆچ + كىلى — كۆچكىلى

بەر + گىلى — بەرگىلى　　كەت + كىلى — كەتكىلى

否定形式：　　بولۇشسىز شەكلى:

在否定动词后缀接«گىلى/غىلى»构成。例如：

بولۇشسىز پېئىل ئۆزەكلىرىگە «غىلى/گىلى» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوينىما + غىلى — ئوينىمىغىلى　بارما + غىلى — بارمىغىلى

ئىشلىمە + گىلى — ئىشلىمىگىلى　كۆرمە + گىلى — كۆرمىگىلى

2）目的副动词的意义和用法

2. مەقسەت رەۋىشدىشىنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

（1）表示某一行为动作进行的目的。例如：

1) مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدىكى مەقسەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بارات كىنو كۆرگىلى كەتتى.

巴拉提看电影去了。

ئۇلار لۇغەت ئالغىلى كەتتى.

他们买辞典去了。

（2）与动词«تاس قال»或«قىل قال»结合，表示“几乎、差点”的意思。例如：

2) «تاس قال» ۋە «قىل قال» قاتارلىق پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، كۆرۈلۈش خەۋپى بار ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

گۈلناز يىقىلغىلى تاس قالدى.

古丽娜孜差一点儿摔倒。

مەن پويىزغا ئۈلگۈرەلمىگىلى قىل قالدىم.

我差点儿没赶上火车。

（3）目的副动词有时表示行为动作与时间趋向的关系。例如：

3) مەقسەت پېئىلى بەزىدە ئىش - ھەرىكەت بىلەن ۋاقىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگىلى ئۈچ كۈن بولدى.

他来乌鲁木齐已经三天了。

بىز بۇ ئىشنى قىلغىلى بىر ئاي بولدى، تېخى تۈگىمىدى

这件事我们已经干了一个月，还没干完。

بىز ئۇيغۇرچە ئوقۇغىلى ئۈچ يىل بولۇپ قالدى.

我们已学了三年维语。

（4）目的副动词结合外部形态 تۇر 表示某种动作的开始或持续进行之意。例如：

4) مەقسەت رەۋىشدىشى ئانالىتىك فورما «تۇر» بىلەن بىرىكىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشى ياكى داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرغىلى تۇردى.

学生们开始报到了。

ئۇلار يەنە تاماق يېگىلى تۇردى.

他们又吃起饭来了。

ھاۋا كۈندىن - كۈنگە ئىللىغىلى تۇردى.

天气一天比一天暖和起来了。

（5）目的副动词结合 بول 表示完成某种动作的可能性。例如：

5) مەقسەت پېئىللىرى «بول» بىلەن بىرىكىپ، مەلۇم ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنداشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ماشىنىدا ئاقسۇغا ئىككى كۈندە بارغىلى بولىدۇ.

坐汽车两天就能到阿克苏。

بۇ قۇدۇق سۈيىنى ئىچكىلى بولمايدۇ.

这井里的水不能喝。

ماتېرىيال ئوچۇق بېسىلماپتۇ. ئوقۇغىلى بولمايۋاتىدۇ.

这份材料印得不清楚，读不下去。

**6.进层副动词**

**6. ئىلگىرىلىمە رەۋىشداش**

表示主要行为动作随着另一行为动作的反复进行而越来越深化。例如：

ئاساسىي ئىش-ھەرىكەتنىڭ باشقا ئىش-ھەرىكەتنىڭ تەكرارلىنىشىغا ئەگىشىپ چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن.

مەن بۇ روماننى ئوقۇغانسېرى شۇنچە قىزىقىپ كەتتىم.

这部长篇小说，我越读越有兴趣。

ماشىنا ماڭغانسېرى سۈرئىتى تېزلىشىپ كەتتى.

汽车越走越快。

ئۆگەنگەنسېرى ئۆگەنگۈم كېلىۋاتىدۇ.

我越学越想学。

进层副动词的构成及用法

ئىلگىرىلىمە رەۋىشداشنىڭ ياسىلىشى ۋە قوللىنىلىشى

بولۇشلۇق شەكلى:

肯定形式

在过去时形动词后，缀等«سېرى» 词尾构成。例如：

ئۆتكەن زامان سۈپەتداشلىرىغا «سېرى» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارغان + سېرى — بارغانسېرى كۆرگەن + سېرى — كۆرگەنسېرى

ياتقان + سېرى — ياتقانسېرى كەسكەن + سېرى — كەسكەنسېرى

بولۇشسىز شەكلى:

否定形式：

在否定形式形动词后，缀接 «سېرى» 词尾构成。例如：

بولۇشسىز شەكىلدىكى سۈپەتداشلارغا «سېرى» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاڭلىمىغان + سېرى—ئاڭلىمىغانسېرى

كۆرمىگەن + سېرى—كۆرمىگەنسېرى

خەلق تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشى بولماقتا.

人民生活越来越好。

ئانار سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ كەتتى.

阿娜尔越说越激动。

تەمبۇرنى چالغانسېرى چالغۇم كېلىدۇ.

弹布尔我越弹越想弹。

**7.重迭副动词**

7. تەكرار رەۋىشداش

表示反复进行的行为动作的副动词形式称做重迭副动词。例如：

تەكرار ئېلىپ بېرىلغان ئىش ھەرىكەتنى بىلدۈرى-
دىغان رەۋىشداش تەكرار رەۋىشداش دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ مەسىلىنى ئويلا-ئويلا ھەل قىلالمىدىم.

这个问题，我想呀想呀没有想出解决的办法来。

يامغۇر ياغماي-ياغماي تازا يېغىپ كەتتى.

雨不下，不下，一下就下个不停。

ئۇنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۈلە-كۈلە ئۈچەي-
لىرىم ئۈزۈلۈپ كەتتى.

听了他的话，使人笑呀，笑呀，笑破了肚皮。

بۇ ماقالىنى يازا-يازا بىر ئايدا ئاران يېزىپ بول-
دۇم.

这篇文章，我写呀，写呀，用了一个月才写完。

重迭副动词的构成及用法。

تەكرار رەۋىشداشنىڭ ياسىلىشى ۋە قوللىنىشى

1）由状态副动词的肯定形式或否定形式重迭构成。例如：

1. بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكلىدىكى ھالەت رەۋىش-
داشنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

مېڭىپ-مېڭىپ كۆرۈپ-كۆرۈپ

بارماي - بارماي　　　　كەلمەي - كەلمەي

2）由元音结尾的动词词干本身进行重迭构成。例如：

2. سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

ئويلا - ئويلا　　　　ئىشلە - ئىشلە

سورا - سورا　　　　سۆرە - سۆرە

3）在以辅音结尾的动词词干后，缀接«ئا/ئە»词缀再进行重迭构成。例如：

3. ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىدە «-ئا/ئە» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ تەكرارلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ماڭ + ئا—ماڭا - ماڭا　　كۈل + ئە—كۈلە - كۈلە

تۇر + ئا—تۇرا - تۇرا　　كۆر + ئە—كۆرە - كۆرە

ماڭا - ماڭا پۇتۇم ئاغرىپ كەتتى.

走啊走啊，我的脚都痛了。

سۆزلە - سۆزلە ئاغزىم تېلىپ كەتتى.

说呀说呀，我的口都说干了。

يىغلاپ - يىغلاپ ئۇنىڭ كۆزى ئىششىپ كەتتى.

哭呀哭呀，她的眼睛都哭肿了。

## 第七节　表愿动词与目的动词

## 7 - پاراگراف خالاش پېئىللىرى ۋە مەقسەت پېئىللىرى

## 一、表愿动词

## 1. خالاش پېئىللىرى

### 1.表愿动词的概念

### 1. خالاش پېئىللىرى ھەققىدە چۈشەنچە

表示行为动作实现的愿望的动词形式，称做表愿动词，如：

ئىش-ھەرىكەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارزۇسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل خالاس پېئىل دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن چېگرا رايونغا بېرىپ ئىشلىگۈم بار.

毕业后，我想到边疆去工作。

ئۇنىڭ ئاشقازان كېسىلى قوزغىلىپ قاپتۇ، تاماق يېگۈسى كەلمەيۋاتىدۇ.

他的胃病犯了，不想吃饭。

سېنىڭ كەتكۈڭ كەلمەيۋاتامدۇ؟

你不想回去吗？

مېنىڭ پايتەختىمىز بېيجىڭنى بىر كۆرگۈم بار.

我想去祖国首都—北京看看。

توپ ئوينىغۇڭ كەلگەن بولسا، مەيدانغا چىق، بىللە ئوينايلى.

你想打球，就到球场去，咱们一起玩。

表愿动词具有下列语法特征：

• خالاش پېئىللىرىنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

1.表愿动词有人称的变化。例如：

1. خالاش پېئىللىرى شەخس بىلەن تۈرلىنىدۇ. مە-
سىلەن

مېنىڭ بارغۇم بار.

我想去。

كىنو كۆرگۈڭىز بارمۇ؟

你想不想去看电影？

ھازىر ئۇنىڭ ھېچنېمە ئالغۇسى يوق.

他现在什么都不想买。

2.表愿动词有名词的部分格的变化。例如：

2. خالاش پېئىللىرى بەزى كېلىشلەر بىلەن تۈرلى-
نىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئۇنىڭ ئالدىدا ئالما يەپ، ئۇنىڭ يېگۈ-
سىنى كەلتۈرەيلى.

我们在他面前吃苹果，馋一馋他。

ئۇنىڭغا سۆزلىگۈدەك گېپىم يوق.

跟他我没什么可说的。

3.在可中可充当主语、宾语。缀接相似格 دەك 后，还可作定语、状语，同时，与系动词结合作谓语。例如：

3. جۈملىدە ئىگە، تولدۇرغۇچى ۋە ئوخشىتىش كېلى-
شى «دەك» نى قوشقاندىن كېيىن ئېنىقلىغۇچى، ھالەت
بولالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە باغلامچى پېئىللار بىلەن
بىرىكىپ كېلىپ خەۋەر بولىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن ئويىنىغۇم يوق. (ئىگە)

我今天不想玩儿。

بىزنىڭ ئۆيدە پۇلغا يارىغۇدەك نەرسە يوق (ئىبىنقىلىچى)

我们家里没有什么值钱的东西。

بۇ ئىشنى ئۇلار قانائەتلەنگۈدەك قىلالمىدۇق. (ھالەت)

这件事我没能使他们满意。

مەن ئۇسساپ كېتىپ ئۆلگۈدەك بولدۇم. (خەۋەر)

我都快渴死了。

**2.表愿动词的构成**

2. خالاش پېئىللىرىنىڭ ياسىلىشى

肯定形式　　　　　　　　　　　　بولۇشلۇق شەكلى

在动词词干后，缀接 «كۇ/گۇ/قۇ/غۇ» 等词尾，再缀接名人称词尾，然后再结合 بار 或 كەل 构成。例如：

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «غۇ/قۇ/گۇ/كۇ» نى ئاندىن شەخس قوشۇمچىسىنى يەنە «بار» ياكى «كەل» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ مەسىلەن:

ئوقۇ + غۇ + م + بار — ئوقۇغۇم بار

ئوينا + غۇ + مىز + بار — ئوينىغۇمىز بار

ياز + غۇ + ڭ + بار — يازغۇڭ بار

يات + قۇ + ڭىز + بار — ياتقۇڭىز بار

ئىشلە + گۇ + ڭلار + بار — ئىشلىگۇڭلار بار

كەت + كۇ + سى بار — كەتكۇسى بار

بار + غۇ + م + كەلدى — بارغۇم كەلدى

ئۇچ + قۇر + مىز + كەلدى — ئۇچقۇمىز كەلدى

ياز + غۇ + ق + كېلىشۋاتىدۇ— يازغۇق كېلىشۋاتىدۇ

كەت + كۈ + ڭلار + كېلىدۇ—كەتكۈڭلار كېلىدۇ.

كۆل + گۈ + سى + كېلىدۇ—كۆلگۈسى كېلىدۇ.

كۆر + گۈ + مىز كېلىدۇ—كۆرگۈمىز كېلىدۇ.

否定形式 بولۇشسىز شەكلى

由表愿动词结合形容词 يوق 构成，或表愿动词结合 كەل 的否定形式，再缀接时态词尾构成。例如：

خالاش پېئىللىرىغا «يوق» نى ياكى «كەل» نىڭ بولۇشسىز شەكىللىرىنى ئاندىن زامان قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارغۇم + يوق—بارغۇم يوق.

ياتقۇمىز + يوق—ياتقۇمىز يوق.

كۆرگۈڭ + يوق—كۆرگۈڭ يوق.

بارغۇڭلار + يوق—بارغۇڭلار يوق.

كەتكۈڭىز + يوق—كەتكۈڭىز يوق

ئالغۇسى + يوق—ئالغۇسى يوق

ئوينىغۇم كەلمە + يۋاتىدۇ—ئوينىغۇم كەلمەيۋاتىدۇ.

ئىشلىگۈڭلار كەلمە + دى—ئىشلىگۈڭلار كەلمىدى

كەتكۈسى كەلمەي + دۇ—كەتكۈسى كەلمەيدۇ

疑问形式有两种：

سوئال شەكلى ئىككى خىل يول بىلەن ياسىلىدۇ:

1.在表愿动词的肯定或否定形式后缀接 مۇ 构成。例如：

1. خالاش پېئىللىرىنىڭ بولۇشلۇق - بولۇشسىز شە-

كىلىلىرىگە «مۇ» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆرگۈمىز يوق + مۇ—كۆرگۈمىز يوقمۇ؟

ئاڭلىغۇڭ بار + مۇ—ئاڭلىغۇڭ بارمۇ؟

ئوينىغۇڭلار يوق + مۇ—ئوينىغۇڭلار يوقمۇ؟

ئاتقۇڭىز بار + مۇ—ئاتقۇڭىز بارمۇ؟

كەتكۈسى يوق + مۇ—كەتكۈسى يوقمۇ؟

تۇرغۇڭ كەلدى + مۇ—تۇرغۇڭ كەلدىمۇ؟

كۆرگۈڭلار كەلمىدى + مۇ—كۆرگۈڭلار كەلمىدىمۇ؟

ياتقۇڭىز كەلدى + مۇ—ياتقۇڭىز كەلدىمۇ؟

كەتكۈسى كەلمىدى + مۇ—كەتكۈسى كەلمىدىمۇ؟

2.与«كەل»组合的肯定或否定形式表愿动词后，缀接 «ئام/ئەم/م» 然后再缀接人称词尾 دۇ ，构成。

2. «كەل» بىلەن ياسالغان بولۇشلۇق، بولۇشسىز شە-
كىلدىكى خالاش پېئىللىرىغا «ئام/ئەم/م» نى، ئاندىن
شەخس قوشۇمچىسى «دۇ» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.
مەسىلەن.

كۆرگۈڭ كەل + ئەم + دۇ—كۆرگۈڭ كېلەمدۇ؟

ئالغۇڭ كەلمە + م + دۇ—ئالغۇڭ كەلمەمدۇ؟

كۆرگۈمىز كەل + م + دۇ—كۆرگۈمىز كېلەمدۇ؟

بارغۇمىز كەلمە + م + دۇ—بارغۇمىز كەلمەمدۇ؟

ياتقۇڭ كېلىۋات + ئام + دۇ—ياتقۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟

بارغۇڭ كەلمەيۋات + ئام + دۇ—بارغۇڭ كەلمەيۋا-
تامدۇ؟

تۇرغۇسى كەل + ئەم + مۇ — تۇرغۇسى كېلەمدۇ؟

قىلغۇسى كەلمەيۋات + ئام + دۇ — قىلغۇسى كەلمەيۋاتامدۇ؟

**3.表愿动词的用法**

خالاش پېئىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى

1.表愿动词在句子中与 «كەل»«بار» 组合作谓语。例如：

1. خالاش پېئىللىرى جۈملىدە «كەل» «بار» لار بىلەن بىرىكىپ خەۋەر بولىدۇ. مەسىلەن

ئۇنىڭ خاربىنغا دائىم بارغۇسى كېلەتتى.

他一直都想去哈尔滨。

پولات مېنى كۆرۈپ، بىر نېمە دېگۈسى كەلگەنتى، لېكىن ھېچ نېمە دېمىدى.

波拉提见到我后，想说什么，但没说出来。

مېنىڭ ئەنگلىيىگە ئوقۇشقا بارغۇم بار.

我想到英国去学习。

2.表愿动词在句中作宾语。例如：

2. خالاش پېئىللىرى جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ گېپى مېنىڭ قۇسقۇمنى كەلتۈرۈۋەتتى.

听了他的一番话，我都想吐。

ئۆيدىكى سېسىق پۇراق مېنىڭ ھۆ قىلغۇمنى كەلتۈرۈۋەتتى.

屋里的臭味，使我恶心。

3.表愿动词与 كەل، بار 组合时，表愿动词前可嵌入，«خېلى»

表示主体的愿望更加强烈。例如：

3. خالاش پېئىللىرى «بار، كەل» بىلەن بىرىككەنـ دە، خالاش پېئىلىنىڭ ئالدىغا «خېلى» نى قوشۇش ئارقىلىق سۇبيېكتنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن:

بۈگۈنكى كىنوغا مېنىڭ خېلى بارغۇم بار.

我很想去看今天的电影。

مېنىڭ قەشقەرنى خېلى كۆرگۈم بار.

我很想去喀什。

ئۇنىڭ مېنى، خېلى ئەخمەق قىلغۇسى بار ئىكەن.

他很想愚弄我。

## 二、目的动词

## 2. مەقسەت پېئىللىرى

### 1. 目的动词的概念

### 1. مەقسەت پېئىللىرى ھەققىدە چۈشەنچە

表示打算或准备进行某一动作行为的动词形式，称作目的动词。例如：

بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشقا تەييارلانغانـ لىقنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلى مەقسەت پېئىللىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

يېقىندا مەكتىپىمىز بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى ۋە ئوـ قۇغۇچىلارنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتمەكچى.

最近我校准备送一部分老师和学生去国外学习。

مەن ئەتە ئۇلار بىلەن بىللە ماڭماقچىمەن.

我打算明天和他们一起走。

بىز كېلەر يىلى ئەتىيازدا مەكتىپىمىزنىڭ ئەتراپىغا تۈرلۈك مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكمەكچىمىز.

我们打算明年春天在校院周围栽上各种果树。

مەن ھازىر ئاۋستىرالىيىدىكى دوستۇمغا خەت يازماقچىمەن.

我现在准备给在澳大利亚的朋友写封信。

ئۇ دەرسنى ئولتۇرۇپ سۆزلىمەكچى.

他准备坐着讲课。

**2.目的动词的构成**

2. مەقسەت پېئىللىرىنىڭ ياسىلىشى

由动词词干缀接 ماقچى/مەكچى 构成。目的动词结合过去时与将来时判断系动词，用以表示“时”的概念。

پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ماقچى/مەكچى» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەقسەت پېئىللىرى ئۆتكەن زامان ۋە كەلگۈسى زامان ھۆكۈم باغلامچى پېئىللىرى بىلەن بىرىكىپ «زامان» ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ.

1.目的动词的将来时形式

1. مەقسەت پېئىللىرىنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى

肯定形式

بولۇشلۇق شەكلى

由目的动词结合普式人称词尾构成。如：

مەقسەت پېئىللىرىغا ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارماقچى + مەن — بارماقچىمەن

بارماقچى + مىز — بارماقچىمىز

بارماقچى + 0 — بارماقچى

كەلمەكچى + سەن — كەلمەكچىسەن

كەلمەكچى + سىلەر — كەلمەكچىسىلەر

كەلمەكچى + 0 — كەلمەكچى

否定形式 بولۇشسىز شەكلى

由目的动词结合否定系词 ئەمەس ，再结合普式人称词尾构成。例如：

مەقسەت پېئىللىرىغا ئىنكار ھۆكۈم باغلامچى پېئىلى «ئەمەس» ۋە ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارماقچى + ئەمەس + مەن — بارماقچى ئەمەسمەن

بارماقچى + ئەمەس + مىز — بارماقچى ئەمەسمىز

كۆرمەكچى + ئەمەس + سەن — كۆرمەكچى ئەمەسسەن

كۆرمەكچى + ئەمەس + 0 — كۆرمەكچى ئەمەس

疑问形式 سوئال شەكلى

由目的动词的肯定形式或否定形式结合疑问语气词مۇ，再结合普式人称词尾构成。如：

بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىلدىكى مەقسەت پېئىللىرىغا ئالدى بىلەن سوئال ئىملىقى «مۇ» نى، ئاندىن ئاددىي شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆرمەكچى + مۇ + سەن — كۆرمەكچىمۇسەن

كۆرمەكچى + ئەمەس + مۇ + سەن — كۆرمەكچى ئەمەسمۇ سەن

注：

在主语人称明确的情况下，背式人称词尾可省略。例如：

ئەسكەرتىش: ئىگىدىكى شەخسنى ئېنىق بىلگىلى بولىدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاددىي شەخس قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن بارماقچى

سەن بارماقچى

مەن بارماقچى ئەمەس.

سەن بارماقچىمۇ؟

2.目的动词的过去时形式

2. مەقسەت پېئىلىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى

肯定形式 بولۇشلۇق شەكلى

由目的动词结合过去时判断系动词 ئىدى的各种人称变体构成。如：

مەقسەت پېئىللىرىغا ئۆتكەن زامان ھۆكۈم باغلامچى پېئىلى «ئىدى» نىڭ ھەر خىل شەخس ۋارىيانتلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارماقچى + ئىدىم — بارماقچى ئىدىم

بارماقچى + ئىدۇق — بارماقچى ئىدۇق

بارماقچى + ئىدىڭ — بارماقچى ئىدىڭ

بارماقچى + ئىدى — بارماقچى ئىدى

否定形式　　　　　　　　　　　　　　بولۇشسىز شەكلى

在目的动词与系动词之间嵌入否定系动词 ئەمەس 构成。如：

مەقسەت پېئىلى بىلەن باغلامچى پېئىل ئارىسىغا ئىنكارنى بىلدۈرىدىغان باغلامچى پېئىل «ئەمەس» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارماقچى + ئەمەس + ئىدىم — بارماقچى ئەمەس ئىدىم

بارماقچى + ئەمەس + ئىدىڭ — بارماقچى ئەمەس ئىدىڭ

بارماقچى + ئەمەس + ئىدى — بارماقچى ئەمەس ئىدى

注：

在口语中，系动词ئىدى的词首元音ئى脱落，辅音د清化为ت。例如：

ئەسكەرتىش: جانلىق تىلدا باغلامچى پېئىل «ئىدى» نىڭ بېشىدىكى «ئى» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇش «د» «ت» غا جاراڭسىزلىنىدۇ. مەسىلەن

بارماقچى + ئىدىم — بارماقچىتىم

بارماقچى + ئەمەس + ئىدىم — بارماقچى ئەمەستىم

疑问形式：有两种。

سوئال شەكلى ئىككى خىل يول بىلەن ياسىلىدۇ:

1.在目的动词与ئىدى之间嵌入疑问语气词مۇ构成。ئۇ中元音脱落。如：

1. مەقسەت پېئىللىرى بىلەن باغلامچى پېئىل «ئىدى»نىڭ ئارىسىغا سوئال ئىملىقى «مۇ» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. «مۇ» تەركىبىدىكى «ئۇ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

بارماقچى + مۇ + ئىدىڭىز — بارماقچىمىدىڭىز

بارماقچى ئەمەس + مۇ + ئىدىڭىز — بارماقچى ئەمەسمىدىڭىز

بارماقچى ئەمەس + مۇ + ئىدى — بارماقچى ئەمەسمىدى

2.由目的动词的过去时形式的肯定或否定形式结合 مۇ- 构成。如：

بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىلدىكى مەقسەت پېئىللىنىڭ

ئۆتكەن زامان شەكلىگە «مۇ» نى قوشۇش ئارقىلىق يا-

سىلىدۇ. مەسىلەن:

بارماقچى ئىدىڭلار + مۇ — بارماقچى ئىدىڭلارمۇ

بارماقچى ئەمەس ئىدى + مۇ — بارماقچى ئەمەس ئىدىمۇ.

# 第八节　动词的“体”的范畴

# 8 - پاراگراف　پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى

## 一、动词的“体”的概念

## 1. پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە

动词的体是表示行为动作进行的状态的语法范畴。维语动词通过词的内部形态和借助于助动词来实现的外部形态表示种种体的语法意义。例如：

ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان گراماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار ئۆزلىرىنىڭ سىنتېتىك فورمىلىرى ۋە ياردەمچى پېئىللار ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدىغان ئانالىتىك فورمىلار ئارقىلىق تۈرلۈك گراماتىكىلىق تۈس مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

① ئۇ كىتابنى كۆرۈۋەردى.　他在埋头看书。

② ئۇ كىتابنى كۆرۈپ تۇردى.　他时常看书。

③ ئۇ كىتابنى كۆرۈپ بولدى.　他把书看完了。

例①中内部形态«ۋەر»表«كۆر-»这一动词所表示的动作处于持续状态；例②中与副动词«كۆرۈپ»结合，«تۇر-»表示动作的重复性；例③中的«بول-»与副动词结合كۆر，强调«كۆرۈپ»这一动词所表示动作的完成。

① مىسالدا، سىنتېتىك فورما«-ۋەر» «كۆر-» پېئىلىدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىش ھالىتىدە تۇرۇ-ۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىسە؛ ② مىسالدا، «تۇر-» «كۆرۈپ» رەۋىشدىشى ئارقىسىدا كېلىپ، ھەرىكەتنىڭ تەكرار ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ③ مىسالدا «بول» «كۆرۈپ» بىلەن بىرىكىپ، «كۆر-» پېئىلى ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت-نىڭ تاماملانغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن.

## 二、动词“体”的分类

## 2. پېئىل تۈسلىرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

维语动词的体根据所强调的语法意义的不同可分为持续体、重复体、尝试体、反身体、为他体、瞬时体、完成体、进行体等八种。

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل تۈسلىرى تەكىتلەپ كۆر-سىتىدىغان گرامماتىكىلىق مەنىلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن، داۋام تۈس، تەكرار تۈس، سىناق تۈس، ئۆزلۈك تۈس، ئۆزگە تۈس، تاسادىپىيلىق تۈسى، پۈتكەن تۈس، جەريان تۈس دېگەندەك سەككىز تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1.持续体：强调行为动作持续的状态。

1. داۋام تۈس ئىش-ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىش ھالىتىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ باغدا تاماشا قىلىپ يۈرىدۇ. 常在公园散步。

يىگىت مۇزىكا ئاڭلاپ ئولتۇردى.

小伙子在欣赏音乐。

قىز تاماقنى يەۋەردى.

姑娘一个劲儿地吃饭。

2.重复体：强调行为动作以某种方式反复进行的状态。例如：

2. تەكرار تۈس: ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەلۇم تەق-
لىدتە تەكرار ئېلىنىپ بېرىلىش ھالىتىنى تەكىتلەپ
كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

سائەت ھەر يېرىم سائەتتە بىر سوقۇپ تۇردى.

挂钟每半小时响一下。

قىز ئۆگەنگەنلىرىنى خاتىرىلەپ ماڭدى.

姑娘总是把学到的东西记录下来。

ئۇلار بىزگە ياردەم بېرىپ كەلدى.

他们一直在帮助我们。

3.尝试体：强调行为动作的尝试性。例如：

3. سىناق تۈس: ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سىناق تە-
رىقىسىدە ئېلىپ بېرىلىشىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئۈنئالغۇنى قويۇپ باقتى.

他试着放了录音机。

يىگىت مۇھەببەتنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆردى.

小伙子尝到了爱情的滋味。

4.反身体：强调行为动作的结果趋于主体本身。例如：

4. ئۆزلۈك تۈس: ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنىڭ

سوبيېكت تەرەپكە يۆزلىنىشىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن:

بالا نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقىنى بىلىۋالدى.

孩子懂得了好与坏的含义。

ئۇ ئۈنئالغۇ سېتىۋالدى.

他买了一台录音机。

5.为他体：强调行为动作是为他人进行的。例如：

5. ئۆزگە تۈس: ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئۆزگە ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىشىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇتقۇچى بالىلارغا لېكسىيە سۆزلەپ بەردى.

教师给学生们讲了课。

ئۇ ماڭا كەمپۈت ئېلىپ بەردى.

他给我买了糖果。

6.瞬时体：强调行为动作是出乎意料、不由自主或一发即逝进行的。例如：

6. تاسادىپىلىق تۈسى: ئىش-ھەرىكەتنىڭ كۈتۈلمىگەن يەردىن چىققانلىقى، ئىختىيارسىز بولۇشى ۋە ناھايىتى تېز ئاخىرلىشىشىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇ مەخپىيەتنى سۆزلەپ تاشلىدى.

他突然讲出了自己的秘密。

يىگىت ئۇنىڭ پۇتىغا دەسسەپ سالدى.

小伙子踩了他的脚。

7.完成体：强调行为动作的完成或达到某种结果。例如：

/ 7. پۈتكەن تۈس، ئىش-ھەرىكەتنىڭ تاماملانغانـ

لىقى ۋە مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.
مەسىلەن:

بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ بولدۇق.

他们做完了应该做的事。

ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپ قالدى.

他的病好了。

8.进行体：强调行为动作完成的过程。例如：

8. جەريان تۈس: ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن:

پىركازچىك پۇلنى ساناپ چىقتى.

售货员将现金数了一遍。

دادام سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

父亲讲述了自己的经历。

## 三、动词的“体”的意义和用法

## 3. پېئىل، تۈسلىرىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

### 1.持续体的意义和用法

### 1. داۋام تۈسىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

动词的持续体一般通过外部形态«ئولتۇر»«يۈر-»和内部形态«-ۋەر»来表示。这些语法形式在表示持续体的概括意义的同时，它们之间还存在一些语法意义上的细微差别。

پېئىللارنىڭ داۋام تۈسى ئادەتتە ئانالىتىك فورما «ئولتۇر-»، «يۈر-» ۋە سىنتېتىك فورما «-ۋەر-» لەر ئارقىلىق

ئىپادىلىنىدۇ. بۇ گرامماتىك فورمىلار ئورتاق ھالدا داۋام تۈسىنى ئىپادە قىلىش بىلەن بىرگە، گرامماتىك مەنىلىرى جەھەتتە بەزىبىر ئىنچىكە پەرقلەرگىمۇ ئىگە.

1）外部形态　«ئولتۇر-» «يۈر-»

外部形态 «ئولتۇر-» «يۈر-» 与状态副动词结合时表示的体的意义如下：

1. ئانالىتىك فورما «ئولتۇر-»، «يۈر-»

ئانالىتىك فورما «ئولتۇر-»، «يۈر-» ھالەت رەۋىشلىرى بىلەن بىرىكىپ تۆۋەندىكىدەك تۈس مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:

（1）强调动词所表示的行为动作处于一种延续状态。例如：

1) پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ داۋام ھالىتىدە تۇرۇشىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۆيگە كىرىڭ، دادام گېپىڭىزنى قىلىپ ئولتۇرىدۇ.

请进屋，我父亲正在念叨你呢。

ئۇ يىغلاپ ئولتۇرىدۇ.

她哭个不停。

بالىلار مەيداندا ۋاسكېتبول ئويناپ يۈرىدۇ.

孩子们正在球场上打蓝球。

قاراپ بېقىڭ، ئۇ نېمە قىلىپ يۈرىدىكىن.

你看看，他在干什么呢。

（2）表示行为动作的经常性。例如：

2) ئىش-ھەرىكەتنىڭ دائىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

ئۇ مۇشۇنداق گەپلەرنىلا دەپ ئولتۇرىدۇ.

他总是说这种话。

قىزىمىز دوختۇرخانىغا بېرىپ يۈرىدۇ.

我们的女儿经常上医院。

ئايروپىلان مۇشۇ يەردىلا ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

飞机时常从这里起飞。

2）内部形态 «-ۋەر-»

-ۋەر- 来自助动词 -بەر-，它以 -ۋەر-/-ۇۋەر-/-ۇۋەر- «-ۋەر-» 等四种形式出现，表示的意义如下：

2. سىنتېتىك فورما «-ۋەر-» «-ۋەر-» ياردەمچى پېئىل «بەر-» دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، «-ۋەر-/-ىۋەر-/-ۇۋەر-/-ۈۋەر-» قاتارلىق تۆت خىل شەكىلدە كېلىپ، تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

（1）强调行为动作不受任何干扰而持续进行。例如：

1) ئىش - ھەرىكەتنىڭ توسقۇنسىز داۋاملىشىشىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ كىتابىنى ئوقۇۋەردى.

他只管读自己的书。

ھېلىقى ئادەم مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋەردى.

那人一动不动地坐着。

ئاپتوبۇس چاقىنىڭ تېشىلىپ كەتكىنىگە قارىماي

ماڭىۋەردى.

尽管轮胎已破，汽车还是一直在走。

（2）表示行为动作多次重复进行。例如：

2) ئىش-ھەرىكەتنىڭ تۈزۈنغىچە، كۆپ قېتىم ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەمەت ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدۇ.

艾买提成天胡说八道。

ئۇ بۇرۇنقى ئۆيىدە ئولتۇرۇۋەردى.

他一直住在原来的房子里。

باھارگۈلنى ئىزدەۋەرسەڭ بولمايدۇ جۇمۇ.

听着，你不要总缠着巴哈尔古丽。

## 2.重复体的意义和用法

## 2. تەكرار تۈسىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

动词的重复体主要通过状态副动词结合«كەل-، بار-، تۇر-، ماڭ-» 等外部形态来表示。这些语法形态在表示重复体概括意义的同时，它们之间还存在着一些语法意义上的细微差别。

پېئىللارنىڭ تەكرار تۈسى ئاساسەن ئانالىتىك فورما «تۇر-، بار-، كەل-، ماڭ-»لارنىڭ ھالەت رەۋىشداشلىرى بىلەن بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ گراماتىك شەكىللەر ئورتاق ھالدا تەكرار تۈس مەنىسىنى ئىپادىلەش بىلەن تەڭ، گراماتىكىلىق مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا بەزىبىر ئىنچىكە پەرقلەرگىمۇ ئىگە.

1）外部形态

1. ئانالىتىك فورما «تۇر-»

（1）强调行为动作多次重复进行。例如：

1) ئىش-ھەرىكەتنىڭ كۆپ قېتىم تەكرار ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

بىرەر ئىش بولسا بىزگە خەۋەر قىلىپ تۇرۇڭ.

有什么事随时跟我们说一声。

ۋاقتىڭىز بولسا پات-پات كېلىپ تۇرۇڭ.

有时间您就常来。

ئۇ دوستىغا خەت يېزىپ تۇردى.

他常给朋友写信。

（2）表示行为动作的持续性。例如：

2) ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىزچىللىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قۇياش دېرىزىدىن ئالتۇن نۇر تۆكۈپ تۇراتتى.

太阳将金色的光芒洒进窗口。

يىگىت قىزغا تىكىلىپ تۇراتتى.

小伙子直盯着姑娘。

（3）表示行为动作的暂时性。例如：

3) ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاقىتلىق ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن كەلگۈچە مەشەدە ساقلاپ تۇر.

我回来之前请你在这等着我。

بۇ خەۋەرنى بالىنىڭ ئاپىسىغا ئېيتماي تۇر.

这消息先别告诉孩子的母亲。

مەن خەت يېزىپ تۇراي، ئىشىڭ بولسا تۈگىتىپ چىق.

我先写封信，你有事就先去办吧！

（2）外部形态 «بەر-/بار» 以،بار

两种形式出现，表示体的意义如下：

2. ئانالىتىك فورما «بار-» «بار-» «بار-/ بەر-» دېگەندەك ئىككى خىل شەكىلدە كېلىپ، تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

（1）强调行为动作不断地重复进行。例如：

1) ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە تەكرار ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

دورىڭنى كۈندە ئىچىپ بەر.

药要每天吃。

ئۇ ئاممىدىن كەلگەن خەت-چەكلەرنى كۆرۈپ باقماقتا.

他总是在阅读群众来信。

باشلىق ئىشلارنى جايى-جايىدا يۈرۈشتۈرۈپ بارماقتا.

领导办事总是有条有理。

（2）表示行为动作的深化和渐进性。例如：

2) ئىش-ھەرىكەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى ئۆسۈپ بېرىۋاتىدۇ

学生的水平越来越高。

كارخانىلارنىڭ كىرىمى كۆپىيىپ باردى.

企业的收入日益增多。

ئۇنىڭ نەپسى يوغىناپ باردى.

他的胃口越来越大了。

3）外部形态 «ماق ـ ، كەل ـ»

强调行为动作的重复完成。例如：

3. ئانالىتىك فورما «ماق ـ ، كەل ـ»

بۇ ئىككى ئانالىتىك فورما ئوخشاشلا ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تەكرار ئورۇندىلىنىشىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

دۆلەت بىزگە ياردەم بېرىپ كەلدى.

国家一直在扶持我们。

ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنى تەكرارلاپ ماڭدى.

他经常复习学过的东西。

ئەھەت ئەزەلدىن ماللىرىنى ئەرزان سېتىپ كەلگەن.

艾买提一贯买卖公平

ئۇ بۇ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تولۇق كۆرۈپ ماڭدى.

这部电视连续剧他一集没落全看了。

3.尝试体的意义和用法

3. سىناق تۈسىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

动词的尝试体主要借助于与状态副动词结合，表示尝试意义

的外部形态«باق –، كۆر –»来表示。

پېئىللارنىڭ سىناق تۈسى ئاساسەن ھالەت رەۋىش-
داشلىرى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، سىناق تۈسىنى ئىپا-
دە قىلىدىغان ئانالىتىك فورما «باق –، كۆر –»لەر ئار-
قىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

1）强调行为动作进行的尝试性。例如：

1. ئىش – ھەرىكەتنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ
بېرىلغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

مۇدىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باق، بارمىكىن.

你去一下主任家，看他在不在。

ئالدى بىلەن ئاياغنى كىيىپ كۆر، يارىسا ئال.

你先把鞋穿上试试，合适再买。

پۇتۇڭ ئاغرىسا، قۇمغا كۆمۈلۈپ باق.

你若腿痛不妨用埋沙疗法试试。

بۇ ئىشنى داداڭدىن سوراپ كۆر، شۇ بىلىشى
مۇمكىن.

这事你问一下你父亲，他可能知道。

2）以否定形式出现，表示从来没有出现过的行为动作。例如：

2. بولۇشسىز شەكىلدە كېلىپ، ئىش – ھەرىكەت-
نىڭ ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قىز بۇنچە ئېسىل سائەتنى تاقاپ باقمىغان.

姑娘还从未戴过这么高级的手表。

ئۇ بېيجىڭغا بېرىپ باقمىغان.

他从未去过北京。

بۇ زاۋۇت بۇنداق ستانوك ياساپ كۆرمىگەنىدى.

这个工厂从来没有制造过这种机床。

## 4.反身体的意义和用法

## 4. ئۆزلۈك تۈسىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

动词的反身体是由状态副动词结合助动词 ئال 演变而来的内部形态 ۋال 来表示。ۋال 表示体的意义如下：

پېئىللارنىڭ ئۆزلۈك تۈسى ھالەت رەۋىشدىشىغا «ئال-» ياردەمچى پېئىلنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان سىنتېتىك فورما «ۋال-» نى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. «ۋال-» تۈۋەندىكىدەك مەنىلەرگە ئىگە:

1）强调行为动作的结果趋于主体本身。例如：

1. ئىش-ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنىڭ سۇبيېكت تەرەپكە يۆزلىنىشىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئاسپىرانتورىيىدە ئوقۇپ، كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدى.

他在研究生班就读，学到了不少东西。

مەن بىر كىتاب سېتىۋالدىم.

我买了一本书。

ئۆيىڭىزنى كۆرۈۋالدىم، كېيىن كېلەي.

我认识你家的门了，以后再来吧。

（2）表示无意中突然发生的行为动作。例如：

.2 ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ كۈتۈلمىگەندە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بېشىمنى ئىشىككە ئۇرۇۋالدىم.

我的头撞到门上了。

ئېھتىيات قىلماستىن قولۇمنى كېسىۋالدىم.

我不小心割破了手。

كەچۈرۈڭ، پۇتىڭىزغا دەسسىۋالدىم.

对不起，踩着您脚了。

3）表示利用某种机会或便利条件所进行的行为动作。例如：

.3 ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەلۇم پۇرسەت ۋە قولايلىقتىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ يوق ۋاقتىمدا ئۆيگە كىرىۋالدى.

他趁我不在进了屋。

سەمەتنىڭ ئوغلى ئىشچى بولۇۋالدى.

赛买提的儿子当上工人了。

بۇ قىز خېلى ئوبدان لايىق تېپىۋالدى.

这姑娘竟然找上了一个很不错的对象。

（4）表示以某种伪装的身份或佯装的状态进行的行为动作。例如：

.4 ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ساختا سالاھىيەت بىلەن ياكى قەستەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ساقچى بولۇۋاپتۇ.

他装成警察的模样。

ئەركىن مۇئەللىمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىۋالدى.

艾尔肯装出一付没听到老师说话的样子。

بوۋاي قورسىقىنى تۇتۇپ ئاغرىق قىياپەتكە كىرىۋالدى.

老人捂着肚子，装出一付痛苦的样子。

5）表示为预防某种情况的出现或为某一件事做准备而进行的行为动作。例如：

5. ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ئەھۋالدىن ساقلىنىش ياكى مەلۇم ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنداشقا تەييارلىنىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار ئۆيگە كىرىپ جىم يېتىۋالدى.

他们进了屋就一声不吭地躺下了。

قىز چەبدەسلىك بىلەن يولنىڭ چېتىگە چىقىۋالدى.

姑娘急忙闪到了路边。

ماتېرىيالنى توپلىۋېلىپ يازايلى.

先把材料收集好再写吧。

6）表示为抵制某种行为而故意进行的动作。例如：

6. ئىش-ھەرىكەتنىڭ بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە ئەتەي توسقۇنلۇق قىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بالا ئۇلتۇرۇۋېلىپ تاماق يېگىلى ئۇنىمىدى.

小孩硬坐着不肯吃饭。

ئۇ يېتىۋېلىپ قوپقىلى ئۇنىمىدى.

他硬是赖在床上不肯起来。

ماشىنا يولنى توسۇۋېلىپ پىيادىلەرنى ئۆتكىلى قويمىدى.

汽车堵在路上不让行人过去。

## 5. 为他体的意义和用法

## 5. ئۆزگە تۈسنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

动词的为他体通过外部形态 بەر 来表示。«بەر-» 所表示体的意义如下：

پېئىللارنىڭ ئۆزگە تۈسى ئانالىتىك فورما«بەر-» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئانالىتىك فورما «بەر-» تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرگە ئىگە:

1）强调为他人他物进行的行为动作。例如：

1. ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئۆزگىلەر ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ماڭا لۇشەنگە بارىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتىدىن ئىككىنى ئېلىپ بەرسىڭىز.

请给我买两张去庐山的飞机票。

بۇ يەرگە ئىككى قۇر خاتىرە سۆزى يېزىپ بەرسىڭىز.

请在这里写上两行留作纪念的赠言吧。

توخۇلارغا چوڭراق بىر كاتەك سېلىپ بەردۇق.

我们为鸡盖了个较大的鸡窝。

2）强调从事某项有益于人或事物的行为动作。例如：

2. ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئادەم ۋە نەرسىلەرگە مەلۇم جەھەتتىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كۆپرەك يېزىپ بەر، قەلىمىڭ پىشىپ قالىدۇ.

多写一些，你的字会练出来的。

كۈندە يۈگۈرۈپ بەر، سالامەتلىكىڭگە پايدىسى بار.

你每天都跑跑步，这对你的身体健康有好处。

ھاۋا ئوچۇق بولۇپ بەرسە، چوقۇم بارىمىز.

如果天公作美，我们一定去。

### 6.瞬时体的意义和用法

### 6. تاسادىپىيلىق تۈسىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

动词的瞬时体通过内部形态 ۋەت - 和外部形态 تاشلا، سال 来表示。这些语法形式在表示瞬时体概括意义的同时，还存在着一些语法意义上的细微差别。

پېئىللارنىڭ تاسادىپىيلىق تۈسى سىنتېتىك فورما «- ۋەت -» ۋە ئانالىتىك فورما «سال -، تاشلا -» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ گرامماتىكىلىق شەكىللەر ئورتاق ھالدا تاسادىپىيلىق تۈس مەنىسىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، گرامماتىكىلىق مەنىلىرى جەھەتتە بەزى ئىنچىكە پەرقلەرگىمۇ ئىگە.

1）外部形态 «ـسال»

1. ئانالىتىك فورما «سال ـ»

（1）强调瞬息间无意完成的行为动作。例如：

1) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئۇقۇشماستىن تاسادىپىي ئورۇندالغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ھېلىقى گەپنى ئۇنىڭغا دەپ سالدىم.

我随口把那话告诉了他。

خاتىرىڭىزنى رۇخسەتسىز كۆرۈپ سالدىم، ئەپۇ قىلىڭ.

未经许可就看了您的日记，请原谅。

（2）表示迫不得已进行的行为动作。例如：

2) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئامالسىزلىقتىن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ دا يەنە دادامدىن پۇل سوراپ سالدىم.

这回我又向父亲要了钱、

ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە بېرىپ سالدىم.

我又找了他一次。

ئۇ دائىم كېچىككەچكە تەنقىدلەپ سالدىم.

他总是迟到，我不得不批评了他。

2）外部形态 «ـتاشلا»

2. ئانالىتىك فورما «تاشلا ـ»

表示不自觉地完成的行为动作。可与ـسال的第一义项交替使用、例如：

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاڭسىز ھالدا تاسادىپىي

ئېلىپ بېرىلىشىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ «-ۋال-» نىڭ بىرىنچى مەنىسى بىلەن ئوخشاش مەنە ئاڭلاتقاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئەھۋالنى يۇقىرىغا دوكلات قىلىپ تاشلاپتىمەن (ساپتىمەن).

我不知怎么就把这情况向上级汇报了。

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تاشلىدىم (سالدىم).

听了他的话我忍不住笑了。

ئۇ يەرگە بېرىپ تاشلاپتىمەن (ساپتىمەن).

我不知不觉到了那个地方。

3）内部形态：

3. سىنتېتىك فورما «-ۋەت-»

（1）强调行为动作完成的干脆、利落、果断。例如：

1) ئىش-ھەرىكەتنىڭ قەتئىي-كەسكىن تاماملانغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن:

باشلىق ئۇنى تىللىۋەتتى.

头儿把他狠狠骂了一顿。

ئۇ ھاراقنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

他端起酒杯一饮而尽。

قىز ئوبيېكتىنى تاشلىۋەتتى.

姑娘把自己的对象甩掉了。

（2）表示不由自主地迅速进行与完成的行为动作。例如：

2) ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىختىيارسىز تۇردە، ناھايىتى تېز ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن ئورۇندىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

سەمەت دوستىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ كۈلۈۋەتتى.

赛买提看到朋友这付模样，忍不住笑了。

ئۇ ئاسمانغا قارىغىنىچە ۋارقىراۋەتتى.

他仰望苍天禁不住大喊起来。

بالا ئانىسىنى كۆرۈپ، قولىدىكى پىچاقنى چۆرۈ-ۋەتتى.

孩子看到母亲，把手中的刀子扔掉了。

（3）强调行为动作完成的彻底性。例如：

3) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل تاماملى-نىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ گەپ پىلانىمنى بۇزۇۋەتتى.

这番话把我的计划全打乱了。

تاماق پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، نەگە بارساڭ بار.

交了饭钱，你爱上哪儿就上哪儿。

ماقالىنى پۈتتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن تېلېۋىزور كۆرۈڭ.

先把文章写完，你再看电视。

（4）表示行为动作程度的加深。例如：

4) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى-لىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھاراق گېلىمنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.

酒把我的嗓子都烧坏了。

دورا ئۇنىڭ ئىچىنى سۈرۈۋەتتى.

这药使他腹泻不止。

بۇ گەپ ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

这话使他精神大振。

## 7.完成体的意义和用法

## 7. پۈتكەن تۈسنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

动词的完成体通过外部形态 «قوي –، بول –، قال –» 来表示。这三种外部形态在表示完成体概括意义的同时，还存在着一些语法意义上的细微差别。

پېئىللارنىڭ پۈتكەن تۈسى «بول –، قوي –، قال –» قاتارلىق ئانالىتىك فورمىلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئۈچ ئانالىتىك فورما ئابستراكت پۈتكەن تۈس مەنىسىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە، گرامماتىكىلىق مەنىلىرى جەھەتتىن بەزىبىر ئىنچىكە پەرقلەرگىمۇ ئىگە.

«بول –»

强调行为动作达到的结果。例如：

ئىش – ھەرىكەتنىڭ مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدى.

他们完成了任务。

رەسسام رەسىمىنى سىزىپ بولدى.

画家把画儿画完了。

ئۆيدە بارى – يوقىنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ بولدى.

家中的一切都烧光了。

ستەيىن ـ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈركىي تىللار كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ بولدى.

斯坦因在新疆大学已取得了突厥语专业博士学位。

«2» قوي

（1）强调行为动作的进行与完成。例如：

1) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ۋە تاماملىنىشىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

سەن ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى بىلىپ قوي.

你要注意自己的身份。

باللارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويدۇق.

我们给孩子成了亲。

خەتنى يېزىپ قويدۇم.

信我写完了。

（2）表示为某种目的而进行的行为动作。例如：

2) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەلۇم مەقسەت بىلەن ئورۇندىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كېلەر ئاي ماگىزىنغا ياخشى سارجا كېلىدىكەن، تونۇش بىر پىركازچىكقا 150 يۈەن بېرىپ قويدۇم.

下个月商店要来高档毛料，我已给了一个熟悉的售货员一百五十块钱。

بۈگۈن ئۆيىڭنى كۆرۈپ قويدۇم، ئەتىگىچە ئىزدەپ بارارمەن.

今天认个门儿，明天我会找你去的。

چوكىنى پاكىز سۈرتۈپ قوي، مېھمان كېلىدۇ.

你把筷子擦干净，要来客人。

（3）表示漫不经心地进行的行为动作。例如：

3) ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئېتىبارسىز ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئابدۇرۇپ كۈلۈپ قويۇپ، جاۋاپ بەرمىدى.

阿不都鲁甫笑了一下，没作答。

يىگىت قاراپ قويۇپ، بېشىنى يەنە تۆۋەن سېلىۋالدى.

小伙子看了一眼，又低下了头。

ئۇ سەل يېزىپ قويۇپ، توختىۋالدى.

他漫不经心地写了片刻，又停了下来。

（4）表示行为动作进行得比较勉强。例如：

4) ئىش-ھەرىكەتنىڭ كۆڭۈلشىمەستىن مۇنداقچىلا ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن بەزىدە يۈگۈرۈپ قويىمەن.

我偶尔也跑跑步。

لەغمەن بولسا ئازراق يەپ قوياي.

有拉面，来点儿也行。

ئۇ تىك-تاك توپىنى ئاز-پاز ئويناپ قويىدۇ.

他偶尔玩玩乒乓球。

3. قال-

（1）强调行为动作进入某一种状态。例如：

1) ئىش-ھەرىكەتنىڭ تاماملىنىش ھالىتىگە ئۆتكەنلىكىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالدى.

他已把过去的事忘了。

مەمەت خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالدى.

买买提失去了工作。

ئۇ يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى.

他躺下就睡着了。

تاماق سەل پۇراپ قېپتۇ، تۆكۈۋېتەيلى.

饭已有点味儿了，倒了吧。

ئىشمۇ پۈتۈپ قالدى.

事儿也基本结束了。

（2）表示情不自尽地进行的行为动作。例如：

2) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئىختىيارسىز ئېلىپ بېرىلـ غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

他爱上这姑娘了。

بوۋاي ھەسەن ـ ھۈسەنگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

老人望着彩虹出神儿。

ياش بالا نېمە قىلارىنى بىلمەي قېتىپ قالدى.

年轻人目瞪口呆，不知所措。

（3）强调行为动作的突然性或瞬时性。例如：

3) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تۇيۇقسىز ۋە تاسادىپىي يۈز بەرگەنلىكىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جىغلا قىلىپ قالدى.

听到这消息，我的心一下揪了起来。

بالىسى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئانا ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى.

听到有关孩子的消息，母亲坐卧不安。

ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، غىتقىدە بولۇپ قالدىم.

看见他这种举动，我感到一阵恶心。

（4）表示行为动作存在的偶然性。例如：

4) ئىش - ھەرىكەتنىڭ تاسادىپىي ھالدا بىرلا قېتىم يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنى نەدىدۇر كۆرۈپ قالغاندىم.

我像是在哪儿见过他一面。

يېتەكچىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغاندىم.

我听说领导要来。

سىزنىڭكىدەك ئاياغنى بازاردا ئۇچرىتىپ قالغاندىم.

你这种鞋我在街上见过。

## 8.进行体的意义和用法

## 8. جەريان تۈسىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

动词的进行体通过外部形态 «چىق - ، ئوت - ، يەت -» 来表示。这些语法形式在表示进行体概括意义的同时，还存在一些语法意义上的细微差别。

پېئىللارنىڭ جەريان تۈسى ئانالىتىك فورما «يەت - ،

ئۆت ـ، چىق ـ »لار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ گرامماتىكىلىق شەكىللەر ئورتاق ھالدا ئابستراكت جەريان تۈس مەنىسىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، گراممماتىكىلىق مەنىلىرى جەھەتتە بەزى پەرقلەرگىمۇ ئىگە.

يەت ـ

（1）强调行为动作达到某种程度或结果所需的过程。例如：

1) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەلۇم دەرىجە ۋە نەتىجىگە ئېرىشىش جەريانىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈپ يەتتى.

他看清了问题的本质。

ئىنژېنېر نەدىن چاتاق چىققانلىقىنى ئاخىرى ئويلاپ يەتتى.

工程师终于琢磨出了问题出在哪里。

يىگىت دادىسى ئېيتقان سۆزلەرنىڭ نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلىپ يەتكەندە، ئاللىقاچان كېچىككەن ئىدى.

等小伙子明白了父亲说话的用意时，已为时太晚了。

（2）与状态副动词 بېرىپ 连用，表示行为动作发展到某种程度。例如：

2) ھالەت رەۋىشدىشى «بېرىپ» بىلەن بىرىكىپ كېلىپ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار دادىسىنى تونۇمىغاندەك دەرىجىگە بېرىپ يەتتى.

她们已经变得连自己的父亲都不认了。

ئۇنىڭ قولى ھۆكۈمەتكىچە بېرىپ يەتتى.

他的手伸得太长，已经到了政府。

ئىش تەرەققىي قىلىپ ئاشۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىپتۇ، ئامال قانچە دەيسىز؟

事情已到了这个地步，还有什么办法?

ئۆت-

2.与表示“演讲”语义的副动词连用，强调语言行为完成的过程。例如：

نۇتۇق پائالىيىتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشداشلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، نۇتۇق پائالىيىتىنىڭ جەريانىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

باياناتىمىز دۆلىتىمىزنىڭ مەيدانىنى شەرھلەپ ئۆتتى.

我方发言人阐明了我国的立场。

ئۇ ئۆز ئويىنى دەپ ئۆتتى.

他说出了自己的想法。

ئوقۇتقۇچى قىيىن نۇقتىلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

教师解释了难点。

«چىق -»

1）表示经过较长时间从头至尾认真完成的行为动作。例如：

1) ئىش-ھەرىكەتنىڭ بىرقەدەر ئۇزۇن ۋاقىت

ئىچىدە باشتىن ـ ئاخىر ئەستايىدىل ئورۇندىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ماقالىنى باشتىن ـ ئاخىر كۆرۈپ چىقتى.

他把文章从头至尾看了一遍。

پروفېسسور يېڭى كۆزىتىش ئەسۋابى ياساپ چىقتى.

教授制成了新式观察仪。

ئىشچىلار بىراك ماللارنى ئايرىپ چىقتى.

工人把废品分拣了出来。

2）表示涉及全部客体的行为动作。例如：

2) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتنىڭ ھەممىسىگە بىرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار تامنى سۈرتۈپ چىقتى.

他们把墙清扫了一遍。

ساقچىلار ئۆينى بىر ئاختۇرۇپ چىقىپمۇ، گۇمانلىق بىرەر نەرسىنى تاپالمىدى.

警察把屋子搜遍了也没找到什么可疑的东西。

ئۇ ھەممەيلەننى تىللاپ چىقتى.

他把所有的人都骂过来了。

## 第九节 系 动 词

## 9 ـ پاراگراف باغلامچى پېئىل

### 一、系动词的概念

1 · باغلامچى پېئىللار ھەققىدە چۈشەنچە

联系主语与静词性谓语，表示判断的语法意义的动词称做系动词。例如：

ئىگە بىلەن تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك خەۋەرنى باغلاپ، ھۆكۈمنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار باغلامچى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەنۋەرنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى ئىكەن.

听说艾尼瓦尔的学习好。

ئادىل ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانىكەن.

阿地力曾在大学学过。

ئۇ بۇلتۇر مەكتىپىمىزگە كېلىپ ئىككى ئاي بىلىم ئاشۇرغانىدى.

去年他到我们学校进修过两个月。

تۇردىنىڭ ئۆيى بۇرۇن ئۈرۈمچىدە ئىدى.

吐尔迪的家以前在乌鲁木齐。

ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى يوقمىش.

据说他没有父母。

قاسىملار ئەتىلا يولغا چىقارمىش.

听说哈斯木他们明天就要出发了。

بىلىمنىڭ كۈچ-قۇدرىتى چەكسىزدۇر.

知识的力量是无穷的。

سەن ھازىر كىچىك بالا ئەمەسسەن.

你现在已经不是小孩儿了。

系动词具有下列语法特征：

باغلامچى پېئىللارنىڭ گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

تۆۋەندىكىچە:

1.系动词只有语法意义，没有词汇意义，不能单独使用，通常只能与静词或静词性动词连用。例如：

1. باغلامچى پېئىللار پەقەت گراماتىكىلىق مەنىنىلا بىلدۈرىدۇ، لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرمەيدۇ، مۇستەقىل قوللىنىلمايدۇ. ئادەتتە تۈرغۇن سۆز ۋە تۈرغۇن سۆز خاراكتېرىدىكى پېئىللار بىلەن بىرىكتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن:

مەن بۇرۇن تىل تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانىدىم.

我从前从事过语言研究工作。

ئۇ مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەنىكەن.

他做过教员。

ئاڭلىشىمچە ئۇ يىگىرمە يىللىق ئىشچى ئىمىش.

据说他是有二十年工令的工人。

2.系动词与静词结合构成谓语，给谓语赋予人称、数、时等语法意义。例如：

2. باغلامچى پېئىللار تۈرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، بىرىككەن خەۋەرنى تەشكىل قىلىپ، خەۋەرگە شەخس، سان، زامان قاتارلىق گراماتىكىلىق مەنىلەرنى يۈكلەيدۇ.

مەسىلەن:

سىز ئۇنىڭ مۇئەللىمى ئىكەنسىز-دە.

您原来是他的老师。

مەن شىنجاڭ داشۆنىڭ ئوقۇتقۇچىسىمەن.

我是新疆大学的教师。

ئۇ خەنزۇچىغا ئۇستىمىش.

听说他精通汉语。

قۇربان بۇرۇن دوكتۇر ئىدى.

库尔班从前是个大博士。

## 二、系动词的分类

### 2. باغلامچى پېئىلنىڭ تۈرلىرى

根据系动词形态变化和语法功能的不同特点，可将其分为判断系动词、变态系动词和引语系动词三类。

باغلامچى پېئىللارنى ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى ۋە گراماتىكىلىق رولىغا ئاساسەن، ھۆكۈم باغلامچى پېئىلى، ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىلى ۋە كۆچۈرمە باغلامچى پېئىلى دېگەندەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1.判断系动词

#### 1. ھۆكۈم باغلامچى پېئىلى

凡是与静词或静词性动词结合，构成名词性谓语的系动词称做判断系动词。维语的判断系动词“«ئى»”。（是）来源于古代突厥语动词“«ئەر-»”。

تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆز خاراكتېرىدىكى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، ئىسىم خاراكتېرلىك خەۋەر ھاسىل قىلىدىغان باغلامچى پېئىللار ھۆكۈم باغلامچى پېئىلى

دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆكۈم باغلامچى پېئىلى «ئى»
قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى «ئەر» دىن كەلگەن.

根据判断系动词的语法特点，又可将其分为人称形式判断系动词和静词性形式判断系动词两种。

ھۆكۈم باغلامچى پېئىللىرىنى گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، شەخسلىك باغلامچى پېئىل ۋە تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك شەخسسىز ھۆكۈم باغلامچى پېئىل دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1.人称形式判断系动词

1. شەخسلىك باغلامچى پېئىللار

人称形式判断系动词有式、时、人称、数的变化。其变化形式列表如下：

شەخسلىك باغلامچى پېئىللار راي، زامان، شەخس، سان قاتارلىقلار بىلەن تۈرلىنىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

| شەخس | شەخس | | | | شەخس | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بىرلىك كۆپلۈك | | ئاددىي تۈر | | ھۆرمەت تۈرى | كۆپلۈك | بىرلىك | | |
| | كۆپلۈك | كۆپلۈك | بىرلىك | بىرلىك | | | | |
| دۇر | لادسلار | سىلەر | سەن | سىز | مىز | مەن | ھازىرقى زامان | بەلگىلىك بايان رايى |
| ئىدى | ئىدىلار | قىدىڭلار | ئىدىڭ | ئىدىڭىز | ئىدۇق | ئىدىم | ئۆتكەن زامان | |
| ئىكەن | ئىكەنلا | ئىكەنسىلەر | ئىكەنسەن | ئىكەنسىز | ئىكەنمىز | ئىكەنمەن | ۋاقىتلىق بايان رايى | |
| دەك | دەكلا | دەكسىلە | دەكسەن | دەكسىز | دەكمىز | دەكمەن | | گۇمان بايان رايى |
| ئىمىش | ئىمىش | ئىمىشسىلەر | ئىمىشسەن | ئىمىشسىز | ئىمىشمىز | ئىمىشمەن | | |

## 2.人称形式判断系动词的意义和用法

2. شەخسلىك ھۆكۈم باغلامچى پېئىللىرىنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى:

1) ئىدى

1）ئىدى 与存现过去时结合，表示对过去曾经发生的行为动作的判断，与存现过去时连写。例如：

(1) مەۋجۇت ئۆتكەن زامان بىلەن بىرىكىپ، يۈز بېرىپ بولغان ھەرىكەتكە بولغان ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنى قەشقەردە كۆرگەنىدىم.

我曾在喀什见过他。

سادىق شاڭخەيگە بارغانىدى.

沙得克曾到过上海。

مۇندىن بەش يىل بۇرۇن مەن غۇلجىدا ئىشلىگەنىدىم.

五年前，我曾在伊犁工作。

2）ئىدى 与动词条件式结合，并不强调过去时态概念，只表示加重条件的语气。例如：

(2) شەرت رايىدىكى پېئىللار بىلەن بىرىككەندە ئۆتكەن زامان ئۇقۇمىنى بىلدۈرمەي كۈچلۈك ئارزۇنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاكام قايتىپ كەلسە ئىدى، مەن سىلەر بىلەن بىللە باراتتىم.

如果我哥哥回来的话，我就同你们一起去了。

ئىشىمىز بۇگۈنلا تۈگىسە ئىدى، قالتىس ياخشى بولاتتى.

我们的事儿，要是今天办完，该多好啊！

3）ئىدى 与名词、代词、形容词和数词结合，表示对某种事物或情况的叙述。例如：

(3) ئىسىم، ئالماش، سۈپەت ۋە سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، بىرەر شەيئى ياكى ئەھۋال توغرىسىدىكى بايانىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە، ئۇ تېخى بىر كىچىك بالا ئىدى.

我刚来这儿时，他还是个小孩子哩！

مەن ئاخشام يولدا ئۇچراتقان كىشى مۇشۇ ئىدى.

昨晚我在路上碰见的人就是这位。

بايا سىز خەت يازغان قەلەم مېنىڭ ئىدى.

刚才你写信用的钢笔本来是我的。

مەندىمۇ مۇشۇنداق بىر لۇغەت بار ئىدى، سەمەت سوراپ ئېلىپ كەتتى.

我原来也有这样一本辞典，让赛买提借走啦。

ئۇ ماتېرىيال بىزگە بەك لازىم ئىدى.

我们特别需要那份材料。

ئەكبەر بۈگۈنلا قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى.

艾克拜尔应当是今天回来。

مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بۇرۇن ئىككى مىڭ ئىدى. بۇ يىل يەنە بەش يۈز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

我校的学生人数原来是两千，今年又招了五百。

ئىشخانىمىزنىڭ چېلەكى ئۈچ ئىدى، بىرىنى ئوقۇ-
غۇچىلار ئارىيەت ئېلىپ كەتتى.

我们办公室的水桶原来是三个，一个让学生借走了。

ئىكەن

（1）ئىكەن 与形动词结合，表示含糊不肯定的语气，或者表示说话者以前不知道，事后才知道某种情况或行为动作早已发生。例如：

(1) سۈپەتداشلار بىلەن بىرىكىپ ئېنىقسىز-
لىق ئىنتونانسىيىنى بىلدۈرىدۇ ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ
مەلۇم ئەھۋال ياكى ھەرىكەتنىڭ بولغانلىقىدىن بۇرۇن
خەۋەرسىزلىكى كېيىن خەۋەر تاپقانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.
مەسىلەن:

داۋۇت زاۋۇتتا بىرنەچچە يىل ئىشچى بولۇپ
ئىشلىگەنىكەن.

据说达吾提在工厂当过几年工人。

مەن مۇشۇ مەكتەپكە كەلگىنىمدە، ئۇنىڭ ئىنى-
سىمۇ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقانىكەن.

我来到这个学校时，他的弟弟也在本校中文系学习。

（2）ئىكەن 与动词的条件式结合，表示一种渴求的愿望。例如：

(2) «ئىكەن» شەرت رايىدىكى پېئىللار بىلەن بىرى-
كىپ، كۈچلۈك ئارزۇنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇزۇندىن بۇيان مۇشۇ كىنونى يەنە

بىر كۆرسەم ئىكەن دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، بۈگۈن ئاخىر كۆردۈم.

很久以来我一直想再看一次这部电影，今天总算看上了。

ئوقۇش بۇرۇنراق باشلانسا ئىكەن.

早一点儿开学该多好啊！

（3） ئىكەن 与名词、数词和形容词结合，表示将自己亲眼看见的或者是把别人告诉过自己的某种事情叙述给对方。例如：

(3) ئىسىم، سانلار ۋە سۈپەت بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، ئۆزى كۆرگەن ياكى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىشلارنى قارشى تەرەپكە بايان قىلىپ بېرىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈن مېنى ئىزدەپ كەلگەن تاھىر ئەمەس، سادىر ئىكەن.

昨天来找我的原来不是塔依尔，而是沙得尔。

ئۇنىڭ ئۆيى ئۈرۈمچىدە ئىكەن.

他的家就在乌鲁木齐。

ئايشەمنىڭ ئۆگىنىشى سىنىپ بويىچە ئەڭ ياخشى ئىكەن.

阿衣夏木的学习是全班最好的。

بۇ قېتىم كەلگەن ئوقۇغۇچى ئاتمىش ئەمەس، يەتمىش ئىكەن.

这次来的学生不是六十名，而是七十名。

ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئىمتىھان نەتىجىسى 95 ئىكەن.

他这次的考试成绩是九十五分。

3) ئىمىش

8) ئىمىش 与静词、静词性动词结合，表示含糊不肯定或讽刺、蔑视等语气。例如：

ئىمىش تۇرغۇن سۆزلەر، تۇرغۇن سۆز خاراكتېرىدىكى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، ئېنىقسىزلىق ياكى كىنايە قىلىش، كەمسىتىش ئىنتوناتسىيىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ تاغدا دورا ئۆسۈملۈكلىرى كۆپمىش.

据说这个山上草药很多。

سەمەت ئاكىنىڭ بالىسى بەشمىش.

听说赛买提大哥有五个孩子。

ئۇ بىلگەننى باشقىلار بىلمەسمىش.

似乎只有他懂，别人都不懂。

ئۇ كىشى داشۆنىڭ ئوقۇتقۇچىسىمىش.

他是大学教师呢。

4) دەك

4）与静词或静词性动词结合，表示说话者转述自己间接得知不确切的信息。例如：

تۇرغۇن سۆز ۋە تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك پېئىل بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزى ۋاستىلىك ئىگە بولغان ئېنىقسىز ئۇچۇرنى باشقىلارغا بايان قىلىپ بېرىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاڭلىشىمچە سىز ناخشىغا ناھايىتى ئۇستىدەكسىز.

听说你唱歌非常好。

ئۇ ئەتە ماڭغۇدەك.

据说他明天走。

بۇ رومان بەك ياخشىدەك.

这本小说写得很不错。

«دۇر - تۇر»

主要与名词及其他静词结合，表示加强肯定的语气。例如：

5) «دۇر - تۇر»

ئاساسلىقى ئىسىم ۋە باشقا تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ ھۆكۈمنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئىتتىپاقلىق كۈچتۇر.

团结就是力量。

بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىز كوممۇنىزم قۇرۇشتۇر.

我们的最终目的就是要建设共产主义。

ۋەتەننى قوغداش ھەر بىر پۇقرانىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر.

保卫祖国是每一个公民的神圣职责。

«سىلەر، مىز، سىز، سەن، مەن»

6）与名词、数词、形容词结合，表示对主体的判断。例如：

6) «مەن، سەن، سىز، مىز، سىلەر» ئىسىم، سان، سۈپەتلەر بىلەن بىرىكىپ، سۇبيېكتقا بولغان ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

مەن سىزنىڭ ئاسپىرانتىڭىزمەن.

我是您的研究生。

بىز تېخى ياشمىز.

我们还年轻。

3.静词性形式判断系动词

3. تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك شەخسسىز ھۆكۈم باغلامچى پېيىلى

判断系动词的静词性形式只有两个：«ئىكەنلىك» 和 «ئەمەس»

تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك شەخسسىز ھۆكۈم باغلامچى پېيىلى «ئىكەنلىك» «ئەمەس» دېگەندەك ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئىكەنلىك

1）主要用来把判断句变成名词性词组，充当句子的一个成分。原判断句的主语变成带有领属格的定语，而 ئىكەنلىك 要缀接与主语相应的领属人称词尾。例如：

«ئىكەنلىك» ھۆكۈم جۈملىلەرنى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىگە ئايلاندۇرۇپ، جۈملىدە سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئەسلى ھۆكۈم جۈملىنىڭ ئىگىسى ئىگىلىك كېلىشلىك ئېنىقلىغۇچىغا ئۆزگىرىدۇ. «ئىكەنلىك» نىڭ ئارقىسىغا مۇناسىپ شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

سىزنىڭ تىرىشچان ئىكەنلىكىڭىز ھەممىمىزگە مەلۇم.

(سىز تىرىشچان)

我们都知道你很用功。

ئۇنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ (ئۇ يامان)

你不知道他很厉害吗？

مەن ئۇلارنىڭ قۇۋ ئىكەنلىكىنى ئالىلىقاچان بىلگەنمەن.

(ئۇلار قۇۋ)

我早就知道他们很狡猾。

مېنىڭ قازاق ئەمەس ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟

(مەن قازاق ئەمەس)

你怎么知道我不是哈萨克

2) ئەمەس

2）是静词性判断系动词的否定形式，称其为否定系词。它是由系动词，“«ئەر»”缀接“«مەس»”构成。否定系动词“«ئەمەس»”不具备系动词的各种变化形式，可以在简略句中单独运用。一般与各类静词结合作谓语，有时也可以充当定语。例如：

«ئەمەس» ھۆكۈم باغلامچى پېئىلىنىڭ بولۇشسىز شەكلىدۇر. ئۇ ئادەتتە بولۇشسىز باغلامچى پېئىل دېيىلىدۇ. ئۇ باغلامچى پېئىل «ئەر» گە «مەس» نى قوشۇشتىن شەكىللەنگەن بولۇپ، باغلامچى پېئىللارغا خاس تۈرلىنىش شەكىللىرىگە ئىگە ئەمەس، قىسقارتىلما جۈملىدە مۇستەقىل قوللىنىلىدۇ. ئادەتتە تۈرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ خەۋەر بولىدۇ، بەزىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپمۇ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

بۇ شورپا مېنىڭكى ئەمەس.

这肉汤不是我的。

كۆزى ياخشى ئەمەس ساۋاقداشلار يېقىنراق

视力不好的同学请坐近一点儿。

ئويلاپ كەپ قىل، كىچىك بالا ئەمەسسەن.

想好再说，你不是小孩子。

بۇ كىتاب مېنىڭ ئەمەستەك قىلىدۇ.

这本书好象不是我的。

سائىتىڭىز مەندە ئەمەس دىلداردا.

你的手表不在我这里，在迪力达尔那里。

2.变态系动词

2. ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىل

与静词词组结合，构成动词性词组且具有人称数、时、态等形态变化，在句中失去其固有的词汇意义，只起语法关系作用，这类动词做变态系动词。维语中常见的变态系动词有：«بول – كەل – چىق – قىل –» 等。变态系动词跟其他类系动词相比，虽然具有动词的形态变化，但不能单独使用，只有与静词或词组结合，组成变态系动词结构后，才能作句子成分。例如：

تۈرغۈن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىپ، پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدىغان، پېئىللارنىڭ شەخس، سان، زامان، دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى يوقىتىپ، پەقەت گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىل دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «بول، قىل، چىق، كەل» قاتارلىقلار كۆپ ئۇچرايدىغان

ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىللاردىن ھېسابلىنىدۇ. باشقا باغلامچى پېئىللارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىللار ئادەتتە ئادەتتىكى پېئىللاردەك تۈرلىنىش شەكلىگە ئىگە، ئەمما ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىللار مۇستەقىل قوللىنىلمايدۇ. پەقەت تۈرغۇن سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىسى بىلەن بىللە ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىل بىرىكمىسىنى تەشكىل قىلغاندىلا، ئاندىن جۈملە بۆلىكى بولالايدۇ.

مەسىلەن:

ئۇ ئاياغ سىزگە چوڭ كېلىدۇ.

那鞋你穿上，可能大一点儿。

جاپپار ئۇنىڭ ئاكىسى بولىدۇ.

加帕尔是他的哥哥。

ئۇ مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنمىگەندەك قىلىدۇ.

他好象没听懂我的话。

بۇ سېۋەتتىكى ئالما 30 كىلودەك چىقىدۇ.

这筐里的苹果约重30公斤。

تىببىي شۆيۈەن بىلەن شىنجاڭ داشۆسىنىڭ ئارىلىقى

ئون كىلومېتىر كېلىدۇ.

从医学院到新疆大学间隔10公里。

变态系动词的意义和用法

ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىلنىڭ مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى

1.变态系动词“«كەل»”和“«چىق»” 与数量词结合，表示数量或数据。例如：

1. «كەل، چىق» ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىللىرى

سان مىقدارلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، سان ياكى سانلىق مەلۇماتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 17 مېتىر كېلىدۇ.

这座塔高十七米。

بۇ تاغاردىكى گۈرۈچ 75 كىلو چىقتى.

这袋大米有75公斤。

مەن ئۇلارنى سانىۋىدىم، 35 چىقتى.

我数了一下，共有35个。

يېنىمدىكى پۇلنى سانىسام، 90 يۈەن چىقتى.

我数了一下口袋里的钱，共有九十元。

ئالغان گۆشىڭىز ئاران 15 كىلو كەلدى.

你买的肉，只有十五公斤。

2.变态系动词“«بول»”与静词结合，使语气委婉，有时还表示具有某种特征之义。例如：

2. ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىل «بول» تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، ئىنتوناتسىيىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، بەزىدە مەلۇم ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش مەنىسىنىمۇ ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ خېنىم زاۋۇت باشلىقىنىڭ كاتىپى بولىدۇ.

那位女士是厂长的秘书。

ئانار دوختۇر بولدى.

阿娜尔当了医生。

سىز بايا كۆرۈشكەن كىشى، بىزنىڭ مۇئەللىم بولىدۇ.

你刚碰见的那一位，是我们的老师。

3.变态系动词“«قىل»”与静词结合，表示使某人某物具有某种特征之义。例如：

3. «قىل» ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىل تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، ئادەم ۋە شەيئىلەرنى مەلۇم ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىش مەنىلىرىنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار بالىسىنى كىنو ئارتىسى قىلىپ يېتىشتۈرمەكچى.

他们想把孩子培养成一位电影演员。

مەملىكىتىمىزنى زامانىۋى مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى!

把我们的国家建设成一个现代化的国家。

4.变态系动词“«كەل»”与静词结合，表示主体的特征。例如：

4. ئۆزگەرتمە باغلامچى پېئىل «كەل» تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، سۇبيېكتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئالتاينىڭ ھاۋاسى سوغۇق كېلىدۇ.

阿勒泰的气候寒冷。

سىزنى بويى ئېگىز كەلگەن بىرسى ئىزدەپ كەپتۇ.

有一位高个子的人找你来了

ياۋروپالىقلارنىڭ كۆزى كۆك كېلىدۇ.

一般来说，欧洲人眼睛都比较兰。

**3.引语系动词**

3. كۆچۈرمە باغلامچى پېئىل

引语系动词有“«دە»”和“«دېيىل»”两种形式，它们还保留着动词的固有词义和语法意义，其功能在于引出引语。例如：

«دە، دېيىل» كۆچۈرمە باغلامچى پېئىللىرى ئۆزىنىڭ مەنىلىرى ۋە ئادەتتىكى پېئىللارنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان. ئۇ ئادەتتە كۆچۈرمە گەپلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش رولىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار بالىسىنى بارمىسۇن دەيدۇ.

他们不让孩子去。

ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، جۇغراپىيە ۋە بىئولوگىيە— تەبىئىي پەن دەپ ئاتىلىدۇ.

数学、物理、化学、地理、生物等学科称为自然科学。

تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى شىمالىي شىنجاڭ، جەنۇبى جەنۇبىي شىنجاڭ دېيىلىدۇ.

天山以北称为北疆，以南称为南疆。

بۇ خىل تاش ئۇيغۇر تىلىدا گۆھەر دېيىلىدۇ.

在维吾尔语里，这种石头叫做宝石。

مەن سىزنى دەپ كەلسەم، كېتىپ قاپسىز.

我来找你，你早就走了。

قۇربان سىزنى ئەتە كېلىندۇ دەيدۇ.

库尔班说你明天来。

بۇنداق كېسەل مېدىتسىنادا «راك كېسىلى» دېيىلىدۇ.

这种病医学上称做“癌症”。

# 第九章 توققۇزىنچى باب

## 副 词 رەۋىش

### 一、副词概述

### 1. رەۋىش ھەققىدە ئومۇمىي بايان

副词是在句中用来修饰、限制动词和形容词的词，表示行为动作、状态、方式、时间、地点或事物性质的程度等意义。例如：

جۈملىدە پېئىل، سۈپەت قاتارلىقلارنى ئىنقىلاپ، چەكلەپ كېلىپ ھەرىكەتنىڭ ھالىتى، ئۇسۇلى، ۋاقتى، ئورنى ياكى شەيئى خاراكتېرىنىڭ دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| نەقەدەر (何等) | جەزمەن (一定) |
| دەرھال (马上) | مۇتلەق (绝对) |
| پىيادە (步行) | پەقەت (根本) |
| بىللە (一齐) | زادى (到底) |
| دائىم (经常) | ھەمىشە (经常) |
| ھامان (总是) | پۈتۈنلەي (全部) |
| ئىنتايىن (很) | سەل (稍微) |
| تامامەن (全部) | |

## 二、副词的语法特征

## 2. رەۋىشنىڭ گراممانتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1.只能修饰动词和形容词。

1. پېئىل، سۈپەتلەرنىلا ئېنىقلاپ كېلەلەيدۇ.

2.有些非派生副词具有形容词比较级的变化形式。

2. بەزى ئەسلى رەۋىش سۈپەتكە ئوخشاش سېلىشتۇرما دەرىجە بىلەن تۈرلىنىدۇ.

3.在句中充当状语，一般不能单独回答问题。
例如：

3. جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلەلەيدۇ. ئادەتتە مۇستەقىل ھالدا سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن:

بىز مۇئەللىمىمىزنى دائىم يوقلاپ تۇرىمىز.

我们常去看望老师。

قادىر ناھايىتى تېز قايتىپ كەلدى.

哈德尔很快就回来了。

سىز ئەتە بالدۇرراق كېلىڭ، مۇھىم ئىش بار.

你明天早点来，有要事。

گېپىڭىزنى چوقۇم ئۇنتۇمايمەن.

我一定记住您的话。

## 第一节　副词的种类

## 1-پاراگراف رەۋىشنىڭ تۈرلىرى

根据副词所表示的语义和语法功能，可以分为以下五类。

رەۋىشلەرنى مەنىسى ۋە گراماتىكىلىق رولىغا ئاساسەن بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 一、情态副词

### 1. ھالەت رەۋىشلىرى

用来表示行为动作的状态和方式方法的副词，称做情态副词。在句中回答«قانداق؟»，«قانداق قىلىپ؟»，«قانداق»，«قانداق بوسۇندا؟»，«قانداقچە؟»，«رەۋىشتە»，«قانداق ھالدا؟»答问语。例如：

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھالىتى ۋە ئۇسۇل-چارىسىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ھالەت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ھالەت رەۋىشلىرى جۈملىدە «قانداق»، «قانداق قىلىپ»، «قانداقچە»، «قانداق يوسۇندا»، «قانداق رەۋىشتە»، «قانداق ھالدا» قاتارلىق سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار شەھەردىن پىيادە قايتىپ كەلدى.

他们从城里步行回来了。

بىز ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ مۇڭداشتۇق.

我们很随便地聊了聊。

ھاۋا توساتتىن ئۆزگىرىپ كەتتى،

天气突然变了。

常见的情态副词有：

كۆپ ئۇچرايدىغان ھالەت رەۋىشلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئەستايىدىل（认真地） ئالدىراپ - تېنەپ（急急忙忙）

پىيادە（步行） ئۇشتۇمتۇت（突然）

بىللە（一齐） قەستەن（故意）

بىرلىكتە（共同） توساتتىن（骤然）

ئاران（勉强） ئالايىتەن（特意地）

بىردىنلا（突然） ئالىمادىس（万一）

ئارامخۇدا（安闲地） بەخۇدۇك（随便地）

ئىزچىل（一贯地） بەجانىدىل（全心全意地）

## 二、时间副词

## 2. ۋاقىت رەۋىشلىرى

用来表示行为动作的时间的副词，称做时间副词。它在句中回答“«قاچان؟»”等问语。例如：

ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ۋاقىت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ۋاقىت رەۋىشلىرى جۈملىدە «قاچان؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

مەكتەپتە دائىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈ-

ۋلۇپ تۇرىدۇ.

学校经常举行学术讨论会。

ئۇلار ھېلى كەلدى، ئەتىگىچە مۇشۇ يەردە تۇرماقچى.

他们刚来，要在这里呆到明天。

ئاۋۋال ئويلا، ئاندىن سۆزلە.

想好再讲。

维语里表示时间的副词较多，常见的有。

ئۇيغۇر تىلىدا ۋاقىت رەۋىشلىرى بىرقەدەر كۆپ دائىم ئۇچرايدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| ئاۋۋال（首先） | تېخى（尚，还） |
| ئالدىن（事先） | گاھىدا（有时） |
| بايا（刚才） | بەزىدە（有时） |
| ئادەتتە（平时） | بالدۇر（早） |
| ئەمدى（现在） | مەڭگۈ（永远） |
| ھېلى（刚才、就要） | ۋاقىتنچە（暂时） |
| ئەبەدىي（永远） | ھەمىشە（经常） |
| دەرھال（马上） | ئاندا ـ ساندا（间或） |
| دائىم（经常、常常） | شۇئان（立刻） |
| ھامان（总是） | |

## 三、程度副词

## 3. دەرىجە رەۋىشلىرى

用来表示行为动作或事物性质程度的副词，称做程度副词。

它在句中回答“«قانداق؟»”等问题。例如：

ئىش ـ ھەرىكەت ياكى شەيئىلەر خاراكتېرىنىڭ دەرىـ جىسىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر دەرىجە رەۋىشلىرى دېيىلىـ دۇ. دەرىجە رەۋىشلىرى جۈملىدە «قانداق» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ خەتنى بەك چىرايلىق يازىدۇ.

他的字写得很漂亮。

بىزنىڭ سىنىپىمىزدا تۇرسۇننىڭ ئۆگىنىشى ئەڭ ياخشى.

在我们班，吐尔逊的学习最好。

مۇۋەپپەقىيەتنى تېزرەك قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلىشىمىز لازىم.

为了早点取得成功，我们应更加努力地工作。

يامغۇر ئانچە ـ مۇنچە يېغىپ تۇرىدۇ.

偶而下几点雨。

常见的程度副词有：

كۆپ ئۇچرايدىغان دەرىجە رەۋىشلىرى تۆۋەندىكىچە:

ناھايىتى （很）

ئىنتايىن （非常）

بەك （十分）

ئەڭ （最）

تېخىمۇ （更加）

خويمۇ （太、格外）

راسا （太、狠狠地）

خېلى （相当）

بەكمۇ （格外）

ئاجايىپ （非常）

سەل （略微、一点）

پۈتۈنلەي （全部）

تامامەن （完全）

يەنە （又）

ئانچە ـ مۇنچە （多少）

## 四、肯定副词

## 4. بولۇشلۇق رەۋىشلەر

表示对行为动作加以肯定或否定的副词，称做肯定副词。在句中起强调作用。例如：

ئىش-ھەرىكەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ياكى ئىنكار قىلىش مەنىسىدە كېلىدىغان رەۋىشلەر بولۇشلۇق رەۋىشلىرى دېيىلىدۇ. بولۇشلۇق رەۋىشلىرى جۈملىدە تەكىتلەش رولىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

سۇلتان ئەتە جەزمەن كېلىدۇ.

苏里唐明天肯定要来。

بىز ئۇنىڭ پىكرىگە ئەلۋەتتە قوشۇلىمىز.

我们当然同意他的意见。

سىز ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ، ئەگەر ئۆيدىكىلەر بىلىپ قالسا چوقۇم خاپا بولىدۇ.

你千万别这样做，要是家里人知道了，一定会生气的。

常见的肯定副词有：

كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇشلۇق رەۋىشلىرى تۆۋەندىكىچە:

چوقۇم（一定）　جەزمەن（肯定）

پەقەت（根本）　ھەرگىز（根本、绝对）

ئەسلا（绝对）　ئەلۋەتتە（一定、当然）

مۇتلەق（绝对）　قەتئىي（坚决）

## 五、语气副词

## 5. ئىملىق رەۋىشلىرى

带有主观评价与个人感情色彩的副词，称做语气副词。例如：

سۇبيېكتىپ باھا ۋە كىشىلەرنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان رەۋىشلەر ئىملىق رەۋىشلىرى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەگەر بىز بۈگۈنكى ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىنى كۆرۈۋالساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى!

要是我们能看上今天的排球赛那该多好啊！

سەن زادى بارامسەن-يوق؟

你到底是去不去吗？

ئاۋارە بولما، سەمەت بۇ قېتىمقى يىغىنغا بەربىر قاتناشمايدۇ.

你不用忙了，反正赛买提是不会参加这次会议的。

和其他副词相比，语气副词的数量较少。常见的语气副词有以下几个：

باشقا رەۋىشلەرگە قارىغاندا ئىملىق رەۋىشلىرىنىڭ سانى نىسبەتەن ئاز بولۇپ، كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| نېمىدېگەن（多么、何其） | تەخمىنەن（大约） |
| بەربىر（反正） | بەلكىم（恐怕） |

ئېھتىمال (也许、大概)　　　نەقەدەر (何等)

زادى (究竟、到底)

## 六、方位副词

## 6. ئورۇن رەۋىشلىرى

表示行为动作趋向的副词、称为方位副词。此种词只有几个。例如：

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىش ئورۇن رەۋىشى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل سۆزلەردىن پەقەت بىرقانچىسىلا بار. مەسىلەن:

ئىچكىرى ـ تاشقىرى (里面——外面)

نېرى ـ بېرى (在那边——在这边)

يولداشلار، نېرى تۇرۇڭلار.

同志们请站开点；

تالادا تۇرماي، ئىچكىرى كىرىڭلار.

不要站在外边，往里走。

قاسىم، سىز بېرى كېلىڭ.

哈斯木，你到这儿来。

## 第二节　副词的级

## 2-پاراگراف رەۋىشلەرنىڭ دەرىجىسى

副词的级不太丰富，它只有原级和比较级两种变化形式。

رەۋىشلەرنىڭ دەرىجىسى كۆپ ئەمەس، ئۇلار پەقەت ئەسلى دەرىجە ۋە سېلىشتۇرما دەرىجىدىن ئىبارەت ئىككى خىل دەرىجە شەكلىگە ئىگە.

副词词干本身就是原级，即是说副词的原级是零形词尾。副词的比较级是通过副词词干缀接 " راق / - رەك " 词尾构成，与形容词的比较级的语法形式相同。例如：

رەۋىش ئۆزەكلىرى ئەسلى دەرىجىنى ئىپادىلەيدۇ، يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، رەۋىشلەرنىڭ ئەسلى دەرىجىسى، نۆل بەلگىلىك بولىدۇ.

رەۋىشلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى رەۋىش ئۆزەكلىرىگە -راق/-رەك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. رەۋىشلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجە قوشۇمچىسى سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## 第三节　副词与形容词以及时间副词与时间名词的区别

## 3 - پاراگراف رەۋىشلەر بىلەن سۈپەتلەرنىڭ، ۋاقىت رەۋىشلىرى بىلەن ۋاقىت ئىسىملىرىنىڭ پەرقى

在维语中，副词和形容词都可以用来修饰、限制动词，时间副词和时间名词都可以表示行为动作发生的时间，而且在句中又都能充当状语，因此在副词与形容词之间，时间副词和时间名词之间就存在着一个划界问题。

ئۇيغۇر تىلىدا رەۋىشلەرمۇ، سۈپەتلەرمۇ پېئىلنى ئېنىقلاپ ۋە چەكلەپ كېلەلەيدۇ، ۋاقىت رەۋىشلىرى بىلەن ۋاقىت ئىسىملىرىمۇ ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ھالەتلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، شۇڭا رەۋىش بىلەن سۈپەت، ۋاقىت رەۋىشلىرى بىلەن ۋاقىت ئىسىملىرىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 一、副词与形容词的区别

## 1. رەۋىش بىلەن سۈپەتنىڭ پەرقى

1.虽说形容词和副词都有“级”的范畴，但副词在级的变化上不如形容词那么丰富，副词只有原级和比较级。

1. سۈپەت ۋە رەۋىشلەر ئوخشاشلا دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە بولسىمۇ، رەۋىشلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى سۈپەتلەرنىڭكىدەك مول ئەمەس، ئۇ پەقەت ئەسلى دەرىجە ۋە سېلىشتۇرما دەرىجە بىلەنلا تۈرلىنىدۇ.

2.形容词能修饰名词、动词，在句中可充当定语、谓语、状语等句子成分。而副词只能修饰动词和形容词。在句中充当状语。

2. سۈپەتلەر ئىسىم ۋە پېئىللارنى ئېنىقلاپ كېلىپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى، خەۋەر، ھالەت بولۇپ كېلەلەيدۇ، رەۋىشلەر بولسا پېئىل، سۈپەتلەرنىلا ئېنىقلاپ كېلىپ، جۈملىدە ھالەتلىك ۋەزىپىسىنىلا ئۆتەيدۇ.

3.形容词一般有实在的词汇意义，能单独回答问题；副词虽

有实在的词汇意义，但一般不能单独回答问题。

3. سۈپەتلەر ئادەتتە مەلۇم لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بو-
لۇپ، سوئاللارغا مۇستەقىل جاۋاب بولۇپ كېلەلەيدۇ؛ رەۋىش-
لەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بولسىمۇ، سوئاللارغا مۇستەقىل
جاۋاب بولۇپ كېلەلمەيدۇ.

## 二、时间副词和时间名词的区别

## 2. ۋاقىت رەۋىشلىرى بىلەن ۋاقىت ئىسىملىرىنىڭ پەرقى

1.具有名词的领属人称、数和格变化的词是时间名词，反之是时间副词。

1. ۋاقىت ئىسىملىرى ئىسىملارنىڭ شەخس، كېلىش،
سان قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنەلەيدۇ، ۋاقىت رەۋىشلىرى
بولسا ئۇنداق ئەمەس.

2.时间名词可以受形容词、形动词、名词、数词的修饰，时间副词则不能。

2. ۋاقىت ئىسىملىرى سۈپەت، سۈپەتداش، ئىسىم ۋە
سانلار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ كېلەلەيدۇ، ۋاقىت رەۋىشلى-
رى بولسا ئۇنداق ئەمەس.

3.所有的时间名词都可以作主语或谓语，时间副词却不能。

3. ۋاقىت ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسىلا جۈملىنىڭ ئىگىسى
ۋە خەۋىرى بولۇپ كېلەلەيدۇ، ۋاقىت رەۋىشلىرى بولسا
ئۇنداق ئەمەس.

# 第 十 章  ئونىنچى باب

# 摹 拟 词  تەقلىدىي سۆزلەر

## 第一节 摹拟词概述

## 1- پاراگراف تەقلىدىي سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 一、摹拟词的概念

### 1. تەقلىدىي سۆزلەر ھەققىدە چۈشەنچە

用来摹拟行为或事物的声音以及摹拟各种状态和人体感受的词叫摹拟词。它是比较特殊的一类实词。摹拟词的表意作用是能使语言表示更加生动、形象，给人以如闻其声，如临其境的感觉。例如。

ئىش-ھەرىكەت ياكى شەيئىلەرنىڭ ئاۋازلىرىغا، ھەر خىل ھالەت ۋە قىياپەتلەرگە شۇنىڭدەك بەدەن ئەزالىرىنىڭ سەزگۈلىرىگە تەقلىد قىلىشتىن شەكىللەنگەن سۆزلەر تەقلىدىي سۆزلەر دېيىلىدۇ. تەقلىدىي سۆزلەر ئالاھىدە بىر تۈرلۈك مۇستەقىل سۆزلەردۇر، ئۇلار تىلنى جانلىق، ئوبرازلىق تۈسكە كىرگۈزۈپ، كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىق ئوبرازلارنى نامايان قىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 轰隆轰隆（炮声、雷声、爆炸声） | گۇلدۇر ـ گۇلدۇر |
| 丁铃铃（电话铃声、车铃声） | جىرىڭ ـ جىرىڭ |
| 扑腾扑腾（心跳声、脚步声） | گۈپ ـ گۈپ |
| 呼噜（打呼声） | خور ـ خور |
| 滴答滴答（手表声） | چىك ـ چىك |
| 滴滴答答（钟表声） | چىك ـ چاك |
| 哗哗（流水声） | شار ـ شار |
| 呼呼（风声） | گۈر ـ گۈر |
| 呼呼（枪声） | تاك ـ تۇك، پاك ـ پۇك |
| 哐啷（东西碰撞） | تاراق ـ تۇرۇق |
| 沙沙（树叶响声） | شىلدىر ـ شىلدىر |
| 嗖嗖（枪弹声） | ۋىژ ـ ۋىژ |
| 嗒嗒（马蹄声） | دۈكۈر ـ دۈكۈر، دۈپۈر ـ دۈپۈر |
| 嗞嗞（血水滴在火星里的作响声） | پىژ ـ پىژ |
| 哇哇（婴儿哭声） | ئىڭگە ـ ئىڭگە |
| 一闪一闪地（灯光或星星） | پال ـ پال، پال ـ پۇل |
| 一跳一跳地（疼痛或脉膊的感觉） | لوق ـ لوق |
| 针扎似地疼 | زىڭ ـ زىڭ |
| 眼发光的样子 | ئىمىر ـ چىمىر |
| 发抖的样子 | دىر ـ دىر |
| 焦急的样子 | تىت ـ تىت |

## 二、摹拟词的语法特征

## 2. تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1.具有较强的构词能力。例如：

1. سۆز ياساش قابىلىيىتى نىسبەتەن كۈچلۈك. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| مۆ (牛叫) + رە — مۆرە- | 牛叫 |
| ھاڭ (驴叫) + را — ھاڭرا- | 驴叫 |
| خور (呼噜) + ئۇلدا — خورۇلدا- | 打呼 |
| غىژ (呼哧声) + ئىلدا — غىژىلدا- | 喘气 |
| ۋىچىر (叽喳声) + لا — ۋىچىرلا- | 叽叽喳喳 |
| جاراڭ (叮当声) + لىق — جاراڭلىق | 响亮的、浊的 |
| چىپ (喀嚓) + لا — چىپلا | 嚓地一声 |
| شار (哗哗) + رىدە — شاررىدە | 哗地一声 |
| شاراق (叮当) + قىدە — شاراققىدە | 哐啷一声 |
| گۈلدۈر + ماما (轰隆隆) — گۈلدۈرماما | 雷声 |

2.有名词人称、数、格的变化。例如：

2. ئىسىملارنىڭ شەخس، سان، كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنەلەيدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ھارۋىنىڭ جالاق-جۇلۇقى | 车子的叮铃当啷声 |
| يامغۇرنىڭ شار-شۇرلىرى | 雨的哗哗声 |

亲切的铃声　　يېقىملىق جىرىڭ-جىرىڭلار

天翻地覆　　يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرمەك

别吵　　تاراق-تۇرۇقنى توختاتماق

讨厌吵闹　　ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن بىزار بولماق

3.有些词有比较级的变化形式。例如：

3.بەزى سۆزلەر سېلىشتۇرما دەرىجە بىلەن تۈرلىنەلەيدۇ. مەسىلەن:

比较啰嗦的人　　ۋات-ۋاتراق ئادەم

唠唠叨叨的老太婆　　كوت-كوتراق موماي

慢慢腾腾的女人　　مىس-مىسراق خوتۇن

褴褛的衣衫　　جۇل-جۇلراق كىيىم

较松软的土地　　لۆم-لۆمرەك يەر

4.在句中主要作状语，也可以充当主语、谓语、宾语、定语等。例如：

4. جۈملىدە ئاساسەن ھالەت بولۇپ كېلىدۇ، بەزىدە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئۆتىيەلەيدۇ. مەسىلەن:

بالا ۋار-ۋۇر يىغلاپ كەتتى. (ھالەت)

小孩哇哇地哭起来了。

قازان ۋاراق-ۋۇرۇق قايناپ كەتتى. (ھالەت)

锅咕嘟咕嘟地开了。

چالغا ئىنتايىن ئىتتىك بولغاچقا، بۇغداينى شارت-شۇرت ئورماقتا ئىدى. (ھالەت)

扇镰特别快，把麦子唰唰地割下来了。

ئادەملەر ئارىسىدا ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋۇپ كەتتى.(ئىگە)

人群中喧闹声越来越高。

زالدا ئادەم مىغ-مىغ.(خەۋەر)

礼堂里人挤得满满的。

ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك.(خەۋەر)

做贼心虚。

ئىشچىلار بۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئاڭلاپ دۈپۈرلەشىپ كىرىپ كەلدى.(تولدۇرغۇچى)

工人们听到这些嚷嚷声，前呼后拥地进了房子。

ئۈنئالغۇدىكى غىژ-غىژنى ئاڭلىدىڭمۇ؟(تولدۇرغۇچى)

你听到录音机里的"嗞嗞"声了吗？

ئۇ تازا بىر ۋات-ۋات ئادەم ئىكەن!(ئېنىقلىغۇچى)

他是一个特别爱叨叨的人。

## 第二节　摹拟词的种类

## 2-پاراگراف تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

维语的摹拟词可以从语法形式和表示的语义两方面进行分类。

ئۇيغۇر تىلىدىكى تەقلىدىي سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق شەكلى ۋە بىلدۈرگەن مەنىلىرىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 一、按语法形式分类

## 1. گرامماتىكىلىق شەكلىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

维语的摹拟词从语法形式上分有单一式和复合式两种。

ئۇيغۇر تىلىدىكى تەقلىدىي سۆزلەر گرامماتىكىلىق شەكلىگە ئاساسەن تاق تەقلىدىي سۆزلەر ۋە قوشما تەقلىدىي سۆزلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1.单一式摹拟词：是由一个词素单独组成的摹拟词。例如：

1. تاق تەقلىدىي سۆزلەر، بىرلا مورفېمىدىن تەركىب تاپقان تەقلىدىي سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 当（钟声） | داڭ |
| 咕嘟（喝水声） | غۇرت |
| 嚓（停车声） | چىپلا |
| 噔噔（脚步声） | گۈرس |
| 哇哇（哭声） | ۋار |
| 喀嚓 | تارس |
| 忽地一下 | لىپ |

2.复合式摹拟词：是由两个词素组合起来构成的摹拟词。维语的摹拟词大多数都是复合式。复合式摹拟词又可分为重叠式、谐音式和对偶式三种。

2. قوشما تەقلىدىي سۆزلەر ئىككى مورفېمىدىن تەركىب تاپقان تەقلىدىي سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى

تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇ خىلدىكى تەقلىدىي سۆزلەردىن بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. قوشما تەقلىدىي سۆزلەر تەكرار قوشما تەقلىدىي سۆزلەر، گارمونىيىلىك قوشما تەقلىدىي سۆزلەر ۋە جۈپ قوشما تەقلىدىي سۆزلەر دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن:

（1）重叠式摹拟词：即由两个完全相同的词素重叠而成的摹拟词。例如：

1) تەكرار قوشما تەقلىدىي سۆزلەر ئوخشاش بىر سۆزنىڭ ئەينەن تەكرارلىنىشىدىن شەكىللەنگەن تەقلىدىي سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 叮铃叮铃（各种铃声） | جىرىڭ ـ جىرىڭ |
| 嘎吱嘎吱 | غىچىر ـ غىچىر |
| 发抖的样子 | دىر ـ دىر |
| 淅淅沥沥 | سىم ـ سىم |
| 啁啾、叽叽喳喳 | ۋىچىر ـ ۋىچىر |
| 咕嘟咕嘟（漱口声） | غار ـ غار |

（2）谐音式摹拟词，由两个词素构成，后一个词素同前一个词素在语音上相似或相近，这种摹拟词称作谐音式摹拟词。例如：

2) گارمونىيىلىك قوشما تەقلىدىي سۆزلەر: بۇ خىل تەقلىدىي سۆزلەر ئىككى مورفېمىدىن تۈزۈلىدۇ، كېيىنكى مورفېما بىلەن ئالدىنقى مورفېما فونېتىكىلىق شەكىل جەھەتتىن ئوخشاشراق ياكى يېقىن بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 叽里咕噜 | كالدۇر ـ كۇلدۇر |
| 嘀嘀咕咕 | كاس ـ كۇس |

哐啷（门窗响声） جالاق ـ جۇلۇق

丁零当啷 تاراڭ ـ تۇرۇڭ

狗的狂叫声音 غار ـ غۇر

闪闪烁烁 پار ـ پۇر

3）对偶式摹拟词，由两个互不相同的词素组合而成的摹拟词称作对偶式摹拟词。这种形式的摹拟词较少。例如：

3) جۈپ قوشما تەقلىدىي سۆزلەر، ئۆزئارا ئوخشاشمايدىغان ئىككى مورفېمىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن تەقلىدىي سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق تەقلىدىي سۆزلەر ئازراق. مەسىلەن:

呻吟声 ئاھ ـ زار

叮铃当啷声 گۇلدۇر ـ تاراق

哐啷声 گۇلدۇر ـ غالاپ

## 二、按语义分类

## 2. مەنىسىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

维语的摹拟词按其所表示的不同意义可分为摹拟声音的、摹拟状态的和摹拟人体感受的三类。

ئۇيغۇر تىلىدىكى تەقلىدىي سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىلىرىگە ئاساسەن، ئاۋاز تەقلىدلىرى، ھالەت تەقلىدلىرى ۋە سېزىم تەقلىدلىرى دېگەندەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1.摹拟各种声音的摹拟词，它包括以下几种：

1. ئاۋاز تەقلىدلىرى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىللا

بۆلۈنىدۇ:

## 1）人的声音

## 1) ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرى

| | |
|---|---|
| 叽叽咕咕 | پىچىر - پىچىر |
| 哈哈哈（笑声） | ها - ها - ها |
| 哇哇（婴儿哭声） | ئىڭە - ئىڭە |
| 呻唤声 | ئاھ - ۋاھ |
| 咯痰声 | خارت - خۇرت |
| 呼呼（呼噜声） | خور - خور |
| 哇哇（哭声） | ۋار - ۋار |
| 呕吐声 | ھۆ |
| 呼噜呼噜（吃汤饭的声音） | خولوپ - خولوپ |
| 吵吵嚷嚷 | ۋاراڭ - چۇرۇڭ |
| 嘈杂声 | ۋاڭ - چۇڭ |
| 叽里咕噜 | كالدىر - كۇلدۇر |
| 嘀嘀咕咕 | كۇس - كۇس، كۇسۇر - كۇسۇر |
| 嘟嘟囔囔 | گۇدۇڭ - گۇدۇڭ |
| 咕噜（肚子响声） | غۇلدۇر - غۇلدۇر |
| 突突，怦怦（心跳声） | گۇپ - گۇپ، دۇپ - دۇپ، پوك - پوك |
| 哈哈（比较乱的笑声） | پاراق - پاراق |
| 嘿嘿（笑声） | خىر - خىر، پىخ - پىخ |
| 微笑声 | ۋىلىق - ۋىلىق |
| 唧唧咕咕 | شىۋىر - شىۋىر |

| | |
|---|---|
| 吵吵嚷嚷 | غىژ - غىژ |
| 唠唠叨叨 | غوت - غوت |
| 吆喝声 | هايت - هۇيت |
| 噗 | پۇۋ |
| 呼哧呼哧（喘气声） | پۇش - پۇش |
| 嚎啕声 | هۆڭ |
| 咳嗽声 | ئۆهۆ |
| 咕嘟咕嘟（漱口声） | غار - هار |
| 吧哒（吃饭快发出的声音） | شالاپ - شۇلۇپ |
| 噔噔（脚步声） | تاقىر - تۇقۇر |
| 沙沙（脚步声） | شىپ - شىپ |

2）动物的叫声

2) هايۋانلارنىڭ ئاۋازلىرى

| | |
|---|---|
| 咩咩（羊叫声） | مه - مه |
| 哞哞（牛叫声） | مۆ - مۆ |
| 嗥啰（驴叫声） | هاڭ - هاڭ |
| 汪汪（狗叫声） | هاۋ - هاۋ |
| 咪咪（猫叫声） | مىياۋ - مىياۋ |
| 叽叽（小鸡叫声） | چىك - چىك |
| 啁啾（鸟叫声） | ۋىچىر - ۋىچىر |
| 呜呜（狗的狂叫声音） | غار - غۇر |
| 呜呜（狗咬架时发出的声音） | غاژ - غۇژ |
| 嗡嗡（蚊子叫声） | غىڭ - غىڭ |

嗡嗡（苍蝇叫声） غۇڭ - غۇڭ، گىڭ - گىڭ

喔喔喔（公鸡叫声） قى - قى - قى

嘎嘎（鹅叫声） غاق - غاق

知、知（蝉鸣声） چىر - چىر

8）自然现象的声音

3) تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئاۋازلىرى

呼呼（风声） گۇر - گۇر، غۇر - غۇر

哗哗（大雨声） شار - شار، شار - شۇر

唰唰、淅淅沥沥（雨声） سىم - سىم

滴滴答答（雨声） چىپ - چىپ

轰隆隆（雷声） گۈلدۈر - گۈلدۈر

淙淙（流水声） شىلدىر - شىلدىر

咕嘟咕嘟（水开的声音） پىتىق - پىتىق، پوروق - پوروق

噼噼啪啪（柴燃烧发出的声音） پاراس - پۇرۇس، پىژ - پىژ

4）物体的碰击声、磨擦声及其它声音

4) نەرسىلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇلغان ياكى سۈركەلگەندە چىقارغان ئاۋازلىرى ۋە باشقا ئاۋازلار:

当当（钟声） داڭ - داڭ

嚓嚓（炒菜声） گاژ - گۇژ

嚓嚓（刮东西声） گارت - گۇرت

丁零当啷 گۈلدۈر - تاراق

哐啷 گۈلدۈر - غالاپ

丁零当啷 جالدۇر - جۇلدۇر

| | |
|---|---|
| 丁当 | جاراڭ - جۇرۇڭ |
| 里里啪啦（撕布或纸的声音） | جاق - جۇق |
| 喀嚓（刀切东西的声音） | چۇرت |
| 嘎吱嘎吱 | غىچىر - غىچىر |
| 咕嘟嘟（从口较小的器皿中倒水的声音） | بۇلدۇق - بۇلدۇق |
| 里啪啦（耳光声） | چاڭ - چۇڭ، چارس - چۇرس، پالاق - پۇلۇق |
| 啪（拍打声） | پاق - پاق، پاق - پۇق |
| 乒乒、砰砰（枪声） | پاڭ - پۇڭ |
| 扑腾 | پولتوڭ - پولتوڭ |
| 刺溜 | غىرت |
| 辘辘声 | غىلدىر - غىلدىر |
| 咕嘟 | غۇرت |
| 哐啷（门窗响声） | جالاق - جۇلۇق |
| 乓乓、咚咚 | توكۇر - توكۇر |
| 哒哒哒（枪声） | تات - تات - تات |
| 砰砰（敲门声） | تاك - تاك |
| 哐当 | تاراق - تۇرۇق، تاق - تۇق |
| 哗啦哗啦 | شاراق - شاراق، شاراق - شۇرۇق |
| 唰唰(割草声) | شارت - شۇرت |

2.摹拟各种状态和方式的

2. ھالەت تەقلىدلىرى:

| | |
|---|---|
| 摇摇晃晃状 | لىك - لىك |

| | |
|---|---|
| 歪歪倒倒的样子 | دەلدەڭ ـ دەلدەڭ |
| 发抖的样子 | غال ـ غال، دىر ـ دىر |
| 闪闪 | پال ـ پال، پال ـ پۇل |
| 一闪一闪 | ۋال ـ ۋۇل، يالت ـ يۇلت |
| 纷纷扬扬、忽闪忽闪 | لەپ ـ لەپ، لاپ ـ لۇپ |
| 火快灭的样子 | پىل ـ پىل، لىپ ـ لىپ، ۋىل ـ ۋىل |
| 破破烂烂的样子 | ساڭگىل ـ سۇڭگۇل، جۇل ـ جۇل |
| 一颠一颠的（骆驼走路的样子） | لوك ـ لوك |
| 很快地 | شاق ـ شۇق |
| 惊恐状 | دەككە ـ دۈككە |
| 影影绰绰 | خىرە ـ شىرە |
| 隐约 | غىل ـ پال |
| 湿漉漉的 | چىلىق ـ چىلىق |
| 晃动状 | پولدۇرۇڭ ـ پولدۇرۇڭ |
| 密密麻麻 | مىجىر ـ مىجىر |
| 含含糊糊 | مىكى ـ مىكى |
| 软绵绵的、胖乎乎的 | مىلىق ـ مىلىق |
| 发粘的 | مىچ ـ مىچ |
| 粘糊的 | مىس ـ مىس |
| 眨巴眼的样子 | مىت ـ مىت |
| 熙熙攘攘 | مىخ ـ مىخ، مىژ ـ مىژ |
| 软软的 | لۆم ـ لۆم |
| 发楞的样子 | هاڭ ـ تاڭ |

| | |
|---|---|
| 匆匆忙忙的样子 | هاپىلا - ھاپىلا |
| 匆匆忙忙 | ئوپۇل - توپۇل |
| 忙乱 | ئوپۇر - توپۇر |

3.摹拟人体感受的：

3. سېزىم تەقلىدلىرى:

| | |
|---|---|
| 针扎似地疼 | زىلق - زىلق |
| 轻微地痛 | چىم - چىم |
| 一跳一跳地疼 | لوق - لوق |
| 恐惧感 | جىغ - جىغ |
| 模模糊糊的感觉 | ئىمىر - چىمىر |

# 第十一章　后置词

# ئون بىرىنچى، باب تىركەلمە

## 第一节　后置词概述

## 1- پاراگراف تىركەلمە ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 一、后置词的概念

### 1. تىركەلمە ھەققىدە چۈشەنچە

置于静词或静词性结构之后，指出或进一步确定静词或静词性结构在句中的句法功能的虚词叫后置词。

维语中出现频率较高的后置词有：

تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك سۆزلەر- نىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى سىن- تاكسىسلىق رولىنى كۆرسىتىپ ياكى يەنىمۇ ئېنىقلاپ بېرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر تىركەلمە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا كۆرۈلۈش چاستوتىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان تىركەلمىلەر تۆۋەندىكىچە:

بىلەن （同，和，跟）　　ئارقىلىق （通过，用）

ئۈچۈن （为了）　　بويىچە （按照，照）

توغرۇلۇق （关于，有关）　　توغرىسىدا （有关）

ھەققىدە （关于有关）　　ھەقتە 有关

| | | | |
|---|---|---|---|
| ھەققىنكى | 关于 | قارىتا | （对，对于） |
| نىسبەتەن | （相比） | ئائىت | （关于） |
| تەرىپىدىن | （被） | كۆرە | （与其…不如） |
| ئىتىبارەن | （以来） | باشقا | （除外，以外） |
| تارتىپ | （…开始） | ئىبارەت | （总之） |
| قارىماستىن | （不顾） | قەدەر | （…为止） |

## 二、后置词的语法特征

## 2. تىركەلمىلەرنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1.维语的虚词一般不能与语气词结合，但后置词后一般可以缀接语气词。例如：

1. ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەر ئادەتتە ئىملىق سۆزلەر بىلەن بىرىكمەيدۇ، ئەمما تىركەلمىلەردىن كېيىن ئادەتتە ئىملىق سۆزلەرنى قوشۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

他不但讲了学习问题，还讲了有关生活的问题。

ئۇ ئۆگىنىش توغرىسىدىلا ئەمەس، تۇرمۇش توغرىسىدىمۇ سۆزلىدى.

阿米娜荣获全校女子跳水冠军，但在自治区范围内成绩会怎样呢？

ئامىنە قىزلارنىڭ سۇغا سەكرەش مۇسابىقىسىدە مەكتەپ بويىچىغۇ چىمپىيون بولغان، ئەمدى ئاپتونوم رايون بويىچە قانداق بولاركىن.

你对他的意见可真不少，对我呢？

ئۇنىڭغا قارىتاغۇ پىكىرىڭىز كۆپ ئىكەن، ماڭا قارىتاچۇ؟

2.一般虚词没有形态化变，但有些后置词后可以缀接形容词比较级的词尾«-راق/-رەك»发生形态变化。例如：

2. ئادەتتىكى ياردەمچى سۆزلەر مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشكە ئىگە ئەمەس، ئەمما تىركەلمىلەرنىڭ ئارقىسىغا سۈپەتنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەتىدىن-كەچكىچە يات خەقنىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈرگىنىڭدىن مەن ئۈچۈنرەك ئىشلىگىنىڭ تۈزۈكمىكىن.

与其一天到晚给别人干事还不如给我干点什么好呢

ئۇنىڭ پىكىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ماڭا قارىتاراق ئېيتىلغاندەك قىلىدۇ.

(他提的意见好象大部分都是针对我的。)

ئوغلۇم، ھازىرچە ھەر ئىش قىلساڭ، ئاكاڭ ئارقىلىقراق قىلىپ تۇرغىن.

孩子，现在办任何事最好通过你哥哥去办好吗？

3.有的后置词可以缀接«-دەك/-تەك»词尾。例如：

3. بەزى تىركەلمىلەرگە «-دەك/-تەك» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرى دادىسى ئۈچۈندەك قىلىدۇ (تۇرىدۇ).

他做的这一切好象都是为了他的父亲。

ئۇنىڭ يېقىندا نەشر قىلدۇرغان ئەسىرى تۈركىي تىل-

لارنىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىغا ئائىتتەك تۇرىدۇ.

他最近出版的那本书好象是有关突厥历史比较语言学方面的。

4.后置词在句中要求其前面的词或词组具有格的变化形式。例如：

4. تىركەلمىلەر ئۆز ئالدىغا كەلگەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەلۇم كېلىشتە كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 从这儿开始 | بۇنىڭدىن تارتىپ |
| 为了正义 | ھەققانىيەت ئۈچۈن |
| 与你相比 | ساڭا نىسبەتەن |
| 有关教育学的 | پېداگوگىكىغا ئائىت |

5.后置词在句中不能单独使用，只有与前面的词或词组组成后置词结构，才能充当句子成分。例如：

5. تىركەلمىلەر جۈملىدە مۇستەقىل قوللىنىلمايدۇ، پەقەت ئالدىدىكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن تىركەلمە قۇرۇلمىسى ھاسىل قىلغاندىلا ئاندىن جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

بىز پايتەختتىن ئايروپىلان بىلەن كەلدۇق. (ھالەت)

我们乘飞机从首都来。

ئۇ تىنچلىق مەسىلىسى ھەققىدە سۆزلىدى. (ھالەت)

他讲了和平问题。

سەن ئېيتقان ئىشقا نىسبەتەن باشقا پىكرىم يوق. (ھالەت)

对你说的这件事我没有什么意见。

## 第二节　后置词的分类

## 2. پاراگراف تىركەلمىنىڭ تۈرلىرى

1. 根据后置词支配格的不同可将后置词分为以下三种。

1. بىرىكىدىغان كېلىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تىركەلمىلەرنى ئۈچكە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) 支配主格的后置词

1) باش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەر بىلەن بىرىكىدىغانلىرى

بىلەن （以用）　　ئارقىلىق （通过）

ئۈچۈن （为了）　　بويىچە （按照）

توغرىسىدا （关于）　　توغرۇلۇق （关于）

ھەققىدە 关于　　ھەقتە （有关）

تەرىپىدىن （被……）　　قاتارلىق （等等）

2) 支配向格的后置词

2) يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەر بىلەن بىرىكىدىغانلىرى

قارىتا （对）　　نىسبەتەن （针对…）

قارىغاندا （根据）　　قەدەر （……为止）

بىنائەن （根据）　　ئاساسەن （根据）

ئائىت （有关）　　دائىر （有关）

ئالاقىدار （有关）　　قارىماستىن （不顾…）

3) 支配从格的后置词

3) چىقىش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەر بىلەن بىرىكىدىغانلىرى

بېرى (从……以来) بۇيان (从……以来)

ئېتىبارەن (从……以来) كۆرە (与其……)

تارتىپ (从……起) باشلاپ (从……开始)

ئىبارەت (总之是)

2.根据后置词所表示的语义特征可将后置词分为以下十种。

2. تىركەلمىلەرنى ئىپادىلىگەن مەنىلىرىگە ئاساسەن ئون تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1)表示动作行为的工具或手段的后置词：

1) ئىش-ھەرىكەتنىڭ قورالى ياكى ۋاسىتىسىنى بىلدۈرىدىغان تىركەلمىلەر:

ئارقىلىق (通过) بىلەن (用，以)

2)表示动作行为涉及的内容范围的后置词：

2) ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى بىلدۈرىدىغان تىركەلمىلەر

توغرۇلۇق (关于) توغرىسىدا (关于) ھەققىدە (关于)

ھەققىدە (关于) قارىتا (对于)

ئائىت (有关) دائىر (有关)

3)表示动作行为起始时间和地点的后置词：

3) ئىش-ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ۋە ئورنىنى بىلدۈرىدىغان تىركەلمىلەر:

بېرى (从……以来) بۇيان (从……以来)

ئېتىباەن (从…以来) تارتىپ (从……起)

باشلاپ (从……开始) …

4) 表示比较的后置词：

4) سېلىشتۇرۇشنى بىلدۈرىدىغان تىركەلمىلەر

كۆرە (与其) نىسبەتەن (针对) قارىغاندا (根据)

5) 表示行为依据的后置词：

5) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىنى بىلدۈرىدىغان تىركەلمىلەر:

بويىچە (按照) ئاساسەن (根据) بىنائەن (根据)

6) 表示概括意义的后置词：

6) ئومۇملاشتۇرۇشنى بىلدۈرىدىغان تىركەلمە:

ئىبارەت (总之) قاتارلىق (等等)

7) 表示被动行为的后置词：

7) مەجھۇل ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان تىركەلمىلەر:

تەرىپىدىن (被……)

8) 表示动作行为的方式、状态的后置词：

8) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئۇسۇلى ۋە ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان تىركەلمىلەر:

ھالدا (以……方式) رەۋىشتە (以……方式)

يوسۇندا (以……方式) تەرىزدە، پېتى (以……方式)

9) 表示动作行为目的的后置词：

9) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان تىركەلمە:

ئۈچۈن (为了)

10) 表示动作行为界限的后置词：

10. ئىش - ھەرىكەتنىڭ چېكىنى بىلدۈرىدىغان تىركەلمە:

قەدەر (到……为止)

## 第三节常见后置词的意义及其用法

## 3 - پاراگراف كۆپ قوللىنىلىدىغان تىركەلمىلەرنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

1. بىلەن

1)表示动作行为的工具或凭借，例如：

1) ئىش - ھەرىكەتنىڭ قورالىنى ياكى ئاساسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

پاتىمە ۋېلسىپىت بىلەن مېڭىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

帕蒂曼喜欢骑自行车。

خەتنى قېرىنداش بىلەن ئەمەس، قەلەم بىلەن يېزىڭ.

不要用铅笔写 要用钢笔写。

مۇشۇ ساقاللىڭىز بىلەن شۇنداق بىمەنە گەپنىمۇ قىلامسىز؟

凭你这一把年龄，还说这种胡话?

2)表示相互进行的行为动作。例如：

2) ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەمەت سەمەت بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ.

艾买提在跟赛买提聊天。

دوستلار بىر - بىرى بىلەن قىزغىن قۇچاقلاشتى.

朋友们热烈地拥抱。

ئۇلارنىڭ ئۆيى بىلەن بىزنىڭ ئۆي بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ.

他们家和我们家门对门。

3)表示行为动作产生的原因。例如：

3) ئىش - ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن

مەن دادامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن زىياپەت ئۆتكۈزدۈم.

为庆祝父亲的生日，我举行了家宴。

3 - قېتىملىق پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن جۇڭگودا بىر مۇنچە ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

在第三次科技革命的影响下，中国发生了很大的变化。

ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن ھەممە ئىش بۇزۇلدى.

他一来，一切都糟了。

4)表示行为动作发生的时间。例如：

4) ئىش - ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ مەسىلەن:

ئۇ سائەت بەش بىلەن ماگازىن ئالدىغا كەلدى.

他五点正来到了商店门前。

ئاچام چۈش بىلەن ئۆيىگە قايتىدۇ.

我姐姐中午才回家。

ئەتە كەچلىك تاماق ۋاقتى بىلەن سېنى ئىزدەپ كېلىمەن.

明天吃晚饭的时候我来找你。

5) 表示共同进行的行为动作。用于这一意义时，其后往往还跟着一个“بىللە”或“بىرلىكتە”等词。例如：

ئىش ھەرىكەتنىڭ بىللە ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇچاغدا ئۇ دائىم «بىللە» ياكى «بىرلىكتە» قاتارلىق سۆزلەر بىلەن بىللە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

دادام مەن بىلەن بىللە تۇرۇشقا قوشۇلدى.

我爸爸同意和我生活在一起。

روشەن شەرق سەنئەت ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكىغا زىيارەتكە بارماقچى.

茹鲜将和东方歌舞团一起访问美国。

كىم سەن بىلەن بىللە بارىمەن دەپتۇ؟

谁说跟你一起去。

6) 表示行为动作沿着什么方向、范围。例如：

6) ئىش-ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشىنى ۋە دائىرىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىڭ، ماشىنا بېسىۋالىدۇ.

顺着路边走，小心汽车。

ئۇ ئارقا يول بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى.

他沿着小巷跑了。

سىلەر چوڭ يول بىلەن مېڭىڭلار، بىز كىچىك يول بىلەن ماڭايلى.

你们走大路，我们走小路。

7) 表示相继发生的行为动作。例如：

7) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مۇئاش ئۆسۈشى بىلەن مال باھاسىمۇ يۇقىرىلاپ قاپتۇ.

随着工资收入的增长物价也做了调整。

ئىشىكنى ئېچىشىم بىلەن بوغالتىر ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

我刚开门会计就进来了。

بىرنى ئۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ كۆزى كۆكىرىپ چىقتى.

只一拳就把他的眼睛打青了。

8)表示动作行为进行的状态。例如：

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قىز تەبەسسۇم بىلەن يىگىتكە قارىدى.

姑娘略带微笑看着小伙子。

ئۇ زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

他兴致勃勃地谈了起来。

پىكاپ ئۇچقاندەك كەلگىنىچە زەربە بىلەن ستولبىغا ئۇرۇلدى.

飞驶的小汽车狠狠地撞在了电线杆子上。

9)与“ بول ”连用，表示专心致志从事某一行为动作。例如

9) «بول» بىلەن قوللىنىلىپ، مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنى پۈتۈن دىققەت ئېتىبارى بىلەن ئورۇنداشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قىزچاق كىتاب ئوقۇش بىلەن بولۇپ، تاماق يەۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى.

小姑娘只顾看书，连吃饭都忘了。

ئاسىيە نان يېقىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، كۈننىڭ كەچ بولغىنىنى تۇيماي قالدى.

阿斯娅只顾着打馕，连天黑了，都没有发现。

2. ئۈچۈن

1)表示行为动作的目的。例如：

1) ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن

ئازات چاپان سېتىۋېلىش ئۈچۈن سودا سارىيىغا باردى.

阿扎提到贸易中心买衣服去了。

ئۇلار بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن توپتوغرا بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى.

为写这本书，他们整整花了五年时间。

بەيگە مەيدانىغا بېرىش ئۈچۈن قايسى يول بىلەن ماڭىدۇ؟

去赛马场怎么走?

2) ئىش-ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

2)表示行为动作产生的原因。例如：

يامغۇر ياغقانلىقى ئۈچۈن، ھاۋا سالقىن بولۇپ قالدى.

由于下了雨，天气凉快多了。

ئۇ يېشى چوڭىيىپ قالغىنى ئۈچۈن خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى.

由于年龄太大，他已提出辞职。

ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، كېچىكىپ قالدىم.

由于家里来客人，我来迟了。

3)表示进行某一动作行为所付出的价值。例如：

3) مەلۇم ئىش - ھەرىكەتنى بېجىرىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان خىراجەت ياكى تۆلىنىدىغان بەدەلنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن كىتاب ئۈچۈن ئون كوي خەجلىدىم.

我买书花了十元钱。

ئەمەت دادىسى بەرگەن پۇلنىڭ 15 پىرسەنتىنى كىنو كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

艾买提把父亲给的零花钱的百分之十五用来看电影。

ھەر بىر قوغۇن ئۈچۈن قانچىدىن ئالىسىز؟

每个瓜多少钱？

4)表示行为动作是为别人而进行的。例如：

4) ئىش - ھەرىكەتنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ مەن ئۈچۈن تاماق پۇلى تۆلەپ قويدى.

他为我付了伙食钱。

دوستىڭىز ئۈچۈن ئازراق گەپ قىلىپ قويۇڭ.

请为你的朋友说上一、二句话吧。

سەن ئۈچۈن جېنىمدىن ئايرىلىپ قالساممۇ مەيلى.

为你粉身碎骨也心甘。

3. ئارقىلىق

1)表示完成某一行为动作所借助的工具或凭据。例如：

1) مەلۇم ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنداشنىڭ قورالىنى ياكى ئاساسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلاشتۇق.

我们已经通过电话联系了。

ئۇلار دەريادىن كېمە ئارقىلىق ئۆتتى.

他们坐船过了河。

بۇ مەسىلىنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېقىڭا.

这个问题请你举例说明。

2)表示通过别人完成的行为动作。例如：

باشقىلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئورۇندالغان ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىشنى ئەخمەت ئارقىلىق ئېنىقلاپ باقايلى.

这事最好通过艾合买提再了解一下。

ئەگەر بىرەر ئەھۋال بولسا، دادام ئارقىلىق خەۋەر قىلىمەن.

要有情况我就通过我父亲转达。

ماڭا باشلىقلار ئارقىلىق بېسىم ئىشلىتىمەن دېمە.

你休想通过领导对我施加压力。

3)表示完成某一动作行为采用的方式方法。例如：

3) مەلۇم ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنداشتىكى ئۇسۇل-چارىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق

چوڭ بىر مۇنچا سالدى.

他们新建了一个太阳能浴池。

بىز تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق.

我们努力学习取得了好成绩。

ئىككى ئايلىق تىلشۇناسلىق بىلىمى ئۆگىنىش ئارقىلىق سەۋىيىمىز زور دەرىجىدە ئۆستى.

通过两个月的语言学知识的学习，我们的水平有了很大程度的提高。

4. بويىچە

1) 表示动作行为的依据。例如：

1) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز خىزمەتنى پىلان بويىچە ئىشلەۋاتىمىز.

我们在按计划办事。

بۇ يول بويىچە ماڭسا پوچتىخانىغا بارغىلى بولىدۇ.

沿着这条路，可以到邮局。

سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىز بويىچە بۇ ئىشنى ۋاقىتىنچە ئۆيدىكىلەرگە ئېيتماي تۇراي.

按你的主意，这件事我暂时不告诉家里人。

2) 表示动作行为进行的范围。例如：

2) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش دائىرىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن فاكۇلتېت بويىچە ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

今天举行全系歌咏比赛。

ئەخمەت ئېگىزگە سەكرەش بويىچە چېمپىيون بولدى.

艾合买提荣获跳高冠军。

ئۇۋي بويىچە ئاكام تاماقنى ئەڭ كۆپ يەيدۇ.

家里饭量最大的是我哥 哥。

5. ھەققىدە، توغرىسىدا، توغرۇلۇق، ھەقتە، ھەققىدىكى

这些后置词与主格名词或代词结合，表示行为动作所涉及的内容。例如：

5. ھەققىدە، توغرىسىدا، توغرۇلۇق، ھەقتە، ھەققىدىكى

بۇ تىركەلمىلەر باش كېلىشتىكى ئىسىم ياكى ئالماشلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ بىراك ماللارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە يۇقىرى رەھبەرلىكتىن يوليورۇق سوراپ باقايلى.

关于如何处理这些残品，我们要向上级领导请示一下。

ئۆگىنىش ھەققىدە يەنە قانداق پىكىرىڭلار بار؟

关于学习问题你们还有什么意见？

بۇ مەسىلە توغرىسىدا مېنىڭ كۆزقارىشىم باشقىچە.

对这个问题，我另有主张。

بىز ئوقۇتۇش ئۇسۇلى توغرۇلۇق ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇردۇق.

关于教学方法，我们互相交换了意见。

بۇ ھەقتە سىز بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ تۇراتتىم.

关于这事儿，我准备和你谈谈。

بۇ ھەقتىكى پىكرىڭىزنى ئويلىشىپ باقايلى.

我们考虑一下您对此事的意见。

6. قارىتا

表示行为动作的趋向或行为动作针对谁或什么进行。例如：

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشىنى ياكى كىم ۋە نېمىگە قارىتىپ ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش — ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە سىياسەت.

对外开放是一项具有伟大意义的决策。

ئوقۇتقۇچى بىزگە قارىتا بىرنەچچە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

老师对我们提出了几点要求。

بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا قارىتا، مەندە تۈزۈكرەك چارىمۇ يوق.

对于如何处理这个问题，我还没有什么好一点的办法。

7. نىسبەتەن

1）表示动作行为针对的对象。例如：

1) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قارىتىلغان ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

دادىڭىزغا نىسبەتەن بۇنداق پوزىتسىيە تۇتماسلىقىڭىز كېرەك.

你不该对你父亲采取这样的态度。

بالىلارغا نىسبەتەن تەربىيىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش لازىم.

对孩子来说，教育是第一位的。

ماڭا نىسبەتەن قانداق تەلەپىڭىز بار؟

对我，你还有什么要求？

2）表示事物特征、数量方面的比较。例如：

2) شەيئىلەرنىڭ بەلگە-ئالاھىدىلىكى ۋە سان-مىقدارى جەھەتتىكى سېلىشتۇرمىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ سائىتىم ئۇنىڭ سائىتىگە نىسبەتەن چىرايلىق.

我的手表比他的手表漂亮。

ئۇنىڭ پۇلى دادامنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ.

他的钱比我父亲的钱多得多了

8. قارىغاندا

1）表示事物性质、数量方面的比较。例如：

1) شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە سان-مىقدارى جەھەتتىكى سېلىشتۇرمىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ماڭا قارىغاندا ئېگىز.

他比我高

غۇلجا شەھىرىگە قارىغاندا قەشقەر شەھىرى چوڭ.

喀什市比伊宁市大。

بۇ سېۋەتتىكى ئالما ئۇ سېۋەتتىكىگە قارىغاندا كۆپ.

这筐苹果比那一筐多。

2）表示动作行为的依据。例如：

2) ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاساسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سىزنىڭ سۆزىڭىزگە قارىغاندا بۇ يىلقى ۋەزىپە خېلى ئېغىر ئىكەن-دە!

照你说，今年的任务还很艰巨呀！

ئەھۋالغا قارىغاندا ئۇ كەلمەيدىكەن ـ دە.

看情况，他是不来了。

ھاۋا رايىدىن بېرىلگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، ئەتە قاتتىق قار ياغىدىكەن.

根据天气预报，明天要下大雪。

9. بىنائەن، ئاساسەن

表示行为动作的凭据。例如：

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

رۇمىنىيە ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ بىنائەن دوستانە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن دۆلىتىمىزگە يېتىپ كەلدى.

罗马尼亚政府代表团应我国政府的邀请前来我国进行友好访问。

بۇ قۇرۇلۇشنى يەنىلا ئەسلىدىكى پىلانغا ئاساسەن ئىلىپ بېرىش كېرەك.

这项工程还是要按照原计划去完成。

بىز پاكىتقا ئاساسەن سۆزلەۋاتىمىز.

我们是在凭事实说话。

10. ئائىت، دائىر، ئالاقىدار، مۇناسىۋەتلىك

表示行为动作所涉及的内容范围。例如：

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەزمۇنىنى ۋە دائىرىسىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

مەن فونېتىكىغا ئائىت بىر كىتاب سېتىۋالدىم.

我买了一本有关语音学的书。

نۆۋەتتە جەمئىيەتشۇناسلىققا دائىر كىتابلار كۆپلەپ نەشىر قىلىنماقتا.

目前，有关社会学的书籍正在大量出版。

بۇنىڭدىن ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ئىنكاس قىلدۇق.

我们向校领导反映了有关这方面的问题。

11. بېرى تارتىپ، ئېتىبارەن،

表示动作行为的起始时间和地点。例如：

ئىش - ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ۋە ئورنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

دوختۇرخانا ئالدىدىن تارتىپ مەكتەپ دەرۋازىسىغىچە بولغان ئورۇنلارنىڭ مۇھىت تازىلىقى ياخشى ئىشلەندى.

从医院到学校门前的环境卫生搞得很好。

ئەتىدىن ئېتىبارەن يازلىق ۋاقىت يولغا قويۇلىدۇ.

从明天开始实行夏令时。

سەن كەتكەندىن بېرى بىرەر كۈنمۇ خۇشال ئۆتكىنىم يوق.

自你走后，我没有一天高兴过。

12. ھالدا، يوسۇندا

表示动作行为的状态或方式。例如：

ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ھارغىن ھالدا ئۆزىنى سافاغا تاشلىدى.

她非常疲倦地倒在沙发上。

ئوغلىڭىز مۇشۇ يوسۇندا كېتىۋەرسە، كېيىن قانداق قىلارسىزكىن.

你儿子朝这个方向发展下去，看你将来怎么办吧。

ئۇ ئۈمىدىنى ئۈزگەن ھالدا ئارقىسىغا ياندى.

他绝望地掉头往 回走。

13. كۆرە

表示行为动作的对比或选择。例如：

ئىش ـ ھەرىكەتكە بولغان سېلىشتۇرما ۋە تاللاشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تېلېۋىزور كۆرگەندىن كۆرە، كىنو كۆرگەن ياخشى.

与其看电视不如看电影。

پويىزغا ئولتۇرغاندىن كۆرە پاراخوتقا ئولتۇرغان تۈزۈك.

与其坐火车不如坐轮船。

بىكار يۈرگەندىن كۆرە ئۆگەنگەچ تۇرايلى.

与其闲坐不如学点东西。

14. سېرى (朝着)

表示动作行为的方向常表现为内部形态缀接在词干上。例如

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدۇ ۋە سۆز ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ، ھەرىكەت يۆنىلىشىنىڭ ئىچكى ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

باللار مەكتەپسېرى يۈرۈپ كەتتى.

孩子们朝着学校走去。 قوشۇن يېزا سېرى يۈرۈپ كەتتى.

队伍朝村子走去。

15. ئىبارەت

1）表示对所指的动作行为的强调。例如：

1. كۆرسىتىلگەن ئىش - ھەرىكەتنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى دەرسلەرنى ياخشى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت.

学生的任务就是学习。

ئۇنىڭ مەقسىتى بىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت.

他的目的就是使我们难堪。

بۇنداق قىلىشتىكى مۇددىئايىمىز ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

我们这样做的宗旨是要搞活经济。

2）对前面的并列成分或结构起概括作用。例如：

2) ئالدىدىكى تەڭداش تەركىب ۋە قۇرۇلمىنى يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

گرامماتىكا مورفولوگىيە، سىنتاكسىستىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

语法由词法和句法两部分组成。

ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى مەكتەپ مۇدىرى، فاكۇلتېت مۇدىرى، ئىلمىي باشقارما باشلىقى ۋە ئىلمىي تەتقىقات باشقارما باشلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىم كىشىلەردىن تەشكىل تاپتى.

职称评定委员会由校长、系主任和教务科研处长等三部分组成。

# 第十二章　ئون ئىككىنچى باب

# 连　词　باغلىغۇچى

## 第一节　连词概述

## 1. پاراگراف باغلىغۇچى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 一、连词的概念

### 1. باغلىغۇچى ھەققىدە چۈشەنچە

用来连接词与词、词组与词组、句子与句子的词称为连词。例如：

سۆز بىلەن سۆز، سۆز بىرىكمىسى بىلەن سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە بىلەن جۈملىنى بىر-بىرى بىلەن باغلاش رولىنى ئوينايدىغان سۆزلەر باغلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ھايۋانلا بىلەن ئۆسۈملۈكلەر ئاپتاپتىن ئايرىلمايدۇ.

动物和植物都离不开阳光。

يامغۇر يېغىش ۋە شامال چىقىش تەبىئەت ھادىسىسى.

刮风和下雨是自然现象。

بۇ يازغۇچى ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا تۇرغان، شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قويۇق مىللىي پۇراق بار.

这位作家曾在少数民族地区生活过，所以他的作品里洋溢着

浓郁的民族气息。

بۈگۈن قار ياغدى، بىراق ھاۋا ئانچە سوغۇق ئەمەس.

今天下雪了，但天却不太冷。

## 二、连词的语法特征

## 2. باغلىغۇچىنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1.没有实词的形态变化与构词能力。

1. مۇستەقىل سۆزلەردەك مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ۋە سۆز ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس.

2.只有弱化了的词汇意义，其语法意义在于表示各语言成分之间的语法联系。

2. لېكسىكىلىق مەنىسى ئاجىز، پەقەت تىل تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىدىكى گرامماتىكىلىق باغلىنىشنىلا بىلدۈرىدۇ.

3.有的连词可前呼后应成对使用。

3. بەزى باغلىغۇچىلار بىر-بىرى بىلەن ماسلىشىپ جۈپ قوللىنىلىدۇ.

# 第二节　连词的分类

# 2. پاراگراف باغلىغۇچىنىڭ تۈرلىرى

连词按其所连接成分间的语法关系分为联合连词和偏正连词两大类。

باغلىغۇچى ئۆزى باغلاپ كەلگەن تەركىبلەر ئوتتۇرىسى

دىكى گرامماتىكىلىق مۇناسىۋەتلىك ئوخشىماسلىقىغا
ئاساسەن، بىرىكتۈرمە باغلىغۇچى ۋە بېقىندۇرما باغلىغۇچى
دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 一、联合连词

### 1. بىرىكتۈرمە باغلىغۇچى

用来连接同等成分的连词称为联合连词。所谓同等成分是指处于平等语法关系中的各成分。

تەڭداش تەركىبلەرنى باغلاشتا قوللىنىلىدىغان باغلىغۇ-
چىلار بىرىكتۈرمە باغلىغۇچى دېيىلىدۇ. تەڭداش تەركىب
دىگىنىمىز ئوخشاش گرامماتىكىلىق مۇناسىۋەتتىكى تەركىبلەرنى
كۆرسىتىدۇ.

联合连词按其所表示的不同意义分为四类：

بىرىكتۈرمە باغلىغۇچى مەنىسىگە ئاساسەن تۆت تۈرگە
بۆلۈنىدۇ:

### 1.并列连词

#### 1. تەڭداش باغلىغۇچى

用来表示各同等成分处于并列关系中的连词称为并列连词。常见的有 «ۋە، ھەم، ھەمدە، بىلەن» （同、及、又、和）等。例如：

تەڭداش تەركىبلەرنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچىلار تەڭداش باغلىغۇچى دېيىلىدۇ.

كۆپ قوللىنىلىدىغانلىرى «ۋە، ھەم، ھەمدە، بىلەن»
مەسىلەن:

ئابلىكىم ئۇ موماينىغا بېلەت ئېلىپ بەردى ۋە ئۇنى پويىزغا سېلىپ قويدى.

阿布里克木给那位老大娘买好车票并把她送上了火车。

بىز ئىلغار دۆلەتلەردىن ئۆگىنىشىمىز ھەم ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشىمىز لازىم.

我们要学习并赶上先进国家。

چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى بۈگۈنكى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشتى.

各国驻中国使节，以及他们的夫人出席了今天的招待会。

مەن ماتېماتىكا بىلەن فىزىكىنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن.

我最喜欢数学和物理。

连词«ۋە»، «ھەم»، «بىلەن»的区别：

«ۋە، ھەم، بىلەن» باغلىغۇچىلىرىنىڭ پەرقى:

（1）«ۋە»، «ھەم»能连接动词性词组及句子，«بىلەن»则不能。例如：

1. «ۋە، ھەم» پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە جۈملىلەرنى بىر - بىرىگە باغلىيالايدۇ، «بىلەن» ئۇنداق ئەمەس. مەسىلەن:

مەن كىر يۇدۇم ۋە ئۆي تازىلىدىم.

我洗了衣服；打扫了屋子。

ئۇ مىلتىقىنى قولىغا ئالدى ۋە ئالغا قاراپ كەتتى.

他拿起枪朝前走去。

سىرتتا بوران چىقىۋاتىدۇ ھەم يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.

外面风雨交加。

（2）«ھەم»能成对使用，ۋە بىلەن则不能。例如：

2. «ھەم»نى جۈپ قوللىنىشقا بولىدۇ، «ۋە، بىلەن» لەر ئۇنداق ئەمەس. مەسىلەن:

ئۇ ھەم خۇشال بولىدۇ، ھەم قورقىدۇ.

他既兴奋又害怕。

بەزى چەت ئەل فىلىملىرى ھەم رېتىمسىز ھەم چۈشىنىكسىز.

有些外国电影既无节奏，又难理解。

پاقا ھەم سۇدا ھەم قۇرۇقلۇقتا ياشايدۇ.

青蛙既可生活于水中，也可栖息于陆地。

（3）«ھەم، ۋە»能连接形容词，«بىلەن»则不能。例如：

3. «ھەم، ۋە» سۈپەتلەرنى باغلاپ كېلەلەيدۇ،«بىلەن» ئۇنداق ئەمەس. مەسىلەن:

ئۇ تۈنۈگۈن ئالغان كىيىم چىرايلىق ھەم ئەرزان.

他昨天买的衣服既便宜又漂亮。

مېنىڭ دادام بىلىملىك ۋە ئەخلاقلىق ئادەم.

我父亲是个知识丰富、道德高尚的人。

بىلىم بىلەن ئەخلاق ھەربىر كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك.

知识和道德是每一个人都应该具备的。

## 2. 选择连词

## 2. تاللىما باغلىغۇچى

用来表示各同等成分处于选择或分离关系中的连词称为选择连词。常见的有«يا، ياكى، نه»（或、或者、要么）等。例如：

تەڭداش تەركىبلەرنىڭ تاللاش ياكى ئايرىش مۇناسىۋىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچىلار تاللىما باغلىغۇچى دېيىلىدۇ. كۆپ قوللىنىلىدىغانلىرى:«يا، ياكى، نه». مەسىلەن:

يازلىق تەتىلدە مەن غۇلجا ياكى قەشقەرگە بارىمەن.

暑假我要去伊犁或去喀什。

ئاغىنىڭىز ئوپېرا ئۆمىكىدە ئىشلەمدۇ ياكى دراما ئۆمىكىدىمۇ؟

你朋友在歌剧团工作还是在话剧团工作？

ئۇنىڭ بۇ يەردە نه ئۇرۇق-تۇغقىنى، نه دوست بۇرادىرى يوق ئىدى.

他在这儿无亲无故。

سىز يا كۇچارغا بېرىڭ، يا ئاقسۇغا بېرىڭ.

你要么去库车，要么去阿克苏。

«يا»与«ياكى»同义，可换用，也可搭配使用，两者均能成对使用。例如：

«يا» بىلەن «ياكى» مەنىداش بولۇپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقىمۇ، بىرگە قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە

ھەر ئىككىسى جۈپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆيگە ماشىنىدا يا (ياكى) پويىزدا بارساق بولىدۇ.

我们可以乘汽车或者乘火车到那儿去。

يا سىز خاتا سۆزلەپ قويدىڭىز، ياكى مەن خاتا ئاڭ‐لاپ قالدىم.

不是你说错了，就是我听错了。

سەن يا ناخشا ئېيتىپ بەر، يا ئۇسسۇل ئويناپ بەر.

你要么给我们唱个歌，要么跳个舞。

### 3.顺承连词

### 3. كىرىشتۈرمە باغلىغۇچى

用来表示各同等成分处于先后关系之中的连词称为顺承连词。常见的有«دە/تە»（一……就）。例如：

تەڭداش تەركىبلەرنىڭ ئىلگىرى ‐ كېيىنلىك مۇناسىۋىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچىلار كىرىشتۈرمە باغلىغۇچى دېيىلىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى «دە/تە» مەسىلەن:

مۇئەللىم سىنىپقا كىردى ‐ دە، دەرسنى باشلىۋەتتى.

老师一进教室就开始上课了。

بىز پويىزدىن چۈشتۇق ‐ تە، ئونىنچى يول ئاپتوبۇسى بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق.

我们一下火车就乘十路车回家了。

گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى ‐ دە، يامغۇر شارىلداپ يېغىپ كەتتى.

雷声大作，紧接着大雨就倾盆而下。

### 4.递进连词

### 4. كۈچەيتمە باغلىغۇچى

表示各同等成分处于程度递增关系中的连词称为递进连词常见的有 «ھەتتا، جەتتاكى، بولۇپمۇ، بەلكى»（甚至、特别是、而且）。如：

تەڭداش تەركىبلەرنىڭ دەرىجە ھەمھەتتىن پەيدىنپەي يۇقىرىلاش مۇناسىۋىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچىلار كۈچەيتمە باغلىغۇچى دېيىلىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى: «ھەتتا، ھەتتاكى، بولۇپمۇ، بەلكى». مەسىلەن:

تۇردىنى ئوبدان تونۇمايمەن، ھەتتا ئۇنىڭ قايسى سىنىپتا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن.

我和吐尔迪不太熟，甚至连他是哪个班的我都不知道。

ئۇ ئىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ھەتتاكى تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ.

他埋头工作，甚至连吃饭都忘了。

مەن ساياھەت قىلىشنى، بولۇپمۇ يېزىدا ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن.

我喜欢旅行，特别是喜欢去乡村旅行。

كىتاب ئوقۇش — ئۆگىنىش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشمۇ ئۆگىنىش، بەلكى تېخىمۇ مۇھىم ئۆگىنىش.

读书是学习，使用也是学习，而且是更重要的学习。

## 二、偏正连词

## 2. بېقىندۇرما باغلىغۇچى

用来连接非同等成分的连词称为偏正连词。所谓非同等成分是指处于不平等的语法关系中的各成分，它们在意义上有主次、从属和被从属之别。在这类结构中，次要成分一般在前，主要成分在后，顺序一般不能改变。

غەيرىي تەڭداش تەركىبلەرنى باغلاپ كېلىدىغان باغلىغۇچىلار بېقىندۇرما باغلىغۇچى دېيىلىدۇ. غەيرىي تەڭداش تەركىبلەر دېگىنىمىز تەڭداش بولمىغان گىرامماتىكىلىق مۇناسىۋەتتە تۇرىدىغان، مەنە جەھەتتە ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە، بېقىنغۇچى دەپ ئايرىلىدىغان تەركىبلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قۇرۇلمىلاردا، ئادەتتە بېقىنغۇچى تەركىب ئالدىدا، ئاساسلىق تەركىب ئارقىدا بولىدۇ، ئادەتتە ئۇلارنىڭ تەرتىپىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

偏正连词按其所表示的意义分为四类：

بېقىندۇرما باغلىغۇچىلار مەنىسىگە ئاساسەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

### 1.因果连词

### 1. سەۋەب - نەتىجە باغلىغۇچى

用来表示各成分处于因果关系中的连词称为因果连词。常见的有 «شۇڭا، شۇڭلاشقا شۇنىڭ ئۇچۈن» （所以、因此） چۈنكى

（因为）。前三个连词表示结果，它们所连接的成分，表示原因的在前，表示结果的在后。后一个连词表示原因，它所连接的成分则是，表示结果的在前，表示原因的在后。例如：

تەركىبلەرنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچىلار سەۋەب ـ نەتىجە باغلىغۇچى دېيىلىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى «شۇڭا، شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭلاشقا، چۈنكى». بۇلاردىن ئالدىنقى ئۈچى نەتىجىنى بىلدۈرىدۇ، بۇلار ئارقىلىق باغلانغان تەركىبلەردىن سەۋەبنى بىلدۈرىدىغانلىرى ئالدىدا، نەتىجىنى بىلدۈرىدىغانلىرى ئارقىدا بولىدۇ. كېيىنكى باغلىغۇچى سەۋەبنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن باغلانغان سەۋەبنى بىلدۈرگۈچى تەركىب ئارقىدا، نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان تەركىب ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئاپتوبۇس توختاپ قالدى، شۇڭا كېلەلمىدىم.

公共汽车收车了，所以我没能来。

جىنايەتچى پىكاپتا قېچىپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ساقچىلار ئۇنى تۇتالمىدى.

罪犯是驾轿车逃走的，因此警察没抓住他。

ئۇ چەت ئەلگە ئوقۇغىلى بارماقچى ئىدى، شۇڭلاشقا چەت ئەل تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ.

他准备去外国留学，所以正在努力学习外语。

يېقىندا قاتناش ۋەقەسى دائىم يۈز بېرىپ تۇردى، چۈنكى يول بەك تېيىلغاق ئىدى.

由于路面太滑，近年来时有车祸发生。

连词«ئۇچۇن شۇنىڭ»可用«كى»连用，构成«شۇنىڭ ئۇچۇن......كى»格式，把表示结果的成分提前，起提示与强调原因的作用。例如：

«شۇنىڭ ئۇچۇن» باغلىغۇچىسى«كى» بىلەن بىرىكتۈرۈپمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ«شۇنىڭ ئۇچۇن....كى»شەكلىنى ھاسىل قىلىش بىلەن، نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان بۆلەكنىڭ ئورنىنى ئالدىغا يۆتكەپ، سەۋەبنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

چەت رايون شۇنىڭ ئۇچۇن قالاق بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان.

边远地区之所以落后，是因为它的经济没有得到发展。

ياشانغانلارنىڭ سۆڭىكى شۇنىڭ ئۇچۇن ئاسان سۇنىدۇكى، ئۇلارنىڭ سۆڭىكىدە ھاك ماددىسى نىرقەدەر كۆپ.

老年人之所以容易骨折，是因为他们的骨骼里石灰质含量较多。

يېقىندا ھاۋا شۇنىڭ ئۇچۇن سوغۇق بولىدۇكى، سىبىرىيىدىن سوغاق ھاۋا ئېقىمى رايونىمىزغا كىردى.

近来天气之所以冷，是因为西伯利亚的冷空气进入了我区。

## 2.条件连词

## 2. شەرت باغلىغۇچى

用来表示各成分处于假设、条件关系中的连词称为条件连词。常见的有«ناۋادا، مۇبادا، ئەگەردە، ئەگەر»（如果、要是、假如）«مەيلى»（无论）。前四个连词可替换使用。例如。

تەركىبلەرنىڭ پەرەز، شەرت مۇناسىۋىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچىلار شەرت باغلىغۇچى دېيىلىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى: «ئەگەر، ئەگەردە، مۇبادا، ناۋادا، مەيلى» بۇلاردىن ئالدىنقى تۆتىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەگەر ئوت كېتىپ قالسا، دەرھال ئوت ئۆچۈرۈش ئورنىغا مەلۇم قىلىش كېرەك.

一旦发生火灾，应立即报告消防部门。

ئەگەردە ئەخلاق بىلەن قانۇنىنىڭ چەكلىمىسى بولمىغان بولسا، جەمئىيەتنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.

如果没有道德和法律的约束，社会将会变成什么样子是很难想象的。

مۇبادا بىرسى ئىزدەپ كەلسە، ساقلاپ تۇرسۇن.

要是有人来找我，请让他等一下。

مەيلى ھەر قانداق ئىش قىلمايلى، كۆڭۈل قويۇپ قىلىشىمىز لازىم.

不论什么事我们都要用心做。

«مەيلى»可重叠使用，构成“«مەيلى....مەيلى»”格式。也可用«ياكى....مەيلى»格式替代。例如：

«مەيلى»نى «مەيلى»شەكلىدە تەكرار قوللىنىشقا بولىدۇ.

«مەيلى....ياكى» شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ.

مەسىلەن:

مەيلى ئاددىي ئادەم بولسۇن، مەيلى ھۆكۈمەت كادىرى بولسۇن، قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر.

不论是一般人还是政府官员，在法律面前人人平等。

مەيلى شەھەردە بولسۇن، ياكى يېزىدا بولسۇن، ياشلارنىڭ كۆپچىلىكى دىسكوتى ياخشى كۆرىدۇ.

不论是城市还是乡村，大多数年轻人都对迪斯科如醉如痴。

مەيلى ياز بولسۇن، ياكى قىش بولسۇن، يېڭى سەيلەرنى يېيەلەيدىغان بولدۇق.

不论是夏天，还是冬天，我们都能吃到新鲜蔬菜了。

**3.转折连词**

**3. قارىمۇ - قارشى باغلىغۇچى**

用来表示各成分处于相对立关系中的连词称为转折连词。常见的有：«گەرچە»（虽然）«ئەمما» «لېكىن، بىراق»（但是。不过）例如：

تەركىبلەرنىڭ قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچىلار قارىمۇ قارشى باغلىغۇچى دېيىلىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى: «گەرچە، ئەمما، لېكىن، بىراق». مەسىلەن:

گەرچە ئۇ كەلسىمۇ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ.

既使他来也解决不了这个问题。

ھازىرقى ياشلار كىلاسسىك مۇزىكىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما كەڭ تارقالغان مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدۇ.

现在的年轻人虽然不懂古典音乐，但热衷于流行音乐。

ئۇ ياخشى ئادەم ئىدى، لېكىن مۇكەممەل ئادەم ئەمەس ئىدى.

他是个好人，但不是个完人。

تالاغا چىقىپ بىردەم ئويناپ كەلسەڭلار بولىدۇ، بىراق يىراققا بېرىشىڭلارغا رۇخسەت يوق.

你们可以出去玩一会儿，不过走远了可不行。

«گەرچە»可单独使用表示转折关系，但是在句中，更多的情况是«لېكىن»有时转语气， گەرچە 常与«لېكىن»连用。例如。

«گەرچە» يالغۇز ئىشلىتىلىپ قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ، بىراق كۆپ ئەھۋاللاردا «لېكىن»جۈملىدە يالغۇز قوللىنىلىدۇ، بەزىدە قارىمۇ قارشىلىق مەنىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن «گەرچە» بىلەن «لېكىن» بىللە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

گەرچە ئۆزىڭىزنى كۆرمىگەن بولساقمۇ، لېكىن باشقىلاردىن سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان.

虽然没见过您，可我们已久仰您的大名。

گەرچە ئۇ قۇربان بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

他虽然牺牲了，但他永远活在我们心里。

گەرچە ئۇ كەمبەغەل بولسىمۇ، لېكىن روھىي جەھەتتە ناھايىتى باي.

他尽管很贫穷，但在精神上却很富有。

**4.解说连词**

**4. ئىزاھ باغلىغۇچى**

用来表示各成分处于说明与被说明，补充与被补充关系中的连词称为解说连词。常见的有 «كى»。

تەركىبلەرنىڭ چۈشەندۈرۈش – چۈشەندۈرۈلۈش، تولۇقلاش – تولۇقلىنىش مۇناسىۋىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچىلار ئىزاھ باغلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى: «كى».

«كى» 用来连接两个分句。它只用于前一分句末尾，表示提示，强调之意，而后一分句是对前一分句的说明或补充。例如：

«كى» ئالدىنقى تارماق جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، ئىككى تارماق جۈملىنى باغلايدۇ، ئەسلىتىش ۋە تەكىتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، كېيىنكى تارماق جۈملىنى چۈشەندۈرۈپ تولۇقلايدۇ. مەسىلەن:

بىز شۇنى تەكرار جاكارلاپ كەلدۇقكى، بىز باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ھەرگىز ئارىلاشمايمىز، لېكىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغىمۇ ھەرگىز يول قويمايمىز.

我们一再声明，我们决不干涉别国内政，也不允许别国干涉我国内政。

ئۇنىڭ تارىخ ھەققىدىكى بىلىملىرى شۇنچە مولكى، ئۇنىڭغا تارىخ كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ قايىل بولماي قالمايدۇ.

他的历史知识如此丰富，就连历史专业的学生也不得不佩服。

ئەزىز شۇنچە ئىتتىك يۈگۈرەيدۇكى، ھېچقايسىمىز ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيمىز.

艾则孜跑得那样快，我们谁都追不上他。

# 第十三章　ئون ئۈچىنچى باب

# 语气词　ئىملىق سۆز

## 第一节　语气词概述

## 1 - پاراگراف ئىملىق سۆز ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 一、语气词的概念

### 1. ئىملىق سۆز ھەققىدە چۈشەنچە

用来给整个句子或句中的某个词赋予各种不同语气的虚词称为语气词。

جۈملە ياكى جۈملىدىكى مەلۇم بىر سۆزنى تۈرلۈك ئىنتو-ناتسىيىگە ئىگە قىلىدىغان ياردەمچى سۆز ئىملىق سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

### 二、语气词的语法特征

### 2. ئىملىق سۆزنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1.没有实词的形态变化。

1. مۇستەقىل سۆزلەردەك مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە ئەمەس.

2.主要附在句子末尾，也可按说话者的主观需要附在句中某一个词或词组上。例如：

2. ئادەتتە جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ، بەزىدە سۆز- لىگۈچىنىڭ سۇبيېكتىپ تەلىپىگە ئاساسەن جۈملىدىكى مەلۇم بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئارقىسىدا كېلىشىمۇ مۇم- كىن. مەسىلەن:

تۇرسۇن سۇ ئۈزۈشكە بارمىغاندۇ؟

吐尔逊没去游泳吧？

سىز ئۇ قىزنى كۆرۈپ كۆيۈپ قالدىڭىزمۇ؟

你对那女孩一见钟情了吗

بۇنىڭ ياخشىلىقىغۇ ياخشى، بىراق بەك قىممەت ئىكەن.

这东西好是好，就是太贵了。

ئۇنىڭ ئىنىسى بارغۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان.

他弟弟呀还上过大学呢。

## 第二节　语气词的分类

## 2 پاراگراف ئىملىق سۆزنىڭ تۈرلىرى

语气词按其表达的语气不同分为以下几类：

ئىملىق سۆزنى ئىپادە قىلغان ئىنتوناتسىيىلىك ئوخشىماس- لىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1.表示询问、疑问等语气的有 «مۇ(ما)، چۇ، دۇ (تۇ)»。例

如：

1. سوئال ۋە گۇمان ئىنتوناتسىيىسىنى بىلدۈرىدىغانلىرى:

«مۇ(ما)چۇ، دۇ(تۇ)». مەسىلەن:

سىلەر تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولدۇڭلارمۇ؟

你们把作业做完了吗？

ئۇلار يېزىغا بارىدىغان بوپتۇ، بىزچۇ؟

他们要下乡啦，我们呢？

ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى تۈگىگەندۇ؟

三级干部会已经结束了吧？

ئۇ بۈگۈن ئۆيدە يوقتۇ؟

今天他不在家里吧？

«چۇ» 具体表示下面几种语气：

«چۇ» تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىل ئىنتوناتسىيىسىنى بىلدۈرىدۇ:

1）表示提醒、强调的语气。例如：

1) ئىشلىتىش، تەكىتلەش مەنىلىرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھازىرچۇ قاراڭ، مېنىڭ ۋاقتىم يوق.

现在吗，你看、我没有时间。

سىزچۇ، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، بىز ھازىر كېلىمىز.

你吗，就在这儿等着，我们马上就回来。

ئۇنىڭ دادىسىچۇ ھەربىي بولغان.

他爸爸曾在军队服役过。

— ئۇ سېنى ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدۇ دەيدۇ.

他说你不通人情。

— كىم دەيدۇ؟

谁说的？

— بايا ساڭا يېلىنغان ئادەمچۇ.

就是刚才求你的那个人嘛。

2）附在动词条件式后，表示建议或希望的语气。例如：

2) شەرت رايىدىكى پېئىللارنىڭ ئارقىسىدا كېلىپ تەلەپ ۋە ئۈمىدنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋەزىپىمىز بەك كۆپ، دەم ئالماي ئىشلەۋەرسەكچۇ.

我们的任务太多了，不要休息了，干吧。

ئۇ كېلىمەن دېگەن بولسا، بىر كەلسىچۇ:

他说要来，来了多好啊！

بۇ جۈملىنى تەرجىمە قىلىپ بەرسىڭىزچۇ.

请把这个句子翻译一下。

2.表示强调和限制语气的有 «لا» 例如：

2. تەكىتلەش ۋە چەكلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىرى:

«لا» مەسىلەن:

بۈگۈن بىرلا ئاۋۇت كەلمىدى.

今天只有阿吾提一个人没有来。

بۇ ئىشنى ئەتىلا تۈگىتىش كېرەك.

这件事明天就要做完。

مەن بېيجىڭغا بىر قېتىملا بارغان.

北京，我只到过一次。

ئۇ كىرىپلا چىقىپ كەتتى.

他一进来就出去了。

قوڭغۇراق چېلىنىش بىلەنلا دەرستىن چۈشتۇق.

一打铃我们就下课了。

مۇشۇنداق قىلغاندىلا نىشانىمىزغا يېتىپ بارالايمىز.

只有这样，我们才能达到目标。

بۇنداق ئەنزىنى دەۋالاشقۇچى ئۆزى ئەرز قىلسىلا سوت مەھكىمىسى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

这类案子只有当事人自己提出诉讼，法院才受理。

3.表示确信、强调和询问等语气的有 «غۇ، قۇ» 例如：

3. ئىشىنىش، تەكىتلەش، سوراش مەنىلىرىنى بىلدۈ-
رىدىغانلىرى: «غۇ، قۇ» مەسىلەن:

ئۇنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى ئىدىغۇ؟

سىز ئۇلاردىن چوڭغۇ، ھەممە ئىشنى بىلىسىزغۇ!

سىلەر بارغاندا، بىزمۇ باردۇققۇ!

ئۇ مېنىڭ ئۆگىنىشىم سىنىپ بويىچە ئەڭ ياخشىغۇ دەپ، قۇيرۇقىنى دىڭگايتىۋالدى.

بېرىشىنىغۇ بارىمەن، لېكىن بىرئاز ئەنسىرەۋاتىمەن.

他的学习原来不是很好吗？

你比他大嘛，什么事你都懂嘛！

你们去的时候，我们也去了呀！

他以为自己的学习在全班最好，就翘起尾巴来了。

我去是要去的，就是心里没有底。

4.表示赞叹、惊讶语气的有 «غۇ، دە، ھە» 例如：

4. مەدھىيىلەش، ئەجەبلىنىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىد-

غانلىرى: «ھە، دە، غۇ» مەسىلەن:

بۇجاي نېمىدېگەن مەنزىرىلىك ـ ھە!

啊，这里的风景是多么美丽呀！

بۇ يىل تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى راسا ئوخشاپتۇ ـ دە!

今年吐鲁番的葡萄长得真好啊！

ئوھوي، پىكرىڭىز كۆپكەن ـ دە!

哦，你的意见还不少哪！

سىزنىڭ دادىڭىز كەپتۇ ـ ھە!

是你的爸爸来了啊！

پاھ، سىزنىڭ قولىڭىز ئەجەپمۇ ئەپچىلكەن ـ غۇ!

哟，你的手真巧啊！

ئوھوي، سىز توپقا قالتىس ئۇستىكەنسىز ـ غۇ!

嘿，你把球打得多漂亮啊！

5.表示责备、埋怨，讽刺语气的有«زە» 例：如

5. ئەيىبلەش بىزار بولۇش، مەسخىرە قىلىش مەنىلىـرىنى بىلدۈرىدىغانلىرى: «زە» مەسىلەن:

باشقىلار جىددىي ئەمگەك قىلىۋاتسا، سەن ـ زە بىكار لاغايلاپ يۈرىسەن!

大家都在紧张地劳动，而你却在闲逛啊！

سەن ـ زە زادى غەرەز ئۇقمايدىكەنسەن.

你这个人哪，真不懂事理。

سەن ـ زە ھەممىنى مەنلا بىلىمەن دەپ يۈرەمسەن، سەن بىلگەننى باشقىلارمۇ بىلىدۇ!

你以为只有你什么都知道，你知道的别人也知道。

سېنىڭچە ئۇنىڭ بايا ئېيتقانلىرى ـ زە توغرا بولماپتۇ ـ دە! ؟

在你看来，他刚才说的话，就不对啦！？

6.表示请求、命令语气的有«ئا، ئە»例如：

6. ئۆتۈنۈش، بۇيرۇق مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغانلىرى: «ئا، ئە» مەسىلەن:

سىز بۇياققا كېلىڭا!

请你过来吧！

بۇ ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭا!

请你给我讲一讲这件事的经过吧！

دېرىزىنى يېپىپ قويۇڭا.

请把窗户关一下。

7.表示强调和责备、不满等语气的有«ئۇ، يۇ»例如：

7. تەكىتلەش، ئەيىبلەش ۋە نارازى بولۇش ئىنتوناتسىيىلىرىنى بىلدۈرىدىغانلىرى: «ئۇ، يۇ» مەسىلەن:

ئۇ كەلسە بولىدىكەن ـ نۇ، مەن كەلسەم بولمامدىكەن؟

他来可以，我来就不可以吗？

ئىنىڭىز ئىمتىھاندىن ئۆتۈپتۇ ـ يۇ، سىز ئۆتەلمەپسىز ـ غۇ؟

你弟弟都考上了，而你怎么考不上呢？

ئۇمۇ بىلىدۇ ـ يۇ، سەن بىلمەمسەن؟

他都会，你还不会吗？

# 第十四章　ئون تۆتىنچى باب

# 感叹词　ئۈندەش سۆز

## 第一节　感叹词概述

## 1 - پاراگراف ئۈندەش سۆز ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 一、感叹词的概念

### 1. ئۈندەش سۆز ھەققىدە چۈشەنچە

凡是独立于句子的用来表示各种情绪、感情或呼唤、应答的词称为感叹词。

جۈملىدىن ئايرىم ھالدا كېلىپ كەيپىيات ھاياجانلىنىش، چاقىرىش، ماقۇل بولۇش قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئۈندەش سۆز دېيىلىدۇ.

### 二、感叹词的语法特征

### 2. ئۈندەش سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1. 独立性最强、不同别的词发生结构关系，不充当句子成

分，但有时可以构成独词句。

1. مۇستەقىللىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، باشقا سۆز-لەر بىلەن قۇرۇلما مۇناسىۋىتىدە بولمايدۇ، جۈملە بۆلىكى بولۇپمۇ كەلمەيدۇ. ئەمما بەزىدە يالغۇز سۆزلۈك جۈملىلەرنى تەشكىل قىلىدۇ.

2.一般出现在句首或句尾，很少出现在句中。

2. ئادەتتە جۈملىنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا كېلىدۇ. بەزىدە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ كېلىدۇ.

3.有些感叹词可重迭使用。

3. بەزى ئۈندەش سۆزلەرنى تەكرارلاشقا بولىدۇ.

## 第二节 感叹词的分类

## 2. پاراگراف ئۈندەش سۆزنىڭ تۈرلىرى

感叹词按其所表示的意义分为两大类。

ئۈندەش سۆزلەرنى مەنىسىگە ئاساسەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1.表示各种感情色彩的感叹词：

1. تۈرلۈك ھېسسىي تۇسلەرنى بىلدۈرىدىغان ئۈندەش سۆزلەر:

1）表示喜悦的有«ئىھ»（啊）«ھە»（啊）

1) خۇشاللىقنى بىلدۈرىدىغانلىرى: «ئىھ، ھە»

2）表示赞叹、惊奇的有«ئايھاي، پاھ»（啊、哟）

2) مەھىيلىقى، ئەجەبلىنىشنى بىلدۈرىدىغانلىرى:
«ئايھاي، پاھ»
3）表示着急的有 «ئەستا»، ئاپلا» (哎呀)
3) تىت - تىتلىقنى بىلدۈرىدىغانلىرى: ئاپلا، ئەستا».
4）表示忧虑的有«ئاھ»（啊，哎呀)
غەمنى بىلدۈرىدىغانلىرى «ئاھ»
5）表示疲倦的有 «ئۇھ» (哎)
5) ھېرىش - چارچاشنى بىلدۈرىدىغانلىرى: «ئۇھ».
6）表示鄙视的有 «ھىم» (哼)
6) كەمسىتىشنى بىلدۈرىدىغانلىرى: «ھىم»
7）表示恐惧、疼痛的有 «ۋايەي، ۋايجان» (哎呀)
«ۋىيەي».
7) قورقۇش ۋە ئاغرىشنى بىلدۈرىدىغانلىرى: «ۋايەي
ۋايجان، ۋىيەي».
8）表示厌烦的有«ۋاي - ۋاي. ۋاي - ۋۇي» (哎呀)
8) بىزار بولۇشنى بىلدۈرىدىغانلىرى: «ۋاي - ۋاي،
ۋاي - ۋۇي»
9）表示恼恨的有 «ئەستاغپۇرۇللا» (哎呀) 例如：
9) ئاچچىقلىنىشنى بىلدۈرىدىغانلىرى: «ئەستاغپۇرۇللا
مەسىلەن:
ئىھ. بىز نەقەدەر بەختلىك - ھە!
啊！我们多么幸福呀！
ئۇھ. مەن بەك چارچاپ كەتتىم.

哎呀，我可真累了。

ئەستا، ئۇ نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدىغاندۇ!

哎呀，他怎么到现在还不来呀！

ھەي، بىردەم توختاپ تۇرۇڭلار!

喂，你们等一会！

ھە، مېنى نېمىگە چاقىرغانتىڭىز؟

嗨，你叫我干啥？

ھىم، ئۇنىڭ بىلىشىمۇ تايىنلىق.

哼！他知道的那一点儿也有限

ۋاي-ۋۇي، ئەجەبمۇ زېرىكىپ كەتتىمغۇ، سېنىڭ بۇ گېپىڭدىن.

哎呀，我简直烦死你这些话了。

ۋايجان، قورسىقىم بەك ئاغرىپ كەتتى.

哎哟，我的肚子好痛啊！

ئاھ، بىچارە بالام. ساڭا نېمە بولغاندۇ؟

啊，我可怜的孩子，你怎么啦。

ئاپلا، ۋاقىت توشۇپ قاپتۇ، مەن كېتەي.

哎呀，时间到了，我该走了。

ھە، ئۇ تېخى مېنى تونۇمايدىكەن-دە!

哦，他还不认识我呀！

2.表示呼应的感叹词

2. چاقىرىشنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆزلەر:

1）表示叫人的有：«ھايت، ھە ئەي، ھاي، ھەي»（哎、喂）

1) ئادەملى چاقىرىشتا قوللىنىلىدىغانلىرى: هاي، هەي، ئەي، هايت، هە.

2）表示呼唤或驱赶牲畜的有

2) هايۋانلارنى چاقىرىش ياكى قوغلاشتا قوللىنىلىدىغانلىرى:

پىش - پىش (唤猫)، تۇ - تۇ (唤鸡)،

مەھ - مەھ (唤羊)، تىر - تىر (唤马)،

تاخ (赶鸡)، چاغ (赶狗)، خىت (赶驴)،

# 第十五章　ئون بەشىنچى باب

# 词　组　سۆز بىرىكمىسى

## 第一节　词组的概念

## 1 - پاراگراف سۆز بىرىكمىسى ھەققىدە چۈشەنچە

词组是由两个或两个以上的词按照一定的语法规则组合起来的语言单位。例如：

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ مەلۇم گرامماتىكىلىق قائىدىلەر بويىچە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تىل بىرلىكى سۆز بىرىكمىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

(政治、经济、军事)　سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەربىي

(乌鲁木齐和喀什)　ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر

(美丽的新疆)　گۈزەل شىنجاڭ

(很好)　ناھايىتى ياخشى

(学习维语)　ئۇيغۇرچىنى ئۆگەن -

(慢慢讲)　ئاستا سۆزلە -

(爱祖国)　ۋەتەننى سۆي -

(交通方便)　قاتناش قولاي

(有关学习的)　ئۆگىنىشكە ئائىت

(关于语言学的)　تىلشۇناسلىققا دائىر

词组首先是在语义上和语法上都能逐层搭配起来的没有语调的一组词。象«تىرىشچان»和 باغ 两词之间虽然也有修饰与被修饰的语法关系，但它们在语义上是不能搭配的一组词。因此，不能说 «تىرىشچان باغ» 是一个词组。其次，词组是按一定的语法手段组合而成的。在现代维语里，词和词的组合构成词组不外乎三种语法手段：一是词序，二是虚词，三是缀接构形词尾。例如：

سۆز بىرىكمىسى ئالدى بىلەن سېمانتىكا ۋە گراماتىكا جەھەتتە قاتلاممۇ قاتلام بىرىكىپ كېلەلەيدىغان، ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولمىغان بىر گۇرۇپپا سۆز بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. «تىرىشچان»، «باغ» سۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا گەرچە ئېنىقلاش، ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار سېمانتىكا جەھەتتىن بىرىكەلمەيدۇ. شۇڭا «تىرىشچان باغ» نى سۆز بىرىكمىسى ھېسابلاشقا بولمايدۇ. ئۇندىن باشقا، سۆز بىرىكمىلىرى مەلۇم گراماتىكىلىق قائىدىلەر بويىچە بىرىككەن بولۇشى كېرەك. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بىرىكمىلىرى سۆز تەرتىپى، ياردەمچى سۆزلەر ۋە تۇرلەنگۈچى قوشۇمچە قاتارلىق ئۈچ خىل گراماتىكىلىق ۋاسىتە ئارقىلىق بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش، تەرجىمە قىلىش

(听、说、读、写、译)

(学校和工厂) مەكتەپ ۋە زاۋۇت

(机器开动) ماشىنا ھەرىكەتلەر-

(去北京) بېيجىڭغا بار-

# 第二节 词组的语法特征

## 2 - پاراگراف سۆز بىرىكمىسىنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1.词组能充当各种句子成分。例如：

1. سۆز بىرىكمىسى جۈملىنىڭ ھەرقانداق بۆلىكى بولۇپ كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو خەلقى ئەمگەكچان ھەم باتۇر. (خەۋەر)

中国人民勤劳勇敢。

سادىقلىق ۋە سەمىمىلىك ياخشى ئەخلاق. (ئىگە)

忠诚老实是一种美德

ئۇنىڭ كۇتۇپخانىغا بارغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ (تولدۇرغۇچى)

你看见他去图书馆了吗？

سىلەر كۆرگەن نەرسىلەرنى بىزمۇ كۆرگەن. (تولدۇرغۇچى)

你们见过的，我们也见过。

ئۈرۈمچى شەھىرى —— كوچىلىرى رەتلىك، بازارلىرى ئاۋات شەھەر. (ئېنىقلىغۇچى)

乌鲁木齐市街道整齐，市场繁荣。

ئۇ بىناكارلىق توغرىسىدا سۆزلىدى. (ھالەت)

他谈了有关建筑方面的问题。

2.当词组具备了句子的语调时，就能表达一个相对完整的意思，就成了句子。例如：

2. سۆز بىرىكمىسى ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولغاندا، ئىسپىي ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى بىلدۈرۈپ جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 好书！ | ياخشى كىتاب! |
| 我们的祖国。 | بىزنىڭ ۋەتەن. |

## 第三节 词组的种类

## 3 - پاراگراف سۆز بىرىكمىسىنىڭ تۈرلىرى

根据词组的构成成分、结构形式以及所表示的语义和语法关系的不同，可把词组分为不同的类别。

سۆز بىرىكمىسىنى ئۇنى تەشكىل قىلغان تەركىبلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى، قۇرۇلما شەكلى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن سېمانتىكىلىق مەنە ۋە گراماتىكىلىق مۇناسىۋەتنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 一、词组的构成

### 1. سۆز بىرىكمىسىنىڭ ياسىلىشى

有的是由实词结合实词构成；有的是由实词结合虚词构成。因此，根据词组的构成成分不同，可把词组分为实词词组和虚词词组两大类。

بەزى سۆز بىرىكمىلىرى مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلسە، بەزى سۆز بىرىك-

مىلىرى مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بىرى- كىشىدىن تۈزۈلىدۇ. شۇڭا، سۆز بىرىكمىسىنى ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى ۋە ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 1.实词词组

### 1. مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى

各种词组都表示一定的语法关系。实词词组所表示的语法关系常见的有联合关系、偏正关系、动宾关系、主谓关系四种。根据这四种不同的关系，可把实词词组归纳为：联合词组、偏正词组、动宾词组、主谓词组四类。

سۆز بىرىكمىلىرىدە مەلۇم گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەت ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرىدە تەڭداش مۇناسىۋەت، بېقىندىلىق مۇناسىۋەت، تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەت، ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت دېگەندەك تۆت خىل مۇناسىۋەت ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مانا مۇشۇ تۆت خىل گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتكە ئاساسەن، سۆز بىرىكمىسىنى تەڭداش سۆز بىرىكمىسى، بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى، تولدۇرغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى ۋە ئىگە - خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

#### 1）联合词组

1. تەڭداش سۆز بىرىكمىسى

由两个或两个以上的语言成分并列组合一起构成联合词组。各语言成分之间可用«ۋە، ياكى، بىلەن، ھەم» 等连词连接，

也可不用连词。例如：

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تىل تەركىبىنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىلىرى تەڭداش سۆز بىرىكمىسى دېيىلىدۇ. تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى ھەرقايسى تەركىبلەر ئارىسىدا «ۋە، ھەم، بىلەن، ياكى» قاتارلىق باغلىغۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ، بەزىدە ئۇلارنى ئىشلەتمەسمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

داۋۇت بىلەن ساۋۇت (达吾提和沙吾提)

سىز بىلەن مەن (您和我)

بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك (博学多才)

تەجرىبە ياكى ساۋاق (经验和教训)

مۇزاكىرە قىلىش ھەم ماقۇللاش (讨论并通过)

ئىشچى ۋە دېھقان (工人和农民)

كۆپەيتىش ياكى ئازايتىش (增加或减少)

گراماتىكا، ستىلىستىكا، لوگىكا (语法、修辞和逻辑)

بوران - چاپقۇن (暴风骤雨)

مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە (文化、教育、卫生)

联合词组各组成部分之间的关系是并列关系，因此有些联合词组的前后部分可以互换位置，其意义基本不变。例如：

«داۋۇت بىلەن ساۋۇت»، «سىز بىلەن مەن»، «بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك»، «تەجرىبە ياكى ساۋاق»،

可以变为

«ساۋۇت بىلەن داۋۇت»، «مەن بىلەن سىز»، «قابىلىيەتلىك ۋە بىلىملىك»، «ساۋاق ياكى تەجرىبە».

有的联合词组因其各组成成分的词序比较固定，前后位置互换后，虽说其意义基本不变，但不太合乎语言习惯。因此这类词组各语言成分的位置一般不予调换。例如：

«مۇزاكىرە قىلىش ھەم ماقۇللاش»، «بوران - چاپقۇن»، «مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە»،

这些词组除表达时的特殊需要才互换前后位置外，一般不能变换为

«ماقۇللاش ھەم مۇزاكىرە قىلىش»، چاپقۇن - بوران»، «مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە».

تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرىدىكى ھەرقايسى تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت باراۋەر - ئوخشاش بولغاچقا، ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسىمۇ، ئاساسلىق مەناغا تەسىر يەتمەيدۇ. مەسىلەن: «داۋۇت بىلەن ساۋۇت»، «سىز بىلەن مەن»، «بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك»، «تەجرىبە ياكى ساۋاق» دېگەنلەرنى «ساۋۇت بىلەن داۋۇت»، مەن بىلەن سىز»، «قابىلىيەتلىك ۋە بىلىملىك»، «ساۋاق ياكى تەجرىبە»دەپ ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. بەزى تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەرنىڭ ئورنى نىسبەتەن تۇراقلىق بولغاچقا، ئورۇن ئالماشتۇرغاندىن كېيىن مەناغا ئانچە تەسىر يەتمىسىمۇ، ئەمما تىل ئادىتىدىكە ئانچە ئۇيغۇن كەلمىگەچكە، ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: «مۇزاكىرە قىلىش ھەم ماقۇللاش»، «بوران - چاپقۇن»، «مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە» دېگەنلەرنى«ماقۇللاش ھەم مۇزاكىرە قىلىش»، «چاپقۇن - بوران»،

«سەھىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ»دەپ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

**2.偏正词组**

2. بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى

由两部分组成，前一部分修饰、限制或说明后一部分。其中起修饰、限制、说明作用的叫从属语，被修饰、限制、说明的部分叫中心语。根据偏正词组中心语的词的类属不同，又可分为名词性偏正词组、形容词性偏正词组和动词性偏正词组三类。

بۇ خىل سۆز بىرىكمىلىرى ئادەتتە ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ، ئالدىنقى قىسىم كېيىنكى قىسىمنى ئېنىقلاپ ياكى چۈشەندۈرۈپ كېلىدۇ. ئېنىقلاش، چۈشەندۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان تەركىب «ئېنىقلىغۇچى بۆلەك»دېيىلىدۇ؛ ئېنىقلىنىپ، چۈشەندۈرۈلۈپ كېلىدىغان بۆلەك «باش بۆلەك» دېيىلىدۇ. بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسىدىكى باش بۆلەكنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسىنى ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى، سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ۋە پېئىل خاراكتېرلىك بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

（1）名词性偏正词组

1) ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى

بىزنىڭ يۇرت (我们的家乡)

ئاممىنىڭ مەنپەئەتى (群众的利益)

جۇڭگو خەلقى (中国人民)

ئۇيغۇر مىللىتى (维吾尔族)

ياغاچ كۆۋرۈك (木桥)

بۈگۈنكى يىغىن (今天的会议)

تاغدىكى دەرەخلەر (山上的树)

ئېگىز بىنا (高楼)

قىزىل قەلەم (红笔)

ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى (毕业生)

بىر جىڭ گۆش (一斤肉)

ئۈچ نەپەر دوختۇر (三位大夫)

سىم - سىم يامغۇر (毛毛雨)

（2）形容词性偏正词组

2) سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى

بەك چىرايلىق (非常漂亮)

ئىنتايىن توغرا (很正确)

تازا قىزىق (非常有趣)

ناھايىتى خەۋپلىك (很危险)

قاردەك ئاق (雪白)

پولاتتەك قاتتىق (钢铁般坚硬)

تۇرمۇشقا كېرەكلىك (生活需要的)

ئىنتايىن كەمتەر (相当谦虚的)

مۇزدەك سوغۇق (冰凉的)

（3）动词性偏正词组

3) پېئىل خاراكتېرلىك بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى

ئىتتىك ماڭ - (快走)

(昨天来) تۈنۈگۈن كەل -

(步行去) پىيادە بار -

(漂漂亮亮地写) چىرايلىق ياز -

(看一次) بىر قېتىم كۆر -

(呼呼地刮) گۈكىرەپ چىق -

(顺便来探望) يوقلىغاچ كەل -

(理解阅读) چۈشىنىپ ئوقۇ -

(认真检查) ئەستايىدىل تەكشۈر -

(提前完成) مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندا -

(笑着说) كۈلۈپ سۆزلە -

3. تولدۇرغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى

3）动宾词组

由两部分组成，其中一部分表示动作或行为，另一部分是动作行为所支配、涉及的对象。它往往以名词的宾格形式出现，两部分之间的关系有支配与被支配或涉及与被涉及的关系。

بۇ خىل سۆز بىرىكمىلىرى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلار ئىچىدىكى بىر قىسمى ئىش - ھەرىكەتنى، يەنە بىر قىسمى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ. ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىنى بىلدۈرگۈچى قىسىم ئادەتتە چۈشۈم كېلىشتە كېلىدۇ. ئىككى قىسىم ئوتتۇرىسىدا باشقۇرۇش، باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

(学科学) پەن ئۆگەن -

(听讲座) لېكسىيە ئاڭلا -

(建楼房) بىنا سال -

（制定计划） پىلان تۈز -

（发展经济） ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇر -

（表现思想） ئىدىيىنى ئىپادىلە -

（捕鱼） بېلىق تۇت -

**4）主谓词组**

**4. ئىگە - خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسى**

由两部分组成。前一部分是被陈述部分，后一部分是陈述部分。两部分之间有陈述与被陈述关系，即主谓关系。例如：

بۇ خىل سۆز بىرىكمىسى ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ. ئالدىنقى قىسىم بايان قىلىنغۇچىنى، كېيىنكى قىسىم بايان قىلغۇچىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككى قىسىم ئوتتۇرىسىدا بايان قىلىنىش ۋە بايان قىلىش مۇناسىۋىتى، يەنى ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت بولىدۇ. مەسىلەن:

（春光明媚） باھار ئىللىق

（意志薄弱） ئىرادىسى ئاجىز

（态度和蔼） پوزىتسىيىسى مۇلايىم

（出太阳） كۈن چىق -

（来客人） مېھمان كەل -

（明天星期五） ئەتە جۈمە

（天气晴朗） ھاۋا ئوچۇق

**2.虚词词组**

**2. ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى**

虚词词组是由实词结合后置词构成的，所以又叫后置词词组。这类词组的虚词部分没有较实在的语义。常用来构成虚词词

组的后置词主要有 «بويىچە، ئۈچۈن، ئارقىلىق، بىلەن، قارىتا، ھەقتە، ھەققىدە، توغرىسىدا «ئائىت، نىسبەتەن» 等。例如：

ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن تىركەلمىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. شۇڭا ئۇ تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل سۆز بىرىكمىسىدىكى ياردەمچى سۆز ھېچقانداق لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرمەيدۇ. ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم تىركەلمىلەر تۆۋەندىكىچە: «بىلەن، ئارقىلىق، ئۈچۈن، بويىچە، توغرىسىدا، ھەققىدە، ھەقتە، قارىتا، نىسبەتەن، ئائىت». مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئايروپىلان بىلەن | (乘飞机) |
| خەلق ئۈچۈن | (为人民) |
| قانۇن بويىچە | (依照法律) |
| رادىئو ئارقىلىق | (通过广播) |
| زىددىيەت توغرىسىدا | (矛盾论) |
| بۇ مەسىلە ھەققىدە | (关于这个问题) |
| پىكىرگە قارىتا | (针对意见) |
| ئۇلارغا نىسبەتەن | (对于他们) |

虚词词组不同于实词词组，它在句中只能充当定语和状语。例如：

ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلار پەقەت ئېنىقلىغۇچى

ۋە ھالەتلا بولالايدۇ. مەسىلەن:

بىز پىراكتىكىغا ئائىت مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدۇق (ئېنىقلىغۇچى)

我们讨论了有关实习的问题。

بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت يىغىنىغا پۈتۈن سىنىپىمىز بويىچە قاتناشتۇق (ھالەت)

我们全班参加了这次运动会。

تاغلىق رايوندىكى چارۋىچىلار دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى رادىئو ئارقىلىق ئاڭلاپ تۇرىدۇ. (ھالەت)

山区牧民通过广播了解国家大事。

## 二、词组的结构形式

## 2. سۆز بىرىكمىسىنىڭ قۇرۇلما شەكلى

有的词组简单，有的词组复杂；因此，根据词组语法形式的繁简不同，可以把词组分为简单词组和复杂词组两种。

بەزى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، بەزىلىرىنىڭ مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇڭا سۆز بىرىكمىسىنى قۇرۇلما شەكلىنىڭ ئاددىي مۇرەككەپلىكىگە ئاساسەن، ئاددىي سۆز بىرىكمىسى ۋە مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1. 简单词组

### 1. ئاددىي سۆز بىرىكمىسى

只有一个结构层次的词组称作简单词组。例如：

بىرلا قۇرۇلما قاتلىمىغا ئىگە سۆز بىرىكمىلىرى ئاددىي سۆز بىرىكمىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

سودا ـ سانائەت (工商业)

ئۇچۇر نەزەرىيىسى (信息论)

قاتناشقان ئادەم (参加的人)

بىرلىكتە تەتقىق قىل ـ (一起研究)

شىنجاڭ ياخشى (新疆好)

**2.复杂词组**

**2. مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى**

指词组里包含着词组，即不止一个结构层次的词组称做复杂词组。例如：

سۆز بىرىكمىسى يەنە باشقا سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۆز ئىـ
چىگە ئالغان، يەنى بىرقانچە قۇرۇلما قاتلىمىغا ئىگە بولغان
سۆز بىرىكمىلىرى مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى دېيىلىدۇ. مەـ
سىلەن:

مەكتەپكە پىيادە بار ـ (步行去学校)

يېڭى يىل كەل ـ (新年到)

ئۇلۇغ ۋەتەننى سۆي ـ (热爱 伟大的祖国)

在组词成句时，或者根据表达的需要，简单词组可以扩展为复杂词组，复杂词组也可以缩减为简单词组。例如：

جۈملە تۈزگەندە ياكى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاددىي سۆز بىرىكمىسىنى مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى قىلىپ كېڭەيتىشكە، مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسىنى ئاددىي سۆز بىرىكمىسى قىلىپ ئىخچاملاشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

(前途光明) ئىستىقبال پارلاق

(前途无限光明) ئىستىقبال چەكسىز پارلاق

我们的前途无限光明。 بىزنىڭ ئىستىقبال چەكسىز پارلاق.

(学习维吾尔语) ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەن-

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگەن-

(学好现代维吾尔语)

## 三、词组的语义差别

## 3. سۆز بىرىكمىسىنىڭ سېمانتىكا جەھەتتىكى پەرقلىرى

词有单义和多义之别，词组也有单义和多义之分。词组是从句子中分析出来的，在句子里有具体的意义和用法。如果把它从具体的语言实例中抽出来，不管它的具体意义和用法，这时有的

词组常表现为多义性。但这种多义性不如词的多义现象那样普遍。因此，根据词组的语义所表示的单义性与多义性，可将其分为单义词组和多义词组两类。

سۆزلەرنىڭ بىر مەنىلىكلىرى ۋە كۆپ مەنىلىكلىرى بولىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، سۆز بىرىكمىلىرىنىڭمۇ بىر مەنىلىكلىرى ۋە كۆپ مەنىلىكلىرى بولىدۇ. سۆز بىرىكمىسى جۈملىدىن ئايرىۋېلىنغان بولۇپ، جۈملىدىلا كونكرېت مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى كونكرېت تىل تىزمىسىدىن ئايرىۋېلىپ، ئۇنىڭ جۈملىدىكى كونكرېت مەنىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلساق، بەزى سۆز بىرىكمىسى كۆپ مەنىلىك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما سۆز بىرىكمىلىرىدىكى بۇ خىل كۆپ مەنىلىك ھادىسە سۆزلەردىكىدەك ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس. سۆز بىرىكمىلىرىنى سېمانتىكا جەھەتتە بىر مەنىلىك ياكى كۆپ مەنىلىك بولۇشىغا ئاساسەن، كۆپ مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى ۋە بىر مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1.单义词组

### 1. بىر مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى

只有一个意义的词组称做单义词组。例如：

بىرلا مەنىگە ئىگە بولغان سۆز بىرىكمىلىرى بىر مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

(书和本子) كىتاب ۋە دەپتەر

(勤劳的人) ئەمگەكچان ئادەم

(读清楚点) ئېنىقراق ئوقۇ-

（花红） گۈل قىزارـ

（有关宗教问题） دىنغا ئائىت مەسىلە

**2.多义词组**

**2. كۆپ مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى**

不只表示一个意义的词组称做多义词组，又称歧义词组。造成词组多义的原因有两个：一是结构层次的划分不同所造成的，这种多义词组叫做层次多义词组；另一个是由领属格造成，这种多义词组称之为 ـنىڭ 多义词组

بىرقانچە مەنە ئاڭلىتىدىغان سۆز بىرىكمىلىرى كۆپ مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى ياكى ئىككى بىسلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ كۆپ مەنىلىك بولۇشى ئىككى خىل سەۋەبتىن بولىدۇ: بىرى قۇرۇلما قاتلىمىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كۆپ مەنىلىك سۆز بىرىكمىلىرى پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كۆپ مەنىلىك سۆز بىرىكمىسىنى قاتلاملىق كۆپ مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى دېيىشكە بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ كۆپ مەنىلىكلىكى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان كۆپ مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، بۇ خىل سۆز بىرىكمىسىنى «ـ نىڭ» بەلگىلىك كۆپ مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

1）层次多义词组

1. قاتلاملىق كۆپ مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى. مەسىلەن:

(新党章)　　يېڭى پارتىيە نىزامنامىسى

(新政党的章程)　　يېڭى پارتىيە نىزامنامىسى

2) «ـنىڭ» 多义词组

2. «ـ نىڭ» بەلگىلىك كۆپ مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى

مەسىلەن:

例如：

دادامنىڭ رەسىمى

(我爸爸的照片)

这一词组有歧义：一是指父亲保存的照片，二是指照片上就是父亲本人。

بۇ سۆز بىرىكمىسى ئىككى خىل مەنىگە ئىگە: بىرى دادىسى ساقلىغان رەسىمنى كۆرسەتسە، يەنە بىرى دادىسى چۈشۈرۈلگەن رەسىمنى كۆرسىتىدۇ.

(赛买提的故事)　　سەمەتنىڭ ھېكايىسى

这一词组也有歧义：一是指赛买提讲的故事，二是指有关赛买提的故事。

بۇ سۆز بىرىكمىسمۇ ئىككى مەنىگە ئىگە: بىرى سەمەت ئېيتقان ھېكايىنى، يەنە بىرى سەمەت توغرىسىدا ئېيتىلغان ھېكايىنى كۆرسىتىدۇ.

# 第十六章 ئون ئالتىنچى باب
# 句子成分 جۈملە بۆلەكلىرى

## 第一节 句子成分概述
## 1 - پاراگراف جۈملە بۆلەكلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 一、句子成分的概念
### 1. جۈملە بۆلەكلىرى ھەققىدە چۈشەنچە

在句子中起组织结构联系的作用，能单独回答问题的词或词组，称为句子成分。由词构成的句子成分称为简单句子成分；由词组构成的句子成分称为复杂句子成分。现代维语中有主语、谓语、宾语、定语和状语五种句子成分，依照这些句子成分在句中的地位和作用，可分为主要成分和次要成分。

جۈملىدە قۇرۇلما مۇناسىۋىتىنى تەشكىللەش رولىنى ئۆتەپ، سوئاللارغا مۇستەقىل جاۋاب بولۇپ كېلەلەيدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى جۈملە بۆلەكلىرى دېيىلىدۇ. سۆزدىن تەركىب تاپقان جۈملە بۆلىكى ئاددىي جۈملە بۆلىكى، سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان جۈملە بۆلىكى مۇرەككەپ جۈملە بۆلىكى دېيىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت قاتارلىق بەش خىل

جۈملە بۆلىكى بولۇپ، ئۇلار جۈملىدىكى ئورنى ۋە رولىغا ئاساسەن باش بۆلەك ۋە ئەگەشمە بۆلەك دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

## 二、句子的主要成分：

## 2. جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى

句子的主要成分是主语和谓语，它们一般是句子里不可缺少的骨干部分，主语和谓语在大多数句子中，是处于句子第一层次的直接组成成分。例如：

ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلىكى، جۈملىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان قىسىملىرىدۇر. ئىگە بىلەن خەۋەر كۆپىنچە ھاللاردا جۈملىنىڭ بىرىنچى قاتلىمىدا كۆرۈلىدىغان بىۋاسىتە تەركىبلەردىن ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

تۇرسۇن كەلدى.

ئى　　خ

吐尔逊来了。

ئۇ بىزنىڭ سىنىپىنىڭ ئەلاچىسى.

ئى　　خ

他是我们班的优秀生。

بىر بالا مەندىن يول سورىدى.

ئى　　خ

一个小孩向我问了路。

## 三、句子的次要成分

## 3. جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى

句子的次要成分是宾语、定语和状语，它们一般处于句子第二层次或第二层次以下的各层次中，对句子的主要成分的中心语进行修饰，限制，说明或补充，使其表示的意义更明确，更完善。例如：

جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى دېگەندە تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئادەتتە جۈملىنىڭ ئىككىنچى ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن قاتلاملىرىدا كۆرۈلۈپ، جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىنى ئېنىقلاش، چەكلەش، چۈشەندۈرۈش تولۇقلاش رولىنى ئويناش بىلەن جۈملىنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە مۇكەممەل قىلىپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

بىرنەچچە تەنھەرىكەتچى تەنتەربىيە مەيدانىدا پۇتبول ئويناۋاتىدۇ.

ئى خ

ئې م ھ م

ئې م ت م

一些体育运动员在场上踢足球。

بىزنىڭ مەكتەپ رەھبەرلىرىمىز يىغىندا مېنى ئىككى قېتىم تەقدىرلىدى.




我们校领导在会上表扬了我两次。

ئۈرۈمچىنىڭ ئېگىز بىنالىرى، ناھايىتى كۆپ.




乌鲁木齐有很多的高楼大厦。

注：

ئەسكەرتىش:

ئى — ئىگە（主语）

خ — خەۋەر（谓语）

ت — تولدۇرغۇچى（宾语）

ئې — ئېنىقلىغۇچى（定语）

ھ — ھالەت（状语）

م — مەركىزي بۆلەك（中心语）

## 第二节 主语

## 2 - پاراگراف ئىگە

主语是说话人表述的对象，在句中回答 كىم؟ نېمە؟ 等问语。例如：

سۆزلىگۈچىنىڭ بايان ئوبيېكتى ئىگە دېيىلىدۇ. ئۇ جۈملىدە «كىم؟، نېمە؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

دىلمۇرات تاماكىنى تاشلىۋەتتى.

迪里木拉提戒烟了。

دۇنيانىڭ ئىستىقبالى پارلاق.

世界的前途是光明的。

在句中充当主语的通常是主格静词或词组，除此之外领属格、范围格静词或词组也可充当主语。

ئادەتتە باش كېلىشتىكى تۇرغۇن سۆز ۋە تۇرغۇن سۆز بىرىكمىلىرى، بۇنىڭدىن باشقا ئىگىلىك كېلىش، ئورۇن-بەلگە كېلىشتىكى تۇرغۇن سۆز ۋە تۇرغۇن سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

在句中可以作主语的有：

تۆۋەندىكى سۆزلەر جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلەلەيدۇ:

1.名词及名词词组

1. ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى

بىلىم كۈچ دېمەكتۇر.

知识就是力量。

بۈگۈن كۈنگە نېمە؟

今天星期几?

دىلدارنىڭ ئەڭ چىرايلىق ئىكەن.

迪里达尔的最漂亮。

قولىڭىزدىكى نېمە؟

你拿的是什么?

دوختۇر ۋە سېستىرا ماڭا غەمخورلۇق قىلدى.

医生和护士对我很关心。

ئون بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم.

11月25日是我的生日。

ئۆينىڭ ئىچى بەك ئىسسىق ئىكەن.

屋里太热了。

2.代词:

2. ئالماش:

مەن ئاپتوۋۇزنىڭ ئاخىرقى ئورۇنلىرىدا ئولتۇرغانىدىم.

我坐在公共汽车的后排座位上。

سىلەر تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولغاندا قايتىپ كېتىڭلار.

你们做完作业再回家。

بۇ ئىشنى ئۆزى بىلىدۇ.

这事儿他自己知道。

بۈگۈن كىم بىزگە دەرس سۆزلەپ بېرىدۇ؟

今天谁给我们上课?

سىزگە نېمە كېرەك؟

你需要什么？

بۇ مېنىڭ ئاغىنەم.

这是我的朋友

سېنىڭ ياخشى ئىكەن.

你的好。

3.数词：

3. سان:

توققۇز تاق سان.

九是奇数。

سەككىز ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

八能被二除。

ساۋاقداشلاردىن ئۈچى دەرسكە كەلمىدى.

有三个同学没来上课。

4.形容词及形容词词组：

4. سۈپەت ۋە سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى:

ياخشى ياخشىنى تاپىدۇ.

好人结识好人。

چوڭلار كىچىكلەرنى ئاسرىشى كېرەك.

大人要爱护小孩。

تۈنۈگۈنكىسى مەندە، بۈگۈنكىسى كەلمىدى تېخى.

昨天的在我这儿，今天的还没来。

ئاۋۋالقىسى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى.

先前的不太好。

تۇخۇمنىڭ سېرىقى ئىسسىق.

蛋黄是热性的。

ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.

人的斑纹在心上，兽的斑纹在皮上。

5.形动词及形动词词组：

5. سۈپەتداش ۋە سۈپەتداش سۆز بىرىكمىلىرى:

ئىشلىگەن چىشلەيدۇ.

劳动者得食。

قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر.

胆小鬼先举拳头。

سۆيگەن چىرايلىق.

喜欢的就漂亮（情人眼里出西施）。

سۆزلىمەكچى بولغانلار بىرىنچى قاتاردا ئولتۇرىدۇ.

准备发言的人在第一排就座。

بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار ئاز تېپىلىدۇ.

关心这件事的人很少。

6.名动词及名动词词组：

6. ھەرىكەتنام ۋە ھەرىكەتنام سۆز بىرىكمىلىرى:

ئۆگىنىش نۇرغۇن بالىلارغا نىسبەتەن كۆڭۈللۈك ئىش ئەمەس.

对很多小孩来说，学习不是一件愉快的事。

ئاستا يۈگۈرۈش سالامەتلىككە پايدىلىق.

慢跑对健康有益。

كلاسسىك مۇزىكىنى ئاڭلاش مەن ئەڭ ياخشى كۆرىد—

听古典音乐是我最喜欢的事。

ئۇنىڭ ئوقۇشى مېنىڭكىگە يەتمەيدۇ.

他学习不如我。

شامال چىقىش، يامغۇر يېغىش تەبىئەت ھادىسىسى.

刮风、下雨是自然现象。

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار.

有借有还。

ئۇنىڭ داڭلىق يازغۇچى ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم.

我们知道他是个名作家。

بۇ ئەربابنىڭ ۋاپات بولغانلىقى بىزنى ھەيران قالدۇردى.

这位名人的去世使我们震惊。

7.摹拟词及摹拟词词组：

7. تەقلىدىي سۆز ۋە تەقلىدىي سۆز خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى:

شار-شۇر ئات كۆتۈرەر.

爱咋呼的担空名。

ئۆي ئىچىدىن ۋاك-چۇك ئاڭلانمايتتى.

屋里静悄悄的。

يېتىمنىڭ ئاھى مومايغا ئاڭلىنىپ قاپتۇ.

孤儿的叹气声传入老奶奶的耳中。

بالىلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى بېشىمنى ئاغرىتىۋەتتى.

孩子吵得我头都疼了。

# 第三节 谓 语

## 3. پاراگراف خەۋەر

谓语是句中对主语加以表述的部分，即是说，谓语是说明、解释、描绘、判断主语的成分。因此，谓语是一句中最主要的部分。通常没有谓语就无法组成句子。

جۈملىدىكى ئىگىنى بايان قىلىپ كېلىدىغان قىسىم، يەنى، ئىگىنى چۈشەندۈرۈپ، ئىزاھلاپ، تەسۋىرلەپ، ھۆكۈم قىلىپ كېلىدىغان بۆلەك خەۋەر دېيىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەۋەر جۈملىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىدۇر، جۈملىنىڭ خەۋەرسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

谓语在句中回答："قانداق؟ نېمە؟ نېمە بولدى؟ نېمە قىلىدۇ؟"等问语。例如：

خەۋەر جۈملىدە «قانداق؟ نېمە؟ نېمە بولدى؟ نېمە قىلىدۇ؟» قاتارلىق سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

غۇلجىنىڭ يېرى مۇنبەت، ھاۋاسى مۆتىدىل. (قانداق؟)

伊犁土地肥沃，气候温和。

ماشىنا — قاتناش قورالى. (نېمە؟)

汽车是交通工具。

ھېلىقى مەست يولدا ئۇخلاپ ياتىدۇ. (نېمە قىلىدۇ؟)

那个醉鬼躺在路上睡着了。

在句中充当谓语的通常是动词、形容词，名词以及其他静词或词组。动词充当谓语时，其人称和数必须同主语相一致。

ئادەتتە پېئىل، سۈپەت، ئىسىم، شۇنىڭدەك تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك باشقا سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە خە-ۋەر بولۇپ كېلىدۇ. پېئىللار خەۋەر بولۇپ كەلگەندە ئىگە بىلەن شەخس، سان جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ.

在句中可作谓语的有：

تۆۋەندىكى سۆزلەر جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلەلەيدۇ:

1.动词及动词词组：

1. پېئىل ۋە پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى:

ئۇلار ئىككىسى سۆزلەۋاتىدۇ.

他俩正在谈话。

باھار پەسلى كېلىپ، ھاۋا ئىسسىشقا باشلىدى.

春天来了，天气开始热了。

ئۇلار بىزنى مېھمانغا چاقىرىپ قويۇپتۇ.

他们请我们去作客了。

بىز ئۇلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلماقچىمىز.

我们准备接受他们的意见。

تاھىرنىڭ دادىسى دىنىي مەكتەپتە ئىشلەيدىكەن.

塔依尔的父亲在神学院工作。

ئوت ئاپىتى ئاخشام سائەت ئونلاردا يۈز بەرگەن ئوخ-شايدۇ.

火灾好象是晚上十点左右发生的。

ئۇنىڭ كۆزلىرى يالت-يۇلت قىلىپ تۇراتتى.

他的双眼炯炯发光。

مەن تېكىستنى ئوقۇدۇم ۋە تەرجىمە قىلدىم.

我读了并翻译出了课文。

بىز ئوقۇتقۇچىنى باغۋەن دەيمىز.

我们称教师为园丁。

نەق مەيداننىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، جىنايەتچى
دېرىزىدىن كىرگەن بولسا كېرەك.

从现场情况来看，罪犯可能是从窗户进去的。

بۇ خىل ئەتىرنىڭ باھاسى ئانچە قىممەت ئەمەس ئىكەن

这种香水的价钱不太贵。

ماگىزىن چۈشتىن بۇرۇن ئوچۇق ئىدى.

门市部上午开着。

بۇ ئىشتان ماڭا سەل ئۇزۇن كېلىدۇ.

这条裤子我穿稍微长了一点。

مەن ئۇنى قەھۋەخانىدا كۆرگەندەك قىلىمەن.

我好象在咖啡馆里见过他。

مەن ئۇسساپ كېتىپ ئۆلگۈدەك بولدۇم.

我都快要渴死了。

2.形容词及形容词词组：

2. سۈپەت ۋە سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى:

ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان بولغان بىلەن كۆڭلى ياخشى.

他脾气坏，可心眼好。

خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى چەكسىز.

人民的智慧是无限的。

بۇ بالىنىڭ گېپى بەك قىزىق.

这孩子的话真逗。

ساڭا نېمە كېرەك؟

你需要什么?

«نىسبىيلىك نەزەرىيىسى» توغرىسىدىكى بۇ ماقالە ھەم ئۇزۇن ھەم چۈشىنىكسىز.

这篇关于“相对论”的文章，既长又难以理解。

بەزى كىشىلەر ساياھەتكە ئامراق.

有些人爱好旅行。

3.名词及名词词组：

3. ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى:

ئۇنىڭ قېيىن ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئابلەت.

他岳父叫阿布来提。

بالدۇر ئۇخلاپ. بالدۇر قوپۇش ياخشى ئادەت.

早睡早起是好习惯。

ئالدىدا بىر تېرەك بار ئۆي مېنىڭ چوڭ دادامنىڭ.

门前有棵杨树的屋子，是我爷爷的。

بۈگۈن پەيشەنبە.

今天星期四。

4.代词：

4. ئالماش:

سىزنى ياخشى ئادەم ئىكەن دېگەن كىشى مۇشۇ.

说你是个好人的就是他。

بۇ گېزىت سىزنىڭ.

这张报纸是你的。

ئەھۋالىڭىز قانداق؟

你好吗？

بۇنىڭ كىلوسى قانچە؟

这多少钱一公斤？

5.数词及数量词词组：

5. سان ۋە سان - مىقدار بىرىكمىلىرى:

ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.

天下乌鸦一般黑。

بۈگۈن دەرسكە كېچىكىپ كەلگەنلەر بەش.

今天上课迟到的人是五个。

بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئارىسى 50 كىلومېتىر.

这两个城市相距五十公里。

6.摹拟词：

6. تەقلىدىي سۆزلەر:

تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال.

外强中干。

ئۇنىڭ ئانىسى بەك ۋات - ۋات.

他母亲唠唠叨叨的。

7.连动谓语：

由连动词组构成的复杂谓语称为连动谓语。这类谓语中，两个或两个以上的动词或动词词组连用，分别叙述同一主语，动词或动词词组之间没有语音停顿。也不用连词例如：

7. كىرىشمە خەۋەر: كىرىشمە سۆز بىرىكمىسىدىن تەر-
كىب تاپقان مۇرەككەپ خەۋەر كىرىشمە خەۋەر دېيىلىدۇ.
بۇخىل خەۋەردە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پېئىل

ياكى پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بىللە ئىشلىتىلىپ، ئايرىم - ئايرىم هالدا ئەينى بىر ئىگىنى بايان قىلىپ كېلىدۇ. پېئىللار ياكى پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى ئارىسىدا فونېتىكىلىق پائۇزا بولمايدۇ. باغلىغۇچىلارمۇ قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:

① تاشپۇلات بازاردىن كىنو كۆرۈپ قايتىپ كەلدى.

塔西普拉提在街上看了电影回来了。

2. ئۇلارنىڭ يېتەكچى مۇئەللىمى ئاغرىپ قېلىپ دەرسكە كېلەلمىدى.

他们的导师因病没能来上课。

**连动谓语**中，动词或动词词组之间有一定的语义联系。例①中，它们表示先后发生的连续动作，例②中，它们表示前一动作是后一动作的原因。

كىرىشمە خەۋەردىكى پېئىل ياكى پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى ئارىسىدا مەلۇم سېمانتىكىلىق باغلىنىش بولىدۇ.

① مىسالدا ئىلگىرى - كېيىن كۆرۈلگەن ئۇلانما هەرىكەت ئىپادىلەنگەن.

② مىسالدا ئالدىنقى هەرىكەتنىڭ كېيىنكى هەرىكەتنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

## 第四节 宾 语

## 4. پاراگراف تولدۇرغۇچى

宾语在句中是动词所表示的行为动作涉及的对象或产生的结

果，在句中回答：نېمىنى؟ كىمنى؟ 等问语。例如：

تولدۇرغۇچى پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى ۋە نەتىجىسىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە «كىمنى؟ نېمىنى؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنى ئۆتكەن يىلى مۇشۇ يەردە كۆرگەنىدىم.

我去年在这儿见过他。

مەن نىجات بىلەن ئەيسانى پەرق ئېتەلمەيمەن.

我分不清尼加提和艾沙

بوران دەرەخ شېخىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ.

风把树枝刮断了。

مەن ئۆي ئالدىغا بىرنەچچە تۈپ ئالما كۆچىتى تىكتىم.

我在房前种了几棵苹果树。

在句中充当宾语的通常是名词或名词词组，其他静词或静词词组也可充当宾语。大多数情况下宾语都可以宾格形式出现，有时宾语也不缀接宾格。

ئادەتتە ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، ئۇندىن باشقا، تۈرغۇن سۆز خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىمۇ تولدۇرغۇچى بولالايدۇ. تولدۇرغۇچى كۆپىنچە ھاللاردا چۈشۈم كېلىشتە كېلىدۇ. بەزىدە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىزمۇ كېلىۋېرىدۇ.

在句中可以作宾语的有：

تۆۋەندىكى سۆزلەر جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولالايدۇ:

1.名词及名词词组：

ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى:

ئۇلار «ئۇچار تەخسە»نى پەقەت ژۇرنالدىلا كۆرگەن.

他们只是在杂志上见过“飞碟”。

ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايمىز.

我们满足不了他的要求。

ئوۋچىلار بىر ئۆڭكۈردە تۈلكىنى بايقىدى.

猎人在一个洞里发现了狐狸。

خەۋەرچى بىر پارچە مۇھىم ئاخباراتنى ئېلىپ كەلدى.

通讯员带来了一份重要情报。

ماخمۇتلار زالنىڭ كەينىنى تازىلاپ چىقتى.

马合木提他们把礼堂后面打扫了。

ئاخشام بىر كونا ساۋاقداشىمنى چۈشەپ قاپتىمەن.

昨晚我梦见了一个老同学。

بۇ ئەبلەخ مېنىڭ سىرىمنى ھەممە ئادەمگە يېيىۋەتتى.

这个混蛋向所有的人张扬了我的秘密。

2.代词：

2. ئالماش

ئۇكام، ئۆزۈڭنى تولا چوڭ چاغلىما.

兄弟，别太不知天高地厚了。

تۈنۈگۈن ئۇنى ئىزلەپ بارسام، ئۇ يوق ئىكەن.

昨天我去找他，他不在。

مېنى كىرگۈزۈۋېتىڭ، بېلىتىم يۈتۈپ كەتكەن.

让我进去吧，我的票丢了。

كىمنى ئىزدەيسىز؟

你找谁？

3.数词及数词词组：

3. سان ۋە سان خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى:

بەشكە تۆتنى قوشسا، توققۇز بولىدۇ.

五加四等于九。

ئوندىن ئالتىنى ئېلىۋەتسە، قانچىسى قالىدۇ؟

十减六等于几？

بىرىنچىسىنى ئالمايمەن، ئىككىنچىسىنى بەرسىڭىز بولۇپتىكەن.

我不要第一个，请您把第二个给我。

4.摹拟词：

4. تەقلىدىي سۆزلەر:

بالىلار، ۋاراڭ-چۇرۇڭنى توختىتىڭلار!

孩子们，别嚷嚷了。

بىز سىرتتىكى گۈلدۈر-غالاپنى ئېنىق ئاڭلىدۇق.

我们清楚地听见外面哐啷一声。

تۇرسۇنخان ۋىت-ۋىتنى كۆرمىدىڭمۇ؟

你看见碎嘴子吐尔逊了吗？

5.形容词

5. سۈپەت:

مەن قىزىلنى ياخشى كۆرىمەن، شۇنىڭغا تېگىشىۋالسام بولامدۇ؟

我喜欢红的，换一下行吗？

ئۇزۇنىنى مەن ئالاي، قىسقىسىنى سەن ئال.

还是我要长的，你要短的吧。

ياخشى - ياماننى پەرق ئېتەلمىسەڭ بولمايدۇ.

你不辨好坏可不行。

خاتانى تۈزىتىشىمىز، توغرىنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

我们应该改正错的，坚持正确的。

6.形动词及形动词词组：

6. سۈپەتداش ۋە سۈپەتداش سۆز بىرىكمىسى:

بىلمىگەننى خەقتىن سوراش كېرەك.

不懂的要问别人。

سىز چەت ئەلدە كۆرگەن - ئاڭلىغاننى ئېيتىپ بېرىڭ.

请您把国外的见闻讲讲。

دېگىنىڭىزنى پەقەت چۈشىنەلمىدىمغۇ.

您说的我怎么一点也不懂啊。

سۆزلىمەكچى بولغىنىڭىزنى دەپ بولدۇڭمۇ؟

你要说的都说完了吗？

بىز ئالدىدا ماڭايلى، كېچىككەن كەلگەنلەرنى سىز كۈ-
تۈپ تۇرۇڭ.

我们先走了，来晚的人你等着。

7.名动词及名动词词组：

7. ھەرىكەتنام ۋە ھەرىكەتنام سۆز بىرىكمىسى:

ئۆگىنىشىمىزنى كۈچەيتىپ، كەسپىي سەۋىيىمىزنى ئۈز-
لۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

我们应该加强学习，不断提高业务水平。

ئۇ ئىشلەشنى خالىماي لاغايلاپ يۈرىدۇ.

他好逸恶劳，游手好闲。

ئابلىز خىزمەتكە بېرىلىپ كېتىپ، تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

阿布利孜埋头工作，连吃饭都忘了。

ئۇنىڭ ئۆتكەندە ئارتىس بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

谁也不知道他曾经当过演员。

باھار ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا چىقىدىغانلىقىنى دوستلىرىغا ئېيتتى.

巴哈尔告诉同伴她即将出嫁。

## 第五节 定语

## 5 - پاراگراف ئېنىقلىغۇچى

定语是句中名词、名词性的词或名词词组的限定成分，修饰和在句中起修饰或领属作用。定语在句中回答 قانداق؟ قانچە؟ قانچىلىك؟ قايسى؟ نەدىكى؟ كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟ 等问语。例如：

جۈملىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىمخاراكتېرلىك سۆزلەرنى ئىزاھلىغۇچى ياكى چەكلىگۈچى تەركىب ئېنىقلىغۇچى دېيىلىدۇ. ئېنىقلىغۇچى جۈملىدە ئېنىقلاش ياكى ئىگىلىك رولىنى ئويناپ «قانداق؟ قانچە؟ قانچىلىك؟ قايسى؟ نەدىكى؟ كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

ياغاچ كۆۋرۈكتىن سېمونت كۆۋرۈك ياخشى.

水泥桥比木桥好。

مەن ساندۇقتىن 50 تال ئوق ئالدىم.

我从箱子里拿了五十发子弹。

تۈنۈگۈنكى ئىشنى ئۆمۈر بويى ئۇنۇتما.

昨天的事你一辈子也不要忘记。

بۇ گۇناھ ئۆزۈمدىن ئۆتتى.

这是我的错。

在句中可以作定语的有：

تۆۋەندىكى سۆزلەر جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولالايدۇ:

1.形容词及形容词词组：

1. سۈپەت ۋە سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى:

دوقمۇشتىن ئۆتۈپ، بىر كىچىك دەريانى كۆردۇق.

拐过弯，我们看到一条小河，

ئۈرۈمچىدە ھازىر ئېگىز بىنالار ناھايىتى كۆپ.

现在乌鲁木齐有很多高楼大厦。

بۇ يىلقى بۇغداي بەك ئوخشاپتۇ.

今年的小麦长得真不错。

نېرىقى ئۆي ئەللىك نەچچە يىل ئىلگىرى ياسالغانمىش.

听说那边的房子是五十多年前盖的。

ئۇ ئۇلۇغ ۋە ئاددىي ئادەم.

他是个伟大而又平凡的人。

ئۇ گېزىتتە بەك قىزىق بىر ھەجۋىي رەسىم بېسىلىپتۇ.

这张报上登了一幅很可笑的漫画。

جۇڭگو — زېمىنى كەڭ دۆلەتلەردىن بىرى.

中国是幅员辽阔的国家之一。

پۇتى ئۇزۇن ئادەم ئۇسسۇل ئويناشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

腿长的人适合跳舞。

2.代词：

2. ئالماش:

بۇ مۇزىكانتنى ھەممە كىشى بىلىدۇ.

这位音乐家无人不晓。

مېنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتام ھېلى بار ئىدى.

我的录音带还在。

بىزنىڭ سپورتچى مەيدانغا چۈشتى.

我们的运动员入场了。

بۇنىڭدەك ئۆسۈملۈك دۇنيادا ئاز تېپىلىدۇ.

这样的植物举世罕见。

بۇ جەھەتتىكى نەزەرىيىلەرنى مەن ئوبدان بىلىمەن.

我很精通这方面的理论。

3.数量词及数量词组：

3. سان ۋە سان ـ مىقدار سۆز بىرىكمىسى:

يېرىم كېچىدە، بىر ئەسكەر جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كېتىپتۇ.

深夜，一个士兵逃离了战场。

ئۈچىنچى بىنا بۇلتۇر يازدا سېلىنغان.

三号楼是去年夏天盖的。

بەش نەپەر سەنئەتكار ياپونىيىگە ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى كەتتى.

五位艺术家去日本访问了。

بىزنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيىمىز بار.

我家有两间房子。

بۇ يىل بەش يۈزچە ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ.

今年有约五百名学生毕业。

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، مىليونلىغان-ئون مىڭلىغان
كىشى جېنىدىن ئايرىلدى.

第二次世界大战中有成百万上千万人丧生。

ئەتە ئۆيۈمگە تۆت - بەش ئاغىنەم كەلمەكچى.

明天有四、五个朋友到我家来。

سەككىزدەك ئوقۇغۇچى بىرلەشمە دەرسخانىنى
تازىلاۋاتىدۇ.

约有八个学生在打扫合堂教室。

4.名词及名词词组

4. ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى:

دېڭىز سۈيىدە تۇز تەركىبى كۆپ.

海水中含盐份多。

بىر چەت ئەل يولۇچىلار پاراخوتى پورتقا كىرىۋاتىدۇ.

一艘外籍客轮正在进港。

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرۈپ-ئادەتى ئۆزبېكلەرنىڭكىگە ئوخشاپ-
راق كېتىدۇ.

维吾尔族的风俗习惯同乌孜别克族的有些相象。

بىزنىڭ پولاتتەك ئىرادىمىز بار. ھەرقانداق قىيىنچى-
لىقتىن قورقمايمىز.

我们有钢铁般的意志，任何困难都吓不倒我们。

ھازىر يېزىدىكى كىشىلەر بارغانسېرى باي بولۇۋاتىدۇ.

现在农户人家越来越富了。

بەزى چوڭ شەھەرنىڭ قاتناش ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

有些大城市的交通状况日益恶化。

5.形动词及形动词词组

5. سۈپەتداش ۋە سۈپەتداش سۆز بىرىكمىسى:

ھازىر ياشلار ئارىسىدا ئوقۇمىغان كىشى ناھايىتى ئاز.

现在的年轻人中，没上过学的人极少。

ئۇنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلار كۆپ.

他所经历的事很多。

بويى بىر مېتىر يەتمىش سانتىمېتىرغا يەتمىگەن ئەر پاكار ھېسابلىنىدۇ.

身高不足1.70米的男子都算矮个儿。

تاماكا چېكىدىغان كىشىنى، مېنىڭچە ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ.

抽烟的人我看是没人喜欢的。

سۇدا ياشايدىغان ھايۋانلار باشقا ئۇسۇل بىلەن نەپەس ئالىدۇ.

水生动物以别的方式呼吸。

6.名动词及名动词词组：

6. ھەرىكەتنام ۋە ھەرىكەتنام سۆز بىرىكمىسى:

بىزنىڭ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

我们班的学生经常交流学习方法。

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار.

好借好还。

ھازىر مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتىدۇ.

当前，环境污染问题日益严重。

بالدۇر ئۇخلاپ، بالدۇر قوپۇشنىڭ پايدىسى كۆپ.

早睡早起的益处很多。

قارىشىمچە، ھازىر نۇرغۇن دوختۇرخانىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسى ناھايىتى بوش.

我认为，现在很多医院的“以防为主”的思想非常薄弱。

بۇ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى.

这是我们的事业取得胜利的根本保证。

7.摹拟词：

7. تەقلىدىي سۆزلەر:

غۇر-غۇر شامال كېلىپ تۇراتتى.

微风轻拂。

سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.

细雨绵绵。

ئاق سەھەردە تاراق-تۇرۇق ئاۋازلار كىشىلەرنى قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغاتتى.

清晨一阵乒乒乓乓的响声把人们从酣睡中惊醒。

8.后置词词组：

8: تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىلىرى:

سىزدە ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىگە ئائىت ماتېرىيال بارمۇ؟

你有关于当前世界形势的材料吗?

ماخمۇت، زازاق قاتارلىق يولداشلار بىز بىلەن سۆھبەتلەشتى.

马合木提、热扎克等同志同我们进行了座谈。

ئۈستەل ئۈستىدە بەدەن گۈزەللىكى توغرىسىدىكى كىتابلار تۇراتتى.

桌上有几本关于健美的书。

## 第六节 状 语

## 6 - پاراگراف ھالەت

状语是句中动词、形容词、或动词词组、形容词词组的修饰限制成分，在句中回答 نېمە ئۈچۈن؟ قاچان؟ قانداق؟ 等问语。例如：

جۈملىدىكى پېئىل سۈپەتنى ياكى پېئىل خاراكتېرلىك، سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىنى ئېنىقلاپ چەكلەپ كېلىدىغان تەركىب ھالەت دېيىلىدۇ. ئۇلار جۈملىدە قانداق؟ قاچان؟ نېمە ئۈچۈن؟ قاتارلىق سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز بۇ ماجىرانى سالماقلىق بىلەن ھەل قىلدۇق.

我们慎重地解决了这场纠纷。

بۇ ماگىزىننى بۈگۈن ئاچمايدۇ.

今天这个铺子不开门。

مەن ئىچكى كېسەل بۆلۈمىگە نومۇر ئېلىش ئۈچۈن بىر سائەت ئۆچىرەتتە تۇردۇم.

为了挂内科号，我排了一小时队。

在句中充当状语的通常是副词、副动词、后置词词组以及其它静词性词或词组。

رەۋىش، رەۋىشداش تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى، ئورغۇن سۆز خاراكتېرلىك سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە هالەت بولالايدۇ.

在句中可以作状语的有：

تۆۋەندىكى سۆزلەر جۈملىدە هالەت بولىدۇ.

1.副词：

1. رەۋىش:

يولداشلار چاپسان ماڭايلى!

同志们，快点走！

بۇ قوغۇن بەك تاتلىق ئىكەن.

这个甜瓜非常甜。

ئەھۋال ناھايىتى جىددىي.

情况非常紧急。

2.副动词及副动词词组：

2. رەۋىشداش ۋە رەۋىشداش سۆز بىرىكمىسى:

ئۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغاچقا ئۆيدە دەم ئالدى.

他因患病在家休息。

سەن ئىشلىگىلى كەلدىڭمۇ، يا ئوينىغىلى كەلدىڭمۇ؟

你是来干活的，还是来玩的？

3.后置词词组：

3. تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى:

بۇ ئۇلۇغ ئەرباب پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئىشلىگەن.

这位伟大的活动家曾为全人类的进步工作过。

بىز بۇ ئىشنى دىپلوماتىيە يولى بىلەن ئاخىر ھەل قىلدۇق.

我们通过外交途径终于解决了这件事。

ئۇلار تاشقورغان ئارقىلىق ئۆز مەملىكىتىگە قايتتى.

他们途经塔什库尔干回国。

4.名词及名词词组：

4. ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى:

بۇ خەۋەرنى رادىئودىن ئۇقتۇم.

我是从收音机里得知这一消息的。

دەرەخ شېخىدا بىر بۇلبۇل تۇراتتى.

树枝上有只百灵鸟。

بۈگۈن تاڭ سەھەردە سۈت ساتقۇچى كەلمىدى.

今天清晨，卖奶子的没来。

5.代词：

5. ئالماش:

بۇ ئىشقا قانداق قارايسىز؟

你是怎样看这件事的？

ھەي، تويىڭىزنى قاچان ئوينايمىز؟

哎，什么时候喝你的喜酒呢？

نەگە بارسا قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.

天下乌鸦一般黑。

6.数词及数量词词组：

6. سان ۋە سان-مىقدار بىرىكمىسى:

يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس.

三思而后行。

بۇ ئىشنى مەن ئالتە-يەتتە قېتىم ئاڭلىغانىدىم.

这件事我已经听过六、七遍了。

بۇ تاۋۇزنى بىر يەپ باقسىزچۇ!

你尝尝这个西瓜。

7.名动词及名动词词组：

7. ھەرىكەتنام ۋە ھەرىكەتنام سۆز بىرىكمىسى:

ئۇ ئۆگىنىشتە ياخشى.

他学习好。

زۆھرە چاچما شېئىر يېزىشقا بەك ئۇستا.

卓合拉擅长写散文诗。

مەن ئۇ يەرگە بېرىشتىن ھەزەر ئەيلەيمەن.

我怕去那个地方。

8.摹拟词：

8. تەقلىدىي سۆز:

شامال غۇر-غۇر چىقىپ تۇراتتى.

微风轻拂。

ئات دۈكۈر - دۈكۈر يۈگۈرەۋاتىدۇ.

马得得地跑着。

بوراندا دەرەخ قاراس - قۇرۇس سۇنۇپ كەتتى.

大风把树喀嚓一声刮断了。

状语按其表达的语义，可以分为以下八类：

ھالەتنى سىپاتلىغۇچى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك سەككىز تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1.情态状语

1. دەرىجە ھالىتى

用来表示行为动作的状态的状语称为情态状语。这类状语大都由副词、形容词、摹拟词、进层副动词、兼带副动词、重叠副动词以及后置词词组充当，在句中回答 قانداق؟ قىلىپ؟ قانداق等问语。例如：

ئىش - ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت دەرىجە ھالىتى دېيىلىدۇ. ئادەتتە رەۋىش، سۈپەت، تەقلىدىي سۆز، كۆچەيتمە رەۋىشداش، قوشۇمچە ھەرىكەت رەۋىشدىشى، تەكرار رەۋىشداش ۋە تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە دەرىجە ھالىتى بولۇپ كېلىپ، جۈملىدە قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدىم.

我很细心地听了他的话。

كەچ بولۇپ قالدى، چاپسانراق ماڭايلى.

天黑了，我们快些走吧。

ماشىنا ئايلىنىدۇ، ئوبدان ئولتۇرۇڭلار.

汽车拐弯了，请坐好。

بازارغا بارسىڭىز ماڭا بىر كىلو پەمىدۇر ئالغاچ كېلىڭ.

你上街请给我买一公斤西红柿回来。

بىز ماڭا-ماڭا ئاخىر ئۇ دېگەن ياغاچ ئۆينى كۆردۇق.

我们走哇走哇，终于看见了他说的那座木头房子。

بۇ يەر بەك ئىسسىق ئىكەن-دە.

这地方真是太热了。

**2.方式状语**

2. ئۇسۇل ھالىتى

用来表示行为动作的来源、实现的方式或进行的工具等的状语称为方式状语。方式状语一般由后置词词组或名词、名词性词组充当。在句中回答«قانداقچە؟ نېمە ئارقىلىق؟ نېمە بىلەن؟ نېمىگە ئاساسەن؟ نېمىدە؟»等问语。例如：

ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەنبەسى، ئىشقا ئېشىش سەۋەبى ۋە قورالىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ھالەت ئۇسۇل ھالىتى دېيىلىدۇ. ئادەتتە تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى، ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ئۇسۇل ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىدە «نېمە بىلەن؟ نېمە ئارقىلىق؟ قانداقچە؟ نېمىدە؟ نېمىگە ئاساسەن؟» قاتارلىق سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار قەشقەرگە ئايروپىلان بىلەن باردى.

他们乘飞机到喀什去了。

بىز مۇشۇ چارە ئارقىلىق ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلىدۇق.

我们用这个方法完成了任务。

كۆپچىلىكنىڭ تەلىپىگە بىنائەن پىلانىمىزغا تۈزىتىش كىرگۈزدۇق.

我们按照大家的要求对计划进行了修改。

مەن دائىم ماي قەلەمدە خەت يازىمەن.

我常用圆珠笔写字。

ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن ئەھۋالنىڭ بەك جىددىي ئىكەنلىكىنى ئۇقۇۋالدىم.

他的神情使我感到情况非常紧急。

ئۇلار ئەتە چەت ئەل تىلىدىن ئىمتىھان بېرىدىكەن.

他们明天要考外语。

ئالما ھەر بىرىمىزگە بەشتىن تەگدى.

我们每人分得五个苹果。

تالادىكى مەنزىرىنى ئۇچۇق دېرىزىدىن كۆرۈۋاتىمەن.

我打开窗户欣赏着外面的景色。

مەن بۇ شىبلىتىمنى بۇلتۇر 25 سومغا ئالغان ئوخشايمەن.

我去年好象是二十五元钱买的这双鞋。

ئۇ بالا كەمپۈتتىن ئىككى تال ئالدى.

那个小孩买了两块糖。

مەن ياتاققا كىرگەندە تاھىر يالغاندىن ئۇخلاۋاتقانىدى.

我进宿舍时，塔依尔在装睡。

سىزدىن بىر نەرسە سوراپ كېلىشۋىدىم.

我是来向你借个东西的。

قارشى تەرەپتىن ئىككىسى هارۋا هەيدەپ كېلىشۋاتاتتى.

有两人赶着车从对面过来了。

بۇ ئۆي خىشتىن ياسالغان.

这房子是砖砌的。

**3.时间状语**

3. ۋاقىت هالىتى

表示行为动作发生、存在的时间的状语称为时间状语。这类状语大都由名词及其他静词性词或词组充当。在句中回答“قاچان؟ قايسى ۋاقىتتا؟”等问语。例如：

ئىش ـ هەرىكەتنىڭ كۆرۈلۈش، مەۋجۇت بولۇش ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان هالەت ۋاقىت هالىتى دېيىلىدۇ. ئادەتتە ئىسىم، تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ۋاقىت هالىتى بولۇپ كېلىپ، جۈملىدە قاچان؟ قايسى ۋاقىتتا؟ قاتارلىق سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن.

بۈگۈن مىجەزىم يوق.

今天我不舒服。

بۇ ئاۋازنى يېرىم كېچىدە ئاڭلىغانىدىم.

我是半夜听见那声音的。

ئاخشام سائەت ئۇچلەردە چىراغنى ئۆچۈرگەن

بۇيۇشمامسىز؟

你昨晚大概是三点左右熄的灯吧？

ئالدىرىما، خەقلەر چۈشۈپ بولغاندا چىقىمىز.

别着急，别人下完了我们再上。

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتىيىمىز يېپىلىش ئالدىدا تۇرماقتا.

这次代表大会即将闭幕。

مەن مۇزەپپەرنى بەش يىل ئىلگىرى تونۇيتتىم.

我五年前就认识木扎帕尔了。

**4.地点状语**

4. ئورۇن ھالىتى

表示行为动作发生、存在的地点、处所或领域的状语称为地点状语。这类状语大都由名词、其它静词性词或词组、以及后置词词组充当。在句中回答قايسى جەھەتتە؟ قەيەردە؟ نەدە؟等问语。例如：

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ كۆرۈلۈش، مەۋجۇت بولۇش ئورنى، جايى ۋە ساھەسىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت ئورۇن ھالىتى دېيىلىدۇ. ئادەتتە ئىسىم، تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ۋە تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئورۇن ھالىتى بولۇپ كېلىپ، «نەدە؟ قەيەردە؟ قايسى جەھەتتە؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن.

بۇ يىل ئۈرۈمچىدە يامغۇر كۆپ.

今年乌鲁木齐雨水多。

قورسىقىمنىڭ ئوڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىرنەچچە پىچاق ئىزى بار.

我的右上腹有几条刀痕。

دەرەخ ئاستىدا ئىككىسى مۇڭدىشىۋاتىدۇ.

他们俩正在树下谈心。

ئۇ ئۆگىنىشتە ھەممىدىن ياخشى.

他学习最好。

خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا بۇ باش ۋەزىر ئۈچ
سائەت سۆز قىلدى.

这位首相就国际形势作了三小时演说。

مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە مەن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ
بەش پارچە ماقالە يازغانىدىم.

关于这个问题，我先后写过五篇文章。

### 5.界限状语

### 5. چەك ھالىتى

表示行为动作持续存在的时间、空间界限或程度范围的状语称为界限状语。这类状语大都由名词、静树性词组、界限副动词、后置词词组充当。在句中回答قەيەرگىچە؟ نېمە قىلغىچە؟ قاچانغىچە؟等问语。例如：

ئىش-ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىش، مەۋجۇت بولۇشىدىكى
زامان ۋە ماكان چېكىنى ياكى دەرىجىنىڭ دائىرىسىنى
بىلدۈرىدىغان ھالەت چەك ھالىتى دېيىلىدۇ. ئادەتتە ئىسىم،
تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى، چەك رەۋىشدىـ
شى، تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى قاتارلىقلار چەك ھالىتى
بولۇپ كېلىپ، جۈملىدە «قەيەرگىچە؟ قاچانغىچە؟ نېمە قىلـ
غىچە؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز پويىز ئىستانسىغىچە ماڭدۇق.

我们一直走到火车站。

ئۇلار سائەت 12 گىچە ئوينىدى.

他们玩到了十二点。

ئازات بىز دەرستىن چۈشكىچە ئورنىدىن تۇرمىدى.

阿扎提一直睡到我们下课。

جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس.

不舍一条命，难得意中人。

يەكشەنبە كۈنى بىز باغچىدا قانغۇچە ئوينىدۇق.

星期天我们在公园玩了个够。

بىزنىڭ ئۆيدىن مەكتەپكە قەدەر بىر يېرىم كىلومېتىر كېلىدۇ.

从我家到学校有一公里半。

بۇلتۇردىن تارتىپ بۇ يىلغىچە بىز چەت ئەل تىلىنى ئۆگەندۇق.

从去年到今年我们一直学习外语。

بۇ مەسىلە ھەل قىلىنماي بىر يىلغا سوزۇلدى.

这个问题拖了一年也没有得到解决、

ئۆتكەندە ئالغان ئايىغىمنى ئۈچ ئايغا بارمايلا يىرتىۋېتىپتىكەنمەن.

我上次买的鞋没穿三个月就破了。

### 6.目的状语

### 6. مەقسەت ھالىتى

表示行为动作的目的的状语称之为目的状语。目的状语大都由名词、后置词词组、目的副动词充当，在句中回答

كىم ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن؟ نېمىشقا؟ نېمە قىلغىلى؟

等问语。例如：

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت مەقسەت ھالىتى دېيىلىدۇ. ئىسىم، تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى، مەقسەت رەۋىشدىشى قاتارلىقلار مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىپ، جۈملىدە«نېمە ئۈچۈن؟ كىم ئۈچۈن؟ نېمە قىلغىلى؟ نېمىشقا؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ.
مەسىلەن.

بىز بۇ ئىشنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە بۇ يەرگە كەلدۇق.

我们专程到这儿来调查这件事。

پەرىدە تىببىي شۆيۈەنگە ئوقۇغىلى بارماقچى.

帕丽黛要到医学院上学去了。

ئۇ سۇ ئېلىشقا كەتكەن ئوخشايدۇ.

他也许打水去了。

**7.原因状语**

**7. سەۋەب ھالىتى**

表示行为动作的原因的状语称之为原因状语。原因状语由名词、名词性词组以及其他静词或静词性词组充当，在句中回答 نېمىشقا؟ 等问语。例如：

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت سەۋەب ھالىتى دېيىلىدۇ. ئادەتتە ئىسىم، ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى، شۇنىڭدەك تۇرغۇن سۆز ۋە تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى، جۈملىدە سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىپ، «نېمىشقا؟»دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ

بولىدۇ. مەسىلەن،

دىلدارنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ سەمىمىيەتسىزلىكىدىن زىيان تارتىپتۇ.

ماھىرەنىڭ ئاپىسى كېسەلدىن ساقىيالماپتۇ.

迪丽达尔高兴得合不拢嘴。

他因为自己不老实而吃了亏。

玛依拉的母亲因病去世了。

**8.趋向状语**

**8. يۆنىلىش ھالىتى**

表示行为动作的趋向的状语称之为趋向状语。趋向状语由名词、其他静词或后置词词组充当，在句中回答

نېمىگە نىسبەتەن؟ كىمگە؟ نەگە؟ كىمگە نىسبەتەن؟

等问语。例如：

ئىش-ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت يۆنىلىش ھالىتى دېيىلىدۇ. ئادەتتە ئىسىم ۋە باشقا تۇرغۇن سۆزلەر، شۇنىڭدەك تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىلىرى يۆنىلىش ھالىتى بولۇپ كېلىپ، «نەگە؟ كىمگە؟ نېمىگە نىسبەتەن؟ كىمگە نىسبەتەن؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ. مەسىلەن:

يېقىندا بىز شىمالىي شىنجاڭغا بارىمىز.

最近我们要去北疆。

سىرىڭىزنى ماڭا ئېيتىپ بەرىڭىزچۇ.

把你的秘密告诉我吧。

مەن بىلەن يېڭى تونۇشۇپ قالغان بىر كىشى ھەرىكەتكە

ئامراق ئىكەن.

我刚结识的这个人爱好运动。

ئۇ ئۆگىنىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى.

他用功学习，取得了好成绩。

بەشكە ئوننى قوشسا ئون بەش بولىدۇ.

五加十等于十五。

يولداشلار ئۆزىگە قارىتا قاتتىق تەلەپ قويىدى.

同志们都严于律己。

بىر جىڭ ئاق ئۇنغا يېرىم جىڭ گۈرۈچ تېگىشىۋالدىم.

我用一斤面换了半斤米。

## 第七节　复指和插说

## 7 - پاراگراف ئىزاھلىغۇچى ۋە قىستۇرما سۆز

### 一、复指

#### 1. ئىزاھلىغۇچى

为了增强语言的表达效果，在句子中前后用两个甚至几个词或词组来指称、说明同一事物，这种语法意义关系称为复指。

تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۈملىدە ئەينى بىر شەيئى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى ئارقىلىق ئاتاپ كۆرسىتىلىدۇ. بۇ خىل گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىزاھلىغۇچى دېيىلىدۇ.

复指按其在句子中的功能可分为三类：

ئىزاھلىغۇچى جۈملىدە ئوينايدىغان رولىغا ئاساسەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

**1. 说明复指**

**1. چۈشەندۈرمە ئىزاھلىغۇچى**

先说出某人或某物，接着又对它加以解释或说明，而其说明成分和被说明成分都指同一人或同一事物，二者紧密连接构成复指词组。在句中充当同一句子成分。复指词组的被说明成分称为本位语，说明成分称为同位语。例如：

ئالدى بىلەن بىرەر ئادەم ياكى بىرەر شەيئى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاندىن چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىكى چۈشەندۈرگۈچى تەركىب بىلەن چۈشەندۈرۈلگۈچى تەركىب ئەينى بىر ئادەم ياكى شەيئىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار زىچ باغلىنىش ئارقىلىق ئىزاھلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىپ، جۈملىدە بىر جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. ئىزاھلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسىدىكى چۈشەندۈرۈلگۈچى بۆلەك ئەسلى تەركىب، چۈشەندۈرگۈچى بۆلەك تەگداش تەركىب دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

پىرافېسسور داۋۇت ئەخمەت بىزنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىمىز.

达吾提·艾合买提教授是我们的导师。

بىز بۇلتۇر (1985 - يىلى) بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باردۇق.

去年（1985）年）我们去北京、上海等地参观了。

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى گۈزەل

شەھەر ئىكەن.

自治区的首府—乌鲁木齐是座美丽的城市。

2.称代复指

2. كۆرسەتمە ئىزاھلىغۇچى

先说出某人或某物，然后又用一个代词去称代它，两个成分被逗号隔开，不构成复指词组，其中作为称代成分的代词称为外位语。例如：

ئالدى بىلەن بىرەر ئادەم ياكى بىرەر شەيئى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، ئاندىن بىر ئالماش ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ، يېزىقتا ئىككى تەركىب پەش ئارقىلىق ئاجرىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىزاھلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسىنى تەشكىل قىلالمايدۇ. كۆرسەتكۈچى تەركىب رولىغا كەلگەن ئالماش سىرتقى تەركىب دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ سەممىي، سادىق ئادەم، بۇنى بىلىشىمىز لازىم.

他是个忠诚的人，我们应该了解这一点。

تۈنۈگۈن مەن باغچىغا كىردىم. بۇ مېنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم باغچىغا كىرىشىم.

昨天我到公园去了，这是两年以来我第一次进公园。

ئۇلار يولنىڭ يىراقلىقىغا قارىماي مېنى يوقلاپ كەلدى. بۇنىڭدىن ناھايىتى مىننەتدارمەن.

他们不顾路远来看望我，我对此非常感激

3.总分复指

3. ئومۇملاشتۇرغۇچى ئىزاھلىغۇچى

先总说，然后分说，前后各部分被逗号隔开。分说部分的主语与总说部分是复指关系。例如：

ئالدى بىلەن ئومۇمىي نەرسە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاندىن بىر-بىرلەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. يىغىنقتا ھەرقايسى قىسىملار پەش ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. ئايرىم چۈشەندۈرگۈچى قىسىملارنىڭ ئىگىسى بىلەن ئومۇملاشتۇرغۇچى قىسىم ئىزاھلاش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئىككى دەرىزىسى بار، بىرى شەرققە قارايدۇ، بىرى جەنۇبقا قارايدۇ.

我们的房子有两个窗户，一个朝东，一个朝南。

مەيداندا ئادەم كۆپ، بەزىلەر پۇتبول ئويناۋاتىدۇ، بەزىلەر پەي توپ ئويناۋاتىدۇ، يەنە بەزىلەر يۈگۈرەۋاتىدۇ.

体育场上人很多，有的在踢足球，有的在打羽毛球，还有的在跑步。

قارشى تەرىپىمىزدىن ئىككى ئادەم كەلدى، بىرى تۇردى، بىرى مەمەت.

我们对面走来两个人，一个是吐尔迪，一个是买买提。

## 二、插说

## 2. قىستۇرما سۆز

插说也叫插入语，是句子的独立成分。它可以是词或词组，一般出现在句首或句中，不同其他句子成分发生结构关系，不起连接作用，也不表示语气，只对句子起附加意义的作用。插说成分在书面用逗号与下文隔开，口语中插说的前后都有停顿。

قىستۇرما سۆز قىستۇرما بۆلەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ جۈملىنىڭ مۇستەقىل بۆلىكى بولۇپ، سۆز، سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلىدۇ. قىستۇرما سۆز ئادەتتە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى بېشىدا كۆرۈلىدۇ، ئۇ جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بىلەن قۇرۇلما مۇناسىۋىتىدە بولمايدۇ. باغلاش رولىنىمۇ ئوينىمايدۇ، ئىنتوناتسىيىسىنىمۇ بىلدۈرمەيدۇ، پەقەت جۈملىگە قوشۇمچە مەنىلەرنى بېرىدۇ، قىستۇرما سۆز يېزىقتا پەش ئارقىلىق ئايرىم يېزىلىدۇ، جانلىق تىلدا قىستۇرما سۆزلەرنىڭ باش-ئاخىرىدا پائۇزا بولىدۇ.

维语里常作插入成分的词和词组有：

ئۇيغۇر تىلىدا دائىم قىستۇرما سۆز بولۇپ كېلىدىغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئەلۋەتتە（当然），سۆزسىز، شەك-شۈبھىسىز（毫无疑问），
ئېھتىمال（也许），دەرۋەقە（果然），ئەكسىچە（反之），
دېگەندەك（正如……所说），نەزەرىمدە، مېنىڭچە（我估
计、我看，我认为），بەختكە يارىشا، خەيرىيەت（幸亏、
有幸），بەختكە قارشى（不幸），دېمەك（总之，即是说），
قىسقىچە، قىسقىسى（简言之），ئومۇمەن ئېيتقاندا（一般地说、
总地来说），ھېچ بولمىغاندا（至少，无论怎样），ھەر ھالدا
（无论如何），مانا، قارا（瞧）.

插说成分一般表示以下附加意义：

قىستۇرما سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك قوشۇمچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1.表示提醒

.1 دىققەت قوزغاشنى بىلدۈرىدۇ:

مانا، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا كەلدىغۇ.

这不，他们不是按时来了嘛。

ھازىرچۇ، قارا، ئىشىم بەك كۆپ.

现在，你瞧，我的事太多了。

2.表示推测

.2 پەرەزنى بىلدۈرىدۇ:

مېنىڭچە، دىلبەر سىز بىلەن بىللە كىنوغا بارمايدۇ.

我看，地里拜尔不会同你去看电影。

بۇ ئىش ئاز دېگەندە، بەش كۈندە تۈگەيدۇ.

这活儿，至少得干五天。

ئېھتىمال، ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنمىگەن بولسا كېرەك.

也许，他没听懂我的话。

3.表示肯定或强调：

.3 تەستىقلاش ياكى تەكىتلەشنى بىلدۈرىدۇ:

راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ ساڭا بىرئاز پىكرىم بار ئىدى.

老实说，我是对你有些意见。

بەختكە يارىشا، يامغۇر ياغقۇچە ئىشلىرىمىزنى تۈگىتىۋالدۇق.

幸亏，我们在下雨之前把活干完了。

شەك - شۈبھىسىزكى، بىز بۇ خاتالىقىمىزنى ئىقرار قىلـ

شىمىز كېرەك.

毫无疑问，我们应该承认自己的错误。

ناھايىتى روشەنكى، بىزنىڭ چىقىش يولىمىز بىرلا.

很明显，我们的出路只有一条。

4.表示主观凭据：

4. سۇبيېكتىپ ئاساسنى بىلدۈرىدۇ:

ئاڭلىشىمچە، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئۇ بىرىنچىلىكنى ئاپتۇ.

我听说他在这次比赛中得了第一名。

ئاياللار پۇتبول ھەرىكىتى، سىزنىڭچە، ئاياللارنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىلىقمۇ؟

女子足球，你认为，有利于妇女的健康吗?

پەرەز قىلىشىمچە، ئۇلار كەلگەن يول بىلەن قايتىپ كېتىدۇ.

我估计，他们会从原路回去的。

5.表示概括、归纳

5. ئومۇملاشتۇرۇش - ئىخچاملاشنى بىلدۈرىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىزنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى نەتىجىلىرىمىز ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

总之，我们这一时期的成绩是主要的。

ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، خەۋەر جۈملىدە ئىگىنى بايان قىلىدىغان بۆلەكتۇر.

换句话说，谓语就是在句中对主语进行表述的成分。

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بىز بۈگۈن ئۈچ مەسىلىدە

توختالدۇق.

归纳起来，我们今天讲了三个问题。

6.表示注释，补充、举例：

6. ئىزاھلاش، تولۇقلاش، مىسال كەلتۈرۈش، مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ:

ھازىر ئىنسانلار دۇچ كەلگەن بىرمۇنچە مەسىلەرنى، مەسىلەن، مۇھىت بۇلغىنىش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بەك تەس.

现在人类面临的一些问题，比如，环境污染、生态平衡等问题，很难解决。

شىمالىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا، جۈملىدىن تىيانشان تاغلىق رايونىدا، سۇس ۋە ئازراق يامغۇر ھەمدە تۆت ـ بەش بال شامال چىقىدۇ، تېمپېراتۇرا سەل تۆۋەنلەيدۇ.

新疆北部的部分地区，包括天山山区，有微到小量的雨，并有四、五级风，气温稍有下降。

1980-يىلى، يەنى بىز ئالىي مەكتەپكە كىرگەن يىلى، ئۇ ھەربىيگە كىرگەن.

他是1980年，也就是我们进大学那年参军的。

## 第八节　句子成分的线性排列

## 8 - پاراگراف جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ تۈز سىزىقلىق تىزىمى

句子从其形式看，是一系列词的组合，具有线性特征。组成

句子的一系列词是逐个按一定顺序排列起来的，因此，由词或词组充当的句子各成分，也以一定的线性排列顺序在句中展开。

شەكىلدىن قارىغاندا، جۈملە بىر يۈرۈش سۆزلەرنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، تۈز سىزىقلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. جۈملىنى تەشكىل قىلىدىغان سۆزلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى مەلۇم تەرتىپ بويىچە تىزىلغان بولىدۇ، شۇڭا سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەشكىل تاپقان جۈملە بۆلەكلىرىمۇ مەلۇم تۈز سىزىقلىق تەرتىپ بويىچە تىزىلىپ، جۈملىدە يېيىلىدۇ.

## 一、句子主要成分的排列顺序

## 1. جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىنىڭ تىزىلىش تەرتىپى

1.主语在句首，谓语在句末。其格式为：ئىگە - خەۋەر.。

例如：

1. ئىگە جۈملىنىڭ بېشىدا، خەۋەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى: ئىگە - خەۋەر. مەسىلەن:

باھار كەلدى.

春天来了。

ئۇ غۇلجىلىق.

他是伊犁人。

ئۆيىمىزدىكى ھەممە ئادەم سىزنى قارشى ئالىدۇ.

我们全家都欢迎你。

بۈگۈنكى گېزىت بىر دەمدىن كېيىن كېلەرمىكىن.

今天的报估计过一会儿就来。

2.如果为了强调谓语或由于说话急促，也可以先说出语义的重点——谓语，然后再补出主语来。其格式为：خەۋەر ـ ئىگە

例如：

2. تېز سۆزلىگەندە ياكى خەۋەرنى تەكىتلىگەندە، جۈملىنىڭ سېمانتىكىلىق نۇقتىسى بولغان خەۋەرنى ئاۋۋال ئېيتىپ ئاندىن ئىگىنى ئېيتىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى: خەۋەر ـ ئىگە. مەسىلەن:

بەك ياخشى ئىكەن بۇ كىنو.

好极了，这个电影。

ئاللىقاچان كەتكەن ـ غۇ ئۇ.

不是早就走了吗，他。

## 二、句子次要成分的排列顺序

## 2. جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىنىڭ تىزىلىش تەرتىپى

句子的次要成分一般都包括在句子主要成分之中，是句子主要成分中的成分。

جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى ئادەتتە جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىنىڭ ئىچىدە كېلىدۇ، ئۇلار جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىنىڭ ئىچىدىكى تەركىب ھېسابلىنىدۇ.

1.宾语

1. تولدۇرغۇچى

1）宾语一般在动词谓语之前，其格式为

«ئىگە ـ تولدۇرغۇچى ـ خەۋەر»。例如：

1) تولدۇرغۇچى ئادەتتە پېيىلدىن بولغان خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى: ئىگە ـ تولدۇرغۇچى ـ خەۋەر.

مەسىلەن:

ئۇلار ياخشى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

他们提出了好建议。

مەن خەتنى ئاكامغا ئوقۇتۇپ ئاڭلىدىم.

我让哥哥把信读给我听。

بىز ئۇلارنىڭ زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

我们参观了他们工厂。

2）宾语被强调时，可出现在句首，其格式为：

تولدۇرغۇچى ـ ئىگە ـ خەۋەر　例如：

2) تولدۇرغۇچىنى تەكىتلىگەندە، جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى: تولدۇرغۇچى ـ ئىگە ـ خەۋەر.

مەسىلەن:

بۇنى سەن ئالما، ئۇ ئالسۇن.

这个，你别拿，让他拿。

مېنىڭ رەسىمىمنى كىم تىقىۋالدى؟

把我的照片，谁藏起来了？

بۇ تېكىستنى مەن ئوقۇپ باقاي.

这篇课文，我读一下。

2. 定语

2. ئېنىقلىغۇچى

1）定语在被修饰语之前，其格式为：

例如：

ئېنىقلىغۇچى ـ ئىگە ـ ئېنىقلىغۇچى ـ تولدۇرغۇچى ـ خەۋەر

1) ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچى تەركىبنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى: ئېنىقلىغۇچى ـ ئىگە ـ ئېنىقلىغۇچى ـ تولدۇرغۇچى ـ خەۋەر. مەسىلەن:

فاكۇلتېتىمىز بىر ئەرەب تىلى كۇرسىنى ئاچقۇدەكمىش.

据说我们系开办一个阿拉伯语训练班。

ئەخمەتنىڭ دادىسى ئەمگەكچان ئادەم.

艾合买提的父亲是位勤劳的人。

بىزنىڭ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار بىر كىتاب يېزىۋاتىدۇ.

我们班的学生正在写一本书。

ئالدىدا تۇرغان كىشى سىزنىڭكىگە ئوخشاش كىيىم كىيىپتۇ.

前面站着的那个人跟你穿着一样的衣服。

2）如果出现多项定语时，一般情况是表领属关系的定语在前，其次是表时间、处所的定语，再次是表指代的定语，然后是表数量或性质的定语。例如：

2) بىر قانچە ئېنىقلىغۇچى بىللە كەلسە، ئادەتتە ئىگىلىك كېلىشتىكى ئېنىقلىغۇچى ھەممىنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا تەرتىپ بويىچە ئورۇن ـ ۋاقىتنى بىلدۈرگۈچى

ئېنىقلىغۇچى ۋە كۆرسىتىش رولىدىكى ئېنىقلىغۇچى كې-
لىدۇ، سان مىقدار ۋە خاراكتېرنى بىلدۈرگۈچى ئېنىقلىغۇچى
ھەممىنىڭ ئارقىسىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىمىز ئاسان كەلگىنى
يوق.

我们今天的幸福生活来之不易。

سەلىمەنىڭ بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ھېلىقى ئوغلى قاچان
ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ؟

赛丽曼在北京上学的那个儿子什么时候毕业?

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئون نەچچە نۇقتىلىق كارخانا
ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

自治区的十几个重点企业投产了。

3.状语

3. ھالەت

1）状语一般出现在谓语之前。其主要格式为:

ئىگە - ئېنىقلىغۇچى - تولدۇرغۇچى - ھالەت - خەۋەر.

例如:

1) ھالەت ئادەتتە خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ئۇنىڭ
ئاساسىي شەكلى: ئىگە - ئېنىقلىغۇچى - تولدۇرغۇچى -
ھالەت - خەۋەر. مەسىلەن:

بىز قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى تىرىشىپ
ئىگىلىۋېلىشىمىز كېرەك.

我们应该努力掌握好古代维吾尔语言和文字。

بۇ مىللەت توختىماي ئالغا بېسىش روھىغا ئىگە.

这个民族具有一往无前的精神。

بىز ئۇدا ئىككى سائەت قاتتىق ئىشلىدۇق.

我们连续猛干了两个小时。

رەيھان كۈندە مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇرىدۇ.

热衣汗每天都坐这个位置。

2）对全句进行限制说明的状语可出现在句首。例如：

2) پۈتۈن جۈملىنى چەكلەپ، چۈشەندۈرۈپ كېلىدىغان هالەت جۈملىنىڭ بېشىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈن بىرسى سىزنى ئىزدەپ كەپتىكەن.

昨天有个人来找你。

سۇ يۈزىدە بىر كېمە لەيلەپ تۇراتتى.

一叶轻舟在水面上荡漾。

بىر ئېغىر كېسەلنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دوختۇرلار ئۇدا ئۈچ سائەت ئوپېراتسىيە قىلدى.

为抢救一位危重病人，医生们一直做了三个小时手术。

ئاخشام يەر تەۋرىگەندە مەن ئەركىن بىلەن شاھمات ئويناۋاتاتتىم.

昨晚地震时，我正和艾尔肯下棋。

3）如果句中出现多项状语时，一般是时间、地点状语在前，其次是目的状语、原因状语、方式状语、界限状语或趋向状语，最后是形态状语。例如：

3) بىرقانچە هالەت بىللە كەلگەندە، ۋاقىت، ئورۇننى بىلدۈرىدىغان هالەت ھەممىنىڭ ئالدىدا، مەقسەت، سەۋەب هالەتلىرى ۋە ئۇسۇل، چەك، يۆنىلىش هالەتلىرى ئۇنىڭ

كەينىدە، دەرىجە ھالىتى ئەلا ئاخىردا كېلىدۇ. مەسىلەن،

ئۇلار بۇلتۇر ۋېلىسىپىت بىلەن تۇرپانغا بارغان.

他们去年骑自行车去的吐鲁番。

ئۇ پاراخوت ئۈستىدە بىزگە قايتا-قايتا قول ئىشارىتى

قىلدى.

她在甲板上向我们频频招手。

مەن چۈشتە مەكتەپتە بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۈچ

قېتىم تېلېفون بەردىم.

我中午在学校为这件事给他打了三次电话。

## 第九节 句子的结构层次

## 9 - پاراگراف جۈملىنىڭ قۇرۇلما قاتلىمى

### 一、句子的结构层次

### 1. جۈملىنىڭ قۇرۇلما قاتلىمى

句子的形式虽然具有线性特点，但就其内部结构来说，句子却不是一系列词依次递加，一次性组成的。词作为句子结构的组成要素，是按一定的语法结构系统，逐级逐层地组合起来，构成一个句子的。例如：

جۈملە شەكىل جەھەتتىن تۈز سىزىقلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىسىمۇ، ئەمما ئىچكى قۇرۇلما جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بىر يۈرۈش سۆزنىڭ تەرتىپ بويىچە بىر-بىرىگە قوشۇلۇشى ئارقىسىدا بىر قېتىمدىلا تۈزۈلمەيدۇ. جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان سۆز مەلۇم گرامماتىكىلىق

قۇرۇلما سىستېمىسى بويىچە قاتلاممۇ قاتلام بىرىكىپ جۈملىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئادەم كەلدى.



بىرنەچچە ئادەم ئوينىغىلى كەلدى.



بىر نەچچە ئادەم بىزنىڭ ئۆيگە ئوينىغىلى كەلدى.



مەن بۇرۇن تۇرغان ئىدارىدىكى بىرنەچچە ئادەم



تۈنۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە ئوينىغىلى كەلدى.



从以上例子可以看出，句子可能有一个层次，也可能有许多个层次，句子的组成要素越多其层次也越多。同时，每一个层次都有自己的成分与结构，这些成分与结构又可作为一个整体充当一个成分或一个结构进入更高一级或更大的结构层次中去。

一个句子或一个词组可以包括几个成分，而其中关系比较密切，能直接组成一个结构的成分称做直接成分。例如：

يوقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۈملە بىر قاتلاملىق بولۇشىمۇ، كۆپ قاتلاملىق بولۇشىمۇ مۇمكىن. جۈملىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەر قانچە كۆپ بولسا، جۈملىنىڭ قاتلىمىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر بىر قاتلامنىڭ ئۆزىگە خاس تەركىب ۋە قۇرۇلمىلىرى بولىدۇ. بۇ تەركىب ۋە قۇرۇلمىلار بىر پۈتۈنلۈك سۈپىتىدە بىر تەركىب ياكى بىر قۇرۇلما بولۇپ تەشكىللىنىپ ئۆزلىرىدىن تېخىمۇ يۇقىرى ۋە تېخىمۇ چوڭ بولغان قۇرۇلما قاتلىمىغا كىرىدۇ.

بىر جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسى بىرقانچە تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئىچىدە بىۋاستە بىرىكىپ بىر قۇرۇلمىنى تەشكىل قىلالايدىغان، مۇناسىۋىتى بىرقەدەر زىچ بولغان تەركىبلەر بىۋاستە تەركىب دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

شەۋكەت ھېلىقى كونا سائەتنى ياساۋاتىدۇ.



肖开提正在修那只旧表。

上例中 «شەۋكەت»和«ھېلىقى كونا سائەتنى ياساۋاتىدۇ» 是句子第一层次的两个直接成分，«ھېلىقى كونا سائەتنى» 和 «ياساۋاتىدۇ» 是第二层次的两个直接成分，«ھېلىقى» 和 «كونا سائەتنى» 是第三层次的两个直接成分，«كونا» 和 «سائەتنى»是第四层次的两个直接成分。

يۇقىرىقى مىسالدا «شەۋكەت» بىلەن «ھېلىقى كونا سائەتـ
نى ياساۋاتىدۇ» جۈملىنىڭ بىرىنچى قاتلامدىكى بىۋاسىتە
تەركىب. «ھېلىقى كونا سائەتنى» بىلەن «ياساۋاتىدۇ» ئىككىنـ
چى قاتلامدىكى بىۋاسىتە تەركىب. «ھېلىقى» بىلەن «كونا
سائەت» ئۈچىنچى قاتلامدىكى بىۋاسىتە تەركىب. «كونا» بىلەن
«سائەت» تۆتىنچى قاتلامدىكى بىۋاسىتە تەركىبتۇر.

直接成分是与结构层次是密切联系的，两个直接成分构成一个结构层次。切分一次直接成分，也就确定了一个结构层次。逐一切分下去到词为止，就能认清整个句子的所有结构层次。因此，确定直接成分是分析句子结构层次的必要程序。

句中各结构层次上的直接成分都是句子成分，它们组成的结构有以下几种组合关系：

بىۋاسىتە تەركىب قۇرۇلما قاتلىمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتـ
لىك، ئىككى بىۋاسىتە تەركىب بىر قۇرۇلما قاتلىمىنى تەشكىل
قىلىدۇ. بىۋاسىتە تەركىبلەرنى بىر قېتىم ئايرىش ماھىيەتتە
بىر قۇرۇلما قاتلىمىنى ئېنىقلىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
تەرتىپ بويىچە سۆزگىچە مۇشۇنداق پارچىلىغاندا، بىر پۈتۈن
جۈملىنىڭ بارلىق قۇرۇلما قاتلاملىرىنى تونۇغىلى بولىدۇ.
شۇڭا بىۋاسىتە تەركىبلەرنى بېكىتىش جۈملىنىڭ قۇرۇلما قاتـ
لاملىرىنى تەھلىل قىلىشنىڭ زۆرۈر تەرتىپى ھېسابلىنىدۇ.

جۈملىنىڭ ھەرقايسى قۇرۇلما قاتلاملىرىدىكى بىۋاسىتە
تەركىبلەر ئەينى ۋاقىتتا جۈملە بۆلەكلىرى ھېسابلىنىدۇ.
ئۇلاردىن تەشكىللەنگەن قۇرۇلمىلار تۆۋەندىكىدەك بىر
قانچە خىل بىرىكىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ:

**1.主谓关系：**

1. ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت

主谓关系是陈述与被陈述的关系。主谓关系的结构大部分都能独立构成句子，这类结构中有主语和谓语两个直接成分。例如：

ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت بايان قىلىش ۋە بايان قىلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇستەقىل ھالدا جۈملە تەشكىل قىلالايدۇ. بۇ قۇرۇلمىدا ئىگە ۋە خەۋەردىن ئىبارەت ئىككى بىۋاسىتە تەركىب بولىدۇ. مەسىلەن:

گۈل ئېچىلدى.

ئى　　خ

花开了。

ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى بىر قىزىل ئالما يەۋاتىدۇ.

ئى　　خ

他的小弟弟正在吃一个红苹果。

ئۆينىڭ ئىچى نۇرلىنىپ كەتتى.

ئى　　خ

屋里光彩夺目。

**2.定中关系：**

2. ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەت

定中关系是修饰与被修饰关系。在这类关系结构中，有一个

直接成分是修饰语，也叫定语，另一个直接成分是被修饰语，也叫中心语，由名词，其它静词或词组构成。例如：

ئىنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەت ئىنىقلاش ۋە ئىنىقلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتە كەلگەن قۇرۇلمىدىكى بىر بىۋاسىتە تەركىب ئىنىقلىغۇچى دېيىلىدۇ. يەنە بىر بىۋاسىتە تەركىب ئىنىقلىغۇچى ياكى مەركىزىي بۆلەك دېيىلىدۇ. مەركىزىي بۆلەك ئادەتتە ئىسىم شۇنىڭدەك باشقا نۇرغۇن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

گۈزەل يايلاق.




美丽的草原

بىر شوخ مۈشۈك.




一只活泼的小猫

بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم تاغلىرى




我国的绝大多数山脉

### 3. 状中关系

### 3. ھالەتلىك مۇناسىۋەت

状中关系是限制，修饰与被限制，被修饰的关系。这类结构中的一个直接成分是状语，另一直接成分是中心语，由动词、形容词或动词词组构成。例如：

ھالەتلىك مۇناسىۋەت چەكلەش، ئېنىقلاش ۋە چەكلىنىش، ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلمىدىكى بىر بىۋاسىتە تەركىب ھالەت، يەنە بىر بىۋاسىتە تەركىب مەركىزىي بۆلەك دېيىلىدۇ. مەركىزىي بۆلەك پېئىل، سۈپەت ياكى پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

好好说！

ئوبدان دېگىنە.

ھ　م

突然飞快地跑掉了。

تۇيۇقسىز ئىتتىك قېچىپتۇ.

ھ　م

ھ　م

ماڭا كۈلگەن ھالدا سۆزلىدى.

ھ　م

ھ　م

他笑着对我说。

تاغ باغرىغىچە ۋېلسىپىت بىلەن بېرىپتۇ.




他骑着自行车一直走到山脚下。

ناھايىتى ياخشى.




非常好。

**4.动宾关系：**

**4. تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەت**

动宾关系是支配和被支配的关系。这类关系的结构中一个直接成分作宾语，另一个直接成分由及物动词或及物动词词组构成。例如：

تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەت باشقۇرۇش ۋە باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىلار-دىكى بىر بىۋاسىتە تەركىب تولدۇرغۇچى دېيىلىدۇ. يەنە بىر بىۋاسىتە تەركىب ئۆتۈملۈك پېئىل ياكى ئۆتۈملۈك پېئىل-لىق سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

كۆل ئۈزمىگىن.



别摘花。

توپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغانلار.

ت پ

ت پ

爱玩球的人们

يەرنىڭ نەملىكىنى ساقلاش.

ت پ

保墒

5.并列关系：

5. تەڭداش مۇناسىۋەت

并列关系的结构中有两个或两个以上的直接成分，它们互不从属，而是彼此并列地联系起来。例如：

تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىلاردا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىۋاسىتە تەركىب بولىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە بېقىنماستىن، تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق.

تە تە تە

维吾尔、乌孜别克、哈萨克

تېكىستنى ئوقۇدۇم ۋە تەرجىمە قىلدىم.




我读了课文并翻译了它。

كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ئىشلەش.




多、快、好、省

**6.连动关系**

**6. كىرىشمە مۇناسىۋەت**

连动关系结构中的直接成分之间有先后、目的、因果等关系，组成这类结构体的直接成分均为动词或动词词组。例如：

كىرىشمە مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىلاردىكى بىۋاسىتە تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى-كېيىنلىك ۋە مەقسەت، سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋەتلىرى بولىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلمىلارنىڭ بىۋاسىتە تەركىبلىرى پېئىل ياكى پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

بازارغا بېرىپ تاماق يەپ كېلەيلى.



上街吃饭去！

دەرسكە كېچىكىپ كېلىپ تەنقىد يېدىم.



我上课迟到挨了批评。

سىزدىن بىر نەرسە سوراپ كېلىۋېدىم.



我来向您要个东西。

ئۇلار سۆزلىشىپ كۈلۈشۈپ ئۆيگە كېتىپ باردۇ.



他们说着，笑着朝家走。

在大多数句子中主语和谓语是句子第一层次的直接成分，而宾语、定语和状语均处于第二层次以下的各层次之中。但是，在宾语前置或状语前置的句子中，前置的宾语或状语可进入第一层次，充当直接成分。例如：

كۆپىنچە جۈملىلەردە ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ بىرىنچى قاتلىمىدىكى بىۋاسىتە تەركىبلەر بولىدۇ، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت قاتارلىقلار ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن قاتلاملاردا كۆرۈلىدۇ. ئەمما تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت ئالدىغا يۆتكەلگەن جۈملىلەردە ئالدىغا يۆتكەلگەن تولدۇرغۇچى، ھالەتلەر جۈملىنىڭ بىرىنچى قاتلىمىدا

كۆرۈلۈپ، بىۋاسىتە تەركىب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئالمىنى سەن يېدىڭ.

ت پ

ئى خ

苹果是你吃了。

بۈگۈن كەلگەن ئادەمنى كىم تونۇيدۇ؟

ت پ

ئى خ

谁认识今天来的这个人？

كېلەر يىلى بىز جەمئىيەتكە چىقىمىز.

ھ م

ئى خ

明年我们将走向社会。

بۇلتۇر 5 - ئايدا|

ھ

ئۈرۈمچىدە 38 قەۋەتلىك بىر بىنا سېلىندى.

م

ھ م

ئى خ

去年五月份乌鲁木齐盖了一座38层大楼。

## 二、句子结构层次的分析

## 2. جۈملىنىڭ قۇرۇلما قاتلىمى ئۈستىدە تەھلىل

### 1.层次分析法

### 1. قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى

层次分析法又叫直接成分分析法，是逐层顺次找出某一语言片断的直接组成成分的方法。在语言中，一个结构层次虽然由几个成分组成，但它的直接组成成分通常只有两个。因此，层次分析法的切分原则通常用的是两分法，即把一个语段切分为二，再以同样的方法把切分出来的较小语段切分为二，这样一直切分到词为止。每次切分出的两个成分就是直接成分。

قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىۋاسىتە تەركىبلەرنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ قاتلامۇ قاتلام تەرتىپ بويىچە مەلۇم تىل ئۈزۈندىسىنىڭ بىۋاسىتە تەركىبلىرىنى تېپىپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. تىلدىكى بىر قۇرۇلما قاتلىمى گەرچە بىرقانچە تەركىبتىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەركىبى پەقەت ئىككى بولىدۇ. شۇڭا قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى دېگىنىمىز ئادەتتە ئىككىگە بۆلۈش، يەنى تىل ئۈزۈندىسىنى ئالدى بىلەن ئىككىگە پارچىلاپ، ئاندىن پارچىلانغان كىچىكرەك تىل ئۈزۈندىسىنى يەنە شۇ ئۇسۇل بىلەن ئىككىگە بۆلۈش، شۇ تەرىقىدە سۆزگىچە پارچىلاشتەك بۆلۈش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەر بىر قېتىم پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئىككى تەركىب بى‑ ۋاسىتە تەركىب ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىر شوخ ئاسلان مىنىڭ پايپىقىمنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ كېتىپتۇ.




一只顽皮的小猫偷偷地叼走了我的袜子。

2. قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ بۆلۈش ئۆلچىمى

2.层次分析法的划分标准

1. قۇرۇلما ئۆلچىمى:

1.结构标准:

分析一个语段时，切分出的直接成分，如果不是词，是一个结构，那么必须考虑这个直接成分能否成立，即能否成为结构体。如果可以成为结构体，切分是正确的. 否则，切分是不正确的。例如：

بىرەر تىل ئۆزۈندىسىنى تەھلىل قىلغاندا، پارچىلانغان‑ دىن كېيىنكى بىۋاسىتە تەركىب سۆز ئەمەس، قۇرۇلما بولىدى‑ كەن، ئۇ ھالدا بۇ بىۋاسىتە تەركىبنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇش ‑ تۇرالماسلىقىنى، يەنى قۇرۇلما پۈتۈنلۈكى بولۇش ‑ بولماسلى‑

قىينى ئۇپلىششىش كېرەك. ئەگەر قۇرۇلما پۈتۈنلۈكى بولالىسا، پارچىلاش توغرا ھېسابلىنىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ خىل پارچىلاش خاتا ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەن بايا كېپىنەك كۆردۈم.



我刚才看见一只蝴蝶。

该语段以上三种切分中，A式切分，«مەن» 是根词，无法切分，«بايا كېپىنەك كۆردۈم» 可以成为结构体，因此，A式切分是正确的；B式，«مەن بايا» 说不通，不能成为结构体，所以B式切分不正确；C式，«مەن بايا كېپىنەك» 也说不通不能成结构体，所以，C式切分也不正确。又如：

بۇ تىل ئۆزۈندىسىنى ئۈچ تۈرلۈك پارچىلاش ئۇسۇلى ئىچىدىكى A دا «مەن» تۈپ سۆز بولۇپ، ئۇنى پارچىلاش مۇمكىن ئەمەس. «بايا كېپىنەك كۆردۈم» قۇرۇلما پۈتۈنلۈكى بولالايدۇ، شۇڭا A خىل بۆلۈش ئۇسۇلى توغرا ھېسابلىنىدۇ. B خىل بۆلۈشتە «مەن بايا» پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، قۇرۇلما پۈتۈنلۈكىمۇ بولالمايدۇ. شۇڭا B خىل بۆلۈش ئۇسۇلى خاتا. C خىل بۆلۈشتە «مەن بايا كېپىنەك»مۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، شۇنداقلا قۇرۇلما پۈتۈنلۈكى ھەم بولالمايدۇ. شۇڭا C خىل بۆلۈش ئۇسۇلىمۇ خاتا ھېسابلىنىدۇ. يەنە ئالايلى:

مەن خەتنى چىرايلىق يازالايمەن.




我能把字写得很漂亮。

该语段中，A式切分正确，两直接成分各自都成结构体，B式切分出的«مەن خەتنى»，C式切分出的«مەن خەتنى چىرايلىق»都不能成结构体，因此B、C式切分都不正确。

بۇ تىل ئۆزۈندىسى ئۈستىدىكى A خىل بۆلۈش توغرا، بۆلۈنگەندىكى ئىككىلا بىۋاستە تەركىب قۇرۇلما پۈتۈنلۈكى بولالايدۇ، B خىل بۆلۈشتىكى «مەن خەتنى»، C خىل بۆلۈشتىكى «مەن خەتنى چىرايلىق»لار قۇرۇلما پۈتۈنلۈكى بولالمايدۇ. شۇڭا B خىل، C خىل بۆلۈش ئۇسۇللىرى خاتا ھېسابلىنىدۇ.

2.功能标准：

2. ۋەزىپە ئۆلچىمى

这里的功能是指语言成分的组合能力，即某类词或词组跟另一类词或词组组合的能力。如数量词和名词，动词和名词，程度付词和形容词，后置词和名词等的组合。根据功能标准对句子进行层次分析时，要求切分出的两个直接成分能够组合。如果在功能上没有任何语法关系，切分就是不正确的。例如：

بۇ يەردىكى ۋەزىپە تىل تەركىبلىرىنىڭ بىرىكىش ئىقتىدارى، يەنە بىر تۈردىكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ يەنە بىر تۈردىكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئالايلى، سان ـ مىقدار سۆز-

لىرى بىلەن ئىسىم، پېئىل بىلەن ئىسىم، دەرىجە رەۋىشلىرى بىلەن سۈپەت، ئىركەلىمىلەر بىلەن ئىسىم قاتارلىقلارنىڭ بىرىكىشى مۇشۇ جۈملىگە كىرىدۇ. جۈملىلەرنى ۋەزىپە ئۆلچىمىگە ئاساسەن قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلغاندا، پارچىلاندىن كېيىنكى ئىككى بىۋاسىتە تەركىب بىرىكەلمەيدىغان بولۇشى شەرت. ۋەزىپىسى جەھەتتە ھېچقانداق گىراماتىكىلىق باغلىنىش بولمىغان بۆلۈش خاتا ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىر بىنانىڭ ئۈستىدە

A·
B·


在一座楼房的顶部。

上例A式切分不正确，尽管“بىنانىڭ ئۈستىدە”能成为结构体，但数词›بىر‹只能修饰«بىنا»而不能修饰بىنانىڭ ئۈستىدە，因为数词不能修饰方位名词词组。因此，从两个直接成分的组合来看，它们在功能上无法联系，不能组合，该切分不能成立。B式切分出的两直接成分能组合。因此切分是正确的。又如：

يۇقىرىقى مىسالدىكى A خىل بۆلۈش خاتا. گەرچە ئۇنىڭدىكى «بىنانىڭ ئۈستىدە» قۇرۇلما پۈتۈنلۈكى بولالىمۇ، ئەمما «بىر» نىلا ئېنىقلىيالايدۇ. «بىنانىڭ ئۈستىدە» نى ئېنىقلىيالمايدۇ. چۈنكى سانلار ئورۇن تەرەپ ئىسىملىرىدىن بولغان سۆز بىرىكمىلىرىنى ئېنىقلىمايدۇ. شۇڭا ئىككى بىۋاسىتە تەركىبنىڭ بىرىكىشىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ۋەزىپە جەھەتتىكى باغلىنىش بولمىغاچقا، بىرىكەلمەيدۇ. بۇ خىل پارچىلاشمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. B خىل پارچىلاشتى-

كى ئىككى بىۋاسىتە تەركىب بىرىكمىلەيدۇ. شۇڭا بۇ خىل
بۆلۈش توغرا ھېسابلىنىدۇ. يەنە ئالايلى:

① بەك چىرايلىق كىيىم كىيىۋاپتۇ.

A.

B.

她穿了一身漂亮的衣服。

② قولىغا بور ئېلىپ سۆزلەۋاتىدۇ.

A.

B.

他手里拿着粉笔正在讲话。

③ كىتابىنى كۆرۈپ كېلىۋاتىدۇ.

A.

B.

他看着书走过来。

④ ئوماققىنا كۈلۈپ قاراپ قويىدى.

A.

B.

微笑着看。

①例中A式切分不正确，因为程度付词不修饰动宾词组，两个直接成分不能组合。B式切分出的两个直接成分能组合，因为«بەك چىرايلىق كىيىم» 能作 «كىيىۋاپتۇ» 的宾语，因此，B式切分正确。

① مىسالدا، A خىل بۆلۈش خاتا، چۈنكى دەرىجە رە-
ۋىشلىرى تولدۇرغۇچىلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىنىقلاپ كې-
لەلمىگەچكە، ئىككى بىۋاسىتە تەركىب بىرىكەلمەيدۇ. B خىل
بۆلۈشتىن كېيىنكى ئىككى بىۋاسىتە تەركىب بىرىكەلەيدۇ.
چۈنكى «بەك چىرايلىق كىيىم»«كىيىۋاپتۇ»نىڭ تولدۇرغۇ-

چىسى بولۇپ كېلەلەيدۇ. شۇڭا B خىل بۆلۈش توغرا.

②例中A式切分出的两个直接成分不符合语法的组合规则，不能组合。因为状语 «قولىغا» 不能限制，说明 «بور ئېلىپ سۆزلەۋاتىدۇ»，只限制，说明«بور ئېلىپ»。状语结构 «قولىغا بور ئېلىپ» 作为一个整体同 “سۆزلەۋاتىدۇ” 组成连动结构。因此，B式切分是正确的。

② مىسالدا A خىل بۆلۈشتىن كېيىنكى ئىككى بىۋاسىتە تەركىب گراماتىكىدىكى بىرىكىش قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس، شۇڭا بىرىكەلمەيدۇ، چۈنكى «قولىغا» دېگەن ھالەت «بور ئېلىپ سۆزلەۋاتىدۇ»نى چەكلەپ چۈشەندۈرۈپ كېلەلـ ـمەيدۇ، پەقەت «بور ئېلىپ»نىلا چەكلەپ، چۈشەندۈرۈپ كېلەلەيدۇ؛ ھالەتلىك قۇرۇلما «قولىغا بور ئېلىپ» بىر پۈتۈنلۈك سۈپىتىدە «سۆزلەۋاتىدۇ» بىلەن كىرىشمە قۇرۇلما ھاسىل قىلالايدۇ. شۇڭا B خىل بۆلۈش توغرا ھېسابلىنىدۇ.

③例中A式切分不正确，因为«كىتاب»是«كۆرۈپ»的涉及对象，同«كېلىۋاتىدۇ»没有结构关系。此结构中的两个直接成分是«كىتابنى كۆرۈپ»和«كېلىۋاتىدۇ»这两个直接成分组成了此连动结构。因此，B式切分是正确的。

③ مىسالدا A خىل بۆلۈش خاتا بولغان. چۈنكى«كىـ ـتاب»ــ«كۆرۈپ»نىڭ ئوبيېكتى، ئۇ «كېلىۋاتىدۇ» بىلەن قۇرۇلما مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئەمەس. بۇ قۇرۇلمىدا«كىتابنى كۆـ ـرۈپ»بىلەن «كېلىۋاتىدۇ»ئىككى بىۋاسىتە تەركىب بولۇپ، بۇ ئىككى بىۋاسىتە تەركىب كىرىشمە قۇرۇلمىسى ھاسىل قىلـ ـغان. شۇڭا B خىل بۆلۈش توغرا ھېسابلىنىدۇ.

④例中形容词 ئۇماقىقىنا 不同连动结构 «كۆلۈپ قاراپ قويدى» 组合，而只同«كۆلۈپ» 组合成状中结构 «ئۇماقىقىنە كۆلۈپ» ，然后，两个直接成分 «كۆلۈپ 同 «قاراپ قويدى» 组成一个连动结构。因此B 式切分正确，A式切分不成立。

④ مىسالدا «ئۇماقىقىنا» كىرىشمە قۇرۇلما «كۆلۈپ قاراپ قويدى» بىلەن بىرىكەلمەيدۇ. پەقەت «كۆلۈپ» بىلەن بىرىكىپ «ئۇماقىقىنە كۆلۈپ» دېگەن ھالەتلىك قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلغاندىلا، ئاندىن «ئۇماقىقىنا كۆلۈپ» بىلەن «قاراپ قويدى» دېگەن بۇ ئىككى بىۋاسىتە تەركىب كىرىشمە قۇرۇلما ھاسىل قىلالايدۇ. شۇڭا B خىل بۆلۈش توغرا، A خىل بۆلۈش خاتا.

3.语义标准：

3. سېمانتىكىلىق ئۆلچەم

一个语段的切分，除了依据结构与功能标准，还必须符合被切分语段的语义，否则切分也不能成立。例如：

بىر تىل ئۈزۈندىسىنى بۆلۈشتە، قۇرۇلما ئۆلچىمى ۋە ۋەزىپە ئۆلچىمىدىن باشقا، بۆلۈنىشنىڭ بۆلۈنگۈچى تىل ئۈزۈندىسىنىڭ سېمانتىكىلىق مەنىسىگە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن بۆلۈش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. مەسىلەن:

بۆشۈكتىكى بالىنىڭ كىيىملىرىنى سېتىۋالدى.




摇篮里的小孩衣服。

上例中第二层次的A、B两种切合所得到的直接成分在结构和功能上都能成立，但语义却不同。A式切分出的意义是“周岁以下婴儿的服装”。B式切分出的意义是“摇篮里的小孩衣服”。而该语段的原义应该是“他买了几件周岁以下婴儿的服装”。如果按B式切分的意义，该语段就变成“他买了摇篮里的几件小孩衣服”。这显然同原义不符，因为一般不会从摇篮里的孩子那里买衣服。因此A式切分是正确的。又如：

يۇقىرىقى مىسالدىكى 2 ـ قاتلامغا يۈرگۈزۈلگەن A، B خىل بۆلۈشتىن كېيىنكى بىۋاسىتە تەركىبلەر قۇرۇلما ۋە ۋەزىپە جەھەتتە پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ، ئەمما مەنىلىرى ئوخشىمايدۇ. A خىل بۆلۈشتە «يېشىغا توشمىغان بوۋاقلارنىڭ كىيىملىرى» دېگەن مەنە ئىپادىلەنسە، B خىل بۆلۈشتە «بۆشۈكتە يېتىۋاتقان بالىنىڭ كىيىملىرى» دېگەن مەنە ئىپادىلەنگەن. ئەمما بۇ تىل ئۆزۈندىسىنىڭ ئەسلى مەنىسى «يېشىغا توشمىغان بالىلارنىڭ كىيىملىرىنى سېتىۋالدى» بولۇپ، ئەگەر ئۇ B خىل ئۇسۇل بويىچە بۆلۈنسە «بۆشۈكتە يېتىۋاتقان بالىنىڭ كىيىملىرىنى سېتىۋالدى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ قالىدۇ ـ دە، ئۆزۈندىنىڭ ئەسلى مەنىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى بۆشۈكتىكى بالىدىن كىيىم ئېلىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. شۇڭا A خىل بۆلۈش توغرا ھېسابلىنىدۇ. يەنە ئالايلى:

كۆزدە يېڭى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.



新的农产品 A

新农业的产品 B

上例中第三层次A、B两种切分得出的直接成分，从结构上看各自都能成结构体，从功能上看也能组合，但从语义标准来看，B式切分所得出的“新农业的产品”这一语义不符合原义，切分不正确。原义应是“新农产品秋天上市”，所以A式切分是正确的。

يۇقىرىقى مىسالدا، 3 ـ قاتلامغا يۈرگۈزۈلگەن A، B خىل بۆلۈشتىن كېيىنكى بىۋاستە تەركىبلەر قۇرۇلما جەھەتتىن قۇرۇلما پۈتۈنلۈكى بولالايدۇ. ۋەزىپە جەھەتتىمۇ بىرىكىپ كېلەلەيدۇ. ئەمما سېمانتىكىلىق ئۆلچەم نۇقتىسىدىن قارىغاندا، B خىل بۆلۈشتىن كېيىنكى «يېڭى يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلاتلىرى» مەنە جەھەتتىن ئۆزۈندىنىڭ ئەسلى مەنىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس، شۇڭا بۇ خىل بۆلۈش خاتا. چۈنكى بۇ ئۆزۈندە «يېزا ئىگىلىكىنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرى كۈزدە بازاردا سېتىلىدۇ» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ A خىل بولۇشنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن.

**3.多项直接成分结构**

**3. كۆپ بىۋاستە تەركىبلىك قۇرۇلما**

层次分析法分析结构时，一般采用二分法。但是，对有几个直接成分的多项结构，就不能采用二分法，而只能用多分法才能找出其直接成分。例如：

قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قۇرۇلمىلارنى ئانالىز قىلغاندا، ئادەتتە ئىككىگە بۆلۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. لېكىن بىر قانچە بىۋاستە تەركىبى بولغان كۆپ

بىۋاسىتە تەركىبلىك قۇرۇلمىلارنى ئىككىگە بۆلۈش ئۇسۇلى بويىچە تەھلىل قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنداق قۇرۇلمىلاردىكى بىۋاسىتە تەركىبلەرنى ئادەتتە كۆپ بۆلەككە بۆلۈش ئۇسۇلى ئارقىلىقلا تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

قەشقەر، ئاتۇش، خوتەنلەرگە بېرىپ باققان




去过喀什、阿图什、和田

ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكىدىكى دۆلەتلەر




亚非拉国家

شامال چىقىش، يامغۇر يېغىش ۋە قار يېغىش — تەبىئەت ھادىسىسى




刮风、下雨和下雪都是自然现象。

كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ئىشلەيلى.




多快好省地干吧。

# 第十七章　句子的分类与结构类型

# ئون يەتتىنچى باب جۈملە تۈرلىرى
# ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلما تىپلىرى

## 第一节　句子的分类与结构类型概述

## 1- پاراگراف جۈملە تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلما تىپلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

句子是语言运用的基本单位。它是由词或词组按照一定的语法规则构成的，能表达一个相对完整意思的最小交际单位。

جۈملە تىل ئالاقىسىدىكى ئاساسلىق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەلۇم گىراماتىكىلىق قائىدىلەر بويىچە بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقان، نىسپىي ئاياغلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئالاقە بىرلىكى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

句子通常是由若干个词或词组按照语法规则组合起来的。有时一个词也可以构成句子。如：«قىش»（冬天）这个词在特定的语境中就可以作为一个句子使用。当其作为句子使用时，必须具备完整的表述语调、语调的句法功能就在于它能赋予词或词组以交际职能，使它成成为一个整体，构成句子。词的同一组合，当它具有完整的表述语调时，就是一个句子；反之则不成其为一个句子。如： ئالمىلار قىزاردى（苹果红了）是一个句子，它有

完整的表述语调。而باغدىكى ئالمىلار قىزاردى（园子里的苹果红了）的中的ئالما قىزاردى则不是句子，它不具有完整的语调，只是句子的一部分。在正常的口语表达中，句子与句子之间应有一个明显的、较长的停顿。

جۈملە ئادەتتە بىرقانچە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ گراماتىكىلىق قائىدىلەر بويىچە بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بەزىدە بىر سۆزمۇ جۈملە بولالايدۇ. مەسىلەن: «قىش» دېگەن بۇ سۆزنى مەلۇم تىل شارائىتىدا جۈملە ئورنىدا قوللىنىشقا بولىدۇ. جۈملە بولۇش ئۈچۈن، ئۇ چوقۇم جۈملە ئىنتوناتسىيىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئىنتوناتسىيىنىڭ سىنتاكسىسلىق رولى ئۇنىڭ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىنى ئالاقە رولىغا ئىگە قىلىپ، ئۇنى بىر پۈتۈنلۈك سۈپىتىدە، جۈملىگە ئايلاندۇرىدىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. سۆزلەرنىڭ ئەينى بىر خىل بىرىكىشى تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولغاندا جۈملە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، جۈملە بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن: «ئالما قىزاردى» جۈملە ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ خەۋەر ئىنتوناتسىيىگە ئىگە. ئەمما «باغدىكى ئالمىلار قىزاردى» دېگەن جۈملىدىكى «ئالمىلار قىزاردى» جۈملە ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى ئۇ تولۇق خەۋەر ئىنتوناتسىيىسىگە ئىگە ئەمەس، ئۇ پەقەت جۈملىنىڭ بىر بۆلىكىلا ھېسابلىنىدۇ. جانلىق تىلدا، نورمال ئەھۋال ئاستىدا، جۈملە بىلەن جۈملە ئوتتۇرىسىدا ئادەتتە ئۇزۇن، ئېنىق بىر پائۇزا بولىدۇ.

句子的另一重要特征是述语性。述语性是指由说话人确定的句子内容和现实的一般对应关系。一个句子，无论表达什么内容，总和一定的现实有关。即是说，任何句子都有述语性。词组的内容和现实之间则没有直接的对应关系，因此，也就无法从词组所表达的内容中了解现实的实际情况。试比较句子 بالام ئەقىللىق（我的孩子聪明。）和词组 ئەقىللىق بالام（我的聪明的孩子），前者可以成为一个独立的交际单位，而后者则不行。由此看出，述语性使句子所表达的意思具有完整性，使句子有别于其它语言单位。

خەۋەرلىك خۇسۇسىيەت جۈملىنىڭ يەنە مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەۋەرلىك خۇسۇسىيەت دېگىنىمىز سۆزلىگۈچى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن جۈملە مەزمۇنى بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئادەتتىكى ماس مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. جۈملە قانداق مەزمۇننى ئىپادە قىلمىسۇن، ھامان مەلۇم رېئاللىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ؛ يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق جۈملىدە خەۋەرلىك خۇسۇسىيەت بولىدۇ. سۆز بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن مەزمۇن بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە ماس مۇناسىۋەت بولمايدۇ. شۇڭا سۆز بىرىكمىسىنىڭ مەزمۇنىدىن رېئاللىقتىكى ئەمەلىي ئەھۋاللارنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. «بالام ئەقىللىق» دېگەن جۈملە بىلەن «ئەقىللىق بالام» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى سېلىشتۇرساق، ئالدىنقىسى مۇستەقىل ئالاقە بىرلىكى بولالايدۇ. كېيىنكىسى بولسا ئۇنداق ئەمەس. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەۋەرلىك خۇسۇسىيەت جۈم-

لىنىڭ مەزمۇنىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، جۈملىنى باشقا تىل بىرلىكلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

## 第二节 句子的分类

## 2- پاراگراف جۈملىنىڭ تۈرلىرى

句子的分类可以从不同角度去考虑。也就是说，根据不同的原则可以对句子作不同的分类。这些分类从各自不同的侧面揭示出句子的特点，它们相互补充，互不排斥。

维语句子的分类原则和体系如图所示：

جۈملىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوخشاش بولمىغان پرىنسىپقا ئاساسەن جۈملىنى ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. بۇنداق بۆلۈنگەن جۈملە تۈرلىرى جۈملىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇلار بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر-بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەرنى تۈرلەرگە بۆلۈش ئۆلچىمى ۋە سىستېمىسىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

句子 جۈملە

- 按表述目的可分为 بايان مەقسىتىگە ئاساسەن بۆلۈنۈشى
  - 陈述句 بايان جۈملە
  - 祈使句 بۇيرۇق جۈملە
  - 疑问句 سوراق جۈملە
- 按有无感情色彩可分为 ھېسسىي تۈس بار-يوقلۇقىغا ئاساسەن بۆلۈنۈشى
  - 感叹句 ئۈندەش جۈملە
  - 非感叹句 غەيرىي ئۈندەش جۈملە
- 按有无否定形式可分为 بولۇشسىز شەكىلنىڭ بار-يوقلۇقىغا ئاساسەن بۆلۈنۈشى
  - 肯定句 بولۇشلۇق جۈملە
  - 否定句 بولۇشسىز جۈملە
    - 单重否定句 بىر ئىنكارلىق بولۇشسىز جۈملە
    - 双重否定句 ئىككى ئىنكارلىق بولۇشسىز جۈملە
- 按结构可分为 قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن بۆلۈنۈشى
  - 单句 ئاددىي جۈملە
    - 双部句 ئىككى باش بۆلەكلىك جۈملە
    - 单部句 بىر باش بۆلەكلىك جۈملە
      - 无主句 ئىگىسىز جۈملە
      - 称名句 ئاتاش جۈملە
  - 复句 قوشما جۈملە
    - 联合复句 بىرىككەن قوشما جۈملە
    - 偏正复句 بېقىندىلىق قوشما جۈملە

## 第三节　陈述句、疑问句、祈使句

## 3- پاراگراف بايان جۈملە، سوراق جۈملە، بۈيرۈق جۈملە

### 一、陈述句

### 1. بايان جۈملە

叙述说明一件事情或一种现象的句子，称做陈述句。陈述句句末的语调是平的，书面上要用句号表示。例如

بىرەر ئىش ياكى ھادىسىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان جۈملىلەر بايان جۈملە دېيىلىدۇ. بايان جۈملىلەر تۈز ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدۇ، يېزىقتا بايان جۈملە ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىز چېگرا رايونىدا ئۆمۈرۋايەت ئىشلەشكە بەل باغلىدۇق.

我们决心在边疆干一辈子。

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك ئوپېراسى «غېرىپ ـ سەنەم» كىنو قىلىپ ئىشلەندى.

维吾尔人民的古典歌剧“艾里甫与赛乃木”拍成电影了。

بۈگۈن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا يېرىم كۈن ئەمگەك قىلدى.

今天同学们在校农场劳动了半天。

يېقىندىن بۇيان تېمپېراتۇرا بىردىنلا تۆۋەنلەپ نۆل گرادۇسقا چۈشۈپ قالدى.

近来，气温一下子降到零度了。

## 二、疑问句

## 2. سوراق جۈملە

表示疑问语气或询问别人一件事情，以求得到回答或证实的句子，称做疑问句。疑问句的语调要向上扬，书面上用问号表示。例如：

سوراق ئىنتوناتسىيىسىنى بىلدۈرىدىغان ياكى بىرەر ئىش توغرىسىدا جاۋاب ياكى ئىسپاتقا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە سورالغان سوئالنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەر سوراق جۈملە دېيىلىدۇ. سوراق جۈملىلەر يۇقىرى ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدۇ، يېزىقتا سوراق جۈملىلەردىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

سىز بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭىز؟

你是何时到这里来的？

ئۇ ئېگىز ئادەم كىم؟

那个高个子是谁？

ئۇلارنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەمسىز؟

你不知道他们要干什么吗？

疑问句按其构成疑问的语法形式不同，可分为以下几种：

سوراق جۈملىلەرنى ئۇلارنى تەشكىل قىلغۇچى گرامماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1.用疑问语气词 مۇ، ما، چۇ، غۇ، قۇ، دۇ، ھە 等表示的疑问句。例如：

1. «مۇ، ما، چۇ، غۇ، قۇ، دۇ، ھە» قاتارلىق سوئال ئىملىقلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سوراق جۈملىلەر

مەسىلەن:

سىز ئۆگىنىش پىلانىڭىزنى يېزىپ چىقتىڭىزمۇ؟

你把学习计划写出来了吗?

ئۇلار ئاخشام كەلدىما؟

他们是昨天晚上来的吗?

مەن ئەتە دەم ئالىمەن، سىزچۇ؟

明天我休息，你呢?

مەكتىپىمىزنىڭ يېڭى زالى پۈتتىغۇ؟

我们学校的新礼堂不是已经盖好了吗?

بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن بىز مۇشۇ يەردە كۆرۈشكەنـ
تۇققۇ؟

一年前我们不是在这里见过面吗?

ئۇلار مەنزىلگە ئاللىقاچان يېتىپ بارغاندۇ؟

他们已经到了目的地吧?

سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار مۇشۇ كوچىدا ـ ھە؟

你们家住这条街上，是吗?

2.疑问代词 كىم، نېمە، قانداق، قايسى، قاچان، قانچە، نەچچە، قانچىنچى، نەچچىنچى، نە، قەيەر، قانچىلىك等表示的疑问句。例如：

2. «كىم، نېمە، قانداق، قايسى، قاچان، قانچە، نەچچە، قانچىنچى، نەچچىنچى، نە، قەيەر، قانچىلىك،» قاتارلىق سوئال ئالماشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سوراق جۈملىلەر. مەسىلەن:

بۈگۈن كەلگەن مېھمان كىم بولىدۇ؟

今天来的客人是谁呀?

بەخت دېگەن نېمە؟

什么是幸福？

شېرىننىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالى قانداق؟

喜林的学习情况怎么样？

سىلەرنىڭ سىنىپىڭلار قايسى؟

哪个是你们的教室？

سىز بېيجىڭدىن قاچان قايتىپ كەلدىڭىز؟

你是什么时候从北京回来的？

ئۇلار قانچىنچى يىللىق سىنىپتا ئوقۇيدۇ؟

他们在几年级学习？

بۇ رەختنىڭ مېترى قانچە پۇل؟

这种布一米多少钱？

ئۇلار نەدىن كەپتۇ؟

他们是从哪儿来的？

3.用动词的疑问式表示的疑问句。例如：

3. پېئىلنىڭ سوئال شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سوئال جۈملىلەر. مەسىلەن:

سەن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلامسەن؟

你同意他的意见吗？

ئۇمۇ بىز بىلەن بىللە ئىشلەمدۇ؟

他也同我们一起干吗？

ئۇلار پات-پات كېلىپ سىزنى يوقلاپ تۇرامدۇ؟

他们常来看你吗？

بۇ ئىشنى ئۆزۈم يالغۇز قىلىۋېرەمدىمەن؟

我自己单独去做这件事吗？

4.用疑问语气表示的疑问句。例如：

4. سوئال ئىنتوناتسىيىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سوراق جۈملىلەر. مەسىلەن:

—بۇ قەلەم ياخشى ئەمەسكەن. 这只钢笔不太好。

↑

—ياخشى ئەمەسكەن؟ 不太好?

—مەن ئەتە قايتىمەن. 我明天要回去。

↑

—ئەتە؟ 明天?

—بۇ كىنونى مەن تېخى كۆرمىگەن.

我还没有看过这部电影。

—كۆرمىگەن؟ 没看过?

三、祈使句

3. بۇيرۇق جۈملە

用来表示命令，督促、请求、号召、告慰、商量等语气的句子，称做祈使句。它的句末语调上升，在书面上用句号或感叹号表示。例如：

بۇيرۇق، سۆيلەش، تەلەپ، چاقىرىق، نەسىھەت، مەسلىھەت قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەر بۇيرۇق جۈملە دېيىلىدۇ. بۇيرۇق جۈملىلەرنى ئېيتقاندا، ئىنتوناتسىيە يۇقىرىلايدۇ. يېزىقتا بولاردىن كېيىن چېكىت ياكى ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ۋەزىپە ئەتە تاماملانسۇن! (بۇيرۇق)

这个任务明天要完成!

سىز ئويلاپ بېقىڭا! مەن بارسام ياخشى بولارمىكىن؟

(تەلەپ)

你想想，还是我去好吧！

يولداش سادىق، ئاۋۇ كىتابنى ماڭا سۇنۇۋېتىڭ. (تەلەپ)

沙的克同志，请把那本书递给我。

چاپسانراق ئىشلىسەڭچۇ. (سۆيلەش)

快干吧！

ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى!
(چاقىرىق)

让我们把祖国建设得更加美好！

يولداش، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەسىلىڭىزنى تېزدىن
بىر تەرەپ قىلىپ بېرىمىز. (نەسىھەت)

同志，你放心吧。我们尽快解决你的问题。

ۋاقتىڭىز بولسا بىر كېلىڭ، ئازادە ئولتۇرۇپ مۇڭدى-
شايلى. (مەسلىھەت)

如果你有时间来一下，我们无拘束地坐下来叙谈叙谈。

## 第四节 感叹句和非感叹句

## 4- پاراگراف ئۈندەش جۈملە ۋە غەيرىي ئۈندەش جۈملە

句子按有无感情色彩分为感叹句和非感叹句两类。

带有强烈感情，表示惊讶、后悔、惋惜、喜悦、赞赏、恐惧、愤怒等强烈情感色彩的句子，称做感叹句。感叹句常带表情感的语气词，并常与感叹词连用。感叹句的音调较高，特别强调表达感情的词，书写时句末一般用感叹号表示。例如：

جۈملە ھېسسىي تۇسنىڭ بار-يوقلۇقىغا قاراپ ئۈندەش

جۈملە ۋە غەيرىي ئۈندەش جۈملە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

كۈچلۈك ھېسسىياتقا ئىگە بولغان، ئەجەبلىنىش، پۇشايمان قىلىش، ئەپسۇسلىنىش، خۇشاللىنىش، ئالقىشلاش، قورقۇش، غەزەپلىنىش قاتارلىق كۈچلۈك ھېسسىي تۇسلەرنى ئىپادە قىلىدىغان جۈملىلەر ئۈندەش جۈملە دېيىلىدۇ. ئۈندەش جۈملىلەر دائىم ھېس-ھاياجان ئىملىقلىرى ۋە ئۈندەش سۆزلەر بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ. ئۈندەش جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، ھېس-ھاياجاننى ئىپادىلىگۈچى سۆزنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. يېزىقتا ئۈندەش جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي-ۋۇي، بۇ نېمىدېگەن ئېگىز تاغ-ھە!

啊，这是多么高的山呀！

ئېسىت، ئاخشامقى كىنونى كۆرەلمەي قالدىم-دە!

真可惜，昨天晚上的电影我没有看上。

ئوھوي، پىكرىڭىز ئاز ئەمەسكەن-دە!

哦，你的意见还不少哪！

قارىغىنا، كىيىملىرىڭ نېمىدېگەن ھۆل بولۇپ كەتكەن!

看，你的衣服都湿透啦！

ئاپلا، مەن تۈنۈگۈن ئۇ يەرگە بارغان بولسام ياخشى بولار ئىكەن.

唉，我昨天去那儿就好啦。

同感叹句相对，不带上述感情色彩的句子称为非感叹句 例如：

ئۆندەش جۈملىلەرنىڭ ئەكسىچە، يۇقىرىقى ھېسسىي تۇسلەرنى ئىپادىلىمەيدىغان جۈملىلەر غەيرىي ئۆندەش جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئېگىز تاغ.

这是高山。

ئاخشامقى كىنونى كۆردۈم.

我看了昨晚的电影。

كىيىملىرىڭ ھۆل بولۇپ كەتتى.

你的衣服都湿透了。

## 第五节　肯定句和否定句

## 5 - پاراگراف بولۇشلۇق جۈملە ۋە بولۇشسىز جۈملە

句子按有无否定形式可以分为肯定句和否定句两类。对事物作出肯定判断的句子，称做肯定句；对事物作出否定判断的句子，称做否定句。肯定和否定是判断的两种基本形式，肯定或否定表达得正确与否，直接关系到判断是否恰当。

بولۇشسىز شەكلىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا ئاساسەن، جۈملە بولۇشلۇق جۈملە ۋە بولۇشسىز جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. شەيئىلەرگە بولغان تەستىقىي ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر بولۇشلۇق جۈملە دېيىلىدۇ. شەيئىلەرگە بولغان ئىنكار ھۆكۈمنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەر بولۇشسىز جۈملە دېيىلىدۇ. تەستىق بىلەن ئىنكار ھۆكۈمنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرىدىن بولۇپ، ئۇنى توغرا ئىپادىلەش ـ ئىپادىيەل

مەسىلىك ھۆكۈمنىڭ جايىدا بولۇش-بولماسلىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

肯定句和否定句不是表述意义和感情色彩上的分类。陈述句、疑问句、祈使句或感叹句都可以是肯定句或否定句。例如：

بولۇشلۇق جۈملە ۋە بولۇشسىز جۈملە دېگەنلەر بايان مەنىسى ۋە ھېسسىي تۈس مەنىسىگە ئاساسەن ئايرىلغان تۈر ئەمەس. بايان جۈملە، سوراق جۈملە، بۇيرۇق جۈملە، ئۈندەش جۈملە قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتا بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز جۈملە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئوقۇغۇچى.

我是学生。

مەن ئوقۇغۇچى ئەمەس.

我不是学生。

ئەمەتتە كىتاب بارمۇ؟

艾买提有书吗?

ئەمەتتە كىتاب يوقمۇ؟

艾买提没有书吗?

سىز بۈگۈن مەكتەپكە بېرىڭ.

你今天到学校去。

سىز بۈگۈن مەكتەپكە بارماڭ.

你今天别去学校。

پىكرىڭىز ئازغۇ!

你的意见真少啊!

پىكرىڭىز ئاز ئەمەسكەن-دە!

你的意见真不少啊!

否定句有单重否定句和双重否定句两种类型。单重否定句中只有一个否定形式，双重否定句中有两个否定形式。例如：

بولۇشسىز جۈملە بىر ئىنكارلىق بولۇشسىز جۈملە ۋە ئىككى ئىنكارلىق بولۇشسىز جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىر ئىنكارلىق جۈملىلەردە بىرلا ئىنكار شەكىل بولىدۇ. ئىككى ئىنكارلىق بولۇشسىز جۈملىلەردە ئىككى ئىنكار شەكىل بولىدۇ. مەسىلەن:

يانچۇقۇمدا پۇل يوق.

我口袋里没钱。

يانچۇقۇمدا پۇل يوق ئەمەس.

我口袋里不是没有钱。

سۇ ئىچكىلى بولمايدۇ!

不能喝水！

سۇ ئىچمەي بولمايدۇ!

不能不喝水！

双重否定句是表达肯定意思的句式。它比一般的肯定句语气更强，语气更肯定。有时双重否定句也可用来表示一种委婉的语气。例如：

ئىككى ئىنكارلىق جۈملىلەر تەستىقى مەنە ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل جۈملىلەرنىڭ ئىنتوناتسىيىسى ئادەتتىكى بولۇشلۇق جۈملىلەرنىڭكىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. بەزىدە ئىككى ئىنكارلىق جۈملىلەر ئىنتوناتسىيىنى سىلىقلاشتۇرۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىشنى بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن ئەمەس!

你不会不知道吧！

# 第六节　句子的结构类型

# 6- پاراگراف جۈملىنىڭ قۇرۇلما تىپلىرى

## 一、单句和复句

## 1. ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە

句子按其结构可分为单句和复句两类。单句只有一个结构核心，它包括词与词、词与词组、词组与词组之间的语法联系。例如：

جۈملىلەر قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاددىي جۈملىلەردە بىرلا قۇرۇلما مەركىزى بولىدۇ، ئۇ سۆز بىلەن سۆز، سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىسى، سۆز بىرىكمىسى بىلەن سۆز بىرىكمىسى ئوتتۇرىسىدىكى گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق.

今天天气晴朗。

مەن كىنوخانىدىن ئۆتتۈم.

我从电影院旁走过去了。

بۇ خىزمەت ئەتە تاماملانسۇن.

这个工作明天结束。

复句至少有两个结构核心，它包括分句与分句之间的语法联系，是由两个或两个以上的分句组合而成的句子。例如：

قوشما جۈملىلەردە كەم دېگەندە ئىككى قۇرۇلما مەركى‐

زى بولىدۇ، ئۇ تارماق جۈملىلەر بىلەن تارماق جۈملىلەر
ئوتتۇرىسىدىكى گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالـ
دۇ. قوشما جۈملىلەر ئادەتتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق
تارماق جۈملىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تاغقا چىقالايـ
دىغان بولدۇق.

今天天气晴朗，所以我们可以去爬山。

ئۇ ئاغرىپ قالدى، لېكىن يەنىلا بۈگۈنكى ئەمگەككە
قاتناشتى.

他虽然病了，但是仍然参加了今天的劳动。

## 二、单句的分类

## 2. ئاددىي جۈملىنىڭ تۈرلىرى

单句按其是否具备主谓结构或其主谓结构是否能单独成句，可以分为双部句和单部句。

ئاددىي جۈملىلەر ئىگە- خەۋەرلىك قۇرۇلمىنىڭ بار- يوقـ
لۇقىغا ۋە بۇ ئىگە- خەۋەرلىك قۇرۇلمىنىڭ مۇستەقىل ھالدا
جۈملە بولۇش- بولالماسلىقىغا قاراپ، ئىككى باش بۆلەكلىك
جۈملە ۋە بىر باش بۆلەكلىك جۈملە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. 双部句

### 1. ئىككى باش بۆلەكلىك جۈملە

由句子的主要成分—主语和谓语构成的句子称为双部句。有些句子从语法结构上看，虽然省略了主语，但从谓语的词尾形式

上仍可看出主语的人称与数，仍属于双部句。有些零位动词谓语的句子也被称之为双部句。例如：

جۈملىنىڭ باش بۆلىكى بولغان ئىگە بىلەن خەۋەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەر ئىككى باش بۆلەكلىك جۈملە دېيىلىدۇ. گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى جەھەتتىن قارىغاندا، بەزى جۈملىلەرنىڭ ئىگە قىسمى قىسقارتىۋېتىلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما خەۋەردىكى قوشۇمچىدىن ئىگىسىنىڭ شەخس ۋە سانىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنداق جۈملىلەر يەنىلا ئىككى باش بۆلەكلىك جۈملىگە كىرىدۇ. خەۋەر تەركىبىدىكى پېئىل كۆرۈلمەيدىغان جۈملىلەرمۇ ئىككى باش بۆلەكلىك جۈملە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار.

你们要努力学习科学文化知识。

ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى توپلىدۇق.

我们收集了有关民间文学的大量作品。

ئاخشام كىنو كۆردۈڭلارمۇ؟

你们昨晚看电影了吗?

تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇم.

我把作业做完了。

ئۇ ھازىر كۇتۇپخانىدا.

他现在在图书馆。

ئۇنىڭ قىزى 16 ياشلاردا.

他的女儿大概有十六岁。

**2.单部句**

### 2. بىر باش بۆلەكلىك جۈملە

只有一个主要成分的句子叫单部句。它包括无主句和称名句两类。

بىرلا باش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان جۈملىلەر بىر باش بۆلەكلىك جۈملە دېيىلىدۇ. ئۇ ئىگىسىز جۈملە، ئاتاش جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

#### 1.无主句

#### 1. ئىگىسىز جۈملە

在句中不能明确回答"谁或什么"这类问语，没有主语，只包括一个相当于谓语的结构核心的句子，称做无主句。例如：

«كىم ياكى نېمە» دېگەندەك سوئاللارغا ئېنىق جاۋاب بولۇپ كېلەلمەيدىغان، ئىگىسى بولمىغان، خەۋەرگە تەڭ بىرلا قۇرۇلما مەركىزى بولغان جۈملىلەر ئىگىسىز جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

پىرىنسىپ بىلەن سودىلىشىشقا بولمايدۇ.

不能拿原则作交易。

سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا كۆپ رەھمەت.

谢谢你们的帮助。

ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن.

祝你节日愉快。

قىيىنچىلىق ئالدىدا ئارقىغا چېكىنمەسلىك لازىم.

在困难面前不要后退。

ئاينى ئېتەك بىلەن يېپىپ بولماس.

衣襟遮不住太阳。

خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىنسۇن.

要注意工作方法。

بۇ خىزمەتنى قايتا تەكىتلەپ قويۇشقا توغرا كەلدى.

这个工作需要重新强调一下。

مۇرەككەپ نەرسىلەرنىمۇ ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ.

任何复杂的东西都是可以学会的。

كادىرلارنى بىلىشكە ماھىر بولۇش كېرەك.

必须善于了解干部。

2.称名句

2. ئاتاش جۈملە

是指主要成分用主格形式表达，表示事物存在的事实的句子，称做称名句。例如：

باش بۆلىكى باش كېلىشتە كەلگەن، شەيئىلەرنىڭ مەۋ-
جۇدلۇقىنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەر ئاتاش جۈملە دېيىلىدۇ.
مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 六月中旬。 | ئالتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى. |
| 一九八八年春天。 | 1988 - يىل باھار. |
| 黄昏。 | گۇگۇم ۋاقتى. |
| 滔滔大河。 | ئۆركەشلىگەن ئەزىم دەريا. |
| 皇宫。 | شاھ ئوردىسى. |

## 3. قوشما جۈملىنىڭ تۈرلىرى

## 三、复句的分类

复句按其组合中的各分句之间的关系，可分为联合复句和偏

正复句。

ئارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، قوشما جۈملىنى بىرىككەن قوشما جۈملە ۋە بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

联合复句中的各分句之间的关系是平等的。例如：

بىرىككەن قوشما جۈملىدىكى تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەڭ، باراۋەر بولىدۇ. مەسىلەن:

يا سەن بار، يا مەن باراي.

或者你去，或者我去。

偏正复句中的各分句之间的关系有主从之分。例如：

بېقىندىلىق قوشما جۈملىدىكى تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدا بېقىنىش، بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز تىنچلىقنى قىزغىن سۆيىمىز، ئەمما ئۇرۇشتىنمۇ قورقمايمىز.

我们热爱和平，但也不害怕战争。

# 第十八章 复 句

# ئون سەككىزىنچى باب قوشما جۈملە

## 第一节 复句的概念

## 1- پاراگراف قوشما جۈملە ھەققىدە چۈشەنچە

由语调和意义上密切联系，而在结构上互不包含的两个或两个以上的单句组合而成的言语单位称作复句。复句按其意义和各分句之间的句法关系可以分为联合复句和偏正复句两大类。例如：

ئىنتوناتسىيە ۋە مەنە جەھەتتىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، قۇرۇلما جەھەتتىن بىر-بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىدىن تەركىب تاپقان نۇتۇق بىرلىكى قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. قوشما جۈملىلەرنى مەنىسى ۋە ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتكە ئاساسەن بىرىككەن قوشما جۈملە ۋە بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى. (بىرىككەن قوشما جۈملە)

以德报德，人人都能做到，以德报怨，君子方能做到。

تاڭ ئاتتى ۋە ئەتراپ نۇرغا چۆمۈلدى. (بىرىككەن قوشما جۈملە)

天亮了，周围的一切都沐浴在阳光里。

ئۇلار كەلمىگەن بولسا، بۇ ۋەزىپە ئورۇنلانمىغان بولات‐
تى. (بېقىندىلىق قوشما جۈملە)

假如他们没来，这任务是完成不了的。

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەدەبىيات تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسىدۇر.
(بېقىندىلىق قوشما جۈملە)

众所周知，文学是生活的反映。

بىز تىلنى تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكىمىزدىن، تىل ئوقۇ‐
تۇش ئەمەلىيىتىدە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. (بېقىندى‐
لىق قوشما جۈملە)

由于我们努力学习语言，因此在教学实践中取得了好效果。

复句虽然是在单句的基础上组成的，但复句并不等于几个单句的简单相加。两个或两个以上的单句必须在意义上存在一定的联系，才能组成复句。如果没有语言与语法关系的内在联系，是无法拼在一起的。一个复句不管包含多少分句，都只能在整个句子末尾才有较大的停顿 书面上用句号、问号、感叹号表示。而在分句之间只有小的停顿，书面上用逗号表示。复句中各个分句的主语如果相同 则主语只在一个分句中出现，而在其余分句中主语常常省略。如果前一个分句中的谓语以付动词形式出现，后一分句中的谓语则一定要赋予人称和时的形态变化，以示复句结束。例如：

قوشما جۈملە گەرچە ئاددىي جۈملىلەردىن تەركىب تاپ‐
قان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىرقانچە ئاددىي جۈملىنىڭ ئاددىي
يىغىندىسىغا تەڭ ئەمەس. ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق
ئاددىي جۈملە مەنە جەھەتتە مەلۇم باغلىنىشقا ئىگە بولغان‐

دىلا ئاندىن قوشما جۈملە بولالايدۇ. سېمانتىكىلىق مەنە ۋە
گر امماتىكىلىق مۇناسىۋەت جەھەتتە ئىچكى باغلىنىشى بولمى-
غان ئاددىي جۈملىلەر قوشما جۈملىنى تەشكىل قىلالمايدۇ.
قوشما جۈملە مەيلى قانچە تارماق جۈملىدىن تەركىب تاپمى-
سۇن، جۈملە ئاخىرىدا پەقەت بىرقەدەر چوڭراق بىرلا پا-
ئۇزا بولىدۇ. بۇ يېزىق تىلىدا چېكىت، سوئال بەلگىسى ۋە
ئۈندەش بەلگىسى قاتارلىقلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تارماق
جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدا كىچىكرەك پائۇزا بولىدۇ. ئۇ يېزىقتا
پەش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تار-
ماق جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى ئوخشاش بولسا، ئىگە ئادەتتە بىرلا
تارماق جۈملىدە كۆرۈلىدۇ. قالغان تارماق جۈملىلەردىكى
ئىگە كۆپ ھاللاردا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر ئالدىنقى تارماق
جۈملىنىڭ خەۋىرى رەۋىشداشلاردىن تۈزۈلگەن بولسا، قوشما
جۈملىنى تاماملاش ئۈچۈن كېيىنكى جۈملىدىكى خەۋەر
شەخس، زامان قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مە-
سىلەن:

ئەتىياز كەلدى، قارلار ئېرىدى ۋە دەل-دەرەخلەر
كۆكىرىشكە باشلىدى.

春天来了，雪化了，树木发芽了。

ئۇ قىزىق ھېكايىلارنى ئېيتىپ بېرىپ، يولداشلارنى
ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

他讲的故事是那样有趣，把同志们都吸引住了。

ماشىنا ئۈچقاندەك كېتىۋاتقاندا، بىرسى تۇيۇقسىز قاتـ
تىق ۋارقىراپ، ماشىنىدىكىلەرنى چۆچۈتۈۋەتتى.

汽车正在飞快地行驶，一名乘客突然大叫起来，把其它的人吓坏了。

## 第二节　联合复句

## 2-پاراگراف بىرىككەن قوشما جۈملە

由两个或两个以上处于平等关系的简单句组成，在语义上各分句之间没有说明或补充关系，在语法关系上各分句之间没有主次之分的复合句，称为联合复句。例如：

ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن، سېمانتىكىلىق مەنە جەھەتتە تارماق جۈملىلىرى ئوتتۇرىسىدا تولۇقلاش، چۈشەندۈرۈش مۇناسىۋىتى بولمىغان، گراماتىكىلىق مۇناسىۋەت جەھەتتە تارماق جۈملىلىرى ئاساسلىق قىسىم ۋە قوشۇمچە قىسىم دەپ ئايرىلمايدىغان قوشما جۈملە بىرىككەن قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

قوغۇننىڭ ئوبدىنى ئۈزۈن پىلەكتە، چىشنىڭ ئوبدىنى ئاستىنقى ئېگەكتە.

最好的甜瓜结在长藤上　最好的牙齿长在下牙床。

يا بىز قىيىنچىلىقنى يېڭىمىز، يا قىيىنچىلىق بىزنى يېڭىدۇ.

不是我们战胜困难，就是困难吓倒我们。

ئەركىن ئۆز يۇرتىغا قايتتى، لايىق تاپتى ھەم توي قىلدى.

艾尔肯回到了故乡，找到了意中人而且成了亲。

联合复句又分为并列复句、选择复句、递进复句、连贯复句、对立复句、分合复句六种。按照各分句之间的联系方法可以分为带连词的联合复句和无连词的联合复句两大类。

بىرىككەن قوشما جۈملىنى تەڭداش قوشما جۈملە، تال-
لىما قوشما جۈملە، كۆچەيتمە قوشما جۈملە، ئۇلانما قوشما
جۈملە، قارشىلىق قوشما جۈملە، ئايرىما قوشما جۈملە دېگەن-
دەك ئالتە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. قوشما جۈملىنى يەنە تار-
ماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا ئاساسەن، باغلىغۇ-
چىلىق قوشما جۈملە ۋە باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملە دەپ
ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 一、带连词的联合复句：

## 1. باغلىغۇچىلىق قوشما جۈملە

用连词或其它关联词语连接起来的复句，称做带连词的联合复句。这类复句中各分句之间的关系大致有下列四种：

باغلىغۇچىلار ياكى باغلىغۇچى سۆزلەر ئارقىلىق بىرىك-
كەن قوشما جۈملىلەر باغلىغۇچىلىق قوشما جۈملە دېيىلىدۇ.
بۇ خىل قوشما جۈملىدىكى تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدا تۆ-
ۋەندىكىدەك تۆت خىل مۇناسىۋەت بولىدۇ:

**1.并列关系**

**1. تەڭداش مۇناسىۋەت**

各分句之间的关系是并列平行的，没有主次之分，这种关系的复句称为并列复句。并列复句常用下列连词和关联词语组成的格式表示。

قوشما جۈملىلەرنىڭ تارماق جۈملىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەڭ باراۋەر بولىدۇ. ئۇلارنى ئاساسلىق قىسىم ۋە قوشۇمچە قىسىم دەپ ئايرىشقا بولمايدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر تەڭداش قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. تەڭداش قوشما جۈملىلەر كۆپىنچە باغلىغۇچى ۋە باغلىغۇچى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

① ...... ۋە ......　　② ...... ھەم ......

③ ...... مۇ ......　　④ ...... يەنە ......

⑤ ...... ھەمدە (شۇنداقلا) ......

⑥ ...... شۇنىڭدەك (شۇنىڭ بىلەن بىللە) ......

⑦ ...... ھەم ...... ھەم ......

⑧ ...... مۇ ...... مۇ ......

以上格式相当于汉语的“也、又、并且、同时”，“既……又……”。例如：

يۇقىرىدىكى شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى 也،又،并且،同时، «既……又……» قاتارلىق شەكىللەرگە يېقىن كېلىدۇ.

مەسىلەن:

مەن كىتابخانىغا باردىم ۋە نۇرغۇن كىتاب ئالدىم.

我去了书店，并且买了许多书。

ھەر قانداق ئىشنىڭ يولى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق ئۇسۇلىمۇ بولىدۇ.

任何事情都有自己的规律，同时也有适应自己的方法。

توغرا پىكىرلەرنى ئاڭلاش لازىم ھەمدە شۇ بويىچە ئىشلەش كېرەك.

正确的意见应该听，并且要按照它去做。

ئۆگىنىشتە غەيرەت ۋە قىزغىنلىق بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە جىددىي ئىلمىي پوزىتسىيمۇ بولۇشى لازىم.

在学习上既要有干劲和热情，又要有科学的态度。

بۈگۈن ھەم يامغۇر ياغمىدى، ھەم بوران چىقمىدى.

今天既没下雨，又没刮风。

**2.选择关系**

2. تاللاش مۇناسىۋىتى

两个或几个分句分别陈述不同的事情，或是不同的情况，或是不同的行为，表示可以从中有所选择。这种关系的复句称做选择复句。选择复句常用下列连词和关联词语组成的格式表示。

ئوخشاش بولمىغان ئىش، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋال ياكى ئوخشاش بولمىغان ھەرىكەتنى بايان قىلىدىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تارماق جۈملىدىن تۈزۈلۈپ، شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەر تاللىما قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. تاللىما قوشما جۈملە باغلىغۇچى ۋە باغلىغۇچى سۆزلەردىن تەشكىل تاپقان تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

① يا …… يا……　② يا…… ياكى ……

③ مەيلى …… ياكى　④ مەيلى…… مەيلى……

⑤ ياكى …… مەيلى……

这些格式相当于汉语的下列格式。例如：

بۇ شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى تۆۋەندىكى شەكىللەرگە

يېقىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

"或者……或者……"　"要么……要么……"
"无论……或是……"　"不是……就是……"
"是……还是……"

يا مەن باراي، يا سەن بار.

要么我去，要么你去。

بۇ ياكى ئىش ۋاقتىنىڭ ئۇزارتىلغانلىقى، ياكى مۇئەييەن بىر ۋاقىت ئىچىدە تەلەپ قىلىنىدىغان ئەمگەك مىقدارىنىڭ ئاشقانلىقى ۋە ماشىنىلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ چاپسانلاشتۇرۇلغانلىقىدىن بولىدۇ.

这或者是由于工作时间的延长，或者是由于在一定时间内所要求的劳动量的增加和机器运转的加速。

مەيلى كەلسۇن، مەيلى كەلمىسۇن، ئۇزىنىڭ ئىشى.

来或不来是他自己的事。

مەيلى ئۇلار سۆزلىسۇن، ياكى بىز سۆزلەيلى، ئىش قىلىپ سۆزلەش كېرەك.

不管是他们讲，还是我们讲，反正得讲。

3.递进关系

3. كۈچەيتىش مۇناسىۋىتى

后一个分句表示比前一个分句更进一层的意义，这种关系的复句称做递进复句。递进复句常用下列连词和关联词语组成的格式表示。

كېيىنكى تارماق جۈملىسى ئالدىنقى تارماق جۈملىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇرراق مەنە ئىپادە قىلىدىغان قوشما جۈملىلەر كۈچەيتمە قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. كۈچەيتمە قوش-

ما جۈملە باغلىغۇچى ۋە باغلىغۇچى سۆزلەردىن تەركىب تاپقان تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

① ...... قالماستىن (قالماي)، بەلكى ......

② ...... بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ......

③ ...... تۈگۈل (تۇرماق) ...... مۇ ......

④ ...... ھەتتا (ھەتتاكى) ......

⑤ ...... ئۇنىڭ ئۈستىگە......

⑥ ...... يەنە كېلىپ ...... ⑦ ...... بولۇپمۇ......

⑧ ...... دىن باشقا، يەنە ...... مۇ ......

⑨ ...... نىڭ سىرتىدا ...... مۇ......

⑩ ...... دىن تاشقىرى، يەنە ...... مۇ......

这些格式相当于汉语的下列格式

بۇ شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى تۆۋەندىكى شەكىللەرگە باراۋەر كېلىدۇ:

"不但……而且（也）……" "不仅……而且……"

"不但……并且（还）……" "不仅……还……"

"不但不……而且……" "……甚至……"

"除……外，还……"

ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپلا قالماي، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ قامدايدىغان بولدى.

他们的产品不仅供本国消费，而且还供世界各地消费。

مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى ياقۇپ، ھۆسەيىن تۈگۈل، مەمەت، سابىرنىمۇ تونۇمايتتىم.

上学之前，我不但不认识牙库甫、玉赛音，也不认识买买提和沙比尔。

ھەر قېتىم مەجلىس ئاچقاندا، ئۇ بىر ئېغىزمۇ پىكىر بەرمەيدۇ. ھەتتا باشقىلارنىڭ بەرگەن پىكىرلىرىنىمۇ قۇلاق سېلىپ ئاڭلىمايدۇ.

每次开会，他都一言不发，甚至连别人发言他也不注意听。

تۇرپاندىن مېۋە جىق چىقىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ئۈزۈم بىلەن دۇنياغا مەشھۇر.

吐鲁番盛产水果，尤以葡萄著称于世。

مېنىڭچە، بىر ياخشى تەنھەرىكەتچىدە ساغلام بەدەن بولغاندىن تاشقىرى، يەنە بىلىممۇ بولۇشى كېرەك.

我认为，一个好的运动员除了要有健康的体魄，还要有知识。

**4.连贯关系**

**4. ئۇلانما مۇناسىۋەت**

几个分句按前后顺序说出连续的动作或相关的情况。表达这种关系的复句称做连贯复句。连贯复句常用下列关联词语组成的格式表示：

بىرقانچە تارماق جۈملە مەلۇم تەرتىپ بويىچە كېلىپ ئارقىمۇ ئارقا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتنى ياكى بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالنى بىلدۈرىدىغان قوشما جۈملىلەر ئۇلانما قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. ئۇلانما قوشما جۈملە باغلىغۇچى سۆزلەردىن تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

① ئالدى بىلەن......ئاندىن —....

② ئاۋۋال......ئاندىن كېيىن......

③ ......بىر تەرەپتىن......يەنە بىر تەرەپتىن......

④ ......بىر تۇرۇپ......بىر تۇرۇپ....

⑤ ......بىردەم......بىردەم......

⑥ ......بەزىدە (گاھىدا)......بەزىدە (گاھىدا)......

这些格式相当于汉语的下列格式：

بۇ شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى تۆۋەندىكى شەكىللەرگە باراۋەر كېلىدۇ.

“首先……然后……”　“首先……其次……”

“一方面……一方面……”　“一阵儿……一阵儿……”

“一会儿……一会儿……”　“时而……时而……”

ئالدى بىلەن كىنو كۆرەيلى، ئاندىن ئاشخانىغا بېرىپ تاماق يەيلى!

我们先看电影，然后再去食堂吃饭吧!

ئۇ بىر تەرەپتىن كىتاب كۆرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن خاتىرە يازىدۇ.

他一面看书，一面记笔记。

ئاۋۋال تام ئەت، ئاندىن باغ ئەت.

先打围墙，后建果园。

ھاۋا بىردەم ئوچۇق بولىدۇ. بىر دەم تۇتۇق بولىدۇ.

天气一会儿晴，一会儿阴。

بىر تۇرۇپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىمەن دەپسەن، بىر تۇرۇپ تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىمەن دەيسەن، زادى

قانداق قىلماقچى؟

你一会儿说考大学，一会儿说考中专，到底想干什么呢？

## 二、无连词的联合复句：

## 2. باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملە

各分句之间不是用连词联系，而是用语气或意义连接起来的复句，称做无连词的联合复句。这类复句中各分句之间的关系大致有以下四种。

تارماق جۈملىلىرى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئەمەس بەلكى ئىنتوناتسىيە ياكى مەنە ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن قوشما جۈملىلەر باغلىغۇچىسىز قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. بۇ خىل قوشما جۈملىلەرنىڭ تارماق جۈملىلىرى ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكى تۆت خىل مۇناسىۋەت بولىدۇ:

**1.并列关系**

1. تەڭداش مۇناسىۋەت

ئۇلار ئۆز تېنىنى ئاسراشنى تېخى بىلمەيتتى، بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭمۇ خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى.

他们还不懂得爱护身体，还不懂得锻炼身体也是工作的需要。

ئاچچىق بولساڭ تۇزدەك بول.
تاتلىق بولساڭ بالدەك بول.

要咸就咸如盐巴，要甜就甜似蜂蜜。

ئارپا ـ تېرىق ئاش ئىكەن.
ئۈنچە ـ مارجان تاش ئىكەن.

大麦糜子是粮食，玛瑙珊瑚是石子。

بىز ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم، ھەقىقەتنىڭ بايـ
رىقى روشەن بولۇشى لازىم.

我们必须坚持真理，而真理必须旗帜鲜明。

**2.连贯关系**

**2. ئۇلانما مۇناسىۋەت**

قوڭغۇراق چېلىندى، ئوقۇغۇچىلار سىنىپقا كىردى،
دەرس باشلاندى.

上课铃响了，同学们走进教室开始上课了。

ئۇ ماڭا ھېچنېمە دېمەي، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

他什么也没有说，转身走出了家。

بىز تاپشۇرۇقلارنى ياخشى ئىشلەپ، ئوقۇتقۇچىمىزنى
رازى قىلدۇق.

我们认真完成作业，使老师很满意。

ئالبۇمنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ، دوستۇم پەرىدەنىڭ رەسـ
مىگە كۆزۈم چۈشتى.

我翻看着相册，看到了我童年时的好朋友帕里黛的照片。

**3.对立关系**

**3. قارشىلىق مۇناسىۋەت**

各分句之间的意思是相互对立的，在语法形式上一般表现为肯定与否定的前后对立。这种关系的复句称作对立复句。例如：

بەزى قوشما جۈملىلەردىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ مەنـ
لىرى ئادەتتە بولۇشلۇق شەكىللەر بىلەن بولۇشسىز شەكىللەر
نىڭ قارىمۇ قارشىلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق
مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملىلەر قارشىلىق قوشما جۈملە دېيىـ

لىدۇ، مەسىلەن:

مەن بولىدۇ دېدىم، ئۇ بولمايدۇ دېدى.

我说行，他说不行。

پادا باققاندا دوست ئىدۇق،

ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق.

放牛时是朋友，吃核桃时成了仇人。

بىز كەلدۇق، ئۇلار كەلمىدى.

我们来了，而他们却没来。

كۈن ئىسسىدى، قار ئېرىمىدى.

天气热了，但雪还没化。

4.分合关系

4. ئايرىلما مۇناسىۋەت

各分句之间的关系是总提或总结与分述的关系，一般是用一个分句总提一件事，然后用另外几个分句分述这件事的几个类项。这种关系的复句称做分合复句。例如：

تارماق جۈملىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئايرىم - ئايرىم چۈشەندۈرۈش مۇناسىۋىتى بولغان، ئالدىنقى جۈملىدە بىر ئىش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كېيىنكى جۈملىلەردە شۇ ئىشنىڭ تۈرلىرى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈلىدىغان قوشما جۈملىلەر ئايرىما-قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

يېقىندا بىز تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلدۇق، بىرى ئۆگىنىش پىلانىنى تۈزدۇق، يەنە بىرى تىل تەكشۈرۈشكە بارىدىغان ۋاقىتنى بېكىتتۇق.

最近我们做了两件事。一是制定了学习计划，二是决定了语

盲调查的时间。

ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدىنىڭ ئىككى ئۆلچىمى بار، بىرى سىياسىي ئۆلچەم، بىرى بەدىئىي ئۆلچەم.

文艺批评有两个标准，一个是政治标准，一个是艺术标准。

باشقىلار نەتىجە قازانسا قايىل بولماسلىق، باشقىلار كەتكۈزۈپ قويسا تاماشا كۆرۈش ـ بۇ ناھايىتى يامان ئىستىل.

别人有了成绩不服气，别人犯了错误幸灾乐祸，这是一种很坏的作风。

بارمىغاندا بارىمەن دەيسەن، بارغاندىن كېيىن كەلمىسەم بوپتىكەن دەيسەن، بۇ قانداق گەپ!

没去时要去，去了又说不该去，这到底是怎么回事？

## 第三节　偏正复句

## 3 - پاراگراف بېقىندىلىق قوشما جۈملە

各分句之间有主次之分，一个分句从属于另一个分句，并且说明和补充它。这种关系的复句称做偏正复句。例如：

تارماق جۈملىلىرى ئىچىدە بىرى يەنە بىرىنى چۈشەندۈرۈپ، تولۇقلاپ كېلىدىغان، تارماق جۈملىلىرى ئاساسلىق قىسىم ۋە قوشۇمچە قىسىم دەپ ئاتىلىدىغان جۈملىلەر بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

بالىلارنى شۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈش كېرەككى، ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپ ئەمگەك سۆيىدىغان بولسۇن.

应该使孩子们养成那样的习惯，让他们从小就热爱劳动。

ئۇ ناھايىتى ئالدىراش بولسىمۇ، بىراق بىزگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ.

他虽然很忙，可是很关照我们。

ئۇ يېڭىدىن كەلگەن، شۇڭا نۇرغۇن ئىشتىن خەۋەرسىز.

他是新来的，因此好多事他都不知道。

在偏正复句中，从属并说明或补充另一个分句的叫偏句（副句），被说明或补充的分句叫正句（主句）。偏正复句的一般顺序是偏句在前，正句在后。根据各分句之间的关系，偏正复句又分为补充复句、转折复句、条件复句、因果复句、目的复句、假设复句、让步复句、理由复句、连续复句、比喻复句、时间复句取舍复句十二种。

بېقىندىلىق قوشما جۈملىدىكى يەنە بىر تارماق جۈملىنى چۈشەندۈرۈپ، تولۇقلاپ كېلىدىغان تارماق جۈملە بېقىندى جۈملە دېيىلىدۇ. چۈشەندۈرۈلۈپ، تولۇقلىنىپ كېلىدىغان تارماق جۈملە باش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى ئالدىدا، باش جۈملىسى ئارقىدا بولىدۇ. تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، بېقىندىلىق قوشما جۈملىنى ئىزاھ قوشما جۈملە، يۆرۈلما قوشما جۈملە، شەرت قوشما جۈملە، سەۋەب ـ نەتىجە قوشما جۈملە، مەقسەت قوشما جۈملە، پەرەز قوشما جۈملە، قارىمۇ قارشى قوشما جۈملە، باھانە قوشما جۈملە، زەنجىرسىمان قوشما جۈملە، ئوخشاتما قوشما جۈملە، ۋاقىت قوشما جۈملە، تاللانما قوشما جۈملە دەپ 12 تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1.补充复句

1. ئىزاھ قوشما جۈملە

在一般的偏正复句里，偏句在前，正句在后。如果把二者的次序调换一下，偏句就起到补充说明主句中的某一个成分的作用，这种关系的复句称做补充复句。补充复句常用下列关联词语组成的格式表示：

ئادەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىندى جۈملە ئالدىدا، باش جۈملە ئارقىدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسا، بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى مەلۇم بىر بۆلەكنى تولۇقلاپ چۈشەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنداق قوشما جۈملىلەر ئىزاھ قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. ئىزاھ قوشما جۈملە كۆپىنچە ھاللاردا باغلىغۇچى سۆزلەردىن تەركىب تاپقان تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

① ......مەلۇمكى......

......ئايانكى......

② ......لازىمكى......

......شۇنى......كى......

......شۇنىڭغا......كى......

③ ......شۇنىڭدىن ئىبارەتكى......

......شۇكى......

④ ......شۇنداق......كى......

⑤ ......شۇنداق......كېرەككى......

......شۇنداق......كى......

根据偏句的语义内容，可分为补充说明主语、或谓语、或宾

语、或定语、或状语等五种类别。

بېقىندى جۈملىنىڭ سىمانتىكىلىق مەزمۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، بېقىندى جۈملىنى ئىگە بېقىندى جۈملە، خەۋەر بېقىندى جۈملە، تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە، ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە ۋە ھالەت بېقىندى جۈملە دەپ بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1）偏句补充或说明主句中的主语，它可以回答 «نېمە؟» «كىم» 等问语。例如：

بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى ئىگىسىنى تولۇقلاپ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، «كىم؟ نېمە؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ. مەسىلەن:

ھەممىگە مەلۇمكى، مىلتىق دورىسىنى جۇڭگو ئىجاد قىلغان.

众所周知，火药是中国发明的。

ھەممىمىزگە ئايانكى، ئەمگەك دۇنيانى يارىتىدۇ.

我们都明白，劳动创造世界。

2）偏句补充或说明正句中的谓语，它可以回答 «نېمە بولىدۇ؟» «نېمىدىن ئىبارەت» 等问语。 如：

2. بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى خەۋەرنى تولۇقلاپ، چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، «نېمە بولىدۇ؟ نېمىدىن ئىبارەت؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداقكى، ھېچكىم بىلەن كېلىشەلمەيدۇ.

他的脾气很怪，跟谁都合不来。

بىزنىڭ ئۈمىدىمىز شۇكى، ۋەتەنگە سادىق بولۇڭلار.

我们的希望是，你们要忠于祖国。

ئالدى بىلەن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يېقىندا ئۇنىڭ سالامەتلىكى بەك ناچارلىشىپ كەتتى.

首先值得注意的是，最近他的健康状况很糟糕。

بىزنىڭ پرىنسىپىمىز شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بارلىق ۋەتەنپەرلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر.

我们的原则是，团结一切爱国力量，争取祖国统一。

3）偏句补充或说明正句中的宾语，它可以回答«كىمنى؟» «نېمىنى؟» 等问语。例如：

3. بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى تولدۇرغۇچىنى تولۇقلاپ، چۈشەندۈرۈپ كېلىپ «كىمنى؟ نېمىنى؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ. مەسىلەن:

ھەممە بىلىدۇكى، جۇڭگو ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى، ئۇ دۇنيا مەدەنىيىتىگە ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

大家都知道，中国是世界文明古国之一，对世界文化作出了很大的贡献。

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئاپتورنىڭ سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى.

由此可见，作者的水平很高。

ھەر بىر گىراژدانغا شۇنى چۈشەندۈرۈش كېرەككى، مۇھىتنى ئاسراش ئىنسانلارنىڭ بۇرچى.

应该使每一个公民懂得，保护环境是人类的职责。

4）偏句补充或说明正句中的定语，它可以回答 «قانداق؟ قانچىلىك؟» 等问语。例如：

4. بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى ئېنىقلىغۇچىنى تولۇقلاپ، چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، «قانداق؟ قانچىلىك؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ شۇنداق چوڭ بىناكى، كۆرسىڭىز ئەقلىڭىز ھەيران قالىدۇ.

这座楼是那样的大，你要看的话，会感到吃惊的。

بۇ شۇنچىلىك قىزىق كىتابكى، بىز ئۇنى بىرقانچە قېتىم ئوقۇدۇق.

这书是那么吸引人，以致我们连着看了好几回。

5）偏句补充或说明正句中的状语，它可以回答 «قانداق؟» 的问语。例如：

5. بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى ھالەتنى تولۇقلاپ، چۈشەندۈرۈپ كېلىپ «قانداق؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ شۇنداق خۇشال بولدىكى، ھەتتا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى.

他高兴得不知道做什么才好。

ئەركىن شۇنداق سۆزلەيدۇكى، ئۇنىڭ نۇتۇق تالانتىدىن ھەيران قالىسىز.

艾尔肯那样善于辞令，以致你会为他的口才吃惊。

ئابدۇكېرىم شۇنچە تېز ماڭىدۇكى، ھېچكىم ئۇنىڭغا

يېتىشەلمەيدۇ.

阿不都克力木走得是那样快，无论谁都赶不上他。

## 2.转折复句

## 2. بۇرۇلما قوشما جۈملە

前后分句之间的关系是对立关系，正句不是随着偏句的意思说下去，而是作了一个与偏句相反的转折，这种关系的复句称做转折复句，转折复句常用下列关联词语组成的格式表示：

这些格式相当于汉语的下列格式：

بەزى قوشما جۈملىلەردە تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قارىمۇ قارشى بولىدۇ. باش جۈملە بېقىندى جۈملىنىڭ مەزمۇنىنىڭ داۋاملىشىشى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا قارشى بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىندى جۈملە بىلەن قارىمۇ قارشى تۇرىدۇ. بۇ خىل قوشما جۈملىلەر بۇرۇلما قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. بۇزۇلما قوشما جۈملە كۆپىنچە باغلىغۇچى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

① گەرچە...... ـ سىمۇ، لېكىن......

② ......سىمۇ، ئەمما (بىراق)......

③ ...... ـ سىمۇ، .....

④ ......، لېكىن......

⑤ ......شۇنىسى......

“虽然……但是……”　　“虽然……可是……”

“尽管……可是（但是，仍然，还是）……”

بۇ شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى تۆۋەندىكى شەكىللەرگە

باراۋەر كېلىدۇ:

گەرچە تاغ شۇنچە ئېگىز بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۇنىڭ چوققىسىغا چوقۇم چىقالايمىز.

尽管山很高，但我们一定能够登上山顶。

گەرچە ئەركىن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما مەن سورىغان نەرسىنى ئالغاچ كەلمەپتۇ.

虽然艾尔肯来了，但是我要的东西他却没带来。

بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ، نامى تىرىك؛ بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ، نامى ئۆلۈك بولىدۇ.

有知识的人虽死，声名永存；无知识的人虽然活着，声名已亡。

ئۇنىڭ پەقەت قەشقەرلىك ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن، لېكىن نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى زادى بىلمەيمەن.

我只知道他是喀什人，但他搞什么工作，叫什么名字则一概不知道。

دەيدىغاننىمۇ تازا دەپ-دەۋالدىم، شۇغىنىسى ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن تاڭ؟

要说的全说了，可是结果怎样谁知道呢。

**3.条件复句**

**3. شەرت قوشما جۈملە**

偏句用来表示正句所指事情出现或存在的条件的复句称做条件复句。它可以回答“«نېمە بولمايدىكەن؟» «قانداق قىلغاندا؟» «قانداق بولغاندا؟» «نېمە بولمىسا؟» «نېمە قىلسا؟»”等问语。

بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىدە ئىپادىلەنگەن شەيئى-نىڭ پەيدا بولۇش، مەۋجۇت بولۇش شەرتىنى بىلدۈرىدىغان قوشما جۈملىلەر شەرت قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. ئۇ «قانداق بولغاندا؟ قانداق قىلغاندا؟ نېمە بولمايدىكەن؟ نېمە قىلسا؟ نېمە بولمىسا؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

条件复句常用下列关联词组组成的格式表示：

شەرت قوشما جۈملە باغلىغۇچى سۆزلەردىن تەركىب تاپقان تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

① ......-غاندىلا (-گەندىلا)......

② ......-سىلا......

③ مەيلى......-سۇن......

这些格式相当于汉语中的下列格式：

بۇ شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى تۆۋەندىكى شەكىللەرگە باراۋەر كېلىدۇ:

"只有……才"　　"只要……就……"

"无论……都"　　"不管……都……"

مۇشۇ دەريانى كېسىپ ئۆتكەندىلا، ئاندىن تاشكۆرۈك يېزىسىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

只有涉过这条河，才能到达塔西库勒克村。

سېنىڭ ئېيتقىنىڭ توغرا بولسىلا، بىز تۈزىتىمىز.

只要你说的对，我们就改正。

مەيلى كادىر ياكى ئامما بولسۇن، ھەممىسى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشى كېرەك.

不论是群众还是干部，都应当实事求是。

مەيلى قىيىنچىلىق قانچە چوڭ بولسۇن بىز چوقۇم يېڭىمىز.

不管困难有多大，我们一定要克服。

### 4.因果复句

### 4. سەۋەب - نەتىجە قوشما جۈملە

偏句用来说明正句的行为状态产生的原因。这种关系的复句称做因果复句。它可以回答 «نېمە ئۈچۈن؟» «نېمىشقا؟» «نېمە سەۋەبتىن؟» 等问语。因果复句用下列关联词语组成的格式表示：

بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىدىكى ئىش - ھەرىكەت ۋە ھالەتنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىدىغان قوشما جۈملىلەر سەۋەب - نەتىجە قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. ئۇ «نېمىشقا؟ نېمە ئۈچۈن؟ نېمە سەۋەبتىن؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. سەۋەب - نەتىجە قوشما جۈملە باغلىغۇچى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

① ......چۈنكى (سەۋەبى)......

② ......شۇڭا (شۇڭلاشقا)......

③ ......شۇنىڭ ئۈچۈن......كى......

④ ......- دىن كېيىن......

⑤ ......- غانلىقتىن (- گەنلىكتىن)......

......- غانلىقى ئۈچۈن......

......- غاچقا (- گەچكە)......

⑥ ......دەپ......

⑦ ......سەۋەبىدىن......

⑧ ......تۈپەيلىدىن......

这些格式相当于汉语的下列格式：

بۇ شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى تۆۋەندىكى شەكىللەرگە باراۋەر كېلىدۇ:

"因为……所以……"　　"由于……因此……"

"之所以……是因为……"　　"……因为……"

گۈلباھار ئىمتىھاننى ئوبدان بەردى، چۈنكى ئۇ دەرسنى ئەستايىدىل تەكرارلىدى.

古丽巴哈尔考试考得好，因为她认真地复习了功课。

سىنىپىمىزدىكى بارلىق ساۋاقداشلار بەدەن چېنىقتۇرۇشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تېنى ناھايىتى ساغلام.

我们班的同学都很重视体育锻炼，所以他们的身体都很棒。

ئۇ كەلمىگەندىن كېيىن، مەنمۇ بارمىدىم.

因为他没有来，所以我也没有去。

سەمەت ئاغرىپ قالغانلىقتىن، بۈگۈنكى ئۆگىنىشكە قاتنىشالمىدى.

因为赛买提病了，所以未能参加今天的学习。

سېنى ئۆيدە يوقمىكىن دەپ، ئۆيۈڭگە كىرمىدىم.

我以为你不在家，所以没有到你家去。

بۈگۈن يامغۇر يېغىپ قالارمىكىن دەپ، ھېچ يەرگە بارمىدىم.

我以为今天要下雨，所以哪儿都没有去。

ئۇ ئىنتىزامنى بۇزغانلىق سەۋەبىدىن، سىنىپ بويىچە تەنقىد قىلىندى.

由于破坏纪律，他受到了全班批评。

因果复句还可以不用任何连词或关联词语而只通过语气和意义来表达。例如：

سەۋەب ـ نەتىجە قوشما جۈملىلەر باغلىغۇچى ياكى باغلىغۇچى سۆزلەر ئارقىلىقلا ئەمەس، ئىنتوناتسىيە ۋە مەنە ئارقىلىقمۇ ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ياقۇپ كېسەل بولۇپ قېلىپ، بۇ قېتىمقى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتنىشالمىدى.

牙库甫由于生病，没能参加这次体育比赛。

داۋانغا مۇز تۇتۇپ كېتىپ، ماشىنا ئۆتەلمەي قالدى.

达坂上结了冰，汽车过不去了。

**5. 自的复句**

**5. مەقسەت قوشما جۈملە**

偏句说明正句行为动作的目的，这种关系的复句称做目的复句。它可以回答 «نېمە ئۈچۈن؟» «نېمە دەپ؟» 等问语。目的复句常用下列关联词语组成的格式表示：

بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىدىغان قوشما جۈملىلەر مەقسەت قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. ئۇلار «نېمە ئۈچۈن؟ نېمە دەپ» قاتارلىق سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەقسەت قوشما جۈملە باغلىغۇچى سۆزلەردىن تۆۋەندىكى شەكىللەر

ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

① ......ئۈچۈن......

② ......دەپ......

③ ......دېسە......

这些格式相当于汉语中的下列格式：

بۇ شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى تۆۋەندىكى شەكىللەرگە باراۋەر كېلىدۇ:

“为了……”　　“要……就……”

ساپ ھاۋا كىرسۇن ئۈچۈن، مەن دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېچىۋەتتىم.

为了让新鲜空气进屋来，我把窗户都打开了。

ماقالە يېزىشتا پايدىلانسۇن ئۈچۈن، خەلچەم ماڭا بىر كىتاب ئەۋەتتى.

为了让我写文章时参考，海里切木给我寄来一本书。

ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالىمىز دەپ، دېھقانلار جاپا چېكىپ كېچە-كۈندۈز قاتتىق ئىشلىدى.

为了夺取粮食丰收，农民辛勤劳动，昼夜苦战。

ئوقۇپ بىلىم ئالاي دەپ، ئالىي مەكتەپكە كەلدىم

为了求知，我上了大学。

ساغلام بولىمەن دېسەڭ تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشىڭ كېرەك.

要想身体好，就得经常参加体育活动。

**6.假设复句**

## 6. پەرەز قوشما جۈملە

前一个分句提出假设，后一个分句推出其结果，这种关系的复句称做假设复句。假设复句用下列关联词语组成的格式表示：

ئالدىنقى ئارماق جۈملىسىنى پەرەزلىك، كېيىنكى ئارماق جۈملىسى ئۇنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدىغان قوشما جۈملىلەر پەرەز قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. پەرەز قوشما جۈملە باغلىغۇچى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

① ئەگەر......ــسا (ــسە)......

② ئەگەر (مۇبادا)......ــدىكەن (مايدىكەن)......

③ ئەگەر (ناۋادا)...ــسا(ــمىسا) ئىدى،......

④ ئەگەر......ــغاندا(ــمىغاندا)......

⑤ ......ــمىغىچە......

这些格式相当于汉语中的下列格式：

بۇ شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى شەكىللەرگە باراۋەر كېلىدۇ:

如果……就……　　　　要是……那么……

不……就……

<u>ئەگەر</u> <u>قوشۇلساڭلار</u>، ئەتە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا يولغا چىقىمىز.

如果你们同意的话，我们明天就出发。

<u>ئەتە</u> تەييارلىق <u>بولمايدىكەن</u>، مەجلىس ئېچىشقا ئىلاج

رىماسلىق كېرەك.

如果没有准备，就不要急于开会。

مۇبادا ئۇ ئۆزى بىر ناخشا ئېيتىپ بەرگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا تېخىمۇ قىزغىن كەيپىيات شەكىللەنگەن بولاتتى.

要是他本人也唱上一支歌的话，那气氛就更热烈了。

بۇ ۋەزىپە ئورۇندالمىسا، باشقا خىزمەتلەرگە تەسىر يېتىدۇ.

如果这任务完不成，对其它工作也有影响。

جاپا تارتمىغۇچە، ھالاۋەت يوق.

不吃苦就没有甜。

### 7.让步复句

### 7. قارشىلىق قوشما جۈملە

偏句与正句虽然处在一种抵触关系中，但偏句并不能阻止正句行为的进行，而往往为正句动作行为的实现退一步着想。这种关系的复句称作让步复句。让步复句常用下列关联词语组成的格式表示：

بېقىندا جۈملە بىلەن باش جۈملە قارشىلىق مۇناسىۋەتتە بولسىمۇ، ئەمما بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، پەقەت باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئازراق يول قويىدۇ. بۇ خىل قوشما جۈملە قارشىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. قارشىلىق قوشما جۈملىلەر باغلىغۇچى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

① ...... ـ غان (ـ گەن) تەقدىردىمۇ......

② ...... ـ غان (ـ گەن) بىلەنمۇ......

③ ...... ـ غىنى (گىنى) بىلەن......

④ ...... ـ دىن قەتئىينەزەر......

这些格式相当于汉语的下列格式：

بۇ شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى تۆۋەندىكى شەكىللەرگە باراۋەر كېلىدۇ:

"即使……也……"　　"不管……也……"

"就是……也……"　　"尽管……还（都）……"

ئۆگىنىشىمىزدە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا داۋاملىق تىرىشىشىمىز كېرەك.

即使我们在学习上取得了很大的成绩，也应继续努力。

بەزى ئىشلار ئوڭايدەك تۇرغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنچىلىك ئوڭاي ئەمەس.

有些事情尽管看上去很容易，实际上并不简单。

دۈشمەن ھەرقانچە ھىيلىگەر بولغان بىلەنمۇ، بىزنى ئالدىيالمايدۇ.

尽管敌人是那么狡猾，但还是骗不了我们。

ئۇ مېنى ياخشى كۆرىمەن دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئانچە ياراتمايدۇ.

他嘴上说喜欢我，实际上心里并不爱我。

ئۇنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، سەن يەنىلا سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىشىڭ كېرەك.

不管他说什么，你还是要耐心听。

8.理由复句

٤. باھانە قوشما جۈملە

偏句是说明正句提出某种问题的理由，这种关系的复句称为理由复句。理由复句常用下列关联词语组成的格式表示：

بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەلۇم مەسىلىنىڭ باھانىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان قوشما جۈملىلەر باھانە قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. باھانە قوشما جۈملىلەر باغلىغۇچى باھانە قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. باھانە قوشما جۈملىلەر سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

① ......ئىكەن......

② ......تۇرسا (تۇرۇقلۇق)......

③ ......-غاندىن كېيىن......

这相当于汉语的以下格式：

بۇ شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى تۆۋەندىكى شەكىللەرگە باراۋەر كېلىدۇ:

"既然……就……"　　"既要……就……"

"既然……那么……"

ئوقۇغۇچى ئىكەن، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

既然是学生，就应该刻苦学习。

بىزنىڭ ۋەتىنىمىز شۇنداق ئۇلۇغ تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇنى قىزغىن سۆيمەي تۇرالايمىز ۋە كۈيلىمەي تۇرالايمىز؟

我们的祖国是如此伟大，我们怎能不热爱她，歌颂她呢？

پىكرىڭلار توغرا تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ئۆز پىكرىڭلاردا چىڭ تۇرمايسىلەر؟

既然你们的意见是正确的，那为什么不坚持呢？

مۇكەررەمگە يىغىن بارلىقىنى ئۇقتۇرمىغاندىن كېيىن، ئۇ قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟

既然没有通知穆凯来姆有会，那她怎么会知道呢？

بىز خەلقنىڭ چاكىرى بولغاندىن كېيىن، خەلق ئۈچۈن كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىشىمىز لازىم.

既然我们是人民的勤务员，那就应当多为人民做好事。

**9.连锁复句：**

**9. زەنجىرسىمان قوشما جۈملە**

偏句和正句表示一种应变关系，这种关系的复句叫做连锁复句。连锁复句常用词对应的一对代词与下列关联词语组成的格式表示：

بېقىندى جۈملىسى بىلەن باش جۈملىسى ئوتتۇرىسىدا ماسلىشىش مۇناسىۋىتى بولغان قوشما جۈملىلەر زەنجىرسىمان قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. زەنجىرسىمان قوشما جۈملىلەر دائىم ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدىغان بىر جۈپ ئالماش بىلەن تۆۋەندىكى باغلىغۇچى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

① ......كىم......سا، شۇ......

② نېمە......سا، شۇ......

③ قايەر......سا، شۇيەر......

④ قەيەر (قانچىلىك)......سا، شۇنچە (شۇنچىلىك)......

⑤ قانداق......سا، شۇنداق.....

⑥ قايسى......سا، شۇ.....

⑦ قاچان......سا، شۇ چاغدا.....

⑧ قاچانغىچە......سا، شۇچاغقىچە.....

这些格式相当于汉语的下列格式：

بۇ شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى تۆۋەندىكى شەكىللەرگە باراۋەر كېلىدۇ.

“谁……谁……”　　“什么……什么……”

“哪里……哪里……”　　“越……越……”

“怎样……怎样……”　　“什么时候……就什么时候……

كىم ئەلاچى بولسا، شۇ مۇكاپات ئالىدۇ.

谁学习好，谁得奖。

نېمە كېرەك بولسا، شۇ نەرسە بار،

要什么，有什么（应有尽有）。

قايەردە ھەل قىلىنمىغان زىددىيەت بولسا، شۇيەردە مەسىلە بولىدۇ.

哪里有没有解决的矛盾，那里就有问题。

قانچىلىك بىلسەڭ، شۇنچىلىك دە،

知道多少，就说多少。

قانداق ئىشلىگىن دېگەن بولسا، شۇنداق ئىشلىدىم.

叫我怎样干，我就怎样干（了）。

قايسىسى ياقسا، شۇنى ئالىمىز.

（我们）看中哪个，就买哪个。

ئۇ مېنى قاچان كەل دېسە، مەن شۇ چاغدا كېلىمەن

他要我什么时候来，我就什么时候来。

قاچانغىچە ئىشلەيمەن دېسە، شۇچاغقىچە ئىشلىسۇن.

他要干到什么时候，就让他干到什么时候。

**10.比喻复句：**

**10. ئوخشاتما قوشما جۈملە**

比喻正句所进行的行为动作与偏句的行为动作相类似，这种关系的复句称做比喻复句。比喻复句常用下列关联词语组成的格式表示：

باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ بېقىندى جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەت بىلەن ئوخشاشلىقىنى ئوخشىتىش يولى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان قوشما جۈملە ئوخشاتما قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. ئوخشاتما قوشما جۈملىلەر باغلىغۇچى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

① ......گە ئوخشاش......

② ......دەك تەك......

③ خۇددى (گويا)..........دەك......

这些格式相当于汉语中的下列格式：

بۇ شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى تۆۋەندىكى شەكىللەرگە باراۋەر كېلىدۇ:

"象（好象）……一样，……"

مېھرىبان ئانا ئۆز بالىسىغا كۆيۈنگەنگە ئوخشاش، نۇرنىسا مۇئەللىمىمىز بىزگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ.

象慈祥的母亲疼爱自己的孩子一样，努尔尼莎老师非常关心我们。

خۇددى بېشىمدىن بىر قاپاق سۇنى قۇيۇۋەتكەندەك،
تەنلىرىم جۇغغىدە قىلىپ كەتتى.

象是一盆凉水当头浇来，我浑身都僵了。

**11.时间复句：**

**11. ۋاقىت قوشما جۈملە**

偏句说明正句行为动作发生的时间。偏句在前，正句在后，这种关系的复句称做时间复句。回答 «قاچان؟» «قاچانغىچە؟» 等问语。时间复句常用下列关联词语组成的格式表示：

بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان قوشما جۈملىلەر ۋاقىت قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. بۇ خىل قوشما جۈملىلەرنىڭ بېقىندى جۈملىسى ئالدىدا، باش جۈملىسى ئارقىدا بولىدۇ. «قاچان؟ قاچانغىچە؟» قاتارلىق سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. ۋاقىت قوشما جۈملىلەر باغلىغۇچى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

① ......-غاندا (-گەندە)......

② ......-غىچە (-گىچە)......

⑧ ......-گەندىن كېيىن......

④ ......-دىن ئاۋۋال......

⑤ ......-غان چاغدا......

⑥ ......-ش بىلەن (بىلەنلا، بىلەن تەڭ)......

⑦ ......-يىشىغا......

⑧ ......سا......

这些格式相当于汉语的下列格式：

بۇ شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى تۆۋەندىكى شەكىللەرگە باراۋەر كېلىدۇ:

"……以前……"　　"……之后……"

"……时候……"　　"……就……"

تاڭ يورۇغاندا، ئۇلار يولغا چىققاندى.

天刚亮，他们就上路了。

دەرس رەسمىي باشلانغىچە، بىز ئۆزلۈكىمىزدىن ئۆگىنىپ تۇرايلى:

正式上课以前，我们先自学。

يامغۇر ياغقاندىن كېيىن، هاۋادا هەسەن ـ هۈسەن پەيدا بولدى.

下过雨后，天空中出现了彩虹。

كۈن چىقىشتىن ئاۋۋال، بىز ئەمگەك مەيدانىغا يېتىپ باردۇق.

太阳出来之前，我们已赶到了劳动工地。

باهار كېلىشى بىلەنلا (بىلەن تەڭ) گۈللەر ئېچىلىپ كەتتى.

春天来了，百花开放。

مەن ئۆيگە كىرىشىمگە، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

我一进屋，他就出去了。

بىز ئۇنى چاقىرغىلى بارساق، ئۇ تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىكەن.

我们去叫他时，他还没起床呢。

## 12.取舍复句：

## .12 تاللىما قوشما جۈملە

偏句和正句是比较关系，一般是否定偏句的行为动作，肯定正句的行为动作，这种关系的复句称做取舍复句。取舍复句常用下列关联词语组成的格式表示：

بېقىندى جۈملىسى بىلەن باش جۈملىسى سېلىشتۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كېلىدىغان، ئادەتتە بېقىندى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى ئىنكار قىلىپ، باش جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كۆرسىتىدىغان قوشما جۈملە تاللىما قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. بۇخىل قوشما جۈملىلەر باغلىغۇچى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

① ......ـ دىن كۆرە......ياخشى......

② ......ـ غۇچە،......تۈزۈك

③ ـ غۇچە،......ـ ئايلى

④ ......ـ كى......ـ ھەرگىز......

这些格式相当于汉语的下列格式：

بۇ شەكىللەر خەنزۇ تىلىدىكى تۆۋەندىكى شەكىللەرگە باراۋەر كېلىدۇ:

"与其……不如……"　"与其……宁可（宁愿）……

"……不如……"　"宁可……也不（决不）……"

بۇ يەرگە مېۋىسىز دەرەخ تىككەندىن كۆرە، مېۋىلىك دەرەخ تىككەن ياخشى.

在这儿与其种用材林，不如种经济林。

ۋاقىت مەسىلىسىدە، ۋاقىتنى قىسقىراق مۆلچەرلىگەندىن كۆرە، ئۇزاقراق مۆلچەرلىگەن ياخشى.

在时间问题上，与其准备短些，不如准备长些。

بىكار ئولتۇرغۇچە، كىتاب ئوقۇغان تۈزۈك.

与其白白坐着，不如看看书。

كۆۋرۈك ئىزدەپ يۈرگۈچە، كېچىپ ئۆتەيلى.

与其到处找桥，不如涉水过河。

ئۆزىمىز ئاۋارە بولساق بولايلىكى، ئاممىنى ھەرگىز ئاۋارە قىلمايلى!

宁可麻烦自己，也绝不要麻烦群众。

مەن يېزىغا بېرىشقا رازىمەنكى، ھەرگىز بۇ يەردە قالمايمەن.

我宁可去乡下，也决不留在这里。

## 第四节 多重复句

## 4 - پاراگراف كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملە

复句中，有的分句本身又是复句，这就使整个复句有了两个层次。以此类推，复句还可以有三个或更多的层次。凡有两个或两个以上层次的复句就称做多重复句。

بەزى قوشما جۈملىلەرنىڭ تارماق جۈملىسى قوشما جۈملىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. نەتىجىدە قوشما جۈملە ئىككى قاتلامغا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشىغان ھالدا قوشما جۈملىلەر ئۈچ قاتلاملىق بولۇپمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئىككى ياكى ئۇنىڭ-

دىن ئارتۇق قاتلامغا ئىگە قوشما جۈملىلەر كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملە دېيىلىدۇ.

1.二重复句

1. ئىككى قاتلاملىق قوشما جۈملە

一个复句已有两个层次的，称做二重复句。例如：

قاتلىمى ئىككى بولغان قوشما جۈملە ئىككى قاتلاملىق قوشما دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئادەم كۆپ بولسا، | پىكىر كۆپ بولىدۇ، || قىزغىنلىق

并列　　条件

يۇقىرى بولىدۇ، || غەيرەت زور بولىدۇ.

并列

人多议论多、热气高、干劲大。

ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا| ئۇ ئەمدىلا ئورۇندىن قوپ-

时间

قان،|| لېكىن تاماق يېمىگەنىكەن.

转折

当我到他家时，他刚刚起床，但是还没吃饭。

ئىبرەت ئالسۇن ئۈچۈن| يولداشلار ئۇنى تەنقىد قىل-

目的

دى||ھەمدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىپ بەردى.

并列

为了让他吸取教训，同志们批评了他，并且指出了应注意的问题。

2.三重和三重以上的复句

## 2. ئۈچ ۋە ئۈنىڭدىن ئارتۇق كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملە

一个复句里有三个层次的，称做三重复句。有三个层次以上的，称做四重或五重复句。例如：

قاتلىمى ئۈچ بولغان جۈملە ئۈچ قاتلاملىق جۈملە، ئۈچتىن يۇقىرى قاتلامدىن تەركىب تاپقان جۈملە تۆت ياكى بەش قاتلاملىق جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

دۆلەتنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر|

خەلقنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ،||| خەلققە قەتئىي تايىنىپ،|||

并列　连贯

خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغاندىلا،|| ھەرقانداق كۈچلۈك دۈشـ

条件

مەننى مەغلۇپ قىلغىلى بولىدۇ.

国家不分大小，只要充分动员人民，坚决依靠人民，进行人民战争，任何强大的敌人都是可以打败的 。

ھەممىمىزگە مەلۇمكى،| ئەگەر ئوكسىگېن بولمىسا||| پە-

并列　补充

قەت ھىدروگېنلا بولسا،|| ياكى ھىدروگېن بولمىسا||| پەقەت

并列　选择

ئوكسىگېنلا بولسا،|| سۇنى ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

条件

我们都知道，如果没有氧，光有氢，或者没有氢，光有氧，都不能合成水。

多重复句至少要包含三个分句，但包含三个或三个以上分句的复句不一定都是多重复句。例如：

كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملە ئاز دېگەندە ئۈچ تارماق جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن ئۈچ ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق تارماق جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوشما جۈملىنىڭ ھەممىسى كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملە بولۇشى ناتايىن.

مەسىلەن:

بەزىلەر كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ، بەزىلەر شاھمات ئويناۋاتىدۇ، بەزىلەر پاراڭلىشىۋاتىدۇ.

有的人看书，有的人下棋，有的人聊天。

这个复句左右三个分句，但由于都处于同一层次，故而不是多重复句。

بۇ قوشما جۈملىدە ئۈچ تارماق جۈملە بولسىمۇ، بىرلا قاتلامدا تۇرغانلىقتىن كۆپ قاتلاملىق قوشما جۈملە بولۇپ ھېسابلانمايدۇ.

# 第十九章　标点符号

# ئون توققۇزىنچى باب　تىنىش بەلگىلىرى

标点符号是书面语里用来表示说话时的各种语气与停顿或表示词语的性质和作用的符号。它是书面语的有机组成部分，是书面语不可缺少的辅助工具。

يېزىق تىلىدا تۈرلۈك ئىنتوناتسىيە ۋە پاۇزىنى ياكى سۆزلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە رولىنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەر تىنىش بەلگىلىرى دېيىلىدۇ. ئۇ يېزىق تىلىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ، يېزىق تىلىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ياردەمچى قورالى ھېسابلىنىدۇ.

目前维语中通行的标点符号有十二种，分为点号和标号两大类。列表如下：

ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان تىنىش بەلگىسى 12 خىل بولۇپ، پاۇزا بەلگىسى ۋە ئايرىش بەلگىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

| 点号<br>پاۇزا بەلگىلىرى | 句号<br>چېكىت<br>. | 问号<br>سوئال بەلگىسى<br>؟ | 感叹号<br>ئۈندەش بەلگىسى<br>! | 逗号<br>پەش<br>، | 分号<br>چېكىتلىك پەش<br>؛ | 冒号<br>قوش چېكىت<br>: |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 标号<br>ئايرىش بەلگىلىرى | 书名号<br>قوش تىرناق<br>«» | 单书名号<br>يالاڭ تىرناق | 括号<br>تىرناق<br>() | 破折号<br>سىزىق<br>— | 连续号<br>سىزىقچە<br>- | 省略号<br>كۆپ چېكىت<br>… |

点号主要表示话语中的种种停顿，标号主要表示词语或句子的性质和作用。

پائۇزا بەلگىسى جۈملىدىكى تۈرلۈك پائۇزىلارنى، ئايرىش بەلگىسى كەپ ياكى جۈملىنىڭ خاراكتېرى ۋە رولىنى بىلدۈرىدۇ.

## 一、句号

### 1. چېكىت

表示一句话结束时的停顿。主要用于陈述句之末，有时可用于语气缓和的祈使句之末。例如：

جۈملە ئاخىرلاشقان ۋاقىتتىكى پائۇزىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى بايان جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ. بەزىدە سۆز ئىنتوناتسىيىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بوۋاق تۇغۇلۇپ قىرقى توشماي تۇرۇپلا ئۆيدە يېمەك ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. (بايان جۈملە)

孩子刚满月，家里又没粮了。

سىڭار قول بوۋاي تىترىگەن هالدا دەلدەڭشىپ يۈرۈپ كەتتى. (بايان جۈملە)

独臂老人颤抖着，踉踉跄跄地走了。

ۋاقتىڭىز بولسا، ئەتە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ. (بۇيرۇق جۈملە)

您要有空，明天请到我家来。

## 二、问号

### 2. سوئال بەلگىسى

表示一句问话结束时的停顿。用在疑问句之末。例如：

سوراق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، سوئال جۈملە ئاخىرلاشقان چاغدىكى پائۇزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سىز كىم؟

你是谁？

ئۇ نەدە ئىشلەيدۇ؟

他在哪儿工作？

كەچ كىرىپ قالاي دەۋاتىدۇ، بالا نېمىشقا ھېلىغىچە قايتىپ كەلمەيدۇ؟

天快黑了，孩子怎么还不回来？

三、感叹号

3. ئۈندەش بەلگىسى

表示感情强烈的句子结束时的停顿。用于感叹句和感情强烈的反问句、祈使句之末。例如：

كۈچلۈك ھېس-ھاياجانىنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەر ئاخىرلاشقان چاغدىكى پائۇزىنى بىلدۈرىدۇ. ئۈندەش جۈملە، كۈچلۈك ھېس-ھاياجانىنى بىلدۈرىدىغان قايتارما سوراق جۈملىلەر ۋە بۇيرۇق جۈملىلەردىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ياھ، بۇ نېمىدېگەن گۈزەل شەھەر-ھە! (ئۈندەش جۈملە)

啊，这是多么美丽的城市呀！

ئىست، بۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام بۇ يەرگە ھەرگىز كەلمىگەن بولاتتىم! (ئۈندەش جۈملە)

遗憾。早知道这样，我决不到这里来的！

دۇنيادا قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان ئادەم نەدە بولسۇن! (قايتارما سوراق جۈملە)

世界上哪有全能的人!

بۇ ياققا تېز كېلىڭلار! (بۇيرۇق جۈملە)

你们快到这边儿来!

## 四、逗号

4. پەش

表示一句话中间的停顿。逗号的用法比较复杂，分别说明如下：

جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پائۇزىنى بىلدۈرىدۇ. پەشنىڭ قوللىنىلىشى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، تۆۋەندە ئايرىم-ئايرىم تونۇشتۇرىمىز:

1.用于句中不带连词的并列词语之间。例如：

1. جۈملىدىكى باغلىغۇچىلارسىز كەلگەن تەڭداش سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەمەت، قاسىم، تۇرسۇنلار بۈگۈن ئېكسكۇرسىيىگە كەتتى.

艾买提、卡斯木、吐尔逊等人今天参观去了。

شىنجاڭدىن ئۈزۈم، ئالما، ئۆرۈك، ئامۇت، شاپتۇل، ئانار قاتارلىق مېۋىلەر كۆپ چىقىدۇ.

新疆盛产葡萄、苹果、杏、梨、桃、石榴等水果。

2.用于句中插入语、呼语、感叹语的前后。例如：

2. جۈملىدىكى قىستۇرما سۆز، قاراتما سۆز ۋە ئۈندەش سۆزلەرنىڭ ئالدى-كەينىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يەر، قاراپ تۇرۇڭ، بىرەر يىلدىن كېيىن بوستان-
لىققا ئايلىنىپ كېتەمدۇ-تېخى. (قىستۇرما سۆز)

这块地方，你瞧着吧，说不定过两年就变成绿洲了。

دادا، مەن سىزگە بىر يېڭى شەپكە ئالدىم. (قاراتما سۆز)

爸爸，我给您买了顶新帽子

بېرى كېلىڭ بالام. (قاراتما سۆز)

过来，孩子。

پاھ، بۇ دەرەخ نېمىدېگەن ئېگىز ئۆسكەن-ھە! (ئۈند-
دەش سۆز)

嗬，这棵树长得多高哇！

3.用于处于句首的某些较长的状语之后。例如：

3. جۈملە بېشىدا كەلگەن ئۇزۇنراق ھالەتلەردىن كې-
يىن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

يېقىنقى يەتتە-سەككىز يىلدىن بېرى، ئېلىمىزدە زور
ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

近七、八年来，我国发生了巨大的变化。

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمدا، نۇرغۇنلىغان روماد-
لارنى ئوقۇغانىدىم.

上中学时，我读过很多小说。

4.用于复句中的各分句之间。例如：

4. قوشما جۈملىلەردىكى تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسى-
دا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

قارا بۇلۇت قۇياش يۈزىنى توسىۋالغان، قار-مۇزلار
زېمىننى قاپلاپ كەلگەنىدى.

乌云遮掩着太阳，冰雪覆盖着大地。

يا سىز بېرىڭ يا مەن باراي.

或者你去，或者我去。

## 五、分号

## 5. چېكىتلىك پەش

表示并列的长分句或较长的并列成分之间的停顿。

تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى ئۇزۇن تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پائۇزىنى ياكى ئۇزۇن تەڭداش تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى پائۇزىنى بىلدۈرىدۇ.

1.几个分句并列，分句内部已用逗号的，分句之间用分号。例如：

1. بىرقانچە تارماق جۈملىلەر تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلگەندە، ئەگەر تەڭداش مۇناسىۋەتنى تەشكىل قىلغۇچى كىچىك تارماق جۈملىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەش قويۇلغان بولسا، تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى چوڭ تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدا چېكىتلىك پەش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بىز غۇربەتچىلىك ئىچىدە تۇرغاندا، ئۇ بىز بىلەن بىللە بولدى؛ ئەمدى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشكەن چېغىمىزدا، ئۇ بىزدىن ئايرىلدى.

过苦日子时，他跟我们在一起；过好日子时，他却离开了我们。

خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرگە كەلسەك، بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتتىكى بارلىق كۈچلەردىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى تەربىيىلەش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، چارە-تەدبىر قوللىنىپ ئۇلارنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

对于犯了错误的人，一方面，要调动全社会的力量教育他们；另一方面，要采取措施改造他们。

2.几个成分并列，成分内部已用逗号的，则各大成分之间用分号。例如：

2. ئىچكى قىسمىدا پەش قويۇلغان بىرقانچە تەركىب تەڭداش كەلسە، ئاشۇ تەڭداش تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدا چېكىتلىك پەش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن ۋەتەن خەلقىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى غەنىمەت بىلىپ، جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىشىنى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇۋاپىق تۈردە تەنتەربىيە بىلەن چېنىقىپ سالامەتلىككە دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

我们希望留学生牢记祖国人民的嘱托，珍惜大好学习机会，刻苦攻读；同时适当进行体育锻炼，注意身体。

ئۇقتۇرۇشتا ھەرقايسى ئورۇنلاردىن بايرام مەزگىلىدە توك يولىنى ئۇزۇل-كېسىل تەكشۈرۈپ، ئوت كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ئامانلىق تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، ئوغرىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ يېڭى ئۆرپ-ئادەتلەرنى تەشۋىق قىلىپ، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىشكە، ئىسراپچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

通知要求各单位在节日期间彻底检查线路，注意防火；加强保卫措施，注意防盗；宣传新风俗、新习惯，反对大吃大喝铺张浪费。

## 六、冒号

### 6. قوش چېكىت

表示提示语后的停顿，有提示下文的作用。

ئەسلەتمە گەپلەردىن كېيىنكى پائۇزىنى بىلدۈرۈپ، كېيىنكى گەپلەرنى ئەسلىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

1.用于书信、发言稿的开头称呼之后，含有请注意下面的话之意。例如：

1. خەت-چەك، نۇتۇق تېزىسى قاتارلىقلارنىڭ بېشىدىكى قاراتما سۆزلەرنىڭ ئارقىسىدا كېلىپ، «تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھۆرمەتلىك دادا، ئانا: (سالام خەت)

亲爱的爸爸、妈妈：

يولداشلار، دوستلار: (نۇتۇق تېكىستى)

同志们、朋友们：

2.用在引语之前，以示提示。例如：

2. كۆچۈرمە گەپلەردىن بۇرۇن كېلىپ، ئەسلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار خوشلىشىدىغان چاغدا يەنە بىر-بىرىگە تاپىلاشتى: «ئەتە قايسىمىز بالدۇر تۇرساق، بىر-بىرىمىزنى چاقىرىۋالايلى، تاغقا بىللە چىقايلى جۇمۇ!»

分手的时候，他们又互相叮嘱着：“明天谁要起得早，别忘了招呼一声，咱们一块儿上山。”

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

—خاتىرجەم بولغىن، بۇ ئىشقا مەن جاۋابكارمەن، دېدى.

他笑着说："你放心，这事儿包在我身上。"

3.用于总提语之后。例如：

3. ئۇمۇمىي ئەسلەتمە سۆزلەردىن كېيىن قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ھەممىسى داشۆگە كىردى: چوڭ ئاچىسى بېيجىڭ داشۆسىدە خىمىيە ئوقۇيدۇ، ئاكىسى نەنكەي داشۆسىدە فىزىكا ئوقۇيدۇ، ئوتتۇرانچى ئاچىسى لەنجۇ داشۆسىدە بىئولوگىيە ئوقۇيدۇ، ئۆزى شىنجاڭ داشۆسىدە خەنزۇ تىلىنى ئوقۇيدۇ.

他家兄弟姐妹都上了大学；大姐在北京大学学化学，哥哥在南开大学学物理，二姐在兰州大学学生物，他本人在新疆大学学汉语。

ئۇلار بىر ھازا تالاش ـ تارتىش قىلىپ، ئاخىر مۇنداق كېلىشتى: بۇرۇنقى ئىشلارنى تىلغا ئالمايلا قويايلى، بۇنىڭدىن كېيىن كىمنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، شۇ ئۆزى ئورۇندىسۇن.

他们争论了一整天，最后达成了协议：过去的事都不再提了，今后谁的任务谁完成。

将下列句子译成维语：

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭلار:

1.说去就去。

2.我们说话是算数的。

注：分析句子成分要分析至词。

ئەسكەرتىش: جۈملە بۆلەكلىرى سۆزگىچە ئايرىلسۇن.

## 七、书名号

## 7. قوش تىرناق

1.表示书籍、篇章、报刊、剧作、歌曲等的名称。例如：

1. كىتاب، ماقالە، گېزىت - ژۇرنال، تىياتىر، ناخشا قاتار-لىقلارنىڭ ناملىرى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (كىتاب)

《现代维吾尔语》

«تارىم» (ژۇرنال)

《塔里木》

«ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹كېلىش› توغرىسىدا» (ماقالە)

《论维吾尔语中的“格”》

«كۆۋرۈك» (كىنو)

《桥》

«ۋەتەن مېنىڭ دىيارىم» (ناخشا)

《祖国，我的故乡》

2.表示文中引用的部分，即引语。例如：

2. ماقالىدىكى كۆچۈرمە گەپلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئۆز خېتىدە: «شىنجاڭ مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇر-دى، مەن ئۆزۈمنىڭ شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىمدىن ناھا-يىتى مەمنۇنمەن» دەپ يازغانىدى.

他在信中写到：“新疆给我留下了深刻的印象，我对我的新疆之行非常满意。”

ئۇ ئۆز دوكلاتىدا: «كېلەر يىلدىن باشلاپ، پراكتىد-

كىشىگە بارمىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ راسخودىنى يۇقىرى بىۋاسى-
ستە ئاجرىتىپ بېرىدۇ» دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى.

他在报告中强调指出：从明年起，实习生的经费由上级直接拔给。

3.表示其中的词语有特定的意义。例如：

3. ئالاھىدە مەنىگە ئىگە سۆزلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۇ «قەھرىمان» نىڭ مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپلا جان-پېنى چىقىپ كەتتى.

这位“英雄”一听见枪声就吓得魂不附体

بىز سەن دېگەندەك ئۇنچىۋالا «دۆت» ئادەملەردىن ئەمەسمىز.

我们还不至于是象你说的那种“窝囊废”。

4.表示其中的词语是特定的称谓。例如：

4. پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەرنىڭ ناملىرى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

«1-ئۆكتەبىر»

“十·一”

«1-ئىيۇن»

“六·一”

## 八、单书名号

## 8. يالاڭ تىرناق

1.书名内还有书名时，外用双书名号，内用单书名号。例如：

1. كىتاب ناملىرى ئىچىدە كىتاب ناملىرى كۆرۈلگەن-

دە، سىرتىدا قوش تىرناق، ئىچىدە يالاڭ تىرناق قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«‹يەنئەن مۇداپىئەسى› توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنى كۆرگەنمىدىڭىز؟

《论〈保卫延安〉》这篇文章你看过吗?

گېزىتتە «لۇشۈننىڭ ‹تېڭىرقاش› ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم» دېگەن ماقالە بېسىلدى.

报上刊登了《鲁迅的〈彷徨〉读后感》一文。

2.引文内还有引文时，外用双书名号，内用单书名号。例如：

2. كۆچۈرمە گەپلەر ئىچىدە كۆچۈرمە گەپلەر كەلگەندە سىرتىدا قوش تىرناق، ئىچىدە يالاڭ تىرناق قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈنكى يىغىندا ئۇ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ سىنىپتىكى بەزى ساۋاقداشلار دائىم ‹ئاتمىش نومۇر ئېلىپ، ئىمتاھاندىن ئۆتسەملا بولدى› دەيدۇ، بۇ خىل كۆزقاراش بىزنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، بۇ ۋەتىنىمىزگە، خەلقىمىزگە، ئۆزىمىزگە پايدىسىز.»

他在昨天的会议上说：“我们班上有些同学常说‘只要拿上六十分，考试能及格就行了’，这种看法很值得我们深思，这对祖国、对人民、对自己都没有好处。”

يېقىندا ئۇ ماڭا خەت يېزىپ: «سىز ‹پات ئارىدا بۇ ياققا بىر كېلىڭىز، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى› دەپتىكەنسىز، لېكىن بارالمايدىغاندەك تۇرىمەن،

رەنجىمەڭ» دەپتۇ.

最近他给我来信说：“你叫我尽快到你那去一趟，有要紧事儿商量；可是看来我去不成了，请别见怪。”

## 九、括号

## 9. تىرناق

表示文中注释的部分。

ماقالىدىكى ئىزاھ خاراكتېرلىك قىسىملاردىن كېيىن قوللىنىلىدۇ.

1.用在文中注释语的前后。括号内的注释一般不必念出来，因为它和正文的文意不一定能衔接得上。例如：

1. ماقالىدىكى ئىزاھ خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ ئالدى - كەينىدە قوللىنىلىدۇ. تىرناق ئىچىدىكى ئىزاھنى ئوقۇش ھاجەتسىز، چۈنكى ئۇنىڭ ماقالىنىڭ مەنىسى بىلەن باغلىق بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن:

مەن مال بېقىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا(ئۇ چاغدا تېخى باشلانغۇچ مەكتەپكىمۇ كىرمىگەنىدىم) مومامنىڭ ئاغزىدىن ئاجايىپ قىزىقارلىق چۆچەكلەرنى(مەسىلەن«يېرىلىڭ تېشىم»، «ئېچىل سۇپرام» دېگەنگە ئوخشاش) ئاڭلىغانىدىم.

我当牧童时（那时我还没上小学呢）曾在奶奶口中听到许多奇妙的童话故事（象《裂开吧、我的石头》、《展开吧，桌面布》等）。

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كيۇ گۇنىڭ شېئىردىن باشقا (چۈنكى شېئىرنى تەرجىمە قىلىش بەك قىيىن) مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

可以说，除了诗（因为诗是最难翻译的），雨果的重要作品都有了汉文译本。

2.引文的出处常用括号注明。例如：

2. كۆچۈرمە گەپلەرنىڭ ئېلىنغان ئورنى تىرناق ئىچىدە ئىزاھلىنىدۇ. مەسىلەن:

ۋەتىنىمىز جۇڭگو — كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. تىل نۇقتىسىدىن ئالغاندا، جۇڭگودىكى تىللار سەكسەن خىلدىن ئاشىدۇ (بەزى مىللەتلەر ئىككى تىللىق).

我们的祖国——中国是一个多民族的国家，从语言上看，中国各民族的语言超过八十种（有些民族使用两种语言）。

(«تۈركى تىللار تەتقىقاتى» دىن)

——摘自《突厥语言研究》

3.括号可用于表示次序的数字、用在字母两端。例如：

3. تەرتىپنى بىلدۈرگۈچى سان ۋە ھەرپلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1)، (2)، (3)؛ (a)، (b)، (c)؛ (ئا)، (ئە)، (ب)...

十、破折号

10. سىزىق

1.用于对话中的引语前。例如：

1. دىئالوگلاردىكى كۆچۈرمە گەپلەردىن بۇرۇن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

— سىز بېيجىڭغا بارغانمۇ؟

— بارغان.

——你去过北京吗？

——去过。

بىر كۈنى ئەپەندىنىڭ ئوغلى:

— دادا، خۇدا ئادەمنى نېمىدىن ياسىغان؟ — دەپ سوراپتۇ.

— توپىدىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

一天，阿凡提的儿子问他："爸爸，胡大是用什么造的人？"阿凡提回答说："用土"。

2.用于复指或总括语之前。例如：

2. ئىزاھ ئىنىقلىغۇچى ۋە ئومۇمىي ئەسلەتمە سۆزلەردىن بۇرۇن قوللىنىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە يەر، سۇ، ئورمان، يەر ئاستى بايلىقلىرى — ھەممىسى ئەمگەكچى خەلققە مەنسۇپ،

在我国，土地、水、森林、地下资源都归劳动人民所有。

«ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىش» — بۇ جۇڭگولۇقلار بەزى ئەخمەقلەرنىڭ قىلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان بىر ماقال.

"搬起石头砸自己的脚"，这是中国人形容某些蠢人的行为的一句俗话。

3.用于注释语之前。例如：

3. ئىزاھلىغۇچى سۆزلەردىن بۇرۇن قوللىنىدۇ. مەسىلەن

كانىكۇلدا ئۇ ئۆز يۇرتىغا — غۇلجىغا بارماقچى.

假期他准备回自己的家乡——伊犁。

ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى زاماندىكى ئۈچ كەشپىياتى — مىلتىق دورىسى، مەتبەئە تېخنىكىسى، كومپاس دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان.

我国古代的三大发明——火药、印刷术、指南针对世界历史的发展有伟大的贡献。

注：

这种破折号表示的注释部分要连着正文读。这是延折与括号的区别。

ئەسكەرتىش: سىزىق ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىزاھلىغۇچى سۆزلەر ئىزاھلانغۇچى قىسىمغا ئۇلاپ ئوقۇلىدۇ. سىزىق بىلەن تىرناقنىڭ پەرقى مۇشۇ يەردە ئىپادىلىنىدۇ.

4.句中主语不是人称代词，而谓语由静词性的词或词组充当时，主语和谓语用破折号连接。例如：

4. جۈملىنىڭ ئىگىسى كىشىلىك ئالماشلىرىدىن باشقا سۆزلەر بولۇپ، تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەندە، ئىگە بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىدا سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۈرۈمچى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى.

乌鲁木齐是新疆维吾尔自治区的首府。

ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەش — بىر خىل راھەت ئىش.

和他一起工作是一种享受。

## 十一、连续号

## 11. سىزىقچە

1.用于复合词或对偶词之间。例如：

1. جۈپ سۆز ياكى قاپىيەداش سۆزنىڭ ئارىسىدا سىزىقچە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 日日夜夜 | كېچە - كۈندۈز |
| 财产 | مال - مۈلۈك |
| 一闪一闪地 | يالت - يۇلت |

慢慢地　　　　　　ئاستا ـ ئاستا

生死　　　　　　ھايات ـ مامات

2.用于 ھە، دە، (تە) يۇ، يا، (يە) 等语气词之前。例如：

2. «ھە، دە (تە)، يۇ، يا (يە)» قاتارلىق ئىملىق سۆز-لەرنىڭ ئالدىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بۈگۈن كەپتۇ ـ ھە؟

他是今天来的，是吗？

سىز بۇ كىنونى كۆرۈپتىكەنسىز ـ دە!؟

哦，你是看过这个电影啦！？

كەنجى ئۆيدىن چىقتى ـ يۇ، تەگە بېرىشىنى بىلمىدى.

坎吉从屋里出来了，可不知该上哪儿去。

ئۇلار سىز بىلەن ئۇزۇن يىل بىللە ئىشلىگەن تۇرۇقلۇق سىزنى تونۇمايمىز دەيدۇ ـ يا؟

他们跟你共事多年，竟然说不认得你啊？

3.用于基数词后，表示序数。例如：

3. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، تەرتىپنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان.

中华人民共和国成立于一九四九年十月一日。

ئۇلارنىڭ ياتىقى بۇ بىنانىڭ 3 ـ قەۋىتىدە.

他们宿舍在这幢楼的三楼。

4.多音节词需要移行时，作为移行符号用于上一行末。例如：

4. كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنى يېڭى قۇرغا كۆچۈرۈشكە

توغرا كەلگەندە، قۇردىن - قۇرغا كۆچۈرۈش بەلگىسى سۈپىتىدە يۇقىرىقى قۇردا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

تۈركىي تىللار ئالتاي تىل سىستې-
مىسىغا كىرىدۇ.

突厥语属于阿尔泰语系。

正副词条按字母次序排列。例如：

باش سۆزلەم ۋە بېقىندى سۆزلەملەر ئالپاۋىت تەرتىپى بويىچە تىزىلىدى.

## 十二、省略号

## 12. كۆپ چېكىت

1.表示文中省略的部分。

ماقالىنىڭ قىسقارتىلغان قىسمىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ باغدا ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل... ئارقىمۇ ئارقا پىشىشقا باشلىدى.

我们果园的苹果、梨、桃等都陆续成熟了。

— سەنلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، جىن قىڭغىر قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ! غەزەپلەنگەن سىڭار قول بوۋاينىڭ ساقىلى تىترەيتتى،...

— جىن قىڭغىر دېگەن بۇ زومىگەر پومېشچىكنىڭ ماڭا سالمىغان زۇلمى يوق!...

“告诉你们，金老歪他跑不了！”独臂老汉气得白胡子抖动着，……“金老歪这个恶霸地主害得我好苦啊！……”

2.表示话语的中断或断断续续。例如：

2. گەپىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ياكى ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈ-

لۇپ داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھەممىمىز ئۇنى دەپ پايپېتەك بولۇپ، كۈچ چىقىرىۋاتىمىز، لېكىن ئۇ ئۆزى... ھەي، بولدىلا، دېمەيلا قويايلى!

我们那么多人都在为他着急，为他出力，可他自己……唉，好了，不说了！

يۇقىرى ... مېنى ... بۇ يەرگە ... خىزمەت ... ئەۋەت... مەن... تېخى ... يۇقىرىنىڭ تاپشۇر... ۋەزىپە... ئورۇنلاپ... بولما ...

上级……派我……到这儿……工作，我没……有……完成……上級交给我的任务。

3.表示语音的延长。例如：

3. گەپنىڭ سوزۇپ ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز ۋەتىنىمىزنىڭ يۈرىكىگە قايتىپ كېلىپ، تيەنئەنمېن ئالدىدا چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن:

— جۇ ... زۇڭ ... لى ...، سىز ... قايەر... دە...، — دەپ توۋلىدۇق.

我们回到祖国的心脏，我们在天安门前深情地呼唤：周——总——理——，你在哪——里——。

... ۋاي ... جان ...، مېنى قۇتۇل ... دۇ ... رۇڭلار ... .

哎——呀——，救——救我——吧——。

# 附 录

## قوشۇمچە

### 维吾尔语元音音位和国际音标对照表

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق فونېمىلارنىڭ خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بەلگىسى بىلەن سېلىشتۇرمىسى

| 舌位前后 / 圆唇与否 / 舌位高低 | 前 | | 央 | | 后 | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 圆 | 非圆 | 圆 | 非圆 | 圆 | 非圆 |
| 次高 | ئۈ γ | ئى I | | | ئۇ o | |
| 高中 | ئۆ φ | ئې e | | | ئو O | |
| 低中 | | ئە ɛ | | | | |
| 低 | | | | ئا A | | |

# 维吾尔语辅音音位和国际音标对照表

## ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك فونېمىلارنىڭ خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بىلەن سېلىشتۇرمىسى

| 发音方法 \ 发音部位 | | 双唇 | 唇齿 | 舌尖前 | 舌尖中 | 舌叶 | 舌面中 | 舌面后 | 小舌 | 声门 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 塞音 | 清 | p' پ | | | t' ت | | | k' ك | q' ق | |
| | 浊 | b ب | | | d د | | | g گ | | |
| 塞擦音 | 清 | | | | | tʃ چ | | | | |
| | 浊 | | | | | ج | | | | |
| 擦音 | 清 | | f ف | s س | | ʃ ش | | | x خ | h ھ |
| | 浊 | | (v) | z ز | | ژ | | | ʁ غ | |
| 鼻音 | 浊 | m م | | | n ن | | | ŋ ڭ | | |
| 颤音 | 浊 | | | | r ر | | | | | |
| 边音 | 浊 | | | | l ل | | | | | |
| 半元音 | 浊 | w ۋ | | | | | ز | | | |

# 后 记

在我国高等学校开设维吾尔语言专业已有四五十年的历史，可是专门论述与研究维吾尔语语法的教科书与论著却很少，这就造成了维吾尔语言专业长期以来教学工作举步艰难、科研工作落后于现实的情况。面对这种现状，也就使我萌发了要写一部维吾尔语语法书的念头。然而，这又谈何容易。从七十年代初开始，我把主要精力都投入此项工作。首先是搜集材料整理卡片，然后是分章分节撰写，几经寒暑，几经磨难，作为教材的初稿终于脱手。通过多年教学实践的检验，反应还不错。同志们也鼓励我进一步加工完善，使其早日成书问世。一九八七年，我特邀请了我的六名从事现代语言学理论研究，获得硕士学位的研究生共同合作仅用半年多时间，就以原教材为蓝本，写成了这部《现代维吾尔语语法》。重新写成的这部书稿，不但充实了新的内容，反映了现代语言学的新观点、新理论，而且在体例与范例上也做了较大的变动。同时，我们采用汉维两种文字对照形式编写，这为汉族或维吾尔族的双语工作者提供了语言的互补性。研究生阿布都热西提还以他扎实的维吾尔语言功底承担了本书的翻译工作，为本书增色不少。

该书全部写成后，米尔扎副教授从头至尾审订了全书所有维文释例，使疏漏降低到最低限度。同时，罗克华同志为该书撰写提出了宝贵的建议性意见，在此，特表诚挚的感谢。

国家民族事务委员会司马义·艾买提主任在百忙之中欣然为本书作序，这是对少数民族语言教学与研究工作的关怀，是对我们工作的支持与鼓励，在此，深表谢意。

维吾尔语言研究是一门既古老又年青的学科。有很多的课题

等待我们去探索与开拓。我希望本书能够起到抛砖引玉的作用，使维吾尔语言教学和科研工作呈现一个百花齐放、繁荣昌盛的景象。由于本书完成时间已有数载，随着时间的推移，又有新的语言理论推出，加之作者水平及所掌握材料有限，研究尚感不够深入，疏漏之处在所难免，恳请各位专家、学者以及广大读者指正。

程适良

1991年10月

# ئاخىرقى سۆز

ئېلىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى كەسپى تەسىس قىلىنغىنىغا 40 – 50 يىل بولدى. ئەمما ئۇيغۇر تىلى گراممماتىكىسىنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭ ناھايىتى ئاز بولۇشى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر تىلى كەسپىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ كەلمەكتە، تەتقىقاتىمۇ دەۋرىنىڭ كەينىدە قالماقتا. بۇ ئەھۋال مەندە ئۇيغۇر تىلى گراممماتىكىسى ھەققىدە كىتاب يېزىش ئويىنى پەيدا قىلدى. ئەمما بۇ ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. 70 – يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، مەن ئاساسلىق زېھنىمنى مۇشۇ خىزمەتكە قويدۇم. ئالدى بىلەن ماتېرىيال توپلاپ كارتا يازدىم، ئاندىن باب – پاراگرافلار بويىچە يېزىشقا باشلىدىم. ئۇزۇن يىللىق ئەمگەك سىڭدۈرۈش ئارقىسىدا، دەرسلىك سۈپىتىدىكى دەسلەپكى ئورىگىنال قولدىن چىقتى. ھەممە ئورغۇن يىللىق ئوقۇتۇش جەريانىدا خېلى ياخشى باھاغا ئېرىشتى. يولداشلار مېنى ئۇنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نەشر قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. 1987 – يىلى مەن ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئاسپىرانتلارنى ھەمكارلىشىشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلدىم ۋە يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىلا، ئەسلىدىكى دەرسلىك ئاساسىدا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراممماتىكىسى» دېگەن بۇ كىتابنى تاماملىدىم. قايتا يېزىلغان بۇ كىتاب يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تولۇقلانغان، ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقىنىڭ يېڭى قاراشلىرىنى، يېڭى نەزە-

رىيلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەندىن باشقا، كىتابنىڭ قۇرۇلمىـ
سى ۋە مىساللىرىغىچە خېلى زور دەرىجىدە تەڭشەلدى. شۇنىڭ
بىلەن بىللە، بىز كىتابنى خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدا تۈزدۇق.
بۇ خەنزۇ، ئۇيغۇر قوش تىل خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن ئوڭايلىق
تۇغدۇرۇپ بەردى. ئاسپىرانت ئابدۇرىشىت ياقۇپ ئۆزىنىڭ
پۇختا ئۇيغۇر تىلى ئاساسى بىلەن كىتابنى ئۇيغۇر تىلىغا
تەرجىمە قىلىپ كىتابقا خېلى تۆس قوشتى.

كىتاب يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، دوتسېنت مىرزا
كېرىم ئۇيغۇر تىلى مىساللىرىنى باشتىن ـ ئاخىر تەكشۈرۈپ،
كەمچىلىكلەرنى ئازايتتى. يولداش لوكېخۇا كىتابنىڭ يېزىلىـ
شى ھەققىدە مۇھىم پىكىرلەرنى بەردى. بۇ يەردە ئۇلارغا ئالاـ
ھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل
ئەمەت ئالدىراشلىقىغا قارىماي كىتابقا كىرىش سۆز يېزىپ
بەردى. بۇ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاـ
تىغا قىلىنغان غەمخورلۇق، خىزمىتىمىزگە بېرىلگەن مەدەت ۋە
ئىلھام. بۇ يەردە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ھەم قەدىمىي ھەم ياش بىر پەن.
نۇرغۇن تېمىلار ئىزدىنىشىمىز ۋە يورۇتۇشىمىزنى كۈتۈپ تۇرـ
ماقتا. مەن بۇ كىتابنىڭ بىر باشلانما سۈپىتىدە، ئۇيغۇر تىلى
ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىدا بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، گۈلـ
لەپ ياشناشتەك مەنزىرە يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. كىتابنىڭ
يېزىلغىنىغا بىرقانچە يىللار بولغانلىقى، يېڭى نەزەرىيىلەر
ئارقا ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئاپتورلارنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىمىزنىڭ
چەكلىكلىكى سەۋەبىدىن، تەتقىقاتىمىز دېگەندەك چوڭقۇر بولـ
ماي قالدى. تىلغا ئېلىنمىغان جايلارمۇ خېلى بار. مۇتەخەسسـ
لەر، ئالىملار ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى
ئۈمىد قىلىمەن.

چېڭ شىلياڭ

1991 ـ يىل 10 ـ ئاي

责任编辑：阿怡姆 巴图尔·马木提

封面设计：加拉力丁

现代维吾尔语语法（维吾尔文）

主编：程适良

新疆人民出版社出版发行

（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001）

新疆新华印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本 24.625印张

1996年9月第1版 1996年9月第1次印刷

印数：1——2,000

ISBN7-228-02252-1/H·59 定价：21.00元

ISBN7-228-02252-1
H・59(民文)定价:21元